
ئابلاجان مۇھەممەت ئۇمديار



# ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكى ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى

شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى



ئابلاجان مۇھەممەت ئۇمىديار 1963 - يىلى تۇغۇلغان. دوتسېنت، ماگىستىر، ماگىستىر ئاسپىرانت يېتەكچىسى. 1985 - يىلى قەشقەر پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتى ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىياتى كەسپىنى پۈتكۈزۈپ ھازىرغىچە مۇشۇ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ كەلمەكتە.

ئابلاجان مۇھەممەت ئۇمىديار 1988 - يىلدىن باشلاپ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ۋەسىقشۇناسلىق تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىپ «‹قۇتادغۇ بىلىك› داستانىدىكى سىمۋولىزملىق ئىجادىيەت مېتودى توغرىسىدا»، «‹ئوغۇزنامە› ئېپوسىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي ئېتىقادلىرىغا نەزەر»، «مەدەنىي مىراسلىرىمىزدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئانىمىزم ۋە شامانىزم ئېتىقادلىرىغا نەزەر»، «تىراگېدىيە ۋە ‹رابىيە ۋە سەئىدىن› داستانىنىڭ تىراگېدىيەلىك قىممىتى»، «خەراباتى ئىجادىيىتىدىكى گۇمانىزم ۋە تەرەققىپەرۋەرلىك روھ توغرىسىدا»، «مەدەنىي مىراسلىرىمىزدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئوقيا مەدەنىيىتىگە نەزەر»، «نەۋايى مىراسلىرىدىن ئەدىبنىڭ ئەدەبىيات -

ئابلاجان مۇھەممەت ئۇمىدىيار

# ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكى ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى

شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى

مۇھەررىرى: قۇربانجان ئابلىمىت نورۇزى
مەسئۇل مۇھەررىرى: پەرھات ئىلياس
مەسئۇل كوررېكتورى: ئابدۇرېھىم ئابلىمىت

**ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكى ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى**

ئاپتورى: ئابلاجان مۇھەممەت ئۇمىديار
*
شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى نەشر قىلدى
http://www.xjjycbs.com
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى
ئۈرۈمچى جيانيەنخۇا باسما چەكلىك شىركىتى باستى
*
فورماتى: 1230 × 880، 1/32؛ باسما تاۋىقى: 10.5
2013 - يىل 5 - ئاي 1 - نەشرى
2013 - يىل 5 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 1 — 3000
ISBN 978 - 7 - 5370 - 8518 - 2
باھاسى: 29.50 يۈەن

نەشر ھوقۇقى بىزدە، باشقىلارنىڭ كۆپەيتىپ بېسىشىغا بولمايدۇ.
بېسىش - تۈپلەش سۈپىتىدە مەسىلە كۆرۈلسە ئالماشتۇرۇپ بېرىلىدۇ.
ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 187 - نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830049؛ تېلېفون نومۇرى: 13579092782

# كىرىش سۆز

ئىنسان تەبىئەتنىڭ مەھسۇلى، تەبىئەتنىڭ پەرزەنتى، شۇنداقلا تەبىئەتنىڭ كۆزى. ئۇ، تەبىئەت قوينىدا ياشاپ، ئۇنىڭغا تايىنىش ئارقىلىقلا ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ، ئالەمشۇمۇل مەدەنىيەتنى يارىتىپ، ھەقىقىي قىممەتكە ئېرىشىدۇ. ئىنسان تەبىئەت دۇنياسىدىن يارىلىپ، ئۇنىڭ مۆجىزىلىرىدىن ئەقىل ئېلىپ، ئۆز - ئۆزىنى نامايان قىلىپ، ئاخىر يەنە تەبىئەت دۇنياسىغا قايتىدۇ. گۈزەل ھايات، ساغلام تۇرمۇش ھەر بىر ئىنساننىڭ ئۆز ھاياتلىق ماكانىدا ئاشۇ مۆجىزىكار تەبىئەتتىن ئىلھاملىنىپ ياراتقان سەنئەت ئەسىرى بولسا، مەدەنىيەت ئىنسانلارنىڭ ئانا تەبىئەت قوينىدا ياراتقان ئەقىل - پاراسەت، ئەقىدە ۋە مۆجىزىلىرىنىڭ مەھسۇلى. شۇڭلاشقا تەبىئەت ۋاسىتە ئەمەس، بەلكى ئۇلۇغلۇقىنىڭ مەنبەسى، يۈكسەكلىكىنىڭ ئەندىزىسى. مەدەنىيەتتىكى تەبىئەت روھى ئىنسانىيەتنىڭ ئۇزاق تارىختىن بۇيانقى گۇمانىستىك روھى، ئەخلاق - پەزىلىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ كەلگەن، لېكىن جەمئىيەتنىڭ نۆۋەتتىكى ئۇچقاندەك تېز تەرەققىياتى ھاياتلىقنىڭ تەبىئىيلىكى، تەبىئەتنىڭ قىممىتى ۋە ئەنئەنە ئىنكار قىلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە پەن - تېخنىكىنى قورال قىلغان ئىنسانلار ئۆزلىرىنى «تاغنى تالقان، چۆلنى بوستان قىلغۇدەك چەكسىز كۈچ - قۇدرەتكە ئىگە» دەپ ھېسابلىسىمۇ، لېكىن تەبىئەتنىڭ بىر قىسمى بولغان ئىنسانلارنىڭ كۈچ - قۇدرىتى تەبىئەتنىڭ سان - ساناقسىز مۆجىزىلىرى ئالدىدا ھېچقانچە نەرسە ئەمەس.

مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىياتتىكى تەبىئەت روھى ئىنسانلارنىڭ ئۇزاق تارىختىن بۇيانقى گۇمانىستىك روھى، ئەخلاق - پەزىلىتى، ئىدىيەۋى خىسلىتىنىڭ مۇھىم بىر قىسمى. لېكىن ئىنسانلارنىڭ ماددىي تەرەققىيات ۋە زامانىۋى تۇرمۇش ئىچىدە يوقاتقانلىرىمۇ ئاز ئەمەس. دۇنياۋىلىشىش ۋە نوقۇل ئىقتىسادىي ئېشىشنى ئاساس

قىلغان رىقابەت مۇھىتىدا ئىدىيەۋى مەدەنىيەت ساھەسىدە ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتىدىن ئىبارەت بۇ نازۇك تېمىنى مۇھاكىمە قىلىش، شۇنداقلا ئىنسانلارنىڭ مۇقەررەر تايىنىدىغان پاناھلىق ماكانىنى ئىزدەش نۆۋەتتىكى زامانىۋىلىق، سانائەت مەدەنىيىتى ۋە نۇقۇل ماددىي ئىستېمالچىلىقنىڭ ئىنسانلارغا قاراتقان تاجاۋۇزچىلىقى، مەنىۋى ئاسارەت ۋە بۇلغىنىشتىن ساقلىنىش، جانلىقلار تۈرىنىڭ ئازىيىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، زامانىۋىلىق ئىچىدىكى بەلگە ـ سۈرەت دۇنياسىنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇۋازىنىتىنى يوقىتىپ ئايىنىپ كېتىشىنى چەكلەش جەھەتتە غايەت زور رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئىنساننىڭ ئەسلىي مەنبەسى ۋە تىرىكچىلىك ماكانى بولغان تەبىئەتنىڭ قىممىتىنى تونۇش، ئۇنى ئاڭلىق سۆيۈش ۋە پەرۋىش قىلىش خاھىشى ئىنسانلاردا بولۇشقا تېگىشلىك گۇمانىتار روھنىڭ يادروسى، شۇنداقلا ئۇنىڭ ماھىيەتلىك بەلگىسى. قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ گۇمانىتارلىق روھى ھېسسىيات ئاساسىدىكى تەبىئەتتىن ھېيىقىش، ئۆزىنى ئۇنىڭغا بېغىشلاش، ئادەم بىلەن تەبىئەت ۋە تەبىئەت قوينىدىكى ھاياتلىق تۈرلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ماس، ئىناقلىقنى يادرو قىلغان. لېكىن ئىدراكىيلىقنى ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويغان ھازىرقى زامان ئىنسانلىرىنىڭ تەبىئەت ۋە ئۇنىڭ قىممىتى ھەققىدىكى چۈشەنچىسى قەدىمكى ئەجدادلارنىڭ تەبىئەت قارىشى بىلەن ماھىيەتلىك پەرقلەرگە ئىگە. قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت ئېڭى ۋە گۇمانىتار روھى چوڭقۇر ئەخلاقىي ھېسسىيات ئاساسىدىكى تەبىئەتتىن ھېيىقىش، تەبىئەتنى ھۆرمەتلەش ۋە تەبىئەتنى سۆيۈش ئاساسىدىكى ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ ماھىيەتلىك ماس ـ ئىناقلىقىنى چىقىش قىلسا، ھازىرقى زامان ئىنسانلىرىنىڭ تەبىئەت چۈشەنچىسى نۇقۇل پەن ئىدراكىيلىقى ۋە ماددىي مەنپەئەتنى چىقىش قىلغان ئاساستا ئۆز مەنپەئەتىنى قوغداش شەرتى ئاستىدا تەبىئەت بىلەن ماس ـ ئىناق مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا تىرىشىشنى مەقسەت قىلىدۇ. يەنى قەدىمكى ئىنسانلار

تەبىئەتنىڭ ئۇلۇغلۇقى ۋە ئۇنىڭ قىممىتىنى ساددا ھېسسىي تە-
پەككۇرى بويىچە ئاڭلىق تونۇسا، زامانىۋى ئىنسانلار تەبىئەت ۋە
ئۇنىڭ قىممىتىنى قارىغۇلارچە ئۆز مەنپەئەتىگە بويسۇندۇرۇش،
تەبىئىي بايلىقلارنى قالايمىقان ئېچىش، ھەممىدە ئىنساننىڭ كۆز
ئالدىدىكى مەنپەئەتىنىلا كۆزلەپ، تەبىئەتنىڭ قىممىتىگە سەل
قاراش، باشقا تۈرلەرنىڭ مەنپەئەتىگە سەل قاراش خاھىشىنىڭ يې-
تەكچىلىكىدە تونۇيدۇ. ماھىيەتتە بۇ، قىممەت قارىشى ۋە مەدەنى-
يەتتىكى بىر تەرەپلىمىلىكتۇر.

ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى زامانىۋى مەدەنىيەت مۇھىتىدىكى
ئىنسانلارنىڭ تارىختىن بۇيانقى ئۆزلىرىنىڭ تەبىئەتتىن چەكسىز
ئېلىش، شەخسىي مەنپەئەت ۋە ھۇزۇر - ھالاۋەتنى ئالدىنقى ئورۇن-
غا قويۇش، مەدەنىيەتتە ئۆز - ئۆزىنى مەركەز قىلىپ باشقا تۈرلەر-
نى ئۆزلىرى ئۇچۇن بەدەل قىلىشتەك مەنىۋى ئاجىزلىقى كەلتۈرۈپ
چىقارغان ئاقىۋەتلەرنىڭ تەمىنى تېتىغاندىن كېيىن، تەدرىجىي
نوقۇل پەن ئىدراكىيلىقى ۋە تار مەنپەئەت نۇقتىئىنەزىرى بويىچە
دۇنيانى تونۇشتىن ھالقىپ، ھەقىقىي ئىنسانىي ئەخلاق ۋە گۇما-
نىستىك روھنىڭ يېتەكچىلىكىدە ھاياتلىق دۇنياسىنى، ئۆز - ئۆ-
زىنى قايتا ئىدراك قىلىش ۋە تونۇشقا مەجبۇر بولۇپ، تەبىئەتكە
ئاڭلىق يېقىنلىشىش ھالىتىنى كۆرسىتىدۇ.

ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتى ئەلمىساقتىن تارتىپ ئە-
دەبىياتنىڭ زۇرۇر باش تېمىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ كەلگەن. مەدە-
نىيەت ياكى ئەدەبىيات مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، رېئال تۇرمۇشنىڭ
بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىك، سىمۋوللۇق ياكى شەكلى ئۆزگەرگەن
ھالدىكى ئىنكاسى. ئەدەبىياتتىكى ھاياتلىق دۇنياسى يەنىلا رېئال
جەمئىيەت ۋە تەبىئەت ئىككى تەرەپنىڭ بىرلىكىدىن تەشكىل تاپ-
قان. شۇڭا ئەدەبىياتنى ئادەم بىلەن جەمئىيەتنىڭ مۇناسىۋىتىدىن
سىرت يەنە ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ ماس - ئىناق مۇناسىۋىتىدىن
ئىبارەت ئىككى تەرەپنىڭ مەھسۇلى دېيىشكە بولىدۇ. ئەدەبىياتنىڭ
كىشىلىك جەمئىيەت ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەردىن سىرت يەنە

تەبىئەتنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشىدەك بۇ خىل تەبىئىي ھال ئىنسانلار-نىڭ ئەڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە باشلانغان ئەدەبىي ئىجادىيىتىدىن تارتىپلا مەۋجۇت بولۇپ ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلگەن. تەبىئەت روھى ئىنسانلارنىڭ تارىختىن بۇيانقى مەدەنىيلىكى، گۇمانىتار روھى ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنىڭ ئورگانىك تەركىبىي قىسمى بولۇپ كەلگەن. شۇڭا بۇ خىل مەدەنىيلىك ھەققىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈش، ئۇنىڭ قىممىتىنى تونۇش، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكىنىڭ ئىلغار ئىدىيەۋى خاھىشلىرىنى ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىگە ئۆلگە ـ ئەندىزە قىلىش ئارقىلىق ساغلام بولغان يېڭىچە مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش بەلگىلىك رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئەلىشىر نەۋايى ئۆزىنىڭ «لىسانۇت تەير»(قۇشلار تىلى) ناملىق ئەسىرىنىڭ ئاخىرىدا: «ئۆز ۋۇجۇدۇڭغا تەپەككۇر ئەيلەگىل، ھەر نە ئىستەرسەن ئۆزۈڭدىن ئىستەگىل» دەپ يازغاندەك، ئىنساننىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى تونۇش، ھاياتلىق مۇھىتى بىلەن مەدەنىيەتنىڭ ئەسلىي مەنبەلىك مۇناسىۋىتى ھەققىدە، شۇنداقلا ئۆزلىرىنىڭ ئاڭ ۋە ھەرىكىتى ھەققىدە ئىزچىل تەپەككۇر قىلىپ ئىزدىنىشى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ھاياتلىق رېئاللىقى جەريانىدا دۇچ كەلگەن تۈرلۈك مۈشكۈلات ـ زىددىيەتلەرنى ئوڭۇشلۇق ھەل قىلىش، ھەر خىل كىرىزىسلەردىن ئۆتۈشنىڭ مۇقەررەر يولى. شۇڭا ئابلاجان مۇھەممەتنىڭ «ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكى ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» ناملىق بۇ كىتاب بىزنىڭ گۇمانىتارلىق روھقا ئىگە مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىي مىراسلار بىلەن تونۇشۇش، ئۇنىڭ قىممىتىنى تونۇپ ساغلام ۋە توغرا ھايات ئېڭىنى يېتىلدۈرۈش ئارقىلىق ئوۋەتتىكى ئىقتىسادىي رىقابەت مۇھىتىدا شەكىللەنگەن نۇقۇل ماددىي تەرەققىيات قوغلىشىپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتقا سەل قارايدىغان بىر تەرەپلىمىلىكتىن قول ئۈزۈپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىت ۋە مەنىۋى ئېكولوگىيەنىڭ قىممىتىنى ئاڭلىق تونۇش جەريانىدا بەلگىلىك رول ئوينايدۇ.

ئىقبال تۇرسۇن

# مۇندەرىجە

## بىرىنچى بۆلۈم ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىياتى


**1. ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكىنىڭ شەكىللىنىشى ................. 2**

**2. ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە تەرەققىيات ئا-ساسى ............................................... 11**

**3. ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكىنىڭ مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە ئىدىيەۋى مەنبەسى ........................................ 27**

**4. ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكىنىڭ پەلسەپىۋى ۋە ئېتىكىلىق ئاسا-سى ............................................... 36**

1. ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكىنىڭ پەلسەپىۋى ئاساسى .......... 36

2. ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكىنىڭ ئېتىكىلىق ئاساسى ......... 40

1) رولستوننىڭ «قوغداش قىممىتى» قارىشى ..................... 46

2) سىۋېيتزېرنىڭ ھاياتلىقتىن ھېيىقىش دىداكتىكىلىق تەشەب-بۇسى ............................................... 51

3) لېئوپولدنىڭ «زېمىن ئەخلاقى» تەشەببۇسى ................ 56

**5. ئېكولوگىيە ئېتىكىسىنىڭ ئۆزلۈك قارىشى ۋە ئېستېتىكىلىق ئاساسى ............................................... 61**

**6. ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكىنىڭ پرىنسىپ قۇرۇلمىسى ۋە نەزەر دائىرىسى ............................................... 70**

1. ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىك پرىنسىپىنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە ئۇنىڭ كېڭەيتىلمىسى ............................................... 71

1) ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكىنىڭ ئىدىيەۋى پرىنسىپى ...... 72

2) ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكىنىڭ ئومۇمىي گەۋدىچانلىق پىرىن-سىپى ........................................ 74
2. ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكى پىرىنسىپىنىڭ بەرپا قىلىنىش جەريانى ........................................ 75
**7. ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكىنىڭ مۇھاكىمە ئەندىزىسى ۋە قىممەت ئىزدىنىشى ........................................ 81**
1. ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكىنىڭ مۇھاكىمە ئەندىزىسى ........ 83
2. ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكىنىڭ قىممەت ئىزدىنىشى ........ 90
**8. ئېكولوگىيەلىك تەنقىدچىلىكتە تېكىست ئوقۇمىنىڭ كېڭەي-تىلىشى ........................................ 96**

## ئىككىنچى بۆلۈم ئېكولوگىيە تەنقىد-چىلىكىنىڭ دائىرىسى

**1. ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكىنىڭ ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت ئار-قا كۆرۈنۈشى ........................................ 104**
**2. روھىيەتنىڭ مەنىسى ۋە مەنىۋى ئېكولوگىيە ................ 129**
**3. ئەدەبىياتتىكى تەبىئەت روھى ۋە مەنىۋىيەت ................ 146**
4. ئېكولوگىيە ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەتشۇناسلىق ................ 158
5. ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكىنىڭ ئوبيېكتى ۋە ئۆلچىمى ....... 170
6. ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكىنىڭ تەتقىقات دائىرىسى ۋە ئۇسۇ-لى ........................................ 178
1. ئىنسان مەركەزچىلىك تەنقىدچىلىكى ................ 178
2. «تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش» قارشى تەنقىدچىلىكى ........ 181
3. ئىستەك ــ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ قارشى تەنقىدچىلىكى ... 183
4. نوقۇل تەرەققىيات قارشى تەنقىدچىلىكى ................ 186
5. پەن ـ تېخنىكىنى ئەلا بىلىش قارشى تەنقىدچىلىكى ..... 188

6. نوقۇل ئىستېمالچىلىق مەدەنىيىتى تەنقىدچىلىكى ......... 191
7. ھازىرقى زامان شەھەر تۇرمۇشىنىڭ ئېكولوگىيەلىك تەنقىد بايانى ........................................ 198

## ئۈچىنچى بۆلۈم ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكى ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى

1. ئەدەبىياتنىڭ مۇھىت ئېڭى ۋە ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكىنىڭ ئەھمىيىتى ........................................ 225
2. ئېكولوگىيە ئەدەبىياتى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى .............. 238
3. ئۇيغۇر بۈگۈنكى دەۋر ئېكولوگىيە پىروزىچىلىقى ھەققىدە .... 253
4. ئېكو - فېمىنىزملىق تەنقىدچىلىكى ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىياتشۇناس - لىقىمىزدىكى ئەھمىيىتى ........................................ 276
1. ئېكو - فېمىنىزم ۋە ئۇنىڭ بارلىققا كېلىشى .............. 276
2. ئېكو - فېمىنىزملىق ئەدەبىياتنىڭ ئالاھىدىلىكى ........ 278
3. ئېكو - فېمىنىزملىق روھنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئىپاد - دىسى ........................................ 283
4. ئېكو - فېمىنىزملىق تەنقىدچىلىكىنىڭ تەپەككۇر ئالاھىدىلىكى ۋە زۆرۈرلۈكى ........................................ 290
5.«بۆرە ئانا» رومانىدىكى ئېكولوگىيە ئېڭى ۋە تىراگېدىيەلىك قىممەت ........................................ 296
6. ئەخمەت ئىمىن نەسرلىرىدىكى ئېكولوگىيە ئېڭى ............ 318

بىرىنچى بۆلۈم

# ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىياتى

## 1. ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكىنىڭ شەكىللىنىشى

«ئېكولوگىيە» دېگەن بۇ ئاتالغۇ گرېك تىلىدىكى «ئۆي ـ ماكان، تۇرالغۇ، ئۇۋا ـ چاڭگا؛ ھاياتلىق، ئۇنىڭ مۇھىتى» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان سۆزدىن كېلىپ چىققان. ھازىر خەلقئارادا ئومۇملاشقان ئىنگلىز تىلىدا مۇھىت، تەبىئىي مۇھىتقا ماسلىشىش دېگەنلەرنى بىلدۈرسە، بۈگۈنكى كۈندە ئۇ تېخىمۇ كېڭىيىپ مۇھىت ھەققىدىكى ئىلىم، ھاياتلىقنىڭ تاشقى مۇھىت بىلەن بولغان باغلىنىشى، ھاياتلىقنىڭ نورمال ئايلىنىشى، ھاياتلىق مۇۋازىنىتى ۋە ھاياتلىقنىڭ تەبىئىي مۇھىت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىدىغان مەخسۇس پەن دېگەن مەنىلەردە قوللىنىلىدۇ.

دۇنيادىكى ھەرقانداق بىر ھاياتلىق تۈرىنىڭ مەۋجۇتلۇق ۋە تەرەققىياتى ھامان تاشقى مۇھىتنىڭ قوللىشىدىن ئايرىلمايدۇ. ھاياتلىقنىڭ ئالىي تۈرى بولغان ئىنسان ۋە ئۇ ياراتقان مەدەنىيەت ھامان تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ مەھسۇلىدۇر. ئەلمىساقتىن تارتىپلا ئۆزىنىڭ ئانا ماكانى بولغان تەبىئەتنى مۇقەددەس بىلىپ، تەبىئەت دۇنياسى بىلەن ئىزچىل ماس، ئىناق ياشاپ كەلگەن ئىنسانلار بۈگۈنكى كۈندە زىيادە مەنپەئەتپەرەسلىكىنىڭ تەسىرىدە نوقۇل پەن ـ تېخنىكىغا تايىنىپ ئۆزلىرىنىڭ ئاتالمىش «تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش» غايىلىرىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇشنىڭ كويىدا بولۇشماقتا. ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي بىلىمىنىڭ مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە ئېشىشى، پەن ـ تېخنىكىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ۋە ئۇنىڭ كېڭىيىشى زامانىۋىلىق، مەنىۋىيەتنىڭ يىمىرىلىشى ۋە مۇھىتنىڭ چېكىنىشىدىن ئىبارەت بۇ قانۇنلۇق كىرىزىسنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇ ھالەت ئىنسانلارنىڭ پىسخىكىلىق مېخا ـ

نىزمى ۋە ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە، ئېستېتىكىغا ۋە ئەدەبىياتقا يات بولغان بىر خىل ئاغمىچىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇنىڭ بىلەن ھاياتلىقنىڭ ئەھمىيىتى، سەنئەتنىڭ چوڭقۇرلۇقى يوقىلىش بىلەن بىللە، يەنە ئاتالمىش نوقۇل ماددىي ئىستېمال ۋە راھەتپەرەسلىك كىشىلەرنىڭ ئېڭىغا سىڭىپ كىرىپ، تەبىئەت بىلەن ئىنسان ئېڭىدىن ئىبارەت ئىككى ساھەمۇ كۈنسېرى تاۋارلاشتى، ئېسىل مەدەنىيەت بىلەن ئاممىباب مەدەنىيەتنىڭ چېگراسى تەدرىجىي غۇۋالاشتى. 21 ـ ئەسىرگە قەدەم قويغان بۈگۈنكى كۈندە پەن ـ تېخنىكا ۋە زامانىۋىلىقنىڭ تېز سۈرئەتلىك تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئۇلارنىڭ «تەبىئەتنى ئۆزگەرتىش» غايىلىرى ئۈزۈكسىز ئەمەلگە ئېشىپ بېرىۋېرىدىغاندەك قىلىدۇ. يېقىنقى 50 يىللىق ئىلىم ـ پەن يېڭىلىقلىرى ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئىنسانلارنىڭ ئىلگىرىكى نەچچە مىڭ يىللىق مۇساپە ۋە مەدەنىيلىك دەۋرىدە ياراتقان نەتىجىلىرىنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسىدىنمۇ كۆپ ۋە زور بولدى. فىزىكا ئىلمىدىكى ئىنقىلاب خاراكتېرلىك بۆسۈش ئىنسانلارنى يادرو ئېنېرگىيە دەۋرىگە ئېلىپ كىرگەن بولسا، بىيولوگىيە ۋە ئىرسىيەت ئىلمىدىكى بۆسۈش ئىنسانلارنىڭ گېن قۇرۇلۇشىنى قانات يايدۇرغۇزدى، ھازىرقى ئىلىم ـ پەننىڭ تەرەققىياتى باشقۇرغىلى بولىدىغان ئىرسىيەت ۋە ھاياتلىقنى كىلونلاشنىڭ يۇقىرى باسقۇچىغا ئېلىپ كىردى. ئۇچۇر تېخنىكىسىدىكى كۈنسېرى ئۆزگىرىپ بېرىۋاتقان يېڭىلىقلار ئىنسانلارنى يېڭى ئۇچۇر دەۋرىگە ئېلىپ كىردى. ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتنى ئۆزگەرتىشىنىڭ چوڭقۇرلۇق ۋە كەڭلىكى ئاللىقاچان ماكرولۇق دۇنيادىن مىكرولۇق دۇنياغا كىردى. ھازىرقى زامان پەن ـ تېخنىكىسىنىڭ تەبىئەتكە ۋە ئىنسانلار تۇرمۇشىغا قارىتا كۈنسېرى قىستاپ كېلىشى بىلەن تەبىئەت دۇنياسى ۋە

ھاياتلىقنىڭ مەنىۋىلىكى، تەبىئىيلىكى ئاشۇ ئاتالمىش تەرەققىيات ئىچىدە نابۇت قىلىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇنىڭ بىلەن زامانىۋىلاشقان جەمئىيەتتە قەدىمكى زاماندىكىدەك تەبىئەتكە چوقۇنۇش، ئۇنىڭدىن ھېيىقىش بولمىغان، نوقۇل ئۆزىنىڭ ماددىي مەنپەئەت ۋە ئىستەك ـ ھەۋىسى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇلغان غەيرىي ھالەت شەكىللەندى. پەن ـ تېخنىكا ئىنسانلارنى كېيىنكى سانائەت دەۋرىگە ئېلىپ كىرگەن بولسىمۇ، بىراق نۆۋەتتە ئىنسانلار دۇچ كەلگەن تەبىئىي ۋە مەنىۋى كىرىزىس، ئاپەتلەر، ئۇچراۋاتقان زىديان، تۆلەۋاتقان بەدەللەر يەنىلا كۆپ. تېز سۈرئەتلىك تەرەققىيات ۋە زامانىۋىلىق ئارقىلىق ئىنسانلار قولاي شارائىتقا ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ئاشۇ ئاتالمىش زامانىۋىلىق كەلتۈرۈپ چىقارغان تۈرلۈك قىيىنچىلىق ۋە ئاپەتلەر — يېڭى تىپتىكى كېسەللىك، ئېنېرگىيە كىرىزىسى، ئەخلاق ۋە ئېتىقاد كىرىزىسى يەرشارى خاراكتېرلىك قىيىن مەسىلىلەردىن قۇتۇلۇشقا ئامال قىلالمىدى. ئۇلار شاد ـ خۇراملىق ئىچىدە يوشۇرۇن كۆز يېشىدىن ئەسلا قۇتۇلالمىدى.

پەن ـ تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى ئاتالمىش «تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش» جەريانىنى ئىپادىلەش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، بەلكى يەنە مەۋجۇتلۇق شەكلى — ھاياتلىق ۋە تۇرمۇشنىڭ تەبىئىيلىكىنى نابۇت قىلىشقا ئېلىپ باردى. بىر تەرەپلىمە ئىقتىسادىي ئۇنۇم ۋە ماددىي مەنپەئەتكە بېرىلىش خاھىشىنىڭ يىلسېرى كۈچىيىپ، ئىقتىسادىي ئېشىشنى قوغلىشىشنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. بۇ ھالەت بىر تەرەپتىن شەخسنىڭ يەككە جەمئىيەتلىشىش جەريانىنىڭ تېزلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلارنىڭ مەنىۋى ئېكولوگىيەسىگىمۇ يېڭى مەسىلە ئېلىپ كەلدى. نەتىجىدە، مەدەنىيەتمۇ ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكىدەك ئاقارتىش خاراك-

تېرىدىن بارغانسېرى يىراقلاشتى، ھەتتا ئۇ جىسمانىي تۇس ئالغان ئىستەك خاھىش خاراكتېرىگە، نوقۇل ئۆزلۈك تۇسىگە، شەخسىي ئىستېمال تۇسىگە ئىگە ھادىسىگە ئايلىنىپ قالدى. بۇنىڭ بىلەن ئاساسلىق زىددىيەت مۇنداق ئىككى جەھەتتە ئىپادىلەندى: بىرى، زامانىۋى پەن – تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى بىلەن كۈنسېرى ئېغىرلىشىپ بېرىۋاتقان يەر شارىنىڭ زىددىيىتى؛ يەنە بىرى، شەخسلەر مەۋجۇتلۇقىنىڭ زامانىۋىلىشىشى بىلەن ئۇنىڭ ئۇنىۋېرسال تەرەققىياتلىق مەۋجۇتلۇقىنىڭ زىددىيىتى. بۇ مەسىلىلەر ئىنسانلار مەۋجۇت بولۇشى ۋە سىجىل تەرەققىي قىلىشى كېرەكمۇ ياكى كىرىزىس ئىچىدە ھالاك بولۇشى كېرەكمۇ، يولنى قانداق بېسىش كېرەك، دېگەن مەسىلىلەرنى بىزگە جىددىي ئاگاھلاندۇردى.

ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ زامانىۋىلىشىش جەريانىدا بىر قىسىم كۈچلۈك ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت ۋە بۇرچ ئېڭىغا ئىگە ئالىم – ئەدىبلەر بۇ نۇقتىنى بۇرۇن تونۇپ يېتىپ، ئىنسانلار مەدەنىيلىكى تارىخى ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتى ئەندىزىسىنىڭ خاتالىقى ئۈستىدە ئويلىنىشقا باشلىدى. بۇ خىل ئويلىنىشنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت جەريانىدىكى ئىپادىلىنىشى ئېكولوگىيە ئەدەبىياتىنىڭ ئاڭلىق ھالدا بارلىققا كېلىشىدىن ئىبارەت بولدى. نەتىجىدە، كۈنسېرى ئېشىۋاتقان بۇ خىل ئەدەبىياتقا قارىتا ئېلىپ بېرىلغان تەنقىد ئۇسۇلى ۋە ئىدىيەۋى مېتود ھەرقايسى ئەللەردە ئارقا – ئارقىدىن ئوتتۇرىغا چىقىپ، جۇڭگو ئەدەبىياتى، جۈملىدىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىمۇ بەلگىلىك تەسىرگە ئىگە بولدى. بۇ خىل تەنقىد نىشانى بۈگۈنكى زامان ئىنسانلىرىنىڭ ھاياتلىق ئەمەلىيىتى كەلتۈرۈپ چىقارغان «دۇنياۋىلىشىش» مەسىلىسى بىلەن «ئادەمنىڭ ماددىيلىشىش» ھالىتى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتكە قارىتىپ ئۆزىنىڭ كۈچلۈك قاراتمىلىقى ۋە نەزەرىيەۋى شىجائىتى بىلەن ئەدەبىي ئى-

جادىيەتتە زامانىۋىلىق ئەھمىيىتىدىكى ئىدىيەۋى چوڭقۇرلۇق ۋە نەزەرىيەۋى ئاڭلىقلىقنى نامايان قىلىپ، ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ئۈچۈن يېڭىچە تەپەككۇر ۋە تەتقىقات كۆزنىكىنى ئېچىپ بەردى.

ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكى غەرب ئېكولوگىزم ئىدىيەسىنىڭ يېتەكلىشى ئارقىسىدا ئەدەبىيات بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتى، ھاياتلىقنىڭ تەبىئىيلىكى، گۇمانىتارلىق روھ ھەققىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بارىدىغان كۆچلۈك مەدەنىيەت خاھىشىغا ئىگە ئەدەبىي تەنقىدچىلىكتۇر. ئۇ بىر خىل ئەدەبىي ۋە مەدەنىيەت تەنقىدچىلىك خاھىشىغا ئىگە پەن بولۇپ،ئۇنىڭ ئىدىيەۋى ئاساسى كىلاسسىك ئەنئەنىلەرگە ۋارىسلىق قىلغان ھالدا 20 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىدا مەيدانغا كەلگەن. 20 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى ئېكولوگىيە ئەخلاق ئىدىيەسى ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكىنىڭ ئەڭ بىۋاسىتە مەنبەسىنى ھاسىل قىلغان.

ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكى 20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ~ 90 ـ يىللىرىدا ئامېرىكا ئەدەبىياتى ساھەسىدە دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللىنىپ ئاندىن دۇنيادىكى باشقا دۆلەتلەردە تەرەققىياتقا ئېرىشتى. بۇ خىل تەنقىدچىلىك مەركەزلىك ھالدا ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ تەبىئەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، ھاياتلىقنىڭ ساپ ۋە تەبىئىيلىكىنى ھۆرمەتلەش، تەبىئىيلىككە يۈزلىنىش خاھىشى ئىپادىلەنگەن ئەسەرلەرنى كۆزىتىش ۋە ئۇلارنى تەتقىق قىلىشقا مەركەزلەشتى. ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكىنىڭ ئاساسىي ئېقىمى دەسلەپ ئامېرىكىدا يىلتىز تارتقاندىن كېيىن، ئەنگلىيە، رۇسىيە قاتارلىق غەرب ئەللىرىگە كېڭەيدى. شۇنداقلا غەرب ئەللىرىدە بۇ پەننىڭ بىرقەدەر سىستېمىلىق بولغان تەنقىدچىلىك مۇھىتى بارلىققا كەلدى.

ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكى تەبىئەتنىڭ مەۋجۇتلۇقتىكى رولى

ۋە ئېكولوگىيەنىڭ قىممىتىگە ئەھمىيەت بېرىش مەيدانىنى تە-
شەببۇس قىلىپ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىدۇ ياكى
ئەنئەنىۋى تەنقىدچىلىكنىڭ يېتەرسىز تەرەپلىرىگە قارىتا رەددىيە
بېرىدۇ. ئېكولوگىيەلىك تەنقىدچىلىك مۇنداق مەنتىقىلىق ئاساسقا
ئىگە: نوقۇل ئىجتىمائىي ئىقتىسادنىڭ ئېشىشى ھەرگىزمۇ جەم-
ئىيەتكە مەدەنىي ئىلگىرىلەش ئېلىپ كەلمەيدۇ. مەدەنىيلىك تە-
رەققىياتى ھەرگىزمۇ بۈگۈنكىدەك غايەت زور ئېكولوگىيەلىك بە-
دەل تۆلەش ۋە ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك چېكى-
نىشى دېگەنلىك ئەمەس. ئىنسانلارنىڭ مەۋجۇتلۇق ھالىتىنىڭ
غەيرىي سۈپەتلىك تەرەققىياتى ۋە ئۆزگىرىشى ئۇلارنىڭ ئەخلاقىي
تەلەپى ۋە مەنىۋى دۇنياسىنىڭ ئۆزگىرىش ۋە ياتلىشىشىنى كەل-
تۈرۈپ چىقىرىدۇ، دېگەن قاراشقا ئاساسلىنىدۇ. بۇ جەھەتتە ئا-
لىملار ئەخلاقنىڭ پاسىلىنى تەبىئەت ئەخلاقى، ئىجتىمائىي ئەخلاق
ۋە مۇھىت ئەخلاقىدىن ئىبارەت ئۈچ قاتلامغا ئايرىغان. ھەقىقىي
مەنىدىكى ئەخلاقنىڭ ئىپادىلىيدىغىنى ئىنسانلارنىڭ مۇستەقىل
مەۋجۇتلۇق ئېڭى بولۇپ، بۇ خىل ئاڭ ھامان ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلۇق
ھالىتىگە قارىتا تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئېكولوگىيە ئىلمىنىڭ كۆرسەتمىلىرى ۋە دۇنيانىڭ مۇھىت
رېئاللىقى ئىنسانلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا جىددىي سىگنال بەرگەن
بۈگۈنكى كۈندە بىز مۇنداق رېئاللىققا يۈزلەنمەي تۇرالمايمىز: شە-
ھەرلىشىش ۋە شەھەر مەدەنىيىتى يادرو قىلىنغان ئاساسىي ئېقىم-
دىكى سەنئەت ئۆزىنىڭ گۇمانىتار يىلتىزى ۋە ئېكولوگىيەلىك
مەنبەسىنى ئۇنتۇپ قالدى. ھازىرقى زامان سانائەت مەدەنىيلىكى
ئېلىپ كەلگەن ئادەمنىڭ «غەيرىيلىشىش، ياتلىشىش» ۋە «ماددىي-
لىشىش» ھادىسىسى دەۋرىمىزدىكى يازغۇچى - سەنئەتكارلارنىڭ
ئىچكى دۇنياسىغا قارىتا ۋەھىمە، تەشۋىش، چۈشكۈنلۈك، قاتمال-

لىق، بىخۇدلۇق ھەتتا ئۇمىدسىزلىك ئېلىپ كەلدى. يەر شارى مۇھىتىنىڭ ئۆزۈكسىز يامانلىشىشىدىن كېلىپ چىققان تۈرلۈك ئاپەت ۋە كىرىزىسلارغا ئەگىشىپ ئىنسانلار ئاخىر زامانىۋى مەدەنىيلىكنىڭ داۋاملىشىشچانلىقىنىڭ ئىشەنچلىك ئەمەسلىكىنى، مەدەنىيلىك تەرەققىياتى ھاياتلىقنى داۋاملاشتۇرىدىغان پۈتكۈل ئېكولوگىيە سىستېمىسىدىن ئايرىلمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى. شۇنىڭ بىلەن تەبىئەت ۋە ھاياتلىقنىڭ تەبىئىيلىكىگە باغلانغان بىر خىل يېڭى ئىدىيەۋى خاھىشتىكى ئېكولوگىيە ئەدەبىي تەنقىدچىلىكى بارلىققا كەلدى. گەرچە ئۇ تەبىئىي ئېكولوگىيەلىك مۇھىتقا سەل قارايدىغان، بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان سانائەت مەدەنىيلىكىنىڭ تەرەققىيات ئېقىمىنى تۈپتىن ئۆزگەرتەلمىسىمۇ، لېكىن ئۇ ئېكولوگىيە نەزەرىيەسى ۋە باشقا فىلولوگىيە ئىلىملىرى بىلەن زىچ ماسلىشىپ ئىنسانلارنىڭ بىر تەرەپلىمە ئىقتىسادىي ئۇنۇم قوغلىشىش ۋە نوقۇل زامانىۋىلىققا تايىنىپ تەبىئەتتىن يىراقلىشىش، تەبىئەت بىلەن قارشىلىشىشتەك دۇنيا قاراشنى تەنقىدلەپ ۋە تۈگىتىپ، ئۇلاردىكى تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش، كونترول قىلىش خاھىشى، شۇنداقلا يۇقىرى ئىستېمالنى ئاساس قىلغان ھالدا تەبىئىي بايلىقلارنى قالايمىقان خورىتىشتەك ئىنسان مەركەزچىلىك ئىدىيەسىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، يېڭى دەۋرگە خاس مەدەنىيلىك بەرپا قىلىشقا تىرىشىدۇ.

ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكى 20 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدىن باشلانغان ئەدەبىياتنى ئۆزىنىڭ ئىچكى قىسمىدىن تاشقى قىسمىغا يۆتكەپ، يەن چېگراسى ئاتلاپ تەتقىق قىلىشنى تەكىتلەيدىغان بىر خىل يېڭىچە ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ئېقىمى بولۇپ، ئۇ ئەدەبىيات بىلەن ئېكولوگىيە(تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي مەنىۋى ئېكولوگىيە) نى زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ئەدەبىيات بىلەن ئېكو-

لوگىيەلىك مۇھىت(تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي مۇھىت)نىڭ مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىدۇ. ئۇ، ئىنسانلارغا تەبىئىي ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنىڭ مەۋجۇتلۇق ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات جەريانىدىكى قىممىتىنى ھېس قىلدۇرۇش بىلەن بىللە، جەمئىيەتتىكى ئېكولوگىيەلىك مۇھىت كرىزىسىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئاڭ - ئىدىيە، تۇرمۇش ۋە ئىستېمال شەكلى، قىممەت قارىشى، ئىجتىمائىي تۈزۈم ھەمدە تۈرلۈك مەنىۋى ئامىللارنى كۆرسىتىپ بېرىش ۋە بۇ ھەقتە تەنقىد ئېلىپ بېرىپ، كىشىلەرنى تېز سۈرئەتتە يېتىپ كېلىۋاتقان ئېكولوگىيە كرىزىسى ۋە ئاپەتلەردىن ئاگاھلاندۇرىدىغان يېڭىچە ئەدەبىي ۋە مەدەنىي تەنقىدچىلىك پائالىيىتىدۇر.

نۆۋەتتە ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكى مۇنداق بىر نەچچە خىل تەتقىقات يۆنىلىشىگە ئىگە: مەدەنىيەت بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتى، ئېكولوگىيەلىك نۇقتىئىنەزەر بويىچە ئەدەبىي ئەسەرلەرنى تەتقىق قىلىش، مۇھىت ئەدەبىياتى تەتقىقاتى، بۇلار ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكىنىڭ تەتقىق قىلىدىغان مەزمۇن دائىرىسىدۇر. بۇلارنىڭ تەتقىقات دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، ئۇ ئادەم بىلەن ئادەمنىڭ، ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ، جەمئىيەت بىلەن تەبىئەتنىڭ، بىر پۈتۈن جەمئىيەت بىلەن شەخسلەرنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرىنى ماكرولۇق جەھەتتىن كۆزىتىش ۋە تەكشۈرۈشكە تىرىشىپ، ئىنسانلارغا تەبىئەتنىڭ قىممىتىنى تونۇتۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، تەبىئەت بىلەن ئىناق مۇناسىۋەت ئورنىتىش غايىسىنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

ئېكولوگىيە مەسىلىسى بۈگۈنكى زامان ئىنسانلار دۇنياسى جىددىي دۇچ كېلىۋاتقان زور ئىجتىمائىي مەسىلە بولۇپ، ئۇ تارىختىن بۇيان ھېچقاچان ھازىرقىدەك ئېغىر كرىزىس سۈپىتىدە ئىپادىلەنگەن ئەمەس. ئېكولوگىيە كرىزىسىنىڭ ئىنسانلارنىڭ

ھاياتى ۋە ئۆزىنىڭ مەدەنىيىتىگە بولغان تەھدىتىگە كىشىلەر بار-
غانسېرى ئەھمىيەت بېرىدىغان بولدى. 1962 ـ يىلى ئامېرىكىلىق
كەرسېن خانىمنىڭ «تىمتاس باھار» ناملىق ئەسىرى نەشر قىلىن-
دى. بۇ ئەسەر مەلۇم بىر يېزىنىڭ تەبىئىي مۇھىتىدا يۈز بەرگەن
غايەت زور ۋەيرانچىلىق خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشلەرنى تەسۋىرلەش
ئارقىلىق نوقۇل ئىقتىسادىي ئۈنۈم قوغلىشىپ يېزا ئىگىلىك دو-
رىلىرىنى قالايمىقان ئىشلىتىشنىڭ ھاياتلىق مۇھىتىغا كەلتۈرگەن
زىيىنى جانلىق تەسۋىرلىنىپ، بىر تەرەپلىمە تەرەققىيات خاھىشى
كەسكىن ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

ئىنسانلارنىڭ تەبىئىي ئېكولوگىيە مەسىلىسىگە بولغان قايتا
ئويلىنىشى ئاخىرقى ھېسابتا بۈگۈنكى دەۋردىكى ئېكولوگىيە مە-
دەنىيىتى ۋە ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكىنى يېڭىدىن بەرپا قىلىش
خاراكتېرلىك مۇنازىرىگە قەدەم قويدى. شۇنىڭ بىلەن بىر مەزگىل
ئىچىدە ئوخشاش بولمىغان ئىجتىمائىي توپتىكىلەر خىلمۇ خىل
كۆزقاراشنى چىقىش قىلىپ، نۆۋەتتىكى ئېكولوگىيە كىرىزىسى-
نىڭ ئەمەلىي ماھىيىتى ۋە ئۇلارنى يېڭىش، مەۋجۇتلۇقنى ساغلام
ۋە سىجىل تەرەققىياتقا ئېرىشتۈرۈش ھەققىدىكى كۆزقاراشلىرىنى
ئىپادىلەشتى. ئۇلار دەسلەپكى تونۇش جەريانىدا ئىنسانلارنىڭ ئۆز-
لىرىنى مەركەز قىلغان بىر تەرەپلىمە مەدەنىيلىك ئەندىزىسىنىڭ
خاتالىقى ئۈستىدە ئويلاندى. مۇشۇ جەرياندا ئۇلار ئېكولوگىيەلىك
مۇھىت مەسىلىسىگە كۆڭۈل بۆلۈشۈپ، بۇ يېڭى ھەم ئەمەلىيەتچىل
پەننى تەدرىجىي ۋۇجۇدقا چىقاردى. ھازىرقى كۈندە ئېكولوگىيە تە-
بىئىي پەن دائىرىسىدىن ھالقىپ، ئىجتىمائىي پەنلەر ۋە گۇمانىتار
ئىلىملەرنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرى بىلەن تۇتىشىپ، ئېكولوگىيە
پەلسەپىسى، ئېكولوگىيە دىداكتىكىسى، ئېكولوگىيە ئىقتىسادشۇ-
ناسلىقى، ئېكولوگىيە ئەدەبىياتى، ئېكولوگىيە ئېستېتىكىسى قا-

تارلىق ئىلىملەرنى بارلىققا كەلتۈردى.

نۆۋەتتە ئىنسانلار هاياتلىقنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتى ۋە ئۇنىڭ قىممىتىگە بولغان تونۇشىنىڭ بارغانسېرى چوڭقۇرلىشىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ، بىر خىل يېڭى تىپتىكى ئىجتىمائىي پىكىر ئېقىمى بولغان ئېكولوگىزم (مۇھىتپەرۋەرلىك) ھەرىكىتى جانلىنىشقا باشلىدى. ئېكولوگىزمنىڭ تەرەققىياتى تەدرىجىي ھالدا ھازىرقى زامان ئىنسانپەرۋەرلىكى ۋە ئىدراكىزمدىن ھالقىغان يېڭىچە مەدەنىيلىك بولغان ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكىنى شەكىللەندۈردى. ئەمەلىيەتتە ئۇ ئىنسانلارنىڭ زامانىۋى تۇرمۇشىنىڭ سەلبىي تەسىرىنى ئاڭلىق تونۇغاندىن كېيىن ئۆز ـ ئۆزىدە ئاڭلىق شەكىللەندۈرگەن بىر خىل قىممەت قارىشى ياكى يېڭىچە تەپەككۇر شەكلىدۇر.

## 2. ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە تەرەققىيات ئاساسى

ئىنسانلار ھازىرقى ۋە بۇگۈنكى زامان تارىخىدا ئۆزلىرىنىڭ ھاياتلىق مۇھىتى ھەققىدىكى ئىزدىنىشى جەريانىدا يېڭىچە بىر خىل پىكىر ئېقىمى بولغان ئېكولوگىزمنى بارلىققا كەلتۈردى. غەرب ئەللىرى ئالىملىرىنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىشى نەتىجىسىدە، ئېكولوگىزم تەدرىجىي ھالدا ھازىرقى زامان گۇمانىزمى، پەنچىلىك ئىدىيەلىرى بىلەن بىر قاتاردا تۇرىدىغان بىر خىل مەدەنىيەت ھادىسىسىگە ئايلاندى. ئەمەلىيەتتە بۇ ئۈچ خىل مەدەنىيلىك ئۆزئارا گىرەلىشىدۇ ۋە بىر ـ بىرىگە سىڭىشىدۇ.

20 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىدا غەربتە شەكىللەنگەن ئېكو ـ

لوگىيە ھەرىكىتى كېيىنكى مودېرنىزمچىلارنىڭ ئىلىم ـ پەنچىلىك ئاساس قىلىنغان زامانىۋىلاشتۇرۇشقا قارىتا ئېلىپ بارغان تەنقىدىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. دەسلەپكى مەزگىلدىلا ئۇلار ھەربىي ئىشلار، سىياسىي، تېخنىكا، سودا قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئىنسانلارنىڭ شەخسىي مەنپەئەت، نەپسانىيەتچىلىك ۋە بويسۇندۇرۇش خاھىشىدىن تەدرىجىي يۈكسىلىپ چىققان ئەمەلىي كۈچ ـ قۇدرىتى، تەبىئەتتىن يىراقلىشىشى دەپ قاراپ، بۇنىڭغا رەددىيە بەرگەن. 20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىكى دۇنيانىڭ ئېكولوگىيە كىرىزىسىغا يۈز تۇتۇشى ۋە ئاممىۋى ئەخلاقنىڭ يىمىرىلىشى قاتلاملىق ئېستېتىكىنىڭ بارلىققا كېلىشىنى تېزلەتتى. بۇنىڭ بىلەن جەمئىيەتتە ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى تەدرىجىي ھالدا ئۆزىنىڭ بىر خىل يېڭى ئەخلاق پىرىنسىپىنى بېكىتتى. نەتىجىدە، ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ بۇرۇنقى ساختا زامانىۋى ئېڭىدىن تەدرىجىي قول ئۈزۈپ، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە قايتىش، «زېمىن مېخانىزمىغا قايتىش»نى تەشەببۇس قىلىشقا باشلىدى. يېڭى ئەسىر كىرىشنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئېكولوگىيە ئىلمى ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتنى تونۇش، چۈشىنىشىنىڭ ئاممىباب ۋە ئومۇمىي ئەندىزىسىگە، ھاياتلىقنىڭ ماكانى بىلەن جانلىقلار جۇغراپىيەسى ھەم زېمىنىنىڭ تارىخىنى باغلايدىغان ئاڭ شەكلىگە ئايلاندى. نۆۋەتتە ئىنسانلار جەمئىيىتىدە «زامانىۋىلاشتۇرۇش»نىڭ كۈچەپ تەرغىب قىلىنىشى ۋە كۆپتۈرۈۋېتىلىشى بىلەن ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتتىن بارغانسېرى زىيادە ئېلىش تەلىپى سەۋەبلىك ئۇلارنىڭ نورمالسىز ھەرىكىتى ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى تېز سۈرئەتتە يامانلاشتۇرۇۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئىجتىمائىي رېئاللىقنىڭ ئىنكاسى بولغان ئەدەبىياتمۇ تەبىئەتكە بولغان مۇناسىۋەتكە ئالاقىدار بولغان ئىنسانلارنىڭ مەنىۋى ئېكولوگىيە مەسىلىسىنى قايتا مۇلاھىزە قىلىپ، يېڭى ئېقىمدىكى

ئەسەرلەردە ئىنسان خاراكتېرىنىڭ غەيرىيلىشىشى ۋە ئۇلارنىڭ تەبىئىتىدىكى ھەر خىل بىنورمال ھالەتلەرنى تەسۋىرلەش ۋە ئۇنى تەنقىدلەش ئارقىلىق ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىدىكى تەبىئەت ۋە تەبىئىي ئېكولوگىيەنىڭ غەيرىيلىشىشىگە ئالاقىدار ئىجتىمائىي كېسەللىكلەرنى جانلىق ئىپادىلىدى.

مۇھىت كىرىزىسىنىڭ يىلسېرى ئېغىرلىشىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ زور بىر تۈركۈم ئالىم، يازغۇچى، ئەدەبىيات - سەنئەت تەنقىدچىلىرىنىڭ ھەممىسى ئۆز دائىرە ۋە تەتقىقات ئۇسۇللىرى بويىچە بۇ مەسىلىگە بولغان دىققەت - نەزىرىنى ئىپادىلەشتى. تەبىئەتنىڭ قىممىتى ۋە تەبىئەت بىلەن ئاھەڭلىق ماس - ئىناق مۇناسىۋەت ئورنىتىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تونۇپ يەتتى. نەتىجىدە، ئىنسانلارنىڭ مەنىۋى پائالىيىتىدە تەبىئەتنىڭ ئۆزىگە تەۋە بولغان ھېكايىلەر بارلىققا كېلىشكە باشلىدى. بىز ئىنسانلارنىڭ ھاياتى ۋە روھى بىلەن زىچ باغلانغان ئاشۇ مەۋجۇتلۇق شەكلى ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ مۇھىم تېماتىكىسى سۈپىتىدە ئەدىبلەرنىڭ قايتا بايان قىلىش ۋە بىزنىڭ ئەستايىدىل ئوقۇپ چۈشىنىپ چىقىشىمىزغا ئەرزىيدۇ. مۇشۇ خىل كۆزقاراشنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئەدەبىيات ئۆز ئۇسۇلى بويىچە تەپەككۇر قىلىش ۋە مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا باشلىغان. ئەنگلىيە لىۋېرپول ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورى، ئېكولوگىيە تەنقىدچىسى جوناسېن بوت ئۆزىنىڭ «زېمىن ناخشىسى» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دېگەن: «... مىلادىيەنىڭ 21 - ئېراسى ئەمدىلا باشلىنىش بىلەن تەبىئەتمۇ تۈرلۈك كىرىزىسلىرىنى نامايان قىلىشقا باشلىدى. قېزىلما بايلىقلار ۋە يېقىلغۇ ماتېرىيالىنىڭ زور كۆلەمدە ئىشلىتىلىشىدىن كېلىپ چىققان كاربون (Ⅳ) ئوكسىدى قوياش نۇرىنىڭ نورمال تارقىلىشىغا تەسىر كۆرسىتىپ يەر شارىنىڭ ئىللىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

كۆچمە مۇزلۇق ۋە تۈرلۈك تۇپراقلار ئۈزۈكسىز ئېرىپ دېڭىز يۈزى ئۈزۈكسىز ئۆرلىمەكتە. ھۆل - يېغىن ئەھۋالى ئۆزگىرىپ قارا بوران كۈنسېرى ۋەھشىيلەشمەكتە. دېڭىز - ئوكيانلارنىڭ سۇ يۈزى كۆتۈرۈلۈپ، تۇپراقنىڭ قۇملىشىش دەرىجىسى كۈچەيدى. ئورمانلىقلار كۈنسېرى ئازىيىپ، ئىچىملىك سۇ قىيىنچىلىقى بارغانسېرى ئېغىرلاشتى. بۇ خىل مۇھىت بۇلغىنىشىنىڭ تەسىرىدە يەر شارىدىكى ھاياتلىق تۈرلىرى تېز سۈرئەتتە يوقىلىۋاتىدۇ. بىز ھازىر ھەممە يەرنى زەھەرلىك ئەخلەت، كىسلاتالىق يامغۇر ۋە ھەر خىل زىيانلىق خىمىيەلىك ماددىلار قاپلىغان دۇنيادا ياشاۋاتىمىز. بىز زادى يولنى قەيەردىن باشلاپ خاتا باستۇق، دېگەن مەسىلىنى قايتا ئويلىشىمىز كېرەك.» مانا بۇ، ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكىنىڭ ئىدىيەۋى ئاساسى.

ئەدەبىياتتىكى ئېكولوگىيەلىك تەنقىدچىلىكنىڭ بارلىققا كېلىشى نۆۋەتتىكى دۇنيادا ئومۇملىشىۋاتقان تۈرلۈك ئېكولوگىزم ئىدىيەسى، مەسىلەن، ئېكولوگىيە ئەخلاقى، ئېكولوگىيە پەلسەپەسى قاتارلىقلارغا سېلىشتۇرغاندا نىسبەتەن كېيىن بولدى. ئېكولوگىيە ئەدەبىياتشۇناسلىقىنىڭ ۋەكىللىرىدىن بىرى بولغان ئامېرىكا خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورى لاۋرېنس بۇئېلنىڭ «ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىك ئىسيانى» ناملىق ماقالىسىدىكى قاراشلارغا ئاساسلانغاندا، ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكى ياكى «ئەدەبىيات ۋە مۇھىت تەتقىقاتى» ھەرىكىتى 20 - ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىدا باشلانغان بولۇپ، ھازىرغىچە قانات يېيىش، كېڭىيىش باسقۇچىدا تۇرماقتا.

بىزگە مەلۇمكى، ھەرقانداق شەكىلدىكى ئەدەبىياتنىڭ ھەممىسى دۇنيا ۋە كىشىلىك ھاياتنىڭ قىممىتىگە بولغان ئىزدىنىش ھەم جاۋابتىن ئىبارەت. ئەدەبىياتنىڭ ئەسلى ماھىيىتىدىن ئېيت-

قاندا، ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتى ۋە بۇ ھەقتىكى پوزىتسىيە ئىنسانلار جەمئىيىتىدە ئەدەبىيات بىلەن تەڭ مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن. ئېكولوگىيە تەنقىدچىسى رېچىل كەرسۇن ئىنسانلار مەدەنىيلىكىدىكى بىر تەرەپلىمىلىكنى: «يەھۇدىي ۋە خىرىستىيان دىنىي ئەقىدىلىرى ئىنسانلارنى يەر شارىنىڭ مەركىزىگە ئايلاندۇرۇپ قويغان. شۇنىڭ بىلەن ئىنسانلار ئۆزىنى يەر شارىدىكى بارلىق شەيئىلەر — ھايۋان ۋە ئۆسۈملۈكلەر، تۇرلۇك كان بايلىقلىرى ھەتتا يەر شارىنىڭ ئۆزىنىمۇ مەخسۇس ئادەملەر ئۈچۈن يارىتىلغان، دېگەن ئىدىيەگە كەلتۇرۇپ قويغان» دەپ تەنقىدلىگەن. لاۋرېنىس بۇئىل: «ئېكولوگىيە ئەدەبىياتى چوقۇم ئىنسانىيەت تارىخى بىلەن تەبىئەت تارىخى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى كۆرسىتىپ بېرىشى كېرەك» دېگەن كۆزقاراشنى تەكىتلىگەن. نۆۋەتتىكى ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى ۋە ئېكولوگىيە ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى بىر خىل تارىخىي مۇقەررەرلىك بولۇپ قالدى. ئېكولوگىيە ئەدەبىياتى شۇنداق ھېسابلايدۇكى، ئېكولوگىيە ئەخلاقى ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ ئېڭىدۇر. شۇڭا ئەدەبىياتنىڭ ھاياتلىق مەنتىقىسىگە ئاساسەن زامانىۋى ئېكولوگىيە ئەدەبىياتى ۋە ئېكولوگىيەلىك تەنقىدچىلىكنىڭ بارلىققا كېلىشى بىر خىل تارىخىي مۇقەررەرلىككە ئايلاندى. ئامېرىكا ئېكولوگىيە ئەدەبىياتىنىڭ مەنبەسىگە نەزەر سالساق، رومانتىزىملىق ھەرىكەتلەرنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى ئۇلارنىڭ باشتىن - ئاخىر تەبىئەتنى قەدىرلەش ۋە ئۇنى قايتا باھالاشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز. بۇ جەھەتتە يېتەكلەش خاراكتېرىگە ئىگە يازغۇچىلاردىن ھېنرى قاتارلىقلارنىڭ خاسلىقى ئالاھىدە ئىپادىلەندى. ئەدەبىي قىممەت جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۇنى ئېكولوگىيە ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم بىر ئىدىيەۋى مەنبەسى دەپ قاراشقا بولىدۇ. 20 - ئەسىرنىڭ 70 -

يىللىرىغا كەلگەندە ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكى دەسلەپ تارقاق ھا-
لەتتە ئېلان قىلىنغان تەبىئەت ئېكولوگىيەسىگە دائىر ئەدەبىي
ئەسەرلەر ۋە ئۇنىڭدىكى تەبىئەت باش تېما قىلىنىپ تەھلىل قى-
لىنغان ماقالىلەردىن باشلاندى. 1974 - يىلى ئامېرىكا ئالىمى
جوسېف مېكىر «مەۋجۇتلۇق كومېدىيەسى: ئەدەبىياتتىكى ئېكولو-
گىيەلىك تەتقىقات» ناملىق ئەسىرىدە تۇنجى بولۇپ ئەدەبىيات -
سەنئەت بىلەن ئېكولوگىيەنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىشقا تى-
رىشتى. ئۇ گۇمانىتارلىق بىلەن ئىدراكىزمنىڭ توقۇنۇشى نۇقتى-
ئىنەزىرى بويىچە قەدىمكى گىرېك دىراممىلىرى، شېكىسپىر ئە-
سەرلىرى ۋە بۈگۈنكى زاماندىكى بىر قىسىم داڭلىق ئەسەرلەرگە
قارىتا مۇھاكىمە يۈرگۈزگەن. 1978 - يىلى ۋىليام روكېرت «ئەدە-
بىيات ۋە ئېكولوگىيە: ئېكولوگىيەلىك تەنقىدچىلىكنىڭ بىر تەج-
رىبىسى» ناملىق ماقالىسىدە تۇنجى بولۇپ «ئېكولوگىيەلىك تەن-
قىد» دېگەن ئاتالغۇنى قوللانغان. شۇنداقلا يەنە ئىنتايىن كەسكىن
ھالدا «ئەدەبىي تەنقىد بىزنىڭ دەۋرىمىزدە قەيەرگە كەتتى؟» دېگەن
سوئالنى قويغان. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئېكولوگىيەلىك تەنقىدچىلىك
تۆۋەندىكىدەك ئۈچ قاتلام مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىرىنچى،
ئەدەبىي تەنقىدچىلىك بىر پەن بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆز ئورنى ۋە
ئىلمىي يۆنىلىشىنى بېكىتمىگەن ھالدا تۇرماقتا. ئىككىنچى، دەۋ-
رىمىزدە يۈز بېرىۋاتقان مۇھىت مەسىلىسى ھەرقايسى جەھەتلەردىن
ئىپادىلىنىۋاتىدۇ. ئۈچىنچى، ئەدەبىي تەنقىدچىلىكنىڭ نۆۋەتتىكى
مەۋجۇتلۇق مەسىلىسى ئالدىدا مەسئۇلىيىتى بولۇشى كېرەك.

1992 - يىلى ئامېرىكا ئەدەبىيات ۋە مۇھىت تەتقىقات جەمئى-
يىتىنىڭ قۇرۇلۇشى نەتىجىسىدە ئېكولوگىيەلىك تەنقىدچىلىك
يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئەدەبىيات ساھەسىنىڭ دىققەت - ئې-
تىبارىغا ئېرىشتى. گېرمانىيە، ئەنگلىيە، ياپونىيە، كورىيە، رۇسى-

يە قاتارلىق ئەللەردىمۇ مۇشۇ خىل جەمئىيەتلەر قۇرۇلدى. ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىرى قاتلاملىق ئېكولوگىيە، ئېكولوگىيە - فېمىنىزم، مۇھىتپەرۋەرلىك، تەبىئەت چۈشەنچىسى تەسۋىرىنى ئەدەبىياتتا قايتا ئىپادىلەيدىغان نەزەرىيە، ئەنئەنىۋى باغباراڭىزمنى قايتا نامايان قىلىپ، ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتىدىكى ئاڭ ئويغىنىشى قاتارلىق ھەرقايسى قاتلاملاردا ئىنسان بىلەن تەبىئەتنىڭ نىسپىي بىرلىك مۇناسىۋىتىنىڭ كېرىلىش كۆچىنى مۇلاھىزە قىلىشنى تەدرىجىي ھالدا ئېكولوگىيەلىك تەنقىدچىلىك تەتقىقاتىغا كېڭەيتتى.

ئېكولوگىيەلىك تەنقىدچىلىكنىڭ ئالاھىدە خاراكتېرى ئۇنىڭ ئۆز تەرەققىياتى جەريانىدا ئىپادىلىگەن مۇنداق ئىككى تەرەپتىكى ئۆزگىچىلىكى ئارقىلىق گەۋدىلىنىدۇ. بۇنىڭ بىرى، تەنقىدچىلىك ئۇسۇلىنىڭ كۆپ خىللىق ئالاھىدىلىكى؛ ئىككىنچىسى، تۇتىشىدىغان ساھەنىڭ كۆپ ھەم پەن ھالقىش خاراكتېرى. ئېكولوگىيەلىك تەنقىدچىلىكنىڭ بۇ خىل تەتقىقات فورمىسى ئۇنىڭ نىشان تەلىپىگە ئۇيغۇن بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ پەن ئاتلاش خاراكتېرى مۇشۇ خىل ئىلمىي تەتقىقاتنىڭ ئەسلىي ماھىيىتىنى نامايان قىلىدۇ.

ئېكولوگىيەلىك تەنقىدچىلىكنىڭ مەدەنىيەت ئاساسى ۋە پەلسەپىۋى ئاساسىنى چوڭقۇرلاپ مۇلاھىزە قىلىش ئارقىلىق بۇ خىل تەنقىد ھەققىدە مۇنداق خۇلاسىگە كېلەلەيمىز: 1. ئېكولوگىيەلىك تەنقىدچىلىك ئەدەبىي ئەسەردىكى ئېكولوگىيەلىك پەلسەپىۋى پىكىرلەرنى تەتقىق قىلىدۇ. تەبىئەت ۋە تەبىئىيلىك روھىنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلەردە قانچىلىك ئىپادىلەنگەن ياكى سەل قارالغانلىقى ھەققىدە شەرھلەش ئېلىپ بېرىپ، ئەسەر تېكىستىدىكى ئىنسان مەركەزچىلىك ئىدىيەسىنى تەنقىدلەيدۇ. 2. ئېكولوگىيەلىك تەن-

قىدىچىلىك زامانىمىزدىكى ئىنسان مەركەزچىلىكىنى ئىنكار قىلىشنى ئۆزىنىڭ باش پىرىنسىپى قىلغان. ئۇنىڭ ئاخىرقى نىشانى ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ ئىناق بىللە ئۆتۈشتەك ئومۇمىي ۋەزىيەتنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت. 3. ئېكولوگىيەلىك تەنقىدچىلىك ئىنسانلار ئىجتىمائىي ئېكولوگىيەسى، يەنى روھىيەت ئېكولوگىيەسىگە ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئىنسانلار تەبىئەتتىكى جانلىقلار چەمبىرىكىدىكى بىر مۇستەقىل ھالقا بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچكى قىسمىدىمۇ ئېكولوگىيەلىك تەڭپۇڭلۇق مەسىلىسى مەۋجۇت بولىدۇ. ئۇ ئىجتىمائىي ئېكولوگىيە ۋە روھىيەت ئېكولوگىيەسىدىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەلمىساقتىن تاكى ھازىرغىچە ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيلىك تەرەققىياتىدا ئېرىشكەنلىرى پەقەتلا تەبىئىي ئېكولوگىيەنى ۋەيران قىلىش بەدىلىگە كەلگەن. مەلۇم تارىخىي دەۋردە تەبىئىي مۇھىت تەڭپۇڭسىزلاشسا، ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتىمۇ پىسخىكىلىق ياتلىشىش يۈز بېرىدۇ. مانا بۇ ئىجتىمائىي ئېكولوگىيەنىڭ تەڭپۇڭسىزلىقىقا يۈزلىنىشىدىن ئىبارەت. تەبىئىي مۇھىت ۋە ئىجتىمائىي ئېكولوگىيەنىڭ تەڭپۇڭسىزلىشىشى يەنە ئىنسانلارنىڭ پىسخىكىلىق ئاڭ قاتلىمىدىكى غەيرىيلىشىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇڭا ئىجتىمائىي ئېكولوگىيە ۋە روھىيەت ئېكولوگىيەسىنىڭ ھەممىسى ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكىنىڭ تەتقىقات دائىرىسىدە بولىدۇ. «زېمىننى ئوقۇش» ناملىق ئەسەرنىڭ ئاپتورى مىكائىل بىرانچ ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكىنىڭ خاراكتېرى ۋە تۈپ ئالاھىدىلىكى ھەققىدە: «ئېكولوگىيەلىك سەزگۈرلۈككە ئىگە بولغان بۇ خىل ئەدەبىي ئېقىمنىڭ مۇھىم بىر رولى ئۇنىڭ ئالاھىدە بىر خىل يوشۇرۇن ئىقتىدارغا ئىگە بولۇپ، ئىنسانلار كوللېكتىپىنى تېخىمۇ قويۇق بولغان ئېكولوگىيە گۇمانىتارلىق روھى بىلەن تەربىيەلەپ چىقىش-

دىن ئىبارەت» دەپ كۆرسەتكەن.

ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكىنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكىنى تۆۋەندىكى تەرەپلەرگە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

1. ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكى ئەدەبىياتتىكى تەبىئەت ئېكولوگىيەسى ۋە روھىيەت ئېكولوگىيەسى مەسىلىلىرىنى تەتقىق قىلىشنى ئاساس قىلىپ، تۈرلۈك ئەسەرلەردە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئادەم بىلەن تەبىئەت دۇنياسىنىڭ مۇرەككەپ يۈزلىنىشىنى بىلىش ئارقىلىق ئەدەبىيات بىلەن تەبىئىي مۇھىتنىڭ ئۆز ئارا چېتىلىدىغان ۋە ئۆز ئارا ئىلگىرى سۈرۈشىدىغان مۇناسىۋىتىنى ئىلمىي ئىدىگىلەشنى نىشان قىلغان.

2. ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكى گۇمانىتار روھ ۋە ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى نۇقتىئىنەزىرىنى چىقىش قىلىپ، ئەنئەنىۋى ئەندىزىدىكى ئەدەبىي ئەسەرلەر، جۈملىدىن كىلاسسىك ئەسەرلەرگە قايتا ئوقۇش ۋە شەرھلەش ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارغا يوشۇرۇنغان ئېكولوگىيە مەدەنىيىتى ئامىللىرى ۋە ئېكولوگىيەلىك ئېستېتىك قىممەتنى شەرھلەش بىلەن بىللە، ئىنسان بىلەن يەككە شەخس، ئىنسان بىلەن باشقا تۈرلەر، ئىنسان بىلەن جەمئىيەت، ئادەم بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى كەڭ ئەدەبىي مەنىدىكى مۇناسىۋەتنى قايتا قۇرۇپ چىقىشقا تىرىشىدۇ.

3. ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەتقىقاتىدا ئىنساننىڭ سۇبيېكت ياكى ئاساسىي گەۋدىلىكى مەسىلىسىگە قارىتا ئېنىق مەيداننى ئىپادىلەپ، بىر تەرەپلىمە ھالدا ئىنسان مەركەزچىلىك ئىدىيەۋى خاھىشى، شۇنداقلا مۇتلەق تەبىئەت مەركەزچىلىك قارىشىنى ئىنكار قىلىدۇ. ئۇ، ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ ئىناق بىللە تۇرۇشىنى ئىزدەپ، ئىنسانلاردا تەبىئىي مەۋجۇت بولغان ئۆزلۈك ئېڭىنى ئېكولوگىيە ئېڭىغا بۇراش ۋە يۆتكەشنى تە-

شەببۇس قىلىدۇ.

4. ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكى ئەدەبىيات تەتقىقاتى بىلەن ھاياتلىق ئىلىملىرىنى ئۆزئارا باغلاپ ۋە بىرلەشتۈرۈپ، بۇ ئىككى ساھەنىڭ بىرىكىش نۇقتىسىدىن ئەدەبىيات بىلەن تەبىئەتنى ئورتاق لىنىيەدە تەتقىق قىلىپ، ئىنسانلار جەمئىيىتى تەرەققىياتى بىلەن ئېكولوگىيەلىك مۇھىت ئۆزگىرىشىنىڭ مۇناسىۋىتىنى تونۇش ئارقىلىق ئەدەبىياتنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا شۇڭغۇپ، ئۆز تەتقىقاتىنىڭ چوڭقۇرلۇقىدىن ئەدەبىياتنىڭ پەن ھالقىشچانلىق خاراكتېرىنى نامايان قىلىدۇ.

5. ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكى ئېكولوگىيە مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنى كۆزەتكەن ۋە ئۇلارنى شەرھلىگەن ۋاقىتتا ئىنسانلارنىڭ تارىختىن بۇرۇنقى يېشىللىق ھەرىكىتىنىڭ ئاڭ فورمىلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئۆز تەتقىقات ئەمەلىيىتىنىڭ ھامان ئەدەبىي روھ ۋە ئەدەبىي بايان مۇھىتىدىن ئايرىلمايدىغانلىقىنى تەكىتلەپ، ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ شەكىل گۈزەللىكى ۋە ئۇنىڭ ئۇسۇل - ئەندىزىسىدىن پايدىلىنىپ، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى روھىنى نامايان قىلىدۇ.

6. ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكىنىڭ مەزمۇنى ئوبيېكتىپ دۇنيانى ھاياتلىقنىڭ ماھىيىتى بىلەن تەبىئەتنىڭ قىممىتىدىن ئىبارەت قوش قاتلاملىق تەپەككۇر نەزىرى بويىچە تونۇش ۋە ئىنسانلارنىڭ ئۆتمۈشى ھەم كەلگۈسى ھالىتىنى مۇشۇ ئەندىزە بويىچە كۆزىتىش ۋە چۈشىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ خىل تەپەككۇر كۆزنىكى ئىلگىرى ئەدەبىياتشۇناسلىقتا كەڭ ئومۇملاشقان فورمالىزملىق ئەدەبىيات تەتقىقاتى ۋە تۈرلۈك كىرىزىسلار بىلەن تولغان يەر شارىدىكى ھاياتلىقنىڭ مەۋجۇتلۇق مەسىلىسىنى ئۆزئارا باغلايدۇ، ئىنساننىڭ ھاياتلىق قىممىتى بىلەن تەبىئەتنىڭ ئېكولوگىيەلىك قىممىتى

ھەققىدە قايتا ئىستىتىك كۆزىتىش ئېلىپ بارىدۇ.

ئومۇمەن، ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكى ئەدەبىيات بىلەن تەبىئىي مۇھىتنىڭ ئورتاق بىر گەۋدىلىك مۇناسىۋىتىنى ئۆزىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىپ، بىر تەرەپتىن ئەدەبىي خاراكتېرلىك تەتقىقات ئېلىپ بارسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئېكولوگىيەلىك مەسىلىلەرنى بايقىشى زۆرۈر. بۇ پەننىڭ مۇشۇ خىل ئەدەبىيلىك خاراكتېرى بىلەن ئېكولوگىيەلىك تۇسىنىڭ زىچ بىرىكىشى باشقا خىلدىكى ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ياكى ئەدەبىيات نەزەرىيەسىگە ئوخشىمايدۇ. ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكى ئىنسانلارنىڭ كەلگۈسى تەقدىرىگە كۆچلۈك مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە چەكسىز ئۈمىد بىلەن قارايدۇ. ئۇ گەرچە نۆۋەتتىكى مەۋجۇتلۇقنىڭ زىددىيىتىنىڭ قانچىلىك ئۆتكۈرلۈكىنى بىلسىمۇ، لېكىن كەلگۈسىگە ئۈمىدسىز مۇئامىلە قىلىشنى تەنقىدلەپ، ئۆز ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكىنىڭ جەڭگىۋارلىقى ۋە ئۈمىدۋارلىق روھىنى نامايان قىلىدۇ. ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكى ئۆزىنىڭ تەپەككۇر دائىرىسىنى ئىنسانلار تەرىپىدىن سەل قارالغان تەبىئەتكە قارىتىپ ئەدەبىياتنى بىر پۈتۈن گەۋدىلىك دۇنيا ئىچىگە قويۇپ، ئەدەبىي تېكىست ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ تەبىئىي ئېكولوگىيە ئېڭىنى ئويغىتىدۇ.

ئىنسانلار مەدەنىيلىك فورمىسىنىڭ يېڭىلىنىشىغا ئەگىشىپ ئېكولوگىيە ئەدەبىياتى دۇنيادىكى خېلى كۆپلىگەن دۆلەتلەرنىڭ ئاساسلىق ئەدەبىيات شەكلىنىڭ بىرىگە ئايلاندى. دەسلەپ غەرب ئەللىرىدە باشلىنىپ زور نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن ئېكولوگىيە ئەدەبىياتى ۋە ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكى ئېلىمىزگە تەسىر كۆرسىتىپ جۇڭگو بۇگۈنكى دەۋر ئېكولوگىيە ئېڭىنى شەكىللەندۈرگەن ئىدىيەۋى مەنبەلەرنىڭ بىرىگە ئايلاندى. غەرب ئەدەبىياتىدىن ئېكولوگىيە تېمىسىغا تەۋە نۇرغۇن ۋەكىللىك ئەسەرلەر جۇڭگودا تەر-

جىمە قىلىنىپ نەشر قىلىندى، جوڭگونىڭ گومانىتار ئىلىملەر-نىڭ غەربنىڭ ئىلمىي سەۋىيەسىگە يېقىنلىشىشىغا پورسەت يارىتىپ بەردى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئامېرىكىلىق يازغۇچى ھېنرىنىڭ «ۋالتېن كۆلى» ناملىق نەسرى، جېك لوندوننىڭ «قار يولۇۋسى»، «ياۋايىلىققا قايتىش» قاتارلىق ھېكايىلىرى، لوبنىڭ «بۇغا ئوۋلى-غۇچى»، فوكنانىڭ «بارغىن، ماسېس»، ما.جىن رولىنىسنىڭ «بىر ياشلىق بۇغا»قاتارلىق ھېكايىلىرى، ئېدۋارد ئېبېننىڭ «غېرىبانە چۆللۈك» نەسرى قاتارلىقلار؛ ئەنگلىيەلىك مارى سولېيىننىڭ «فېرانكىستان» ناملىق ھېكايىسى، روسىيەلىك تورگېنېفنىڭ «مومو» ھېكايىسى، تولستوينىڭ «بىر ئات ھەققىدە ھېكايە»، تېلو-يېۋېسكىينىڭ «قارا قۇلاق بىم» ناملىق ئەسىرى، لىيانوفنىڭ «روس ئورمانلىقى» رومانى، راسپۇتېننىڭ «ماتيورادىن ئايرىلىش»، «ئوت ئاپىتى» قاتارلىق ھېكايىلىرى، ئايتماتوفنىڭ «ئاق پارا-خوت»، «قىيامەت» قاتارلىق ئەسەرلىرى، ئاستايوفنىڭ «بېلىق شا-ھى»، ۋاسىلىيېفنىڭ «ئاق قۇلارنى قارىغا ئالماڭ»، پىرىشۋېننىڭ «تەبىئەتنىڭ كالېندارى» قاتارلىق ئەسەرلىرى ئالاھىدە تەسىرگە ئىگە. 2001 – يىلى بېيجىڭدا چاقىرىلغان جوڭگو – ئامېرىكا سې-لىشتۇرما ئەدەبىيات قوش تەرەپ مۇھاكىمە يىغىنىدا «دۇنياۋىلى-شىش ۋە ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكى» مەخسۇس مۇھاكىمىسىنىڭ ئېلىپ بېرىلىشى جوڭگو ئېكولوگىيە ئەدەبىياتى ۋە ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكىنىڭ ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇش رولىنى ئوينىدى.

جوڭگو ئېكولوگىيە ئەدەبىي تەنقىدچىلىكى ساھەسىمۇ غەرب-نىڭ تەسىرىدە بەلگىلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. خۇ يەنخۇانىڭ «مۇھىت ئەدەبىياتى نېمىلەردىن ھالقىپ ئۆتۈشى كېرەك؟»، لى سۈنىڭ «ئېكولوگىيە ئەدەبىياتىنىڭ زامانىۋى تورمۇشقا كىرد-شى»، جاۋ دانىيەننىڭ «مۇھىت ئېڭى ۋە مۇھىت ئەدەبىياتى»، گو

شۆبونىڭ «ئېكولوگىيەلىك مۇھىت ئەدەبىياتىدىن چەتلەپ ئۆتۈشكە بولمايدۇ»، لېۇ شۇيۈەنىڭ «ئەدەبىيات ساھەسى نېمە ئۈچۈن ئېكولوگىيەگە سەل قارايدۇ» قاتارلىق ئەسەرلىرى مۇشۇ ساھەدىكى يۇقىرى ئىلمىي قىممەتكە ئىگە ماقالىلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. لېكىن جۇڭگونىڭ ئېكولوگىيە ئەدەبىياتى ۋە ئېكولوگىيە ئەدەبىي تەنقىدچىلىكى دۇنيادىكى باشقا ئەللەرگە سېلىشتۇرغاندا بىر قەدەر كېيىن باشلانغان بولۇپلا قالماستىن، يەنە ئەدەبىيات ساھەسىنىڭ تولۇق ئەھمىيەت بېرىشىگە ئېرىشەلمىدى، رەسمىي ئىلمىي مۇنبەر سۈپىتىدە چوڭ ئىلمىي كىلىمات ھاسىل قىلالمىدى. بۇنىڭ سەۋەبلىرى ناھايىتى كۆپ بولسىمۇ، لېكىن ئاساسلىقلىرىدىن بىرى، ئۇزاقتىن بۇيان كىشىلەرنىڭ پىسخىكىلىق ئېڭىغا سىڭىپ كەتكەن ئۆزلۈك ئېڭى ۋە ئۇ كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىنسان مەركەزچىلىك خاھىشى؛ يەنە بىرى، ئېكولوگىيە پەلسەپىسى ۋە ئېكولوگىيە دىداكتىكا تەتقىقاتىدىكى ئاجىزلىق ھەم كىشىلەر ئېڭىدىكى بىخۇدلۇقتىن ئىبارەت.

مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى جەھەتتىن قارىغاندا، ئېكولوگىيە مەدەنىيىتىنىڭ جۇڭگودا داۋاملاشقان ۋاقتى قىسقا بولسىمۇ، لېكىن جۇڭگو يېقىنقى 30 نەچچە يىل مابەينىدىكى زامانىۋىلىشىشنىڭ تېز سۈرئەتلىك تەرەققىياتى جەريانىدا ئېكولوگىيە پەلسەپىسى ۋە ئېكولوگىيە ئەدەبىياتىنىڭ ھەرقايسىسى ئۆزلىرىنىڭ دەسلەپكى خاسلىقىنى شەكىللەندۈردى، ئىلىم ساھەسىدىكى مۇنەۋۋەر زىيالىيلار بۇ مەسىلىگە قارىتا يېتەرلىك تونۇشقا ئىگە بولدى. مەسىلەن، سۇڭ زۇلياڭنىڭ «يەر شارى ۋە ئىنسانلارنىڭ كەلگۈسىنى قۇتۇلدۇرايلى»، شۇ مۇچاڭنىڭ «ئېكولوگىيە دىداكتىكىسى»، لېۇ شۇيۈەنىڭ «ئېكولوگىيە ئەدەبىيات ـ سەنئەتشۇناسلىقى»، شۇ گاڭ، جاڭ رۇڭلارنىڭ ئېكولوگىيە تېمىسىدىكى ئەسەرلىرى ۋە

ئاخبارات ئەسەرلىرى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى خەلق ئىچىدە خېلى كۆچلۈك ئەكس تەسىر قوزغىدى. يۇقىرىقى ئەسەرلەرنىڭ ئاپتور-لىرى ئۆزلىرىنىڭ كۈچلۈك ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت ئېڭى ۋە كىرىزىس تۇيغۇسى بىلەن نۆۋەتتىكى ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە ئەنئەنىدىن ياتلىشىش ئېلىپ كەلگەن ئېكولوگىيەلىك مەسىلە-لەرگە قارىتا ئۆزلىرىنىڭ يۈكسەك سەزگۈرلۈكىنى ئىپادىلىدى.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتشۇناسلىقىدا ئېكولوگىيەلىك ئەدەبىي تەنقىد-چىلىك تەتقىقاتى خەلقئارا ۋە دۆلەت ئىچىدىكى ئىلمىي مۇھىتنىڭ تەسىرىدە قىسمەن نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. بۇ جەھەتتە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكلىرى: دىلمۇرات مەھمۇدنىڭ «قۇتادغۇبىلىك،تە تەبىئەت تەسۋىرى ۋە ئەجداد روھى» («شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇر-نىلىنىڭ 1997 ـ يىللىق 6 ـ سانى)، قەيسەر مۇھەممەتئىمىنىنىڭ «ئۇيغۇرلارنىڭ مۇھىت ئېڭى ئۇستىدە ئىزدىنىش» («يېڭى قاشتې-شى» ژۇرنىلىنىڭ 2000 ـ يىللىق 3 ـ سانى)، ئەركىن روزىنىڭ «بۇ يەردە كېيىنكىلەرنىڭمۇ ھەققى بار» ناملىق ئەسىرى (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1999 ـ يىلى نەشرى)، ئەسئەت سۇلايماننىڭ «بوستانلىق مەدەنىيىتى ۋە ئۇنىڭ بۈگۈنكى تارىخىي قىسمىتى» («مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 2000 ـ يىللىق 5 ـ سانى)، ئىسمەت قا-سىمنىڭ «تەبىئىي ئېكولوگىيەلىك مۇھىت ۋە ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى قاراشلىرى»، ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىنىنىڭ «خوتەن بوستانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئېكولوگىيەسى ھەققىدە ئىزدىنىش» («يادى-كارلىقلىرىمىزدىن مەدەنىيىتىمىزگە نەزەر» ناملىق كىتابقا كىر-گۈزۈلگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2005 ـ يىلى نەشرى)، ئادىل غاپپارنىڭ «ئۇيغۇر خەلق ئەپسانىلىرىدىكى ئېكولوگىيەلىك قاراشلار توغرىسىدا» («مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 2007 ـ يىللىق 5 ـ سانى)، «ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىدىكى ئەنئەنىۋى ئېكو-

لوگىيەلىك قاراشلار ھەققىدە ئىزدىنىش» («شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 2007 ـ يىللىق 2 ـ سان)، پەرىدە ئىبراھىمنىڭ «دۇنيا مۇھىت ئەدەبىياتى ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان مۇھىت ئەدەبىياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرى» («شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 2008 ـ يىللىق 3 ـ سان)، پەزىلەت نۇرەخمەت «بۈگۈنكى ئۇيغۇر پىروزىچىلىقىدا ئېكولوگىيە تېمىسى» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 2007 ـ يىللىق 2 ـ سان)، ھەزرەتئېلى ياسىنىنىڭ «ئېكولوگىيە ئەدەبىياتى ۋە توختى ئايۇپ ئەسەرلىرىدىكى ئېكولوگىيەلىك مۇھىت قارىشى» («تارىم» ژۇرنىلى 2009 ـ يىللىق 6 ـ سان)، «تەبىئەت ئېكولوگىيەسىدىن مەدەنىيەت ئېكولوگىيەسىگىچە» («تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى 2009 ـ يىللىق 6 ـ سان)، ئابلاجان مۇھەممەت ئۇمىديارنىڭ «ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكى ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىياتىمىزدىكى ئىپادىسى» («شىنجاڭ گېزىتى» 2008 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنىدىكى «گۈلشەن» بېتى)، «‹بۆرە ئانا› رومانىدىكى تىراگېدىيە ۋە ئېكولوگىيە كىرىزىسى» («شىنجاڭ گېزىتى» 2008 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنىدىكى «گۈلشەن» بېتى)، «ئېكولوگىيە ئەدەبىياتى ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئورنى» («شىنجاڭ گېزىتى» 2008 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنىدىكى «گۈلشەن» بېتى)، «ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكىنىڭ ماھىيىتى ۋە رولى» («قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 2008 ـ يىللىق 4 ـ سان)، «قىيا تاش رەسىملىرىدە ئىپادىلەنگەن ئېكولوگىيە ئېڭى» («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلىرى» ژۇرنىلى 2009 ـ يىللىق 2 ـ سان)، «ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى ۋە مۇھىت ئېڭى» («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ژۇرنىلى 2009 ـ يىللىق 2 ـ سان)، «ئۇيغۇر خەلق ئېپوس ـ داستانلىرىدىكى ئېكولوگىيە ئې-

گى» («قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 2009 ـ
يىللىق 3 ـ سان)، «ئۇيغۇر بۈگۈنكى دەۋر ئېكولوگىيە پىروزىچى-
لىقىنىڭ ئىدىيەۋىلىكى ھەققىدە مۇھاكىمە» («قەشقەر پېداگوگىكا
ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» خەنزۇچە 2010 ـ يىللىق 2 ـ
سان)، «ئەدەبىياتنىڭ مۇھىت ئېڭى ۋە ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكى-
نىڭ ئەھمىيىتى» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»
2010 ـ يىللىق 4 ـ سان) قاتارلىق بىر يۈرۈش ماقالىلىرى، ئاب-
لىمىت مۇھەممەت يىلتىزلىقنىڭ «ئىنسانلار مەدەنىيىتى ۋە ئېكو-
لوگىيەلىك مۇھىت» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»
2007 ـ يىللىق 1 ـ سان)، «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن ئۇي-
غۇرلارنىڭ مۇھىت ئېڭى ۋە ئېكولوگىيە قارىشىغا نەزەر» («قەشقەر
پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 2008 ـ يىللىق 3 ـ
سان) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولۇپ، يۇقىرىقى ماقالە ـ ئەسەرلەر
خەلقىمىزنىڭ نۆۋەتتە ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى ۋە ئۇنىڭ ماھىي-
يىتىنى تونۇش، ئېكولوگىيەلىك تەنقىدچىلىكنىڭ رولى ۋە مەدە-
نىيەت قىممىتىنى ئۇلارغا بىلدۈرۈش، زامانىۋى جەمئىيەتكە خاس
ئېكولوگىيە مەدەنىيلىك ئېڭىنى بەرپا قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى
بىلدۈرۈش جەھەتتە ئۆزىنىڭ بەلگىلىك يېتەكلەش رولىنى جارى
قىلدۇرۇپ كەلدى.

ئېكولوگىيە ئەدەبىياتى ۋە ئېكولوگىيەلىك تەنقىدچىلىك تەت-
قىقاتى ئەدەبىياتشۇناسلىقىمىزدا گەرچە قىسمەن نەتىجىلەرنى قول-
غا كەلتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ خىل تەنقىدچىلىك ھازىرغىچە
چېچىلاڭغۇ ۋە پارچە ـ پۇرات ھالدا ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. بۇ خىل
تەتقىقات نۆۋەتتىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئىجادىيەت رېئاللىقى،
خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىنى چىقىش قىلىپ ئېيتقاندا،
شۇنداقلا خەلقئارا ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى سەۋىيەگە سېلىشتۇر-

غاندا تېخى كۆلەملىشىش ۋە سىستېمىلىشىش ھالىتىدىن خېلىلا يىراقتا.

## 3. ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكىنىڭ مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە ئىدىيەۋى مەنبەسى

ئىنسانلار مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتى تۈپ ماھىيەتتە ئىنسان بىلەن تەبىئەتنىڭ ماس، ئىناق مۇناسىۋىتى ۋە مۇشۇ مۇناسىۋەت ئاساسىدىكى ئىنسان خاراكتېرىنىڭ ساغلام تەرەققىيات تارىخىدۇر. چۈنكى ئىنسانلار ئاپىرىدە قىلىنغان ئەڭ دەسلەپكى دەۋرلەردىن تارتىپلا ئۇلار بىپايان تەبىئەت قوينىدا پىشىپ يېتىلگەن، تەبىئىي مۇھىتقا ماسلاشقان ۋە ئۇنىڭغا تايانغان ھالدا گۈللىنىپ، ئۇنىڭدىن ئۇلگە ئېلىپ تارىختىكى شانلىق مەدەنىيەتلەرنى ياراتقان. لېكىن ئىنسانلار كېيىنكى مەزگىللەردىكى تەرەققىيات باسقۇچى، بولۇپمۇ سانائەت مەدەنىيىتى دەۋرىگە كىرىپ، تېز سۈرئەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا يۈزلەنگەن ۋە بىر تەرەپلىمە ھالدا ماددىي مەنپەئەتكە بېرىلگەنسېرى تەبىئەت ۋە تەبىئىيلىكتىن شۇنچە يىراقلىشىپ، تەبىئەتنىڭ قىممىتى ۋە تەبىئىيلىككە شۇنچە ئېتىبارسىز قارايدىغان ھالەتنى شەكىللەندۈرگەن.

ئىقتىسادنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ قىلىش، ماددىي تۇرمۇش جەھەتتە كۆپ ۋە ئوشۇقچە نەرسىلەرگە ئېرىشىش، يۇقىرى ماددىي ئىستېمال ئارقىلىق راھەت ـ پاراغەتتە ياشاشقا ئىنتىلىش ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ تۇرمۇش پوزىتسىيەسىگە ئايلىنىپ قالماقتا. ئەمەلىيەتتە، بۇ ماس قەدەملىك سىجىل تەرەققىيات، ماددىي ۋە مەنىۋىلىكنىڭ تەڭپۇڭلۇقى ئاساس قىلىنغان ئىلمىي تەرەققىيات

جەريانىدا ئاگاھلاندۇرۇشقا تېگىشلىك تەرەپ. ئىنساننىڭ ماددىي ۋاستىلەرگە بولغان تەلىپى كۆنسېرى ئېشىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ماددىي باياشاتلىق ۋە ئىقتىسادىي ئېشىش قانچىلىك بولسا يېتەرلىك بولاركىن؟ كۆپ بولۇش ياخشى بولغانلىق ئەمەس، تېز بولۇشمۇ ياخشى بولغانلىقنى بىلدۈرمەيدۇ، نوقۇل يۇقىرى ئۈنۈم قوغلىشىشمۇ ياخشى ئىش ئەمەس. پەقەت ماس ۋە لايىق بولسىلا ياخشى بولغان بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ يۇقىرى ئۈنۈم، يۇقىرى ئىستېمال قوغلىشىش تەلىپى ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلۇق ئېكولوگىيەسىگە تەسىر كۆرسىتىپ، ئېغىر مەۋجۇتلۇق كىرىزىسىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

20 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدىكى رىم كۇلۇبى «ئىنسانلار مۇشكۈلاتى» دېگەن ئۇقۇمنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، ئۇنىڭدا كىشىلەرگە تېز سۈرئەتلىك ئىقتىسادىي ئېشىش ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ يەر شارى خاراكتېرلىك كىرىزىس ئېلىپ كېلىش مۇمكىنلىكى ئاگاھلاندۇرۇلغان. ئىنسانلارنىڭ بىر تەرەپلىمە ھالدا ئىقتىسادىي ئېشىشنى قوغلىشىشى تەبىئىي يوسۇندا ئېشىشنىڭ چېكىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئىنسانلارنىڭ بۇ خىل مۇشكۈلاتنى دەل ئۇلارنىڭ يېڭى مۇھىت ئاستىدىكى ئەنئەنىۋى بىر تەرەپلىمە تەرەققىيات قارىشى كەلتۈرۈپ چىقارغان. نوقۇل تەرەققىيات ئەندىزىسىدىكى ئىنسان ۋە ئۇنىڭ مەنپەئەتىنىلا چىقىش قىلىپ، تەبىئەتنىڭ قىممىتىگە سەل قاراشتەك ئەنئەنىۋى تەرەققىيات قارىشىنىڭ سەپسەتىسى بىر تەرەپتىن، بازار ئىگىلىكىنىڭ تۈرتكىسىدە شەخسلەر ۋە بىر قىسىم كىشىلەر پايدا ـ مەنپەئەتىنىڭ زورىيىشىنى قوغلىشىش ئۈچۈن ئىنسانلار تەبىئىي يوسۇندا تېخنىكىنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ، تەبىئىي بايلىقلارنى خورىتىش شەكلىدە ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى بۇزۇش ئارقىلىق توختىماي باي-

لىقتا ئېرىشىشكە ئىنتىلىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ خىل ئېشىش
شەكلى ئىنسانلار تەرەققىياتىنىڭ تەبىئەت بىلەن ئەسلىدىن بىر
گەۋدىلىك ئىدىيەۋى ئاساسىنى تەلتۆكۈس بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرى-
تىپ، ئادەم بىلەن تەبىئىي ئېكولوگىيەلىك مۇھىت ئوتتۇرىسىدا
ئۆتكۈر زىددىيەت پەيدا قىلىش ئارقىلىق زامانىۋىلىق تەرەققىياتى-
نى ئومۇمىي گەۋدىلىك مۇشكۇلاتقا ئىتتىرىدۇ. ئىنسانلارنىڭ زاما-
نىۋىلىق تەرەققىياتى سەپسەتىسى بىر تەرەپلىمە ۋە قارىغۇلارچە تە-
رەققىياتنىڭ نەتىجىسى بولغان كىرىزىس، يەنى نۆۋەتتىكى سىجىل
تەرەققىياتنىڭ ئەڭ قىيىن مەسىلىسىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

بىيولوگىيە نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئادەم مەڭگۈ تەبىئىي بى-
يولوگىيەلىك قائىدە - مىزانغا بويسۇنغۇچى ئەقىللىق مەخلۇق
بولۇپ، ئۇ، تەبىئەتنىڭ مۇقەررەرلىكىنى مەڭگۈ ئۆزگەرتەلمەيدۇ.
شۇڭا ئەجدادلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ تارىختىن بۇيانقى مەدەنىيەت ۋە
ئەدەبىيات - سەنئەت مىراسلىرىدا رېئال تۇرمۇشنىڭ قايغۇ -
ھەسرەتلىرى، پانىيلىقنىڭ مۇشكۇلاتى، باقىيلىقنىڭ مۇقەررەرلىك
ئېڭىنى ئىپادىلەشكە تىرىشقان. نۆۋەتتىكى زامانىۋى جەمئىيەتنى
ئىپتىدائىي قەبىلىلەرگە سېلىشتۇرغاندا پەقەتلا بىر دەرىجىدىن
تاشقىرى ئىجتىمائىي توپتۇر. زامانىۋى جەمئىيەت ۋە بىر تەرەپلى-
مە تەرەققىيات مەلۇم مەنىدە چەكتىن ئاشقان دەرىجىدىكى تېخنى-
كىلاشقان ھالدا «ئىنسانلار مەخلۇقلۇق چەمبىرىكى»گە ئايلانماقتا.
زامانىۋى جەمئىيەتتە مەدەنىيلىك تەرەققىياتى ۋە ماددىي تۇرمۇش
مولللىشىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىنسانلاردا مەنىۋىيەت تېخى تو-
يۇنغىنى يوق. غېرىبلىق تۇيغۇسى، ئەنسىرەش تۇيغۇسى، ئۈمىد-
سىزلىك تۇيغۇسى ئازايمىدى، بەلكى ئۇلار ئۇزۇكسىز يېڭىچە شە-
كىلدە ئىپادىلىنىۋاتىدۇ.

ئوبيېكتىپ دۇنيا مۇرەككەپ زىددىيەتلەر بىلەن تولغان. ئىن-

سان هاياتىنىڭ رېئاللىق خاراكتېرى ئۇنىڭ ئۆمرىنىڭ چەكلىك-لىكىدە ئىپادىلىنىدۇ. بۇ ئىنساننىڭ قېچىپ قۇتۇلالمايدىغان مۇ-قەررەر قىسمىتى. بۇ نۇقتا «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا زاھىت ئۇد-غۇرمىش بىلەن كۇنتۇغدى ئىلىگ ھەم ۋەزىر ئۆگدۈلمىشلەرنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرى ۋە دىيالوگلىرى، لۇتفىي، نەۋايى غەزەللىرى، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقام تېكىستلىرى قاتارلىقلاردا ئىنچىكە ھەم جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. شۇڭا تەبىئەتنى سۆيۈش، تەبىئىيلىككە يېقىنلىشىش، تەبىئەتتىن ھېكمەت ئىزدەش ئەجدادلىرىمىزنىڭ مەرىپەتپەرۋەرلىك روھىنىڭ جەۋھىرىنى تەشكىل قىلغان. فارابى بىر شېئىرىدا ئالەم ۋە ھاياتلىق دۇنياسىنىڭ چەكسىزلىكى،ئەمما شەخس ھاياتىنىڭ قىسقا ۋە چەكلىكلىكى، شۇنداقلا ئۇنىڭغا بولغان ئۆكۈنۈش خاھىشىنى مۇنداق ئىپادىلىگەن: «پۈشمايمەن سىرى ۋۇجۇد خام قالدى ئالەم ئۆز پېتى، يا تېشىلمەي گۆھىرى ھەم قالدى ئالەم ئۆز پېتى. گەر ئەقىل يورۇق چېچىپ مەنە ئىپتىسمۇ ھەر كىم ئاڭا، ئەسلىي چىن تەسۋىردىن كەم قالدى ئالەم ئۆز پېتى.» ①

ئەمما زامانىۋىلىق ۋە قولاي تۇرمۇش مۇھىتىدىكى ئىنسانلارنىڭ ئالەم ۋە ھاياتلىق قارىشى، قىممەت چۈشەنچىسى قەدىمكىلەرنىڭكىدىن كۆپ پەرقلىنىشى مۇمكىن.

ھازىرقى زاماندا پەن ـ تېخنىكىنىڭ تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشى، ئىنسانلارنىڭ ئۆزلۈك ئېڭىنىڭ تېز ئېشىشى سەۋەبلىك كىشىلەر تەبىئەتكە قارىتا تەكەببۇرلارچە مۇئامىلە قىلىدىغان بولدى. بۇ خىل ساغلام بولمىغان پىسخىكىلىق ھالەت ئىنسانلارنى ئىجتىمائىي ئەخلاق ۋە ئىدېئولوگىيەلىك كىرىزىسقا يۈزلەندۈ-

---

① غەيرەتجان ئوسمان قاتارلىقلار تۈزگەن «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى»، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 2002 ـ يىلى نەشرى 361 ـ بەت.

رۇۋاتقان مەنبەدۇر. ھاياتلىق رىقابىتى جەريانىدا ئىنسانلار توختاۋسىز ئىمكانىيەت ئىچىدە ئۆز - ئۆزىنى قاندۇرۇشقا تىرىشىدۇ. ھازىرقى زامان جەمئىيىتىدە ئىنسانلار ئۈزلۈكسىز تەرەققىيات ۋە ئېشىش ئىچىدە ئۆز ئەركىنلىكىنى توختاۋسىز ھالدا رېئاللىققا ئايلاندۇرغان بولسىمۇ، لېكىن يەنە مۇشۇ خىل تېز سۈرئەتلىك تەرەققىيات سەۋەبلىك ئۆزلىرىنىڭ تەدرىجىي يوسۇندا قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان بويۇنتۇرۇق ئىچىگە بەند بولۇپ قېلىۋاتقانلىقىنىمۇ ھېس قىلىشماقتا.

ئىلىم - پەن — ئىنسانلار ئەقلىي كۈچىنىڭ مېۋىسى، شۇنداقلا ئىنسانلار مەدەنىيلىكىنىڭ ئاساسى. ئۇنىڭ كۈچىگە باشقا نەرسىنى تەڭلەشتۈرگىلى بولمايدۇ. ھاياتلىق ئالىمىدە ئىلىم - پەن ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇشى ئۈچۈن بەلگىلىك ئاساس ياراتتى، لېكىن ئىلىم - پەننى قوللىنىشنىڭمۇ مەلۇم چېكى بار، كىشىلەر ھامان تېخنىكا ئىدراكىيلىقىنىڭ باشقۇرۇشى ۋە كونتروللۇقى ئېلىپ كەلگەن تەرەققىياتنىڭ مەنپىي تەسىرىگە ئۇچرىماي قالمايدۇ. ئىلىم - پەن روھىنى تەشەببۇس قىلىش نوقۇل پەنچىلىك دېگەنلىكمۇ ئەمەس، ئىدراكىيلىقنىڭ تەكەببۇرلۇقى ۋە تەلۋىلىكى كۆپىنچە غەيرىي ئىدراكىيلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئېنگېلس مۇنداق دېگەن: «بىز ھەر ۋاقىت ئەستە ساقلىشىمىز كېرەككى، ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت دۇنياسىنى بويسۇندۇرۇشىمىز ھەرگىزمۇ باشقا قەبىلىلەرنى بويسۇندۇرغانغا ئوخشىمايدۇ. بىز ھەرگىزمۇ تەبىئەتنىڭ سىرتىدىكى ئادەم ئەمەس، ئەكسىچە بىزنىڭ جىسمىمىز، قېنىمىز ۋە مېڭىمىز تەبىئەتكە مەنسۇپ بولۇپ، پەقەت تەبىئەت دۇنياسىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ.»[1]

[1] «ماركس - ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەلق نەشرىياتى (خەنزۇچە) 1979 - يىلى نەشرى 20 - توم 576 - بەت.

ئېنگېلس بۇ يەردە ئىلىم ـ پەننى تەبىئەت ۋە نورمال گۇمانىدارلىق روھ بىلەن قارىمۇقارشى ئورۇنغا قويمىغان. ئەمما بۇ يەردىكى مەسىلىنىڭ تۈگۈنى پەن ـ تېخنىكىنى ئىگىلىگەن ۋە ئۇنى قوللانغان ئادەمدە. پەن ـ تېخنىكىنى قارىغۇلارچە، تەكەببۇرلارچە قوللىنىپ، ئاخىرىدا تەبىئەتكە بۇزغۇنچىلىق قىلىش ماھىيەتتە ئىنسانلارنىڭ ئۆز ـ ئۆزىگە بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىقىدۇر. پەن تەبىئىي ھالدا ئىككى ياقلىمىلىققا ئىگە. بىر تەرەپتىن، ئۇ ئەركىنلىكنى يۇشۇرۇن ئىقتىداردىن رېئاللىققا ئېلىپ كىرىپ ئەركىنلىكنى پەقەت تېخنىكىغا تايىنىش ئارقىلىق ئىپادىلەپ چىقىشى مۇمكىن. يەنە بىر تەرەپتىن، تېخنىكا نامايان قىلغان بىر خىل ئېھتىماللىق بۇرمىلىنىپ مول ۋە رەڭگا رەڭ دۇنيا روھتىن ئايرىلىپ ئادديلاشتۇرۇلىدۇ.

تەرەققىيات ــ ھازىرقى زامان جەمئىيىتىنىڭ ئىچكى مەنتىقىسى، ھازىرقى مەدەنىيلىك تەرەققىياتىنىڭ يادرولۇق مەزمۇنى. ئەمما بۇ خىل نوقۇل پەن ـ تېخنىكىغا تايىنىپ تەرەققىي قىلىش، نۆۋەتتىكى ئىقتىسادىي ئېشىش قىزغىنلىقى بارغانسېرى كۈچەپ تەرغىب قىلىنغان ئەھۋالدا ئىنسانلار بەلگىلىك ماددىي تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن ماھىيەتتە ئۇلار ئۆزلىرى سەزمىگەن ھالدا غايەت زور ئېكولوگىيەلىك بەدەل تۆلەيدۇ. مەسىلەن، يېزا ئىگىلىكىدىن مول ھوسۇل ئېلىش ۋە ئاشلىق، مېۋە، كۆكتاتلارنىڭ ئوخشىشى ئۈچۈن كۆپلەپ بوز يەر ئاچىدۇ ۋە خىمىيەلىك ئوغۇت، يېزا ئىگىلىك دورىلىرىنى ئىشلىتىدۇ. ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكى مۇشۇ خىل نوقۇل تەرەققىيات ئەندىزىسى ئېلىپ كەلگەن ئېكولوگىيەلىك ئاپەت ئۈستىدە قايتا ئويلىنىش ئىچىدە بارلىققا كېلىپ ئۆز تەتقىقاتىنى قانات يايدۇرىدۇ.

ماس قەدەملىك ئىجتىمائىي تەرەققىيات ماھىيەتتە ئادەمنىڭ

هەر تەرەپلىمە تەرەققىياتنى ئاساس قىلىدۇ. نوقۇل ئىقتىسادىي
ئېشىشنى مەركەز قىلىشنىڭ تۈرتكىسىدە هازىرقى زامان كىشى-
لىرىنىڭ بەخت كۆزقارىشى يىلسىرى هۇزۇر ـ هالاۋەت قوغلىشىش
ۋە راهەتپەرەسلىكنىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچرىماقتا. بۇ، ئاممىۋى
مەدەنىيەتتە راهەتپەرەسلىك، ماددىي بايلىققا زىيادە بېرىلىش جە-
هەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ. بۇگۈنكى دەۋردىكى راهەتپەرەسلىك ۋە ماد-
دىۋىزملىق بولسا ئىستېمالچىلىق مەدەنىيىتىدە روشەن ئىپادىلە-
نىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئىستېمال ئارزۇسىنىڭ قاندۇرۇلۇشى بەخت
هېسابلىنىدۇ، ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىمۇ ئەمەلىي ئېهتىياجنىڭ
هەرىكەتلەندۈرۈشىگە موهتاج. پىسخولوگلار ۋە كارخانىچىلار ئىق-
تىسادىي رامكىغا ماسلىشىپ، ئىنساننىڭ ئېهتىياجى چوقۇم تولۇق
قاندۇرۇلۇشى كېرەك، ئەگەر ئۇ توسالغۇغا ئۇچرىسا، پىسخىكىلىق
نورمالسىزلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ؛ ئۆز ئېهتىياجىنى دەل
ۋاقتىدا قاندۇرالىغانلار ئاندىن ساغلام كىشى هېسابلىنىدۇ، شۇڭا
ئۆزىنى چەكلەش ۋە ئىدارە قىلىش گۈزەل ئەخلاق دەپ قارالمايدۇ،
دېگەن سەپسەتىنى تەشەببۇس قىلىشتى. مۇشۇ خىل ئارزۇ ـ ئۇ-
مىدكە تولغان هەمدە ئۆز ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئىنتىلگەن
كىشىلەر ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىنى يۇقىرى ئۇنۇمگە ئىگە قى-
لىشقا تىرىشتى. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىمۇ تەدرىجىي ئاتالمىش بەخت-
لىك تۇرمۇشنىڭ ئۆلچەملىك شەكلىگە ئايلاندى. بىز بەزىدە بىر
تەرەپلىمە هالدا ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ياۋايىلىقى ۋە قەدىمكى
ئىنسانلارنىڭ نادانلىقىنى مەسخىرە قىلىشىمىز مۇمكىن، لېكىن
ئۆتمۈشتىكى ئادەملەرنىڭمۇ هازىرقى زامانىۋى ئىنسانلاردىن يۇقى-
رى ۋە ئەۋزەل بولغان تەرەپلىرى، بىزنى هەۋەس قىلدۇرغۇدەك يەر-
لىرى بولغان. خۇددى «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تىكى قوشاقلاردا بايان
قىلىنغاندەك، ئۇلار خۇشال ۋە تىنچ تۇرمۇش ئۆتكۈزۈپتىكەن.

ئۇلار ئاساسەن ھەر كۈنى پەقەت نورمال تۇرمۇش تىرىكچىلىكىنى قامداشنىلا ئويلىغان ۋە ئۆز ھاياتىدا تىنچ ـ خاتىرجەم تۇرمۇشقا ئېرىشىلگەن. ھازىرقىدەك جان قىيناپ كۆپ ئەمگەك قىلمىغان، پۇلنىڭ ۋەسۋەسىسىنى ئويلاپ باقمىغان بولۇشى مۇمكىن. تەبىئەت ـ نىڭ تورلۇك مەئىشەتلىرىنى قولنى سوزۇپلا ئالالايدىغان، «ياش يى ـ گىتلەرنى ئىشلىتىپ، مېۋىلىك دەرەخلەرنى ئىرغاتقۇزۇپ، قولان ـ كېيىكلەرنى ئوۋلىتىپ، ئۆز غەنىيمەتلىرى بىلەن بايرام قىلىپ كۆڭۈل ئاچىدىغان» قەدىمكى دەۋردە ئۇلار بۇ مەئىشەتلەرنى كىمگە ساتسۇن؟ ئىنسانلار تەرەققىي قىلىپ ھازىرقى باسقۇچقا يەتكەندە ئۇلارنىڭ ئۆتمۈشتىكى ئاددىي تۇرمۇشقا قايتىشى مۇمكىن ئەمەس. ئەمما ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ كوللېكتىپ ھاياتلىق ئىچىدە ئىۆ ـ زىگە خاس بەختلىك تۇرمۇش ئۆلچىمى بار بولغان. قەدىمكى دانىش ـ مەنلەر ئاددىي تۇرمۇش ئىچىدىن كىشىلىك ھاياتنىڭ مەنىسى ۋە ئۇنىڭغا بولغان ساغلام قىزغىنلىقنى تونۇپ يەتكەن. ھازىرقى زامان مەدەنىيلىكى كىشىلەرنى ھەر زامان ئىقتىسادىي رىقابەت ۋە جىد ـ دىيلىك ئىچىگە ئېلىپ كىرىپ، كىشىلەرنى تۇرمۇش ھەلەكچىلى ـ كى، پۇل تېپىش، رىقابەتتە باشقىلاردىن ئۈستۈن ئورۇندا تۇرۇش، تورلۇك قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش، بىلىم ۋە تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ھەلەكچىلىكى قاتارلىقلارنىڭ كويىدا قاترايدىغان ھالەتكە يەتكۈزدى. ئەمەلىيەتتە ئىنسانلارنىڭ بىر تەرەپلىمە ئىق ـ تىسادىي ئۇنۇم قوغلىشىپ تەبىئەت ۋە تەبىئىيلىكتىن يىراقلى ـ شىشى ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ۋە مەنىۋى ئېكولوگىيەسىگە نۇرغۇن زى ـ يان ئېلىپ كېلىدۇ.

تەبىئەت نېمە ئۈچۈن ئۆزىنىڭ خاس قىممىتىنى بەلگىلەش ھوقۇقىغا ئىگە بولىدۇ؟ چۈنكى ئۇ ھاياتلىقنىڭ بىردىنبىر ئاپىرى ـ دىگاھى ۋە پاناھگاھى، قىممەتنىڭ ئەسلىي مەنبەسىدۇر. ئۇيغۇرلار ـ

نىڭ قەدىمكى فولكلور مىراسلىرى «ئەسما پەرى ئەپسانىسى»، «بۆكۆخان رىۋايىتى»، «چىن تۆمۈر باتۇر» قاتارلىق ئەپسانە ـ رىۋايەت ۋە ئېپوسلاردىن تاكى بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىدىكى «ئاقساق بۇغا»، «چۆل ئوغلى»، «ئالتۇن چىشلىق ئىت»، «بۆرە جىلغىسى»، «بۆرە ئانا» قاتارلىق ئېكولوگىيە تېمىسىدىكى ئەسەرلەردە ئىپادىلەنگىنىدەك ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ تەبىئەتتىن يىراقلىشىشى، نوقۇل ئۆز مەنپەئەتىنى چىقىش قىلىپ، تەبىئەتتىكى باشقا تۈرلەر ـــ ھايۋانلار، ئۇچار قاناتلار، يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر، دېڭىز جانلىقلىرى قاتارلىقلار بىلەن قارشىلىشىشىنىڭ سەۋەبلىرى يېشىل مەدەنىيلىكتە ھايۋانلار ھوقۇقىنى قوغداشقا تەتبىقلىنىپ مۇھاكىمە قىلىندى. كەلگۈسىدىمۇ ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ھوقۇقىنى قوغداش ئارقىلىق تەبىئەتنىڭ ھوقۇقى قوغدىلىشى مۇمكىن. ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكى ئۆزىنىڭ ئەمەلىيەتچانلىقى، شۇنداقلا ھاياتلىق دۇنياسىنىڭ ھازىرقى ھالىتى ۋە كەلگۈسىنى نەزەردە تۇتۇپ ئومۇمىيلىقنى كۆزلەشتەك ئۆزىگە خاس تەپەككۇر ئالاھىدىلىكى ۋە مۇستەقىل قىممىتىنى نامايان قىلدى. بۇ جەھەتتە ئۇ ئەدەبىياتنى ۋاستە قىلىش ئارقىلىق ئىنسان مەدەنىيىتىنى قايتا باھالايدۇ. ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيىتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئەندىزىسىنىڭ تەبىئەتكە قانداق تەسىر كۆرسەتكەنلىكى ھەتتا ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتكە بولغان پوزىتسىيەسى ۋە ھەرىكىتىنى بەلگىلەشتە قانداق رول ئويناۋاتقانلىقى، بىر پۈتۈن ھاياتلىقنىڭ تەڭپۇڭسىزلىق كىرىزىسىنى قانداق كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقى ھەققىدە ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىپ، ئىنسانلارنىڭ ئېكولوگىيە ئېڭىنى ئۆستۈرۈپ، زامانىۋى جەمئىيەتتىكى ئىنسانلارنىڭ تەپەككۇر ئەندىزىسىدىكى بىر تەرەپلىمىلىكنى يېڭىشكە يېتەكچىلىك قىلىپ، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىنى ئاكتىپ ئىلگىرى سۈرىدۇ.

## 4. ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكىنىڭ پەلسەپىۋى ۋە ئېستېتىكىلىق ئاساسى

ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكى بىر خىل ئالاھىدە نەزەرىيە ۋە پەلسەپىۋى ئاساسقا ئىگە پەندۇر. ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكى بىلەن ئېكولوگىيە ئىلمى ياكى ئېكولوگىيە تەتقىقات ئۇسۇلىدا بەلگىلىك ئورتاقلىق ۋە پەرق مەۋجۇت. ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكىنىڭ ئاساسلىق قوبۇل قىلىدىغىنى ھەرگىزمۇ تەبىئىي پەنلەرنىڭ كونكرېت تەتقىقات نەتىجىسى بولماستىن، بەلكى ئېكولوگىيە مەدەنىيلىك ئىلمىنىڭ ئاساسىي ئىدىيەسى ياكى تېخىمۇ كونكرېت ئېيتقاندا، ئېكولوگىيە پەلسەپىۋى ئىدىيەسىدۇر. ئېكولوگىيە پەلسەپىۋى ئىدىيەسى ئېكولوگىيە ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىنىڭ نەزەرىيەۋى چىقىش نۇقتىسى ۋە ئاساسىدۇر. ئېكولوگىيە ئەدەبىيات ـ سەنئەتشۇناسلىقى ئېكولوگىيە پەلسەپىسى ۋە ئېكولوگىيە دىداكتىكىسىنىڭ ئۇستىگە قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇ، ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيەت شەكلى، قىممەت قارىشى، ئىجتىمائىي ئەندىزىسى قاتارلىقلارغا قارىتا يېڭىچە مەدەنىيلىك تەنقىدى ئېلىپ بارىدۇ.

1. ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكىنىڭ پەلسەپىۋى ئاساسى

ئىنسانلار مەدەنىيىتى تەرەققىي قىلمىغان نادانلىق دەۋرىدە كىشىلەرنىڭ تاغ ـ دەريالارغا بولغان تونۇشى پەقەت ئىلاھىيەتچىلىك قاراشلىرى ئارقىلىق زېمىن ۋە تاغ ـ دەريا ئىلاھلىرىغا چوقۇنۇش شەكلىدە ئىپادىلەنگەن. قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتتىكى چوقۇنۇش ئوبيېكتلىرىنىڭ دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ بولۇپ، يۇقىرىدا ئاسمان جىسىملىرىدىن تارتىپ زېمىندىكى ھەر خىل شەيئىلەرنى مۇقەددەسلەشتۈرۈپ ئۆز ھاياتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ

قارىغان. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ «ئەسما پەرى ئەپسانىسى»، «بۆكۆخان رىۋايىتى»، «ئوغۇزنامە» ۋە باشقا فولكلور مىراسلىرىدا تەسۋىرلەنگەن ئىنسان بىلەن تەبىئەتنىڭ سىرلىق، نازۇك مۇناسىۋىتى ۋە دىيالوگلىرىدا بۇ نۇقتا روشەن ئىپادىلىنىدۇ. قەدىمكى جۇڭگونىڭ «ئالەم بىلەن ئىنسان يىلتىزداش» دېگەن ئىدىيەسى ھەرقايسى مەدەنىيەت ساھەلىرىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. ئەمما مىلادىيەدىن ئىلگىرى 5 ـ ئەسىردە گىرېتسىيەدە ئۆتكەن پەيلاسوپ پىروتاگوراس «ئىنسان دۇنيادىكى بارلىق شەيئىلەرنىڭ ئۆلچىمى» دېگەن كۆزقارىشىنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىنكى مەزگىللەردە بۇ قاراش تەدرىجىي «ئىنسان مەركەزچىلىك» ئىدىيەسىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولدى. قەدىمكى دەۋردىكى ئادەملەر كۆپىنچە ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەت ۋە بىۋاستە پايدىلىنىش مەقسىتىنى چىقىش قىلىپ، دۇنيادىكى تۈرلۈك شەيئىلەرگە مۇئامىلە قىلغان. ئىنسانلاردا يىراق قەدىمكى دەۋردىلا تەبىئەتكە چوقۇنۇش خاھىشى بار بولغاچقا، ئۇلار كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ قانۇنىيەتلىك ئالمىشىشى، تۆت پەسىلنىڭ ئايلىنىشى، ئوت، سۇ، تۇپراق، ھايۋانات قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئىلاھنىڭ ئىنسانلارنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئورۇنلاشتۇرۇشى دەپ قارىغان. ئەپلاتون، ئارىستوتېلدىن تاكى كېيىنكى مەدرىسە پەلسەپىسىنى قوبۇل قىلغان ئالىم، ئەدىبلەرگىچە بۇ خىل ئىدىيە ئېنىق ئىپادىلىنىپ كەلدى. ھاياتلىق ئېكولوگىيە سىستېمىسىنىڭ بىر پۈتۈنلۈك قارىشى يېتەكچى قىلىنغان «مەۋجۇتلۇقنىڭ بۈيۈك زەنجىرى» تەلىماتى قەدىمكى دەۋر ۋە ئوتتۇرا ئەسىر ئالەم قارىشىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى ئىدى. بۇ تەلىماتقا ئاساسلانغاندا ئالەمدىكى مەۋجۇتلۇق مۇكەممەللىك دەرىجىسى بويىچە يۇقىرى ـ تۆۋەن دەرىجىگە ئايرىلغان. ئۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدىكىسى ياراتقۇچى (ئىلاھ)، ئۇ-

نىڭدىن قالسا پەرىشتە، ئادەم، ھايۋان، ئۆسۈملۈك، جانسىز شەيئى-
لەردۇر. يۇقىرى دەرىجىلىك مەۋجۇتلۇق بىلەن تۆۋەن دەرىجىلىك
مەۋجۇتلۇق ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت كۆپىنچە بويسۇنۇش مۇنا-
سىۋىتى دەپ قارىلىپ، تۆۋەن دەرىجىدىكىسى يۇقىرى دەرىجىدىكى-
لەر ئۈچۈن مەۋجۇت بولىدۇ، دەپ قارالغان. بۇ خىل قاراش ياۋرو-
پادا تاكى 19 ـ ئەسىرگىچە داۋاملىشىپ ھەتتا ئالىملارنىڭ چوڭ-
قۇر گۇمانىنى قوزغىغان. بۇ خىل قاراشلار ھازىرقى زامان مەدە-
نىيلىكىدە ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ دائىملىق مۇناسىۋىتىدىكى
جىددىيلىكنى كەلتۈرۈپ چىقارغان مەنبەلەرنىڭ بىرى. ئۇ، ئىن-
سانىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىنىلا چىقىش قىلىپ تەبىئىي شەيئىلەرگە
مۇئامىلە قىلغان. بىيولوگىيە ۋە ئېكولوگىيەلىك نۇقتىدىن ئېيت-
قاندا، ئىنسانىنىڭ ئۆزىمۇ بىر خىل جانلىق شەيئى، ئۇ ئۆز مەۋجۇت-
لۇقىنى ساقلاش ئۈچۈن مۇقەررەر ھالدا تەبىئەت دۇنياسىدىكى باش-
قا جانلىقلار ۋە ئېكولوگىيەلىك مۇھىت بىلەن ماددا، ئېنېرگىيە
ئالماشتۇرۇش ئېلىپ بارىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئەنئەنىۋى ئىنسان
مەركەزچىلىك قارىشى پەقەت ئىنسانىنىڭ تەبىئەتتىن مۇۋاپىق ۋە
چەكلىك پايدىلىنىشىنىڭ قانۇنلۇقلۇقىنى تەكىتلەيدۇ، ئەمما
قانداقتۇر ئۇنىڭدىن چەكسىز دەرىجىدە پايدىلىنىشنى ئويلىمىغان،
شۇنداقلا تەبىئەتتىن پايدىلىنىش بىلەن بىللە، ئۇنىڭغا قارىتا بەل-
گىلىك مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشنى تەشەببۇس قىلغان.

يېقىنقى زامان ئىلىم ـ پېنىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە زامانى-
ۋىلىشىشىنىڭ تۈرتكىسىدە كىشىلەر ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن تەبىئەت-
نى چەكسىز دەرىجىدە ئۆزگەرتىشكە يۈزلەندى. ئىنسانلارنىڭ تەبى-
ئەتنى بىر تەرەپلىمە تونۇشى، ھەتتا بەزىدە ئۇنىڭدىن قارىغۇلارچە
پايدىلىنىشى، ھەتتا ئۇنى ئاگسىز ۋەيران قىلىشى قانۇنلۇق ئىشقا
ئايلاندى. پەن ـ تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى ئىنسانلارنى تەبىئەت

ئالدىدا ئاتالمىش «گىگانت ئادەم» گە ئايلاندۇردى، تەبىئەت بولسا ئاجىز ۋە سۇكۇتلۇك ھالغا چۈشۈپ قالدى. يېقىنقى زامان ئىلىم ۋە پەلسەپىسىنىڭ يول ئاچقۇچىسى دەپ تەرىپلەنگەن فىرانس كوپېرنىك ئىلىم ـ پەن ئۆيغىنىشىنى تەكىتلەپ پەن تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. ئىلىم ـ پەندىكى ئىلگىرىلەش ئىنسانلارنىڭ ئىدراكىيلىقىنى ھەسسىلەپ ئاشۇردى، لېكىن بۇ خىل ئېغىش ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتنى پەقەت ئۆزى ئۈچۈنلا كونترول قىلىش ئىدىيەسىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋەتتى. بۈگۈنكى زامان دېموكراتىك ئەخلاق پەلسەپىسى شۇنداق قارايدۇكى، مەلۇم بىر ئادەمنىڭ ئەخلاقلىق بولۇشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى قارشى تەرەپنىڭ ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىشتا. ئىنساننىڭ ئۆز ئاتا ـ ئانىسى، قېرىنداشلىرىغا ياكى ئۆزى ياشاپ تۇرغان تەبىئەتكە تۇتقان پوزىتسىيەسىنىڭ قانداقلىقىمۇ ئۇنىڭ روھىي دۇنياسى ۋە كىشىلىك ئەخلاق ـ پەزىلىتىنى ئىپادىلەيدۇ. شۇڭا ئادەتتە مەرد ۋە ۋىجدانلىق بىر كىشى ئەزەلدىن تارتىپ ئۆزىگە تەۋە بولغان مەنپەئەتنىڭ بىر قىسمىنى ئۆزى بىلەن مەنپەئەتداش ۋە تەقدىرداش بولغان يەنە بىر تەرەپكە بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن ماس، ئىناق ئۆتەلەيدۇ. بۇ خىل مەنتىقىنىڭ خۇلاسىسى شۇكى، ئەگەر ئىنسانلار بىر ئەخلاقلىق ھاياتلىق تۈرى بولماقچى بولسا، ئۇنىڭ ئالدىنقى شەرتى، تەبىئەتتىكى ئۆزىدىن باشقا ھاياتلىق تۈرلىرىنىڭ ئۆزىدە ئەسلىدىن بار بولغان ئالاھىدە ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىشتا.

زامانىۋىلىق ئۇقۇمىغا قارىتا بىز ھەر خىل شەرھلەشلەرنى ئېلىپ باردۇق. مەسىلەن، سانائەتلىشىش، شەھەرلىشىش، ئىدراكلىشىش قاتارلىقلار. لېكىن ئاقارتىش نۇقتىسىدىن قارىغاندا زامانىۋىلىقنىڭ يادروسى سۇبيېكتچانلىق. بۇ خۇددى مودېرنىزمنىڭ ماھىيىتى ئادەمنى مەركەز قىلغانغا ئوخشاش. ئىنسان ئۆزىنى ئاسا-

سي گەۋدە(سۇبيېكت) قىلىپ، تەبىئەت ۋە ئۇنىڭدىكى باشقا ھايات-
لىق تۇرلىرىنى ئوبيېكت دەپ قارىسا، ئۇ ھالدا ئاساسىي گەۋدە
مۇستەبىتلىشىپ ھەممىنى بويسۇندۇرغۇچى ئورۇنغا ئۆتۇپ قالىدۇ.
باشقا ئوبيېكتلار بويسۇندۇرۇلغۇچى ھېسابلىنىپ، سۇبيېكتنىڭ
ئىرادە - ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ قورالى ياكى ماتېرىيالى
قىلىنىدۇ. بۇ، ئادەمنىڭ تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش، كونترول قى-
لىش ۋە باشقىلارغا زۇلۇم قىلىشىنى شەكىللەندۇرۇپ، ئاخىرىدا
تەبىئەت ئېكولوگىيە سىستېمىسىنىڭ نورمالسىزلىقى ياكى «تەبى-
ئەتنىڭ ئۆلۈشى»نى كەلتۇرۇپ چىقىرىدۇ.

تەبىئەت مۇستەقىل قىممەتكە ئىگە. ئامېرىكىلىق مۇتەپەككۇر
دەيۋ گىرىفىن ئېيتقاندەك، «ئىنسان ھەرگىزمۇ باشقا ھاياتلىق
تۇرلىرىنى ئۆز مەقسىتىگە يېتىشنىڭ ۋاستىسى قىلماسلىقى،
بەلكى ئۇلارنى پەرۋىش قىلىشنى ئۆزلىرىنىڭ مەقسىتى قىلىشى
كېرەك.» 1992 - يىلى ب د ت مۇھىت يىغىنىدا «ئىنسانلار مۇھىت
خىتابنامىسى» ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن كىشىلىك ھوقۇق بىلەن
مۇھىت مەسىلىسى زىچ بىرلەشتى. ئادەم، تەبىئەت ۋە جەمئىيەتلەر-
نىڭ ئىناق بىرلىكى، بىر گەۋدىچانلىق نۇقتىئىنەزىرى سانائەت
مەدەنىيلىكى دەۋرىدىكى ئاتالمىش «ئىنسان مەركەزچىلىك» ئىدى-
يەسىگە قارشى تۇرۇپ، «بارلىق تەبىئىي شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى
ئىچكى قىممەتكە ئىگە» دىگەن قىممەت قارىشى ھەمدە مۇھىتقا مۇ-
ناسىۋەتلىك ئېكولوگىيەلىك مەۋجۇتلۇق نەزەرىيەسى پىرىنسىپى
قاتارلىقلاردۇر. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكىنى
ئۇزۇكسىز تۇردە ئۆز - ئۆزىدىن ھالقىيالايدىغان يېڭى قىياپەت ۋە
ئىچكى مەنىگە ئىگە قىلدى.

2. ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكىنىڭ ئېتىكىلىق ئاساسى

ئىستېمالچىلىق مەنپەئەتپەرەسلىكىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان

ۋە ئېكولوگىيە ئەخلاقى ئارقىلىق ئۆز خاتالىقىنى تونۇش ئېڭىغا ئىگە بولغان زىيالىيلاردا كۆپىنچە نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت جەھەتتە بۆلۈنۈش ۋە ئىختىلاپ كۆرۈلىدۇ. ئۇلار بىر تەرەپتىن ئېكولو-گىزملىق خاھىشنى تەشەببۇس قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن دەۋرگە ئەگىشىپ يۇقىرى ئىستېماللىق تۇرمۇشنى تەرك ئېتىشنى خالى-مايدۇ. ئېتىقاد قاتلىمى جەھەتتە ئېكولوگىزمنى دۇنيا، جۇملىدىن جۇڭگودا يەنىلا ناھايىتى ئاز ساندىكى كىشىلەر تاللىغان. شۇڭا تۇرلۇك ئامىللار تۇپەيلىدىن كىشىلەرنىڭ بۇ جەھەتتىكى مەيدانىمۇ مۇستەھكەم بولمايۋاتىدۇ. ناۋادا ئېكولوگىزم بىر خىل مەنىۋى ئې-تىقاد ئارقىلىق ئۆز - ئۆزىنى ئۆستۈرمىسە ياكى ئۇ بىر خىل ئې-تىقاد سىستېمىسى ئىچىدە بىردەكلىككە ئىگە قىلىنمىسا، ئۇ ھالدا بۇ خىل مەدەنىيلىكنىڭ ھەقىقىي تۇردە ئورۇنلىنىشى مۇم-كىن ئەمەس. بىز جۇڭگونىڭ قەدىمكى دەۋردىكى «تەبىئەت بىلەن ئادەم ئارىسىدا بولۇش»، يۇسۇف خاس ھاجىپنىڭ «ھەممە ئىشتا تە-بىئىي ۋە ئوتتۇرىچە بولۇش، چەكتىن ئېشىپ كەتمەسلىك»، نەۋا-يىنىڭ «ئۆزىدىن ھالقىپ باشقىلارغا كۆڭۈل بۆلۈش»تەك ئەخلاق قارىشىغا نەزەر سالساق، قەدىمكى پەيلاسوپلار ئىنسانلارنى تەبىئەت-نىڭ مەھسۇلى، تەبىئەتنى ئىنسانلارنىڭ بىر قىسمى دەپ قاراپ، ئادەمنىڭ تەبىئىي مۇھىت ۋە باشقىلار بىلەن بولغان ئادىل ئەخلاق مۇناسىۋىتىنى تەشەببۇس قىلغانلىقىنى بىلىمىز.

تەبىئەتنىڭ قىممىتىگە قارىتا قەدىمكىلەرنىڭ چۈشەنچىسى تەبىئىي ھالدا ئەنئەنىۋى ئېتىقاد ۋە گۇمانىتار ئىدىيەۋى قاراشلار ۋە مەۋجۇتلۇق مۇھىتىنىڭ تەسىرىدە دەسلەپكى تەبىئەت بىلەن بىللە بولۇش، ماس - ئىناقلىقنى ساقلاشتىن تەدرىجىي بىر تەرەپ-لىمە ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا يۈزلىنىپ، خاراكتېر جەھەتتە ئەنئە-نىدىن ياتلىشىش ۋە غەيرىيلىشىشكە قاراپ ماڭغان. يوھان مور ئۆ-

زىنىڭ «بىزنىڭ دۆلەت باغچىمىز» ناملىق ئەسىرىدە تەسۋىرلىگەن-
دەك، نەپىس تەبىئىي مەنزىرىلەر سانائەتلىشىش تەرىپىدىن شەپ-
قەتسىزلەرچە ۋەيران قىلىندى. بۇ ھال غەرب يازغۇچىلىرىنىڭ
دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىدى. 19 - ئەسىردىكى ئامېرىكا ياز-
غۇچىسى ئېمىسوننىڭ «تەبىئەتنىڭ سۈكۈناتى»، پالىسىنىڭ «ئويغان-
غان ئورمان»، «قۇياش پارلىغان كۈن» قاتارلىق ئەسەرلىرى بىزگە
مۇھىتنىڭ قىممىتىنى كۆرسىتىپ بەرسە؛ 20 - ئەسىر ئامېرىكا
ئەدەبىياتىدا ك. رېيچېلنىڭ «تىمتاس باھار» ۋە «تەبىئەتنىڭ ئا-
خىرلىشىشى» قاتارلىق ئەسەرلىرى بىزگە ئېكولوگىيە كرىزىسى-
نىڭ ئايەت خاراكتېرلىك جىددىي يېتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرسى-
تىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئىنسانلار مەدەنىيلىكنىڭ ساغلام تە-
رەققىي قىلىش - قىلالماسلىق مەسىلىسىنى چۈشىنىپ يېتىپ
ئىنسانلار تەرەققىياتىنىڭ بىر يېڭى رېتسېپىنى تېپىشقا مۇراجى-
ئەت قىلىندى. ئىلگىرىكى پەلسەپە ئاتالمىش «تەبىئىي مۇھىت ئا-
دەمدىن ئايرىلسا ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇق ئەھمىيىتىنى يوقىتىدۇ. ئا-
دەم تەبىئەتكە قىممەت ئاتا قىلىدۇ» دېگەن بىر تەرەپلىمە قاراشنى
دەستەك قىلىدۇ. بۇ خىل قىممەت قارىشىنىڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنى
ئىنساننىڭ قىممىتىنى كۆپتۈرۈپ تەبىئەتنى پەقەتلا ئىنسان قىم-
مىتىنىڭ ۋاسىتىسى دەپ قارىغاچقا، ئېكولوگىيەلىك مۇھىت مە-
سىلىسىنىڭ يىلتىزىنى ئىنچىكە قازالمايلا قالماستىن، بەلكى
مەسىلىنى چىگىچلەشتۈرۈۋەتكەن.

ئىنسانلارنىڭ نۆۋەتتىكى ئېكولوگىيەلىك مۇھىت كرىزىسى-
نىڭ مەنبەسى ھەققىدىكى توختاۋسىز ئىزدىنىشلىرى جەريانىدا
كېيىنكى مەزگىلدە مەيدانغا چىققان ھېيدىگېر (1889 ~ 1976)
پەلسەپىسىدىكى ئېكولوگىيە ئەخلاق ئىدىيەسى ئىنسانلارنىڭ ئې-
كولوگىزم ئىدىيەسىنى بۇرۇنقى ئېكولوگىيە ئەخلاقشۇناسلىقىدىن

تېخىمۇ كەڭلىككە ئىگە قىلدى. ھېيدىگېر ئىنسانلارنىڭ پەن -
تېخنىكىنىڭ كۈچىگە تايىنىپ، تەبىئەتكە قارىتا كونتروللۇق ۋە
قۇل قىلىش خاتالىقىنى تەنقىدلەپ، ئادەم تەبىئەتنىڭ بويسۇندۇر -
غۇچىسى بولماستىن، بەلكى ئۆزىگە زۆرۈر بولغان تەبىئىي مەۋ -
جۇداتنىڭ ئاڭلىق پەرۋىشچىسى ۋە ئاسرىغۇچىسى دەپ قارايدۇ. بۇ -
گۈنكى زامان گۇمانىزمىنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇ، ئەن -
ئەنىۋى ئىنسان مەركەزچىلىك ئىدىيەسىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ئىن -
ساننى جانلىقلار دۇنياسىنىڭ بىر ئەزاسى دەپ قارايدۇ. تەبىئەت
قوينىدىكى ھايۋانات، ئۇچار قاناتلار، دەل - دەرەخ ۋە تۈرلۈك جان -
لىقلارنىڭ ھەممىسى دۇنيانىڭ ئوخشاش ئەزالىرى بولۇپ، ئادەم
بىلەن ئاشۇ ئوبيېكتلارنىڭ مۇناسىۋىتى ئەمەلىيەتتە بىر ئائىلىدى -
كى ئوخشاش بولمىغان ئەزالارنىڭ باغلىنىشىدۇر. ئىنسان بىلەن
ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا ھەمدەملىك مۇناسىۋىتى ئىنساننىڭ
ئۇلارنى بويسۇندۇرۇش، ئۆزگەرتىش، خالىغانچە پايدىلىنىش، تالان -
تاراج قىلىش مۇناسىۋىتى ئەمەس.

ئىنسان رېئال دۇنيادىكى تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە
ئەقىللىك مەخلۇق بولۇپ، ئۇ تەبىئەت قوينىدىكى باشقا جانلىقلار -
غا سېلىشتۇرغاندا ئەڭ زور دەرىجىدە بەھرە - ئىمكانىيەتلەرگە
ئىگە. ۋاھالەنكى، تەبىئەت دۇنياسى مۇئەييەن ئىچكى قانۇنىيەت
ئۈستىگە قۇرۇلغان. شۇڭا ئۇنىڭدىكى شەيئىلەرنىڭ ھەرىكەت - پا -
ئالىيىتى ۋە باشقا تۈرلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى مۇئەييەن قا -
نۇنىيەت ئاساسىدا داۋاملىشىدۇ. ئېكولوگىيە ئەخلاقى ئىنسانىيلىق
روھى پىرىنسىپىنى نوقۇل ئىجتىمائىي جەمئىيەتتىن غەيرىي
ئىنسان دۇنياسىغا كېڭەيتىدۇ. ئۇنىڭدا بارلىق جانلىقلار ۋە مەۋ -
جۇتلۇقنىڭ ھەممىسى مۇستەقىل قىممەتكە ئىگە بولۇپ، ئۇلار
ئىنسان بىلەن ئورتاق مەۋجۇتلۇق ۋە ئۆزئارا ماس، ئىناق ۋە تايى -

نىشچانلىق مۇناسىۋىتىگە ئىگە گەۋدىلەردۇر، دەپ قارىلىدۇ. شۇڭا
ئىنسانلارنىڭ باشقا جانلىقلارنى ئۆلتۈرۈش، ئۇنى ئورۇنسىز ۋەيران
قىلىش ھوقۇقى يوق. «ھېكايە قىلىنىشىچە، 20 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ
يىللىرىدا ئامېرىكىلىقلار: ‹چۈشىن پاسكىنا نەرسىلەرگە قونىدىغان
ھەتتا نىجاسەتتىن ئۇچۇپ كېلىپ يېمەكلىكلەرگە قونۇپ، كېسەل ـ
لىك مىكروبى تارقىتىدىغان زىيانداش› دەپ قاراپ، يۇقىرى پەن ـ
تېخنىكا ئارقىلىق چۈشىننى يوقىتىۋەتكەن. ئەمما ئۇزاق ئۆتمەيلا
ئەتراپتىكى ھەممە يەرنى سېسىقچىلىق قاپلاپ كەتكەن. بۇ خىل
سېسىقچىلىق ئالدىدا ئىلغار تېخنىكا ياكى باشقا چارە ـ ئامال تې ـ
پىلمىغان. ئالاقىدار تارماقلار بۇ ئىشنىڭ چۈشىننىڭ مەۋجۇت بو ـ
لۇپ تۇرۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان
ھەمدە ئىسپانىيەدىن چۈشىن ئىمپورت قىلىشقا مەجبۇر بولغان.
ئامېرىكىدا چۈشىننىڭ ياشاش ھوقۇقى ئېتىراپ قىلىنىشقا ئې ـ
رىشكەندىن كېيىن بۇ سېسىق پۇراق ۋە مەينەتچىلىكمۇ يوقالغان.»①

تەبىئەت ئەنە شۇنداق مۇرەككەپ ۋە جانلىق ئىنكاسقا ئىگە بىر
پۈتۈن ئورگانىك گەۋدە. خۇددى ھېيدىگىر ئېيتقاندەك «ئىنسان تە ـ
بىئىي مەۋجۇتلۇقنىڭ خوجايىنى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ قوغدىغۇ ـ
چىسى.» شۇڭا ئۇ ئۆزىنىڭ پۈتكۈل ھاياتلىق ئورتاق گەۋدىسىنىڭ
بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىشى ھەمدە ئۆز تەقدىرىنىڭ پۈت ـ
كۈل ئېكولوگىيە سىستېمىسىنىڭ تەقدىرى ئىچىدە ئىكەنلىكىنى
بىلىشى كېرەك. ئېكولوگىيە سىستېمىسىنى قوغداش ئۈچۈن
ئەخلاق ئىلمى ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاق چۈشەنچىسىنى ئېكو ـ
لوگىيە چۈشەنچىسىگە كېڭەيتىشى كېرەك. ناۋادا ئىنسان مەركەز ـ
چىلىك ئەخلاقىنىڭ تېپىنى ياخشىلىق — ئىنسان ئۈچۈن پايدىلىق

① ئەختەم ئۆمەر: «يىراق قىرلاردىن ئانا يەرگە سالام»، مىللەتلەر نەش ـ
رىياتى 2008 ـ يىلى نەشرى 107 ـ بەت.

بولۇش، يامانلىق ــ ئىنسان ئۈچۈن زىيانلىق بولۇش دەپ قور-مۇلاشتۇرساق، ئېكولوگىيە ئېتىكىسىنى ياخشىلىق ــ ئېكولوگىيە سىستېمىسىغا پايدىلىق بولۇش، يامانلىق ــ ئېكولوگىيە سىستېمىسىغا زىيانلىق بولۇش دەپ قارايمىز. ئېكولوگىيە ئېتىكىسى ئەمەلىيەتتە ھاياتلىقتىن ھېيىقىش ئېتىكىسىدۇر. ئۇ پۈتكۈل ھاياتلىق ئورتاق گەۋدىسى مەركەزچىلىك ئىدىيەسىنى تەكىتلەش ئارقىلىق ئىنسان مەركەزچىلىكىدىن ۋاز كېچىدۇ.

ئالەمدىكى تۈمەن خىل شەيئى ۋە ھادىسىلەرنىڭ ھەممىسى ئاسمان، زېمىن، ئىنساندىن ئىبارەت ئۈچ مەنبەنىڭ بىرىكىشىدۇر. بۇ سىستېمىدا ھەرقانداق بىر تەرەپ(شەيئى)نىڭ ھوقۇقىغا چېقىلىشقا بولمايدۇ. ئىسلام دىنى ئەقىدىسىدە تەبىئەتنى، ئاسمان ـ زېمىننى قۇدرەتلىك ئاللا ياشقۇرىدۇ، «ئۇ (ئاللا) ئاسمانلارنىڭ، زېمىن ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى شەيئىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر. ناھايىتى شەپقەتلىكتۇر.»[1]

ئىنساننىڭ شەيئىلەرنى قوغدىشى، ئاسرىشى نوقۇل ھالدا ئۇنىڭ شەيئىلەرگە بولغان مېھىر ـ شەپقىتى بولماستىن، بەلكى ئاشۇ شەيئىلەرنىڭ ئىنسانغا بولغان يوللۇق تەلىپىدۇر. ئىنساننىڭ تۇرلۇك شەيئىلەردىن ئەيمىنىشى ئۇنىڭ تەبىئەت ئالدىدىكى ئەخلاقىي مەجبۇرىيىتىدۇر. ئىنسان پەقەت تۈمەن خىل شەيئى ۋە جانلىقلاردىن ئەيمىنىش، ئۇلارنى ئاسراش ھالىتىگە كىرگەندىلا ئاندىن ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ئادەملىك خاراكتېرىنى نامايان قىلالايدۇ.

غەرب ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكىنىڭ ئېتىكىلىق ئاساسى ھاياتلىقتىن ئەيمىنىش ئەخلاقى، زېمىن ئەخلاقى، ئورمان ۋە ھايۋانلارغا بولغان ئەخلاق قاتارلىق يېشىللىق ئەخلاقى ۋە يېشىل-

① «قۇرئان كەرىم» «سۈرە نەبە» 78 ـ سۈرە. مىللەتلەر نەشرىياتى، مۇھەممەد سالىھنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى 588 ـ بەت.

لىق ئەدەبىياتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىنسانلار ئۇزاق مۇددەتلىك مەدەنىيلىك يولىنى بېسىپ ئۆتكەندىن كېيىن تەبىئەتنىڭ قىممىتىنى تونۇپ، تۇمەن شەيئىدىن ھېيىقىشتەك قەدىمكى ئېتىقاد ئەنئەنىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ. بۇ يالغۇز ئىنسانلارنىڭ نۆۋەتتىكى مەۋجۇتلۇق كىرىزىسىنى ھەل قىلىشنى مەقسەت قىلغان ئۇنۇملۇك ئۇسۇل بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئاشۇ ئەسلىي ماھىيەتلىك مەدەنىيلىكنى تولۇق قۇتقۇزۇۋېلىشنىڭمۇ توپ چىقىش يولىدۇر.

1) رولستوننىڭ «قوغداش قىممىتى» قارىشى

ئامېرىكا ئالىمى، كولورادو ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورى ھولمېس رولستون (1932 — ) ھازىرقى زامان غەرب مۇھىت ئېتىكىشۇناسلىقىنىڭ مۇھىم ۋەكىلىدۇر.ئۇنىڭ «مۇھىت ئەخلاقشۇناسلىقى» ناملىق ئەسىرى بۇ جەھەتتە ئالاھىدە تەسىرگە ئىگە. رولستون قىممەت نەزەرىيەسى نۇقتىسىدىن چىقىپ مۇھىت ئېتىكىسىنى تەتقىق قىلىشنىڭ نەزەرىيەۋى پرىنسىپلىرىنى ياراتتى. ئۇ تەشەببۇس قىلغان نەزەرىيە «تەبىئەتنىڭ قىممىتى» ئەڭ زور دەرىجىدە ئومۇملاشقان سىستېمىچانلىققا ئىگە نەزەرىيەدۇر. ئەنئەنىۋى مەنىدىكى تەبىئىي بايلىقلارنى قوغداش خاھىشى ئاساسەن ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىنى چىقىش قىلغاچقا، ئۇنىڭ تەبىئەتكە كۆڭۈل بۆلۈشى پەقەتلا تەبىئەت دۇنياسىغا قارىتا ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. شۇڭا بۇ خىل ئەخلاقىي پوزىتسىيە بىر تەرەپلىمىلىككە ئىگە. ئۇنىڭ قارىشىچە مەلۇم بىر ئادەم پەقەتلا ئۆزى بىلەن ئوخشاش تۈردىكىلەرنىڭ مەنپەئەتىنىلا قوغدىسا، ئۇ چاغدا ئۇنىڭ دەرىجە ـ پاسىلى تۆۋەن بولۇپلا قالماي، بەلكى باشقا جانلىقلارغا ھېچقانداق پايدىسى يوق بولىدۇ. ئىنسان بىلەن غەيرىي ئىنسان

مەۋجۇتلۇقىنىڭ ئەڭ ماھىيەتلىك پەرقى شۇكى، ھايۋان ۋە ئۆسۈمـ-
لۈكلەر پەقەت ئۆزىگە ۋە ئۆزىنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىغا ياكى ئۆز
تۈرىدىكىلەرگىلا كۆڭۈل بۆلسە، ئىنسانلار ئائىلىق ۋە كەڭ دائىرىدە
ئۆز مۇھىتىدىكى بارلىق جانلىقلار ۋە مەۋجۇتلۇققا كۆڭۈل بۆلىدۇ.
رولستون تەبىئەتنىڭ ئادەمنى باھالاش ئۆلچىمىنىڭ تاشقى قىممە-
تىنى تەكىتلەش بىلەن بىللە، يەنە تەبىئەتنىڭ ئىچكى قىممىتىـ-
نىمۇ تەكىتلىگەن. ئۇنىڭ نەزەردە تۇتقىنى تەبىئەتنىڭ كۆپ خىل
قىممىتىدۇر. تەبىئەتنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالغان قىممىتى 1) ھايات-
لىقنى قوللاش قىممىتى، (2) ئىقتىسادىي قىممىتى، (3) كۆڭۈل
ئېچىش قىممىتى، (4) ئىلمىي قىممىتى، (5) گۈزەللىك قىممە-
تى، (6) تۈرلەرنىڭ گېنىنى ساقلاش ۋە كۆپ خىللاشتۇرۇش قىم-
مىتى، (7) تارىخىي قىممىتى، (8) مەدەنىيەتتىكى سىمۋوللۇق
قىممىتى، (9) خاراكتېر يارىتىش قىممىتى، (10) كۆپ خىللىق
ۋە بىردەكلىك قىممىتى، (11) مۇقىملىق ۋە قوزغىلىشچانلىق قىم-
مىتى، (12) دىيالېكتىكىلىق قىممىتى، (13) ھاياتلىق قىممىتى،
(14) دىنىي قىممىتى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇ خىل قىممەتلەر-
نىڭ تەكىتلىنىشى ئىنسانلارنى بىر تەرەپلىمە ھالدا نوقۇل تەبىـ-
ئەتنىڭ ماددىي ئىقتىسادىي قىممىتىگىلا ئەھمىيەت بېرىش ئاسارد-
تىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئۇلارغا تەبىئەتنىڭ كۆپ خىللىققا ئىگە ئۇنىـ-
ۋېرسال قىممىتىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن نەزەرىيەۋى ئاساس ياراتتى.

رولستون يەنە مۇنداق قارىغان: تەبىئەت دۇنياسى ھەر خىل
قىممەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇلار ئىچكى قىممەت، قوراللىق
قىممىتى، ئېكولوگىيەلىك قىممىتى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇ
دېگەنلىك ئىنساننىڭ ئىدراكلىق ئېڭى يوقالغان ھالەتتىمۇ تەبىـ-
ئەتنىڭ باشقا قىممىتى يەنىلا ساقلىنىدۇ. ئىنساننىڭ تەبىئەتتىن
ئىلمىي پايدىلىنىش ھوقۇقى بار بولۇپ،ئۇلار تەبىئىي بايلىقلارنىڭ

ماددىي شەكىلنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق ئۆز ئېھتىياجىنى قاندۇرى-دۇ. لېكىن بۇ خىل ھوقۇق تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئومۇمىي تەرتىپ ۋە شەكلىنى ئۆزگەرتمەسلىكنى شەرت قىلىشى كېرەك. يەنە بىر تەرەپتىن، تەبىئەت ئۆزىگە خاس ماھىيەتلىك ئىچكى قىممەتكە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭدىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزىنىڭ مۇقەررەر مەۋجۇتلۇق تەرتىپىگە ۋە يوشۇرۇن ئىقتىدار قىممىتىگە، ئۆزلىرىگە تەۋە بولغان قەدىر - قىممەتكە ئىگە. شۇڭا ئىنسانىنىڭ تەبىئەتتىكى ھەر خىل ھاياتلىق تۈرلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ھۆرمەتلەش، تەبىئىي قانۇنىيەتلەرنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش مەجبۇرىيىتى بار. رولستون ئۆزىنىڭ «پەلسەپە قاقاسلىققا يۈزلەنمەكتە» ناملىق ئەسىرىدە قىممەتنىڭ ئۆزىنىڭ ئەسلىي ئوبيېكتچانلىقىنى تەكىتلەپ ئىلگىرىكى پەلسەپىنىڭ پەقەت ئىنسان قىممىتىگىلا ئەھمىيەت بېرىپ تەبىئەتنىڭ قىممىتىگە سەل قارىغان ئاجىزلىقىنى ئېچىپ كۆرسەتتى. ئۇ يەنە شەيئىلەرنىڭ قىممىتىگە ئادەمنىڭ مەلۇم سۇبيېكتىپ خاھىشى بويىچە قارىماي، بەلكى ئاشۇ شەيئىنىڭ ئۆزىدە بار بولغان مەلۇم خاسلىق ئارقىلىق مۇئامىلە قىلىپ، ئىنسان مەركەزچىلىك خاھىشىدىن ساقلىنىش كېرەكلىكىنى تەكىتلىدى. رولستون بۇ ھەقتە «قىممەتنىڭ ماھىيەتلىك خاسلىقى ئۇنىڭ ئىجادچانلىق خاراكتېرىدە، يەنى شەيئىدە ئىجادچانلىق تەرىپى بار بولسىلا قىممەت بار بولىدۇ»① دەپ قارىغان.

تەبىئەت مۇئەييەن مۇستەقىل قىممەتكە ئىگە دېگەنلىك دەل تەبىئەتنىڭ ئۆزىدە ئىجادچانلىق مەۋجۇت دېگەنلىكتۇر. تەبىئەتتىكى تۇمەنمىڭلىغان شەيئىلەر تەبىئىي مۇھىتقا ماسلىشىش ئارقى-

---

① رولستون: «تەبىئەتنىڭ قىممىتى ۋە قىممەتنىڭ ماھىيىتى»(«تەبىئەت دىيالېكتىكىسى تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1999 - يىللىق 2 - سانى.

لىق مەۋجۇت بولۇپ، تەرەققىي قىلىپ ئۆزئارا تايىنىش ۋە رىقابەت جەريانىدا تەبىئەتنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، تەبىئەتنىڭ مۇرەككەپ ۋە ئىجادچانلىق خاراكتېرى ئارقىلىق جانلىنىشقا ئېرىشىدۇ. تەبىئەت دۇنياسى ئورگانىزمغا پايدىلىق بولغان پەرقلەرنى يارىتىپ ئېكولوگىيەلىك سىستېمىنى مولاشتۇرۇپ، ئۇنى تېخىمۇ كۆپ خىللاشقان ۋە ئۆزئارا ماسلاشقان ھاياتلىق دۇنياسىغا ئايلاندۇرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھەر بىر خىل جانلىق ئۆزىنىڭ ئىچكى قىممىتىنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «بىزگە زۆرۈر بولغىنى تېخىمۇ كەڭ مەنىدىكى قىممەتنىڭ ئۇقۇمىغا قارىتا پايدىلىق بولغان ھەرقانداق شەيئى ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى مولاشتۇرىدىغان، گۈزەللەشتۈرىدىغان، كۆپ خىللاشتۇرىدىغان، ماسلاشتۇرىدىغان تۈرلۈك شەيئىلەردىن ئىبارەت.»[1]

ئۇ يەنە مۇنداق دېگەن: «ئېكولوگىيە ئەخلاقشۇناسلىقى تەبىئەتنىڭ قىممىتى ۋە تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ھوقۇقىغا دائىر نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەتتىن ئىبارەت.»[2]

رولستوننىڭ قارىشىچە، مۇھىت ئەخلاقىدا كىشىلەرنىڭ تەبىئەت ھەققىدىكى ئوي - پىكرىنى مەنبە قىلىش بىلەن بىللە، يەنە بىيولوگىيە ئىلمى ۋە ئېكولوگىيەدىن ھالقىغان ھالدا ئىنسان ئېڭىدا يىلتىز تارتقۇزۇپ، ئېكولوگىيە سىستېمىسىنىڭ تۈپ قىممىتىنى بەرپا قىلىش، بۇ ئارقىلىق مۇھىتنىڭ ئادەم بىلەن جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ بىر مەنبە - يىلتىزداشلىقىنى تەشەببۇس

① رولستون: «پەلسەپە قاقاسلىققا يۈزلەنمەكتە»، جىلىن خەلق نەشرىياتى 2000 - يىلى خەنزۇچە نەشرى 197 - بەت.

② رولستون: «مۇھىت دىداكتىكىسىنىڭ تۈرلىرى» («پەلسەپە ئەسەرلىرىدىن تەرجىمە» 1999 - يىللىق 4 - سانى 17 — 22 - بەتلەر.

قىلىش زۆرۈر.

سانائەتلەشكەن دەۋردىكى ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي ئېڭىدا تە-بىئەت نوقۇل قورال ــ ۋاسىتىلىك قىممىتىگە ئىگە بولۇپ، ئۇ پە-قەت كىشىلەرنىڭ ئۆز ئىرادىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىنىڭ ۋاسى-تىسى دەپ قارىلىدۇ. ئەمما ئېكولوگىيە ئەخلاقشۇناسلىقىدا تەبىئەت شەك ــ شۈبھىسىز تەبىئىي ئىچكى قىممەتكە ئىگە. رولستون مۇنداق دېگەن: «مەلۇم بىر ئادەمنىڭ ئۆزى ياشاپ تۇرغان ۋە مەۋ-جۇتلۇقىمىزنىڭ مەنبەسى بولغان يەر شارى ھاياتلىق ئورتاق گەۋ-دىسىگە قارىتا سۆيۈش ۋە كۆڭۈل بۆلۈش تۇيغۇسى بولمىغان بولسا، ئۇ ھالدا ھەقىقىي سۆيگۈ ماھارىتىگە ئىگە پەيلاسوپلارمۇ بولمىغان بولاتتى.» ①

ئىنسانلاردا ئاڭلىق ھالدا ئۆز ــ ئۆزىنى گۈللەندۈرۈش روھى بولۇش بىلەن بىللە، يەنە ھاياتلىق ئېكولوگىيە سىستېمىسىنى ئاڭلىق تونۇيدىغان ۋە ئۇنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلايدىغان مەدەنىي-لىك بولۇشى كېرەكمۇ ــ يوق؟ ئەگەر ئىنسان ئىدىيە ۋە تېخنىكا جەھەتتە تەرەققىي قىلىپ، زور كۈچ بىلەن تەبىئەتنى ئۆزگەرتىۋې-تەلەيدىغان دەرىجىگە يەتكەن بولسا، ئۇ چاغدا ئۇلارنىڭ بۇ خىل ئۆزگەرتىشى يىرتقۇچ ھايۋاننىڭ تۇرقى ۋە قارا كۈچىدىن قانچىلىك پەرقلىنىدۇ؟ رولستون بۇ مەسىلىنى يەنە مۇنداق شەرھلىگەن: «ئىنساننىڭ تەبىئىي مۇھىتقا بولغان مەلۇم سەلبىي تەسىرىنى ئەخلاق جەھەتتە قىسمەن قوبۇل قىلىشقا بولىدىغانلىقى پەقەت ئۇ-نىڭ ھايات ــ ماماتىغا تاقىشىدىغان تەلىپىنى قاندۇرۇش دائىرىسى-دىلا چۈشىنىشكە بولىدۇ.» بۇ قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ قارىشىدىكى «ئادەم پەقەت ئاچ قېلىپ ھاياتىغا خەۋپ ــ خەتەر يېتىش ھالىتىگە

---

① رولستون: «پەلسەپە قاقاسلىققا يۈزلەنمەكتە»، جىلىن خەلق نەشرى-ياتى 2000 ــ يىلى خەنزۇچە نەشرى 11 ــ بەت.

يەتكەندە تەبىئىي جانلىقلارنى ئۆۋلاشقا بولىدۇ» دەپ قارىغانغا ئوخشاش. هازىرقى زامان تېخنىكا مەدەنىيلىكىنىڭ تۈپ سەۋەبلىرىدىن بىرى، ئۇنىڭ زۆرۈر ئېهتىياج بىلەن ئىككىلەمچى ئېهتىياجنى پەرقلەندۈرمىگەنلىكىدە. گەرچە ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتكە بولغان ئېهتىياجى ۋە تەسىرىنى مەلۇم دەرىجىدە چۈشىنىشكە بولسىمۇ، لېكىن هازىرقى زامان ئادەملىرى تەبىئەتتىن بەھرىلىنىش ۋە نەپسىنى قاندۇرۇشتا ئىلگىرىكى دەۋردىكى ئىنسانلار نەزىرىدىكى مۇۋاپىق چەك ـ ئۆلچەمدىن زور دەرىجىدە هالقىپ كەتتى. بۇ هالنى ئېكولوگىزمچىلار خۇددى ئاچ قالغان بىر شىر بىر كۈندە 15 جەرەننى ئۆلتۈرۈپ يەم قىلىشتەك يۇقىرى پەللىلىك باسقۇچ دەپ قارىشىدۇ. رولستون ۋەكىللىكىدىكى بۈگۈنكى زامان ئېكولوگىيە قىممەت قارىشى غەرب كېيىنكى مودېرنىزملىق پىكىر ئېقىمىنىڭ مۇھىم بىر مەنبەسىگە ئايلاندى. ئامېرىكا ئالىمى دەيۋ گىرىفىننىڭ سۆزى بويىچە ئۇ «كېيىنكى مودېرنىزملىق ئىدىيە تولۇق هالدا ئېكولوگىيەگە تەۋە» ئىلغار ئىدىيەۋى تەپەككۇر ئىدى.

2) سىۋېيتزېرنىڭ هاياتلىقتىن هېيىقىش دىداكتىكىلىق تەشەببۇسى

ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى ۋە ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىك تارىخىدىكى يەنە بىر مۇھىم شەخس فىرانسىيەلىك ئالىم ئالبېرت سىۋېيتزېر (1875 ~ 1965)دۇر. هاياتلىق ئورتاق گەۋدىسىنى مەركەز قىلغان مۇھىت قوغداش ئېقىمىدىكىلەر مۇنداق دەپ قارايدۇ: غەربتىكى هايۋانلار پاراۋانلىقى قارىشىنىڭ هېس ـ تۇيغۇ ئۆلچىمى تار دائىرىلىك بولۇپ، تەبىئەت دۇنياسىدىكى تېخى بايقالمىغان جانلىق شەيئىلەرنىڭ هەممىسى قىممەت ئاساسىي گەۋدىسى سۈپىتىدە قارىلىپ، ئەخلاق دائىرىسىگە ئېلىپ كىرىلىشى كېرەك؛

ئەنئەنىۋى تار مەنىدىكى چۈشەنچە ئۆلچىمىگە ئاساسەن تۈزۈلگەن مۇھىت سىياسىيسىمۇ يېتەرلىك ئەمەس. شۇڭا تەبىئەت دۇنياسىدىكى بارلىق جانلىقلارنىڭ ھەممىسى ئىنسانلارنىڭ ھاياتىدا كەم بولسا بولمايدىغان نەرسە، شۇنداقلا ئۇلار ئىنسانلارنىڭ ھۆرمەتلەش ئوبيېكتىدۇر.

سۋېيتزېر 20 - ئەسىردە فىرانسىيەدە ئۆتكەن پەيلاسوپ، تېئولوگ ۋە دوختۇر، 2008 - يىللىق نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتىنىڭ ساھىبى، جانلىقلار باراۋەرلىك ئىدىيەسىنىڭ ئىجادچىسى. ئۇنىڭ «ھاياتلىقنى قەدىرلەش»، «ھاياتلىقتىن ھېيىقىش» تەلىماتلىرى ئىلگىرىكى «جانلىقلارنىڭ ئىرادىسى» ۋە «ئەخلاق ئېھتىياجى» تەلىماتلىرىنىڭ ئۆزئارا بىرىكىشىنىڭ نەتىجىسىدۇر. ھاياتلىقتىن ھېيىقىش دېگەنلىك ھاياتلىق ئورتاق گەۋدىسىنىڭ قەدىر - قىممىتى ۋە ئەھمىيىتىنى تونۇش، ئۆزىنىڭ ئەخلاق ئېڭىدا بارلىق جانلىقلارغا قارىتا ھۆرمەت، ھېيىقىشنى ئىپادىلەش دېگەنلىكتۇر. ئۇ دىنىي ئېتىكىنى چىقىش قىلىپ «جانلىقلارنىڭ ئىرادىسى» چۈشەنچىسىنى مۇقەددەسلىك ئىچىدە مۇقىملاشتۇرغان.

ئېكولوگىيە ئەخلاقى تەلىماتىدا سۋېيتزېرنىڭ ھاياتلىق ئېتىكىسى ھاياتلىقتىن ھېيىقىش، ھاياتلىقنى ھۆرمەتلەش، ئۇنىڭغا بولغان سۆيگۈنى ئاساس قىلغان ھالدا بەرپا قىلىنغان. ئۇ ئۆزىنىڭ «مەدەنىيلىك پەلسەپىسى: مەدەنىيەت ۋە ئېتىكا» ناملىق ئەسىرىدە ئەخلاقنىڭ ئوبيېكتى ئىنسان دائىرىسىدىن ھالقىپ، بارلىق جانلىق شەيئىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەكلىكىنى تەشەببۇس قىلغان. ئۇ يەنە ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى بىر خىل ئالاھىدە مەدەنىيەت مۇناسىۋىتى دەپ قارىغان. ئۇنىڭ قارىشىچە، «بارلىق جانلىقلارنىڭ ھەممىسى مۇقەددەس، ھەتتا كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىكى ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدىكى ھاياتلىق تۈرلىرىمۇ مۇشۇ

دائىرىدە»، ئەخلاقنىڭ ئاساسىي پرىنسىپى «ياخشىلىق ھاياتلىقنى داۋاملاشتۇرۇپ ۋە ئىلگىرى سۈرۈپ، توختاۋسىز تەرەققىيات ئىچىدىكى ھاياتلىقنى ئەڭ يۇقىرى قىممەتكە ئىگە قىلىدۇ. يامانلىق بولسا ھاياتلىق ئورتاق گەۋدىسىنى نابۇت قىلىدۇ، ھاياتلىقنىڭ تەرەققىياتىنى چەكلەيدۇ. بۇ، تەبىئىي مۇقەررەر ۋە مۇتلەق ئېتىكىلىق پرىنسىپتۇر».[①]

سىۋېيتزېرنىڭ قارىشىچە، «ئىلگىرىكى ئادەم ئاساس قىلىنغان ئەخلاقلارنىڭ ھەممىسى مۇكەممەل ئەمەس، چۈنكى ئۇ پەقەتلا ئادەمنىڭ ئادەمگە قارىتا ھەرىكىتىگە چېتىلىدۇ.» ئەمەلىيەتتە ئەخلاق ئادەمنىڭ ئۆز ئەتراپى ۋە مۇناسىۋەت دائىرىسىدىكى بارلىق ھاياتلىققا قارىتىلغان ھەرىكەت پوزىتسىيەسى بىلەن باغلىنىشلىق. ئۇ پەقەت ئىنسان توپىدىن باشقا تەبىئەتتىكى بارلىق جانلىقلارنىڭ ھاياتىنى مۇقەددەس بىلگەندىلا ئاندىن مۇكەممەل ئەخلاق نەزەرىيەسىگە ئىگە بولالايدۇ.[②] «ياخشىلىق ھاياتلىقنى قوغداپ ئۇنى ئىلگىرى سۈرسە، يامانلىق ھاياتلىققا توسالغۇ بولىدۇ، ھەتتا ئۇنى ۋەيران قىلىدۇ. بىز پەقەت ئۆزىمىزنىڭ ئىلگىرىكى بىر تەرەپلىمە قاراشلىرىمىزدىن قۇتۇلۇپ، تەبىئەتتىكى باشقا ھاياتلىق تۈرلىرىدىن يىراقلىشىش خاھىشىنى تاشلاپ، ئەتراپىمىزدىكى تۈرلۈك ھاياتلىق ئورتاق گەۋدىسى بىلەن زىچ ماسلىشىپ بىرىكىدىغانلا بولساق ھەقىقىي مەنىدىكى ئەخلاققا ئىگە بولالايمىز.»[③]

سىۋېيتزېر ھاياتلىقنىڭ تۈپ نەزەرىيەسى بولغان «ھاياتلىقنى ھۆرمەتلەش»نى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇنىڭ بۇ تەلىماتى كېيىنكىلەر تەرىپىدىن راۋاجلاندۇرۇلۇپ، «تەبىئەتنى ھۆرمەتلەش» ئىدىيەسىنى

①②③ ئا.سىۋېيتزېر «ھاياتلىقتىن ھېيىقىش»، شاڭخەي ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى نەشرىياتى 1996 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى 9 ـ، 133 ـ، 19 ـ بەتلەر.

شەكىللەندۇردى. ھەربىر جانلىق شەيئىنىڭ ھەممىسىدە ياخشىلىق مەۋجۇت. ئۆزىدە ياخشىلىق بار بولغان مەۋجۇداتتا تەبىئىي قىممەت بار بولىدۇ. تەبىئەتتىكى جانلىق شەيئىلەرنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن كۆيۈنىدىغان ياخشىلىقنىڭمۇ باشلىنىش نۇقتىسى تەبىئەتكە كۆيۈ-نۈش دېگەنلىكتۇر. ھاياتلىقتىن ھېيىقىش ئېتىكىسى تەبىئەتنى سۆيۈش ۋە ئۇنىڭ كەلگۈسىگە كۆيۈنۈش ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن تۈمەنمىڭ شەيئىنى ھۆرمەتلەش دېداكتىكىسىدۇر. ئىنسان تەبى-ئەتتىكى تۈمەنمىڭ خىل شەيئىنى ھۆرمەتلەپ، ئۆزىنىڭ پائالىيەتى-چان رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئادەملىك قەدىر ـ قىممىتىنى ساق-لىيالىدىمۇ ـ يوق؟ بۇنىڭغا مۇنداق ئىككى تەرەپتىن جاۋاب بېرىش زۆرۈر. بىرىنچىدىن، ئىنسان تەبىئەتتىن ھېيىقىش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە تەبىئەتنى بويسۇندۇرغۇچىدىن ئۇنى ئاڭلىق ھالدىكى قوغدىغۇچىغا بۇرۇلۇشى ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ دۇنيانى قوغداش جەر-يانىدا ئۆز قەدىر ـ قىممىتىنى ساقلىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئىككىنچىدىن، ئىنساننىڭ ئەمەلىي مەۋجۇتلۇق پائالىيىتى دۇنيا-دىن توختاۋسىز ئېلىش ۋە ئۇنى خورىتىشتىن چېكىنىپ، ئالەم-دىكى تۈمەنمىڭ خىل شەيئى بىلەن ئۆزئارا تەڭ ـ باراۋەر ۋە ھەم-دەمدە بولۇش ئارقىلىقلا ئاندىن تەبىئەت ئۆزىنىڭ پەرۋىش قىلى-نىش ھالىتىگە يېتەلەيدۇ.

سىۋېيتزېر ئۆزىنىڭ «مەدەنىيەت ۋە ئېتىكا» ناملىق ئەسىرىدە مەدەنىيەت بىلەن مەدەنىي ئىلگىرىلەشنىڭ ئىچكى مەنىسىنى شەرھلەپ، مەدەنىيەتنىڭ ئۈچۈق خاراكتېرلىك كىرىزىسى بىلەن يوشۇرۇن مەنبەسىنى كۆرسىتىپ، مەدەنىيەتنى ئېكولوگىيە ئېتى-كىسى قىممەت خاھىشىغا ئىگە قىلغان. ئۇنىڭ قارىشىچە، مەدەنى-يەت ماددىي مەدەنىيەت، ھەرىكەت مەدەنىيىتى ۋە مەنىۋى مەدەنى-يەتنىڭ تەرەققىياتىنى شەرھلەشتە مۇنداق ئۈچ تەرەپنى پۇختا ئى-

گىلەش كېرەك: بىرى، بىلىم ۋە ئىقتىدارنىڭ تەرەققىياتى؛ ئىك-
كىنچىسى، ئادەمنىڭ ئىجتىمائىيلىشىش تەرەققىيات ھالىتى؛ ئۈ-
چىنچىسى، ئادەمنىڭ مەنىۋى تەرەققىياتى. بۇ ئۈچ تەرەپنىڭ بىر-
لىككە كېلىشى مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىيات سەۋىيەسىنى بېكىتىش-
نىڭ ئۆلچىمى، لېكىن ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئويغىنىشى، بولۇپمۇ
يېقىنقى زامان سانائەت ئىنقىلابىدىن كېيىن ئىلىم ـ پەن ئىدرا-
كىزمىنىڭ كۈچلۈك تەسىرى ئاستىدا كىشىلەردە خاتا يوسۇندا بى-
لىمنىڭ ئۆسۈشى، ماددىي بايلىقنىڭ ئېشىشىنى مەدەنىيەتنىڭ تە-
رەققىياتى دەپ قاراش ھالىتى شەكىللەندى. بۇ خىل ئاينىپ كې-
تىش ھادىسىسى تەبىئىي ھالدا ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋ-
تىدە ئىنسان مەنپەئەتپەرەسلىكىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشىغا كۆز تىككەن ئالىم سى-
ۋېيتزېر مەدەنىيەتنىڭ ياتلىشىشى، بولۇپمۇ پەن ـ تېخنىكىدىكى
غەيرىيلىكنىڭ ئىنسانلار ۋە يەر شارىدىكى جانلىقلارغا كەلتۈرگەن
غايەت زور بۇزغۇنچىلىقىنى تونۇپ يېتىپ، بۇ خىل بۇزغۇنچىلىقنى
كەلتۈرۈپ چىقارغان مەنبەنى ئىنسانلارنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى مەركەز
قىلىشى، نەپسانىيەتچىلىكى ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىكنىڭ يىمىر-
لىشىگە باغلاپ چۈشەندۈرگەن. شۇڭا بۇ خىل بۇزغۇنچىلىقنىڭ
يىلتىزىنى قۇرۇتۇپ، غەيرىيلەشكەن مەدەنىيەتتىن تولۇق ۋاز كې-
چىش ئۈچۈن ئۇ ئىنسانلار مەنىۋى مەدەنىيىتىنى قايتا قۇرۇشنى
تەشەببۇس قىلىپ، «ھاياتلىقتىن ھېيىقىش»تەك جانلىقلار باراۋەر-
لىكى ئىدىيەسىنى ئوتتۇرىغا چىقارغان. بۇ خىل ئەخلاق مەنىۋى
مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ يادروسى. ئىنسانلار پەقەت تەبىئەتنىڭ
قىممىتىنى ئاڭلىق ھالدا تونۇپ، بىر تەرەپلىمە ھالدىكى ئۆز ـ
ئۆزىنىلا مەركەز قىلىشتەك مۇستەبىت ئىدىيەۋى خاھىشتىن قول
ئۈزۈپ، تەبىئىي ھاياتلىقتىن ھېيىقىشتەك ئەخلاقىي ئاڭلىقلىققا

يەتكەندىلا ئاندىن ھەقىقىي مەدەنىيەت ياراتقۇچىغا ئايلىنالايدۇ. سىۋېيتزېر 1928 ـ يىلى گمىوتى مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن چاغدىكى نۇتقىدا ئۆز ھېسسىياتىنى مۇنداق ئىپادىلىگەن: «بارلىق پەلسەپەلەرنىڭ نىشانى بىز ئىنسانلارنى كائىنات بىلەن قانداق ئۇسۇلدا ئىدراكىي مۇناسىۋەت ئورنىتىشنى ياكى ئۇنىڭ بىلەن قانداق ئىچكى باغلىنىش ئورنىتىش كېرەكلىكىنى بىلىش ھەققىدە ئويلاندۇرۇش ھەمدە بۇ ئارقىلىق ئىلھامغا قانداق ئېرىشىش، قانداق پائالىيەت قىلىشنى بىلدۈرۈشتىن ئىبارەت.» ئۇنىڭ قارىشىچە، ئادەمنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلىتى دېگەنلىك ھاياتلىقتىن ھېيىقىشنى ئۆزدىنىڭ ئەخلاق ئەقىدىسىگە ئايلاندۇرۇش دېگەنلىكتۇر. ئادەم پەقەت شۇنداق قىلالىغاندىلا ئاندىن ھەقىقىي ئىنسانىيلىقى ۋە قىممىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرالايدۇ.

3) لېئوپولدنىڭ «زېمىن ئەخلاقى» تەشەببۇسى

ھاياتلىقنىڭ يىلتىزى — ئەخلاق. ئەخلاقنىڭ ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك مۇھىم نۇقتىسى بولغان قىممەت چۈشەنچىسىنى تەبىئەت دۇنياسىدىكى بارلىق جانلىقلار تۈرى ۋە ئۇنىڭ ئېكولوگىيەلىك بىر پۈتۈنلۈك گەۋدىسىگە بۇراش قارىشى «زېمىن ئېتىكىسى» دېگەن ئىدىيەگە مەنسۇپتۇر. بۇ نەزەرىيە ئامېرىكا ئېكولوگىيە مەدەنىيىتى تەتقىقاتچىسى، ھازىرقى زامان مۇھىت ئېتىكىشۇناسلىقىنىڭ ئاتىسى دەپ شۆھرەت قازانغان ئالدو لېئوپولد (1887 ～ 1948) تەرەققىي قىلدۇرۇپ چىققان بىر خىل ئەخلاق ئېتىكىسىنىڭ يېڭى شەكلىدۇر. لېئوپولدنىڭ مۇھىتپەرۋەرلىك ھەرىكىتى ئەينى دەۋردىكى ئەمدىلا شەكىللىنىۋاتقان ئېكولوگىيە تەتقىقاتچىلىك ئىلمىغا بەلگىلىك ئىدىيەۋى ئاساس سالغان.

غەرب ئالىملىرى ئۆز ئەللىرىنىڭ تەبىئىي مۇھىتىنىڭ ئۆزگى-

رىشلىرىگە دىققەت قىلىپ ئۆز يۇرتىنىڭ دەريا ـ دېڭىز، كۆل،
دەشت ـ باياۋانلىرىنى تەكشۈرۈش جەريانىدا ئاشۇ رايونلارنىڭ تا-
رىختىن بۇيانقى گېئولوگىيەلىك ئۆزگىرىشلىرى، هايۋانات ۋە ھەر
خىل ئۆسۈملۈكلەر تۈرىنىڭ تېز سۈرئەتتە ئازىيىۋاتقانلىقى، يې-
قىنقى دەۋرلەر مابەينىدە زېمىنلىرىنىڭ چۆللىشىپ كەتكەنلىكىنى
بايقىغان. شۇنىڭدىن كېيىن لېئوپولد ئۆزىنىڭ ۋىسكانسون سازلىق
زېمىنى ۋە يايلاقلىرى ھەققىدە 1949 ـ يىلى يازغان ئاممىباب ئە-
سىرى «قۇملۇق يۇرت يىلنامىلىرى»[1]دا ئۆزىنىڭ تەبىئىي مۇھىت
ھەققىدىكى قاراشلىرىنى كومپىدىيەلىك تۈستە ئىپادىلىگەن. ئۇ بۇ
ئەسىرىنىڭ بېشىدىلا چۆللىشىپ تاشلىنىۋېتىلگەن بىر دېھقانچىلىق
مەيدانىنىڭ بىر يىلنىڭ 12 ئېيىدىكى ئوخشىمىغان مەنزىرىسىگە
قارىتا نۇقتىلىق كۆزىتىش ۋە ئىزدىنىش ئېلىپ بارىدۇ. ئۇ ئائى-
لىسىدىكىلەر بىلەن بىرلىكتە مۇشۇ مەيداندا ئېكولوگىيەلىك مۇ-
ھىتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش خاراكتېرلىك جاپالىق ئىزدىنىدۇ. ئۇ
يەنە بۇنىڭغا ئۇلاپ ئېنېرگىيە تېجەش ۋە مۇھىت قوغداش جەھەت-
تىكى مەسىلىلەردە ئامېرىكىنىڭ باشقا جايلىرىدىكى بۇنىڭغا ئوخ-
شاش مەسىلىلەرنىمۇ بايان قىلىدۇ.

20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئامېرىكا مۇھىتپەرۋەرلىرىنىڭ
تەبىئىي بايلىقلارنى قوغداش تەشەببۇسى تەبىئىي بايلىقلارنى ئې-
چىپ پايدىلىنىش نۇقتىئىنەزىرىدىن چىقىپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان
بولسا، لېئوپولدنىڭ زېمىننى ئۇلۇغلاش، زېمىننى سۆيۈش نەزەرى-
يەسى ھاياتلىقنىڭ بىر پۈتۈنلۈك قارىشى ۋە تەبىئەتنىڭ ئەبەدىي-
لىك قىممىتىنى چىقىش قىلغان. ئۇنىڭ ئىدىيەۋى قاراشلىرى
ماھىيەتتە ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ ئېكولوگىيەلىك تايىنىشچانلىق
مۇناسىۋىتىنى ئوبيېكتىپ تونۇش ئاساسىدا شەكىللەنگەن پەلسە-

① جىلىن خەلق نەشرىياتى 1997 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

پىۋى خۇلاسە، شۇنداقلا ئىنسانلارغا چىقىرىلغان يېڭىچە ئېتىكا-
لىق ئاڭنىڭ چاقىرىقىدۇر. لېئوپولد زېمىننى ئۇلۇغلاش ئەخلاق
قارىشىدا ئېتىكا بىلەن زېمىن ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ
ۋاستىچانلىق رولىغا ئەھمىيەت بەرگەن. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئەنئە-
نىۋى ئەخلاق چۈشەنچىسىدە يەنىلا ئىقتىسادىي مەنپەئەت ھۆكۈمران
ئورۇندا تۇرغاچقا، ئۇنىڭدا كىشىلەر ئىقتىسادشۇناسلىقنىڭ ئۆلچەم-
پىرىنسىپى بويىچە تەبىئەت دۇنياسىغا باھا بەرگەن؛ كىشىلەر پەقەت
ئىقتىسادىي مەنپەئەتنىلا چىقىش قىلىپ تەبىئەتنى پايدىلىنىش
ۋە قوغداش تەدبىرىنى قوللانسا، بۇ بىر تەرەپلىمىلىككە ئىگە. شۇ-
ڭا ئۇ، زېمىن ئەخلاقشۇناسلىقى ئىلگىرىكى ئادەمنىلا مەركەز قىل-
غان ئەخلاقنى ئۇقۇم ۋە مەزمۇن جەھەتتىن ئۆزگەرتىشنى تەلەپ
قىلىدۇ. بۇنى ئۇ (1) ئەخلاقشۇناسلىقنىڭ نورمال پائالىيەت ئۇ-
قۇمى چوقۇم تەبىئەت دۇنياسىغا كۆڭۈل بۆلۈشكە كېڭەيتىلىش
ئارقىلىق ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى ماسلاشتۇرۇش
زۆرۈر؛ (2) ھوقۇق ئۇقۇمى تەبىئەت ئەمەلىي گەۋدىسىگە كېڭەيتى-
لىشى، تەبىئەت قوينىدىكى ھاياتلىق ئوبيېكتلىرىدا مەڭگۈ
داۋاملىشىدىغان ھوقۇق بولۇشى كېرەك؛ تەبىئەتتىكى تاغ - دەريا،
دەل - دەرەخ، ھايۋانات ۋە ئۇچار - قاناتلاردىن تارتىپ قۇرت -
قوڭغۇزغىچە ھەممىسىدە مەۋجۇتلۇق ھوقۇقى بار بولۇشى كېرەك؛
(3) زېمىن ئەخلاقشۇناسلىقى يېڭى قىممەت ئۆلچىمىنى بەرپا قى-
لىش ۋە ئۇنى ئومۇملاشتۇرۇش زۆرۈر، دەپ ئۈچ جەھەتتىن شەرھ-
لىگەن. ئىنسان زېمىندىكى ھاياتلىق ئورتاق گەۋدىسىنىڭ ھۆ-
كۈمرانى ياكى بويسۇندۇرغۇچىسى ئەمەس، بەلكى ئاددىي بىر ئەزا-
سى. شۇڭا ئۇ، ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتكە قاراتقان ھەددىدىن زىيادە
تەلىپىنى چەكلەپ ئېكولوگىيەلىك تەڭپۇڭلۇق بۇزۇلۇشىنىڭ ئال-
دىنى ئالىدىغان «زېمىن ئەخلاقى» بار بولۇشى كېرەكلىكىنى تە-

كىتىلگەن. ئۇ ئۆزىنىڭ «زېمىن ئېتىكىسى» ناملىق كىتابىدا زې-
مىنىنىڭ ھەرقانداق يېرى مۇقەددەس، زېمىنىنىڭ ئەسلىدىن بولۇشقا
تېگىشلىك ئېكولوگىيەلىك قىممىتى ھەرگىزمۇ نوقۇل ئىقتىسا-
دىي قىممەت دېگەنلىك ئەمەس، تەبىئەت دۇنياسىدىكى ئىقتىسادىي
قىممىتى يوق بولغان جايلار چىقىرىۋېتىلگەندە تەبىئەت ئېكولو-
گىيە سىستېمىسىنىڭ مۇكەممەل فۇنكسىيەسى بۇزۇلۇپ زېمىنىنىڭ
مۇقىم ۋە بىر پۈتۈنلۈكى ئۈچۈن زىيانلىق تەسىر ئېلىپ كېلىدۇ؛
تۆۋەن ئىقتىسادىي قىممەتكە ئىگە زېمىن، مەسىلەن، سازلىق يەر،
پاتقاقلىق، قاقاس يەر قاتارلىقلاردىكى جانلىقلار توپىنىڭ گەرچە
ئادەملەرگە ئىقتىسادىي جەھەتتە پايدىلىق قىممىتى بولمىسىمۇ،
لېكىن ئۇلار مۇشۇ زېمىندىكى ياۋايى جانلىقلار ۋە ئۆسۈملۈكلەر-
نىڭ مەۋجۇت بولۇش ۋە گۈللىنىشىدىكى مۇھىم ماكاندۇر؛ ئەگەر
بۇ جايلار بۇزۇۋېتىلسە، ئۇ يەردىكى بىيولوگىيەلىك بايلىقلارمۇ زى-
يانغا ئۇچرايدۇ، دەپ قارىغان.

لېئوپولدنىڭ قارىشىچە، «زېمىن بىلەن ئىنسان ئورتاق گەۋدە.
ئىنسان بۇ ئورتاق گەۋدىنىڭ بىر ئەزاسى بولۇپلا قالماستىن، بەل-
كى ئۇنىڭدا مۇشۇ ئورتاق گەۋدىگە قارىتا ئەخلاقىي بۇرچ بولۇشى
كېرەك.» ئۇ ئۆزىنىڭ «قۇملۇق يۇرت خاتىرىلىرى»نىڭ ئاخىرقى
قىسمى «زېمىن ئېتىكىسى»دە ئۆز قارىشىنى مۇنداق يەكۈنلىگەن:
«ئىنساننىڭ ئېتىكىلىق چۈشەنچىسى مۇنداق ئۈچ قاتلام بويىچە
تەرەققىي قىلىدۇ. بۇرۇنقى ئەخلاق ئۇقۇمى ئادەم بىلەن ئادەم ئوت-
تۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى بىر تەرەپ قىلسا، كېيىنكىسى ئادەم
بىلەن جەمئىيەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى بىر تەرەپ قىلىدۇ. لېكىن
ئىنسان بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ
تەدرىجىي ھالدا ئۈچىنچى قاتلام — ئىنسان بىلەن تەبىئەت ياكى
زېمىنىنىڭ مۇناسىۋىتى بارلىققا كېلىدۇ.» ئۇنىڭ قارىشىچە، «زې-

مەن نوقۇل ھالدىكى تۇپراق ئەمەس، ئۇ كىلىمات، سۇ، ھايۋانات، ئۆسۈملۈك قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىنسان بولسا مۇشۇ ئورتاق گەۋدىنىڭ باراۋەر بىر ئەزاسى ۋە ئېكولوگىيەلىك قىممەت جەھەتتە ئۇنىڭ ئاددىي پۇقراسىدۇر.» بۇ ئورتاق گەۋدە ئىچىدە ھەر بىر ئەزانىڭ دائىملىق مەۋجۇت بولۇش ھوقۇقى بولىدۇ.

تارىختىكى بىر قاتار ئاچچىق ساۋاقلار شۇنى كۆرسەتتىكى، ئىنسانلارنىڭ ئاڭ قارىشىدا تەدرىجىي ھالدا شەكىللىنىۋاتقان نوقۇل ئىقتىسادىي ئۇنۇم قوغلىشىش ۋە قىسقا مۇددەتلىك مەنپەئەتكە ئەھمىيەت بېرىش ھادىسىسى ئاخىرىدا ئۇلار ئۇچۇن ئۇزاق مۇددەتلىك ئاپەتلەرنى ئېلىپ كېلىشى، ئەكسىچە بەزىبىر ئېنىق ئىقتىسادىي مەنپەئەتكە ئىگە بولمىغان مۇھىت ھەرىكىتى ئىنسانلارغا ئويلاپ يەتكۈسىز پايدا ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن. ئەگەر ئىنسانلارنىڭ زېمىنغا تۇتقان ھەرىكەت پوزىتسىيەسىنىڭ تەسىرى ئۇلارنىڭ مەنپەئەتىگە دەخلى ـ تەرۇز يەتكۈزسە، كىشىلەر مۇشۇ خىل پايدىغا چېتىشلىق بولغان ئەخلاقىي قاراش جەھەتتە ئېنىق تونۇشقا ئىگە بولىدۇ. شۇڭا يىراقنى كۆرەلمەيدىغان، نوقۇل ئىقتىسادىي مەنپەئەت ئۇچۇنلا قىلىنغان بىنورمال ھەرىكەتكە قارشى تۇرۇپ، زېمىندىكى ئورتاق مەنپەئەتكە ئىگە بارلىق ھاياتلىق ئەزالىرىنىڭ تەبىئەتنى قوغداش ھەرىكىتىنى ئاكتىپ ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. ئەمەلىيەتتە بىز ئىنسانلارنىڭ زېمىنغا قارىتا بىۋاسىتە بۇرچىمىز ۋە ۋاسىتىلىك بۇرچىمىز بار.

# 5. ئېكولوگىيە ئېتىكىسىنىڭ ئۆزلۈك قارىشى ۋە ئېستېتىكىلىق ئاساسى

ئىنسان تەبىئەتنىڭ بىر قىسمى، دۇنيادىكى بارلىق ھاياتلىق تۈرلىرىنىڭ سەرخىلى، لېكىن ئۇ كېيىنكى ئىجتىمائىي تەرەققىيات جەريانىدا ئۆزىدىكى يۇكسەك گۈمانىتارلىق روھنى يوقىتىپ، نوقۇل كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتنىڭ كويىدا تەبىئەتنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق تەبىئىي ھايۋانلىق دەرىجىسىدىن ھالقىپ چىقىپ، ئاخىرىدا تەبىئەت دۇنياسىدىن بۆلۈنۈپ ئىجتىمائىيلىقا ئىگە دەرىجىدىن تاشقىرى ئىدراكىي مەخلۇققا ئايلانغان. ئىنسانلار گەرچە تەبىئەت قوينىدا تۇغۇلۇپ، تىرىكچىلىك قىلىپ، گۈللىنىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇزاق مەزگىللىك تارىخىي جەرياندا تەبىئەت بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە ئاينىشقا يۈزلەنگەن، ئۆز - ئۆزىنى ئۇنتۇغان. ئىنسان تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىيلىقتىن ئىبارەت ئىككى ياقلىمىلىق خاراكتېرگە ئىگە ئالىي مەخلۇق. ئىنسان تەبىئىي مەخلۇق ھېسابلانغاندا ئۇ تەبىئەت دۇنياسى بىلەن بىۋاسىتە بىر - دەكلىك مۇناسىۋەتكە ئىگە بولىدۇ؛ ئىجتىمائىي مەخلۇق دەپ قارالغاندا ئۇ گەرچە تەبىئەتكە تايىنىپ ياشاپ، تەبىئەتتىن ئايرىلمىسىمۇ، لېكىن ھايۋانىيلىقى سەۋەبلىك ئۆزىنىڭ ئەسلىي مەنبەسىنى ئىنكار قىلىپ تەبىئەتكە ۋە ئۇنىڭ قانۇنىيىتىگە بويسۇنمايدۇ. ھەتتا ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە تەبىئەتنى ئۆزگەرتىشكە، بويسۇندۇرۇشقا تىرىشىدۇ.

ئەنگلىيە پەيلاسوپى فىرانسىس بېكون «بىلىم — كۈچ» دېگەن نەزەرىيەۋى قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن ئىنسانلار جەم -

ئىيمتى پەن ـ تېخنىكىغا تايىنىپ تېز سۈرئەتتە تەرەققىياتقا قەـ
دەم قويدى. ئىنسان دۇنيادىكى تۇرلۇك ـ تۇمەن شەيئىنىڭ غوجاـ
يىنى دەپ قارىلىپ، ئۇنىڭغا باشقا مەخلۇقلاردىن ئەقىللىك، زېـ
رەك، كۈچلۈك دەپ مۇئامىلە قىلىندى. ئىنسانلار پەقەت ئۆزلىرىـ
نىڭ تەبىئەت ئۈستىدىكى غەلىبىسىنىڭ بەزىدە تەبىئەتنىڭ ئۆزىگە
قارىتا ئىنكاس قايتۇرۇپ جازالىغانلىقىنى بايقىغاندىلا ئاندىن ئۇلار
چۆچۈش ئىچىدە ئىنسان بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى ئەسلىي
مەنبەلىك مۇناسىۋەتنىڭ ئىنتايىن چوڭقۇر ۋە نازۇكلۇقى ھەققىدە
قايتا ئويلىنىشقا باشلىدى. 18 ـ ئەسىر غەرب مۇتەپەككۇرى روسـ
سونىڭ «ئىنسانلار تەڭسىزلىكىنىڭ باشلىنىشى ۋە ئۇنىڭ ئاساـ
سى» قاتارلىق ئەسەرلىرى ئىنسان بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتى
ھەققىدىكى دەسلەپكى مۇھاكىمە ئىدى. ئەنگلىيە كىلاسسىك ئىقـ
تىسادشۇناسلىقىدىكى ئەمگەكنىڭ قىممىتى نەزەرىيەسى بىۋاسىتە
ھالدا پەلسەپە جەھەتتە غەيرىيلىشىش قارىشىنىڭ شەكىللىنىشىنى
كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىي يائالىيىتى
ئارقىلىق مەلۇم غايىۋىلەشكەن ھاياتلىققا ئىنتىلىدۇ.

ھەربىر ئىنساننىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىت بىلەن بولغان مۇـ
ناسىۋىتى ھامان «مەن» بىلەن «ئۇ»نىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىـ
ۋەتنىڭ بىر قىسمى. ئىنسانلار ئېكولوگىيەلىك مۇھىت ئارقىلىق
تەبىئەت بىلەن ئېتىكىلىق مۇناسىۋەت ئورنىتىدىغان بولغاچقا،
ھەرقانداق بىر تەرەپنىڭ مۇھىتقا بۇزغۇنچىلىقى ۋاسىتىلىك ھالدا
ئۆزىگە تۇرلەرگە زىيان سالىدۇ. تەبىئەتنىڭ ئېكولوگىيەلىك ھوقۇـ
قىنى ھۆرمەتلەش دېگەنلىك، ئۆزگىلەرنىڭ ھاياتلىق ھوقۇقىنى
ھۆرمەتلەش دېگەنلىكتۇر. ئىنسانلار تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئۇزاق
مۇددەتلىك تەرەققىياتىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئۇنىڭ ھاياتى ماھىـ
يەتتە تەبىئەتكە تايىنىدۇ، شۇڭا تېگى ـ تەكتىدىن ئالغاندا ئۇنىڭ

تەرەققىياتى ۋە تەقدىرىنىڭ تەبىئەت ئاساسىي گەۋدىسى بىلەن مەن-
تىقلىق زىچ باغلىنىشقا ئىگە ئىكەنلىكىگە دىققەت قىلىش كېرەك.
ئېكولوگىيە كرىزىسى ھازىرقى زامان كاپىتالىستىك ئىقتىسادىي
تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى. ئەمما كاپىتالىزم يۇقىرى دە-
رىجىدىكى سانائەتلىشىش ۋە كىشىلەرنىڭ پايدا ـ مەنپەئەت قوغ-
لىشىشىنىڭ يۇقىرى چېكىنى ئاساسىي نىشان قىلغاچقا، ئۇنىڭ
ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلىرى مۇھىت كرىزىسىنى
كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان تۈپكى سەۋەبكە ئايلانغان. بۈگۈنكى زامان
جەمئىيىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش شەكلىنىڭ ئۆزگى-
رىشى ئېكولوگىيە مۇستەملىكىچىلىكىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.
شۇڭا ئېكولوگىيەلىك ئادىللىق ئىچىدىكى ئىجتىمائىي ئادىللىقنى
تەكىتلەش مەدەنىيەتنىڭ جەۋھىرى ھېسابلىنىدۇ. ھاياتلىق تەرەق-
قىياتىنىڭ كرىزىسىنى تىرىشىپ ئازايتىش ئۈچۈن يەر شارىنى
ئاسراش، مۇھىت ئورتاقلىقى ئىچىدىكى ئۈچىنچى خىل مەۋجۇت-
لۇقنى ئاسراش ئاخىرقى ھېسابتا يەنىلا ئىنسانلارنىڭ مەۋجۇتلۇق
ھوقۇقىنى قوغدىغانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

10 ـ ئەسىردە ئۆتكەن بۈيۈك مۇتەپەككۇرىمىز فارابى بىر شې-
ئىرىدا «بىپايان ئالەم ھامان مەشغۇلى ھەرىكەت ئۈستىدە، تۇرىمىز
ئوخشاپ پەقەت تامچە ۋە ياكى نۇقتىغا»[1] دەپ يازغاندەك، ئالەم
چەكسىز، شۇڭا ھەرقانداق رېئال مەۋجۇتلۇقنىڭ ھەممىسى بەلگى-
لىك زامان ۋە ماكان ئىچىدە مەۋجۇت بولىدۇ. شەيئىلەرنىڭ مەۋ-
جۇتلۇقى ئۇنىڭ ۋاقىتلىق ھەم چەكلىك خاراكتېرىگە ئىگە بول-
غاچقا، ئۇلارنىڭ ئەمەلىي قوللىنىشچانلىقىمۇ ۋاقىتلىق ھەم چەك-

---

① غەيرەتجان ئوسمان قاتارلىقلار تۈزگەن «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيا-
تى تارىخى»، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 2002 ـ يىلى نەشرى 358 ـ بەت.

لىك خاراكتېرگە ئىگە. بىزدە كۆپىنچە ھالدا بىر خىل مەۋجۇت
شەيئى يوقلىشى بىلەنلا ئۇنىڭ پايدىلىنىشچانلىقىدىن سۆز ئاچقى-
لى بولمايدۇ. دېگەن قاراش شەكىللەنگەن. ماددىي ئىستېمال دەۋرى-
دە مەڭگۈلۈك قىممەت مەۋجۇت ئەمەس. لېكىن ئاشۇ خىل مەۋجۇت
شەيئى رېئال ئادەملەر بىلەن مۇناسىۋەتلەشكەندە بۇ خىل چەكلىك
شەيئىدە ئىككى ياقلىملىق يۈز بېرىپ، ئۇنىڭدا چەكسىزلىك ۋە
مۇقىم قىممەت ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، تەبىئەتتىكى تاش ۋاقىت-
لىق ۋە چەكلىك قىممەتكە ئىگە مەۋجۇتلۇق بولۇپ، كىشىلەر ئۇنى
ئىشلىتىپ بىرەر ئىمارەت ياسىغاندىن كېيىن ئاندىن ئۇ چەكسىز
ۋە مەڭگۈلۈك قىممەتكە ئىگە بولىدۇ. جۇڭگونىڭ سەددىچىن سېپى-
لى تارىختا شىمالدىكى كۆچمەن قوۋملارنىڭ پاراكەندىچىلىكىنى
توسۇش ئۈچۈن بىنا قىلىنغان. بۈگۈنكى كۈندە ئۇنىڭ ئەمەلىي
قوللىنىش قىممىتى يوقالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تارىخىي
مەدەنىيەت قىممىتى، ئېستېتىك قىممىتى بارغانسېرى يۇقىرىلاپ
بىر خىل ئۇلۇغ روھنىڭ سىمۋولىغا ئايلاندى.

مەۋجۇت شەيئىلەر نوقۇل ھالدا بەلگىلىك ماكاندىكى شەيئى
بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئېستېتىك پائالىيەت ئارقىلىق
زاماندىن ھالقىيدىغان مېتافىزىكىلىق ئەھمىيەتكە ئىگە. گۈزەللىك
نوقۇل ئەخلاقىي ئۆلچەم بويىچە يەكۈنلىنىپ چىقىلماستىن، بەلكى
ئىنسانلارنىڭ گۈزەللىككە قارىتا بىۋاسىتە سەزگۈسى بىلەن مۇنا-
سىۋەتلىك بولغان ئاڭ پائالىيىتىدۇر. ئىنساننىڭ تەبىئەت گۈزەل-
لىكىنى باشتىن كەچۈرۈشى ۋە بىلىشى مۇھىت ئەخلاقىنىڭ تە-
رەققىياتىنى زور ئەھمىيەتكە ئىگە قىلىپ، دەۋرىمىز مەدەنىيلىكى-
نىڭ بىر تەرەپلىمىلىكلىكىنى تۈزىتىشتە بەلگىلىك رول ئوينى-
دى. بۇ جەھەتتىن ئالغاندا ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكى ئېستېتىكا،
ئەدەبىيات ـ سەنئەتشۇناسلىق قاتارلىق فىلولوگىيە ئىلىملىرى

ئىچىدە ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ.

ئىنسانلار — تەبىئەت دۇنياسىنىڭ تەدرىجىي تەرەققىياتى نە-تىجىسىدە كېلىپ چىققان ئىجتىمائىي مەۋجۇتلۇق. تەبىئەت ئەمە-لىيەتنىڭ ئوبيېكتى بولغاچقا، ئىنسانلار مەڭگۈ تەبىئەتكە تايىنىپ مەۋجۇت بولىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ روھىدىمۇ تەبىئەت بىلەن بىر مەنبە-لىك، بىر گەۋدىچانلىق روھى بار بولىدۇ. فارابى بىر شېئىرىدا مۇنداق يازغان:

«يەتتە يۇلتۇز كائىناتتا مەنبەسى نۇر رەببىنا،
مىسلى كۆكتە يەتتە دەريا تىزمىسىدەك دائىما.
ھەر بىرى سەييارىنىڭ سىيماسى بىر ئامىل ئۇنىڭ،
ماددا جەۋھەر خىسلىتى، بىر ئەسلىي ھەم جەمدۇر ئاڭا.
ئەي زۇھەل، ھەم ئاتارۇد، ھەم مۇشتەرى شەيئىلىرى،
مەن قىلۇرمەن ياخشىلىق ئىزدەپ ھامان سۆھبەت ساڭا.» ①

ئىنساننىڭ جىسمى ۋە روھى تەبىئەتنىڭ مەھسۇلى. ئېستېتىكىلىق مەنە جەھەتتە ئادەم تەبىئەتنىڭ باشقۇرغۇچىسى بولماستىن، بەلكى تەبىئەتنىڭ پەرزەنتى. شۇڭا ئىنسان تەبىئەت دېگەنلىك بولسا، تە-بىئەتمۇ ئىنسان دېگەنلىكتۇر. ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت بىلەن ئورگا-نىك بىرلىكى دەل تەبىئەت بىلەن ئىنساننىڭ ئىناقلىق ھالىتىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ئونتولوگىيە نۇقتىسىدىن ئالغاندا، ئېكولوگى-يە مەسىلىسى ماھىيەتتە مەۋجۇتلۇق مەسىلىسى، ساغلام تەرەققىيات مەسىلىسىدۇر.

ئېكولوگىيەلىك ئېستېتىكا قارىشى 20 - ئەسىرنىڭ 70 -

---

① «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى»، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىيا-تى 2002 - يىلى نەشرى، 359 - بەت.

يىللىرىدىن كېيىن بارلىققا كەلگەن يېڭى ئۇقۇم بولۇپ، بۈگۈنكى دەۋردە تەبىئىي گۈزەللىكنىڭ قىممەت خاھىشىدا دەۋر خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش يۈز بەردى. ھازىرقى دەۋرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش شەكلىنىڭ ئۆزگىرىشى ئادەم بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى تېخىمۇ ئۆتكۈرلەشتۈرگەن ئەھۋال ئاستىدا ئىنسانلار ئۆزى بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ھەققىدە قايتا مۇلاھىزە قىلىشقا باشلىدى. بۈگۈنكى دەۋرگىچە ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت ئېكولوگىيەسى بىلەن بولغان ئېستېتىك مۇناسىۋىتىنى مۇنداق ئۈچ باسقۇچنى باشتىن كەچۈردى، دەپ قاراشقا بولىدۇ: بىرىنچى باسقۇچ، ئىلاھلاشتۇرۇلغان تەبىئەت گۈزەللىكى، ماددىلاشتۇرۇلغان تەبىئەت قارىشى ۋە تەبىئەت بىلەن ئىنسان بىرلەشكەن ئېكولوگىيە گۈزەللىكى. بۇ يەردىكى ئىلاھلاشتۇرۇلغان تەبىئەت گۈزەللىكى قارىشى دېگىنىمىز، ئانىمىزملىق قاراشتىن ئىبارەت بولۇپ، ئىپتىدائىي باسقۇچتىكى ئىنسان بىلەن تەبىئەتنىڭ بىرلىكى قارىشىدا ئىنسانلار دۇنيادىكى تۈرلۈك - تۈمەن شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى ئىلاھنىڭ باشقۇرۇشى ئاستىدا بولىدۇ. شۇڭا تەبىئەتتىكى تۈرلۈك شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى ئىنسانغا ئوخشاش ئىلاھىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە ياكى مەلۇم دەرىجىدىن تاشقىرى ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئىنسانلار تەبىئەت دۇنياسىدىكى شەيئىلەرگە قارىتا بىر خىل ئالاھىدە ئۇلۇغلاش پوزىتسىيەسىدە بولغان. بۇ باسقۇچتا تەبىئەت ئىنسانلار زۆرۈر بولغان تۇرمۇش ۋاسىتىلىرىنىڭ مەنبەسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئۇلارنىڭ مەنىۋى ئېتىقادىنىڭمۇ ئوبيېكتى بولغان.

ئىككىنچى باسقۇچ، ئىنسانلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە بازار ئىگىلىكى سىستېمىسىنىڭ مۇكەممەللىشىشىگە ئەگىشىپ سانائەت جەمئىيىتىنىڭ سۇبيېكت، ئوبيېكت ئىككى ئامىللىق

ئېستېتىك قارىشى يېتەكچى ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. سانائەتنىڭ تەبى-
ئەتكە قارىتا بۇ خىل ئوشۇقچە ئىقتىسادىي تەلپى ۋە ئۇنى تېز
ئۆزگەرتىشتە ئادەملەشتۈرۈلگەن تەبىئەتنىڭ ئەسلىدە بار بولغان
ئەمەلىي ئىشلىتىش ۋە ئېستېتىك ئىككى تەرەپنىڭ بىرلىككە كې-
لىشى بىلەن تەبىئەت ئوبيېكتىنىڭ قىممىتى ئاخىرقى ھېسابتا
بىر تەرەپلىمە ھالدا شۇ تەبىئىي شەيئىنىڭ ئۆزى تەمىنلىگەن ئىق-
تىسادىي مەنپەئەت ئىچىگە مەركەزلەشتۈرۈلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن تە-
بىئەت پۈتۈنلەي ئىقتىسادىي پائالىيەتنىڭ ئوبيېكتى سۈپىتىدە قا-
رىلىدۇ. نەتىجىدە، ئۇ پەقەت سودا قىممىتىگىلا ئىگە بولۇپ، باشقا
قىممەتكە ئىگە بولمايدۇ. شۇڭا ئاتالمىش تەبىئەت گۈزەللىكى ما-
ھىيەتتە ساياھەتچىلىك سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىش بىلەنلا چەك-
لىنىپ قالىدۇ. تەبىئەتكە قارىتا بۇ خىل بىر تەرەپلىمە چۈشىنىش
ئىقتىساد ئاساس قىلىنغان تەبىئەت قارىشىنى شەكىللەندۈرىدۇ.
كىشىلەر ئۆزلىرىنى ئىقتىسادىي پايدا - مەنپەئەت بىلەن تەمىنلىگەن
تەبىئەتكە پەقەت ئادەتتىكى تاۋارغا ئوخشاشلا مۇئامىلە قىلىدۇ.

ئۈچىنچى باسقۇچ، ئېستېتىك پائالىيەتنىڭ ئىنكار قىلىش يە-
نە ئىنكار قىلىشتەك جەريانىنى تاماملىشى. بۈگۈنكى دەۋرنىڭ ئې-
كولوگىيەلىك ئېستېتىك قارىشىدا تەبىئەت ھەرگىزمۇ نوقۇل تە-
بىئەت بولماستىن، بەلكى يەنە ئىنسان بىلەن تەبىئەتنىڭ ماس -
ئىناق بىرلىككە ئومۇملاشتۇرۇلىدۇ. ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت ھەق-
قىدىكى ئەنئەنىۋى قىممەت قارىشى كۆپىنچە تەبىئەتنى ئىگىلىۋې-
لىش، بۇلاپ - تالاش ئوبيېكتى قىلىۋالغان. غەيرىي ئېكولوگىيە
مەدەنىيلىك تەرەققىياتىنىڭ يېتەرسىزلىكى تەبىئەتنىڭ ئېكولو-
گىيەلىك قىممىتىگە سەل قاراپ، ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بەرمىگەنلى-
كىدە. ئېكولوگىيە مەدەنىيىتى ئادەمنىڭ قىممىتى بىلەن تەبىئەت-
نىڭ قىممىتىنىڭ تەڭپۇڭ ھالدا تەرەققىي قىلىشىنى تەشەببۇس

قىلىدۇ. ئېكولوگىيەلىك تەڭپۇڭلۇق بىلەن ئىناق، سىجىل تەرەققىيات بولسا تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئەڭ زور قىممىتىنى ئىپادىلەش بىلەن بىللە، يەنە ئىنسانلارنىڭ ئۆزىنىڭ يۈكسەك قىممىتىنىمۇ نامايان قىلىدۇ. تەبىئەت گۈزەللىكىنى ئېكولوگىيەلىك مەنە جەھەتتىن كۆزەتكەندە گۈزەللىك ھەرگىزمۇ بىرەر يەككە ھاياتلىق تۈرىنىڭ ئۆزىدە بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭ يەككە مەۋجۇتلۇقىنىڭ باشقىلار بىلەن ئىناق ۋە تەڭپۇڭ ئۆتەلىشىدە ئىپادىلىنىدۇ. ئېكولوگىيە ئېستېتىكىسى تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھاياتلىق تۈرلىرىنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىگە ئەھمىيەت بېرىپ، ھاياتلىقنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە تەرەققىياتى نۇقتىسىنى چىقىش قىلىپ تەبىئەت گۈزەللىكىنى كۆزىتىدۇ.

بۈگۈنكى زامان ئېكولوگىيە ئېستېتىكىسى تەبىئەت بىلەن ئىنساننىڭ ئورتاق مەۋجۇت بولۇش مۇناسىۋىتىنى چىقىش قىلغان ھالدا گۈزەللىكنىڭ ماھىيىتىنى تەتقىق قىلىدۇ. تەبىئەتتىكى ھاياتلىق تۈرلىرى ئۆزىنىڭ ئىچكى ئايلىنىش سىستېمىسى ۋە تەڭشىلىنىش ھالىتىگە ئەھمىيەت بەرگەن ئاساستا گۈزەللىكنىڭ قىممىتىنى بېكىتىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسىي پىرىنسىپى بولسا تەبىئىي مۇھىتنى مۇستەقىل گۈزەللىك نۇقتىئىنەزىرى بويىچە كۆزىتىش ئارقىلىق ئىنسان بىلەن تەبىئەت ۋە جەمئىيەتنىڭ زىچ بىر گەۋدىلىك مۇناسىۋىتىنى قايتا قۇرۇشتىن ئىبارەت. تەبىئەت دۇنياسى ئىنسانلار مەۋجۇتلۇقىنىڭ زۆرۈر مۇھىتى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىنسانلار ھاياتى ئۈچۈن مۇنداق ئىككى خىل قىممەتكە ئىگە: بىرى، ئىنسانلار ماكانىنىڭ مۇھىتى بولۇش قىممىتى؛ يەنە بىرى، ئىنسانلارنىڭ ماددىي ئىشلەپچىقىرىشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان خام ماتېرىيالدىن ئىبارەت. بۇنىڭ ئىچىدىكى مۇھىت قىممىتى بولسا بىر خىل غەيرىي سەرپىياتلىق قىممەتكە، يەنى مەۋجۇدىيەت خاراك-

تېرلىك قىممەتكە ئىگە. بۇنىڭ سەۋەبى ئۇ پەقەت ئۆز مەۋجۇتلۇ-
قىنى ساقلىغاندىلا ئاندىن ئۆزىنىڭ ھەقىقىي قىممىتىنى ئەمەلگە
ئاشۇرالايدۇ. ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكىنىڭ يېڭىچە كۆزقارىشى ئار-
قىلىق ئېكولوگىيە ئېستېتىكىسىنى تەتقىق قىلىش بىر خىل يې-
ڭى تەپەككۇر شەكلى بولۇپ، ئۇ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئېستېتىكى-
سى تەتقىقاتىدىمۇ ئۆزىگە خاس يېڭى مەنىگە ئىگە.

ئىنسانلار ئۇزاق تارىختىن بۇيان ئۆزلىرىنىڭ نادان، ياۋۇزلۇقى
ياكى نەپسانىيەتچىلىكى سەۋەبلىك پەقەت كۆز ئالدىدىكى ماددىي
مەنپەئەتنىلا كۆزلەپ تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش ئوبيېكتى ياكى
ۋاستە دەپ قاراشنىڭ تەسىرىدە ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ قارىمۇ-
قارشىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولسا، ئېكولوگىيە ئېستېتى-
كىسى تەبىئەتنى ئۆز قانۇنىيىتى ۋە مەۋجۇتلۇق قىممىتىگە ئىگە
ئورتاق گەۋدە سۈپىتىدە تونۇپ، ئۇنىڭغا يېڭىچە مۇئامىلىدە بولۇپ
كەلدى. ئېكولوگىيە ئېستېتىكىسىدا تەبىئەت سىمۋوللۇق ياكى
تەربىيەلەش ئەھمىيىتىگە ئىگە. ئۇ، ئىنسانلارغا ساغلام، ئاددىي ـ
ساددا خىسلەتنى ئۆگىتىپ، ئۇلارنىڭ قەلب دۇنياسىنى تەبىئىي
ھالدا پاكلاشتۇرىدۇ، ئۇلارنى تەربىيەلەيدۇ.

ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، روھ بىلەن تەن ئوتتۇرىسىدىكى
زىددىيەت بۈگۈنكى دەۋردە ئېستېتىكا مەدەنىيىتىنىڭ قۇرۇلما
شەكلى ۋە ھەرىكەت نەتىجىسى بولغان ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئىن-
پادىلەش باش تېمىسىنى ھاسىل قىلىدۇ. ئېكولوگىيە تەنقىدچى-
لىكى تونۇش نەزەرىيەسى جەھەتتە تەبىئىي مۇھىتنىڭ بىرلەمچى
قىممىتىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، جەمئىيەتنى بىر تەرەپلىمە
زامانىۋىلاشتۇرۇش مۇساپىسىگە قارىتا چوڭقۇر ھەم مۇقىم بولغان
ئىنسان بىلەن تەبىئەتنىڭ زىددىيەتلىك بولۇشىدەك غەيرىي نورمال
ئىدىيەۋى قاراشلار بىلەن ھېساب ـ كىتاب قىلىشىدۇ. ئېكولوگى-

يە ئېستېتىكىسىنىڭ نەزەرىيەسىگە ئاساسلانغاندا ئېكولوگىيە تەن-قىدچىلىكى ئەسەر تېكىستىنى دەلىللىگەن ۋاقىتتا شۇ تېكىستتە ئىنسان بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ ئىپادىلىنىشىگە ئەھ-مىيەت بېرىپلا قالماستىن، بەلكى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئېكولوگىيە نۇقتىئىنەزىرى ئارقىلىق ئەسەر تېكىستىگە يوشۇرۇنغان ئىجتىما-ئىي ئارقا كۆرۈنۈش مەدەنىيەت مەنبەسى ۋە روھىي قاتلاملارنى چوڭقۇر قېزىپ چىقىدۇ.

## 6. ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكىنىڭ پىرىنسىپ قۇرۇلمىسى ۋە نەزەر دائىرىسى

20 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ ئىنسانلارنىڭ مەۋجۇتلۇق مۇشكۇلاتىنىڭ كۈنسېرى ئېغىرلىشىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ ئەدە-بىيات ساھەسىنىڭ ھاياتلىقتا بولغان كۆڭۈل بۆلۈشى تىراگېدىيە-لىك تۈس بىلەن تولدى. ئىلگىرى ھەممە يەرنى قاپلىغان ساپ ئىنسان مەركەز قىلىنغان ئەدەبىي تەنقىدچىلىك تېز سۈرئەتتە سەپتىن چۈشۈپ قالدى. بۇرۇنقى ھە دېسىلا شەكىلەن ئومۇملاشتۇ-رۇلغان تەنقىدچىلىك ئۆز رولىنى يوقاتقان ۋاقىتتا ئەدەبىي تەن-قىدچىلىكنىڭ نەزەر دائىرىسى بەلگە ياكى تېكىستنىڭ سىرتىدىكى تېخىمۇ كەڭ بولغان زېمىنغا يۆتكىلىشكە باشلىدى. ئەدەبىي تەن-قىدچىلىك بۇرۇنقى تەنقىدچىلىك تەجرىبىخانىسىدىن رېئال دۇنيا-غا يۈزلىنىپ ھەقىقىي كىشىلىك ھايات مەسىلىلىرىگە يۈزلەندى. بۇ جەھەتتە ۋەكىللىك خاراكتېرگە ۋە دۇنياۋى تەسىرگە ئىگە بول-غىنى ك.ج.ۋارون ۋەكىللىكىدىكى فېمىنىزم تەنقىدچىلىكى، كا-رولىن مېرچانت ۋەكىللىكىدىكى ئېكولوگىيە فېمىنىزم تەنقىد-

چىلىكى، ئېدۋارد سەئىد ۋەكىللىكىدىكى مۇستەملىكە تەنقىدچى-لىكى، مىچىل فۇك ۋەكىللىكىدىكى كېيىنكى مەدەنىيەت روھى تارىخىي تەنقىدچىلىكى ۋە ماركوس ۋەكىللىكىدىكى غەرب ماركسىزملىق ئېستېتىكا تەنقىدچىلىكى، ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش بىر قاتار ئىلمىي ئېقىملارنى بارلىققا كەل-تۈردى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكىنىڭ بارلىق-قا كېلىشىدە بەلگىلىك رول ئوينىدى.

1. ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىك پىرىنسىپىنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە ئۇنىڭ كېڭەيتىلىشى

ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكى بىر خىل يېڭىچە تۇسكە ئىگە ئە-دەبىيات ۋە مەدەنىيەت تەنقىدچىلىكى بولۇپ، ئۇ دەسلەپ ئامېرى-كىدا بارلىققا كەلگەن. 20 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىنىڭ ئوتتۇ-رىسىغا كەلگەندە ئۇنىڭ ئۇسۇل ۋە پىرىنسىپلىرى ئاساسىي جە-ھەتتىن شەكىللەندى. ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكى دېگەن بۇ ئاتال-غۇنىڭ ئىلمىي تەبىرلىرى ئىچىدە كۆپ سانلىق كىشىلەر قوبۇل قىلالىغان تەبىر ـ چۈشەنچە ئامېرىكىلىق چېيلىر گىلوفىردىنىڭ: «ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكى ئەدەبىيات بىلەن تەبىئىي مۇھىت ئوت-تۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى مۇھاكىمە قىلىدىغان تەنقىدتىن ئىبا-رەت» دېگەن قارىشىدۇر.

ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكى ئېكولوگىيە ئىلمى بىلەن ئەدەبى-يات ـ سەنئەتشۇناسلىق تەتقىقاتى زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن تەنقىدچى-لىك بولۇپ، ئۇ ئىلمىي ئۇسۇل جەھەتتىن ئىلگىرىكى ئىجتىمائىي تەنقىد روھىي ئانالىز تەنقىدچىلىكى، ئەپسانە تىپى تەنقىدچىلىكى ياكى باشقىلارغا ئوخشايدۇ. ئۇ ھەرگىزمۇ بۇ ئىككى پەننىڭ ئاددىي ھالدىكى بىرلىشىشى بولماستىن، بەلكى ئۆزىگە خاس مۇستەقىل

ئىچكى مەنىگە ئىگە. گەرچە بىر قىسىم ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىرى ئۆز ئەمەلىيىتى جەريانىدا ئېكولوگىيە تەتقىقاتىنىڭ بەزى ئېقىم-لىرىدىكى مۇھىت ئىلمى تەتقىقاتىنىڭ سانلىق ھۆججەتلىرىنى قوللانسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا مۇھىت ئىلمىغا خاس تەركىبلەر ئا-ساسىي ئورۇندا ئەمەس. ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىرىنىڭ قوللىنىدى-غىنى تەبىئىي پەنلەرنىڭ كونكرېت سان ـ سىپىر ياكى دوكلات خاراكتېرلىك تەتقىقات ئۇسۇلى بولماستىن، بەلكى ئېكولوگىيە ئىلمىنىڭ ئاساسىي ئىدىيەسى بولغان ئېكولوگىيە پەلسەپىسى، ئېكولوگىيە ئەخلاقى ۋە ئەدەبىي تەنقىدچىلىكنىڭ نەزەرىيەۋى ئا-ساسىدۇر. ئېكولوگىيە تەنقىدچىسى كارل كىلوبول بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكى ھەرگىزمۇ ئېكولوگى-يە، بىيوخىمىيە، ماتېماتىكا قاتارلىق پەنلەرنىڭ تەتقىقات ئۇسۇلى-نى ئەدەبىياتقا تەتبىقلاپ مۇھاكىمە قىلمايدۇ. بەلكى ئۇ ئېكولوگى-يە پەلسەپىسىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ئۇقۇملىرىنى ئەدەبى تەنقىدچى-لىككە ئېلىپ كىرىدۇ.»

1) ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكىنىڭ ئىدىيەۋى پىرىنسىپى

«ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكىنىڭ مۇھىم ئىدىيەۋى پىرىنسىپى مەدەنىيەتنىڭ يەر شارى ئېكولوگىيەسىگە قانداق تەسىر كۆرسەت-كەنلىكىنى تارىخىي يوسۇندا ئېچىپ كۆرسىتىشتىن ئىبارەت.»[1] ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكى ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي مەدەنىيەت بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئىلمىي كۆزىتىشتىن ئىبارەت مۇشۇ پىرىنسىپىنى چىقىش قىلىدۇ، ئۇ، ئەدەبىيات دۇنياسىنى ئىن-سانلارنىڭ رېئال ھاياتى ۋە تەبىئىي مەۋجۇتلۇقىنى ئۆز قىممەت خاھىشى ئۇچۇن مەنتىقلىق يىپ ئۇچى قىلىپ، ئۇنى ئۆز تەشەب-

[1] جوناسىن لېۋىن: «ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكى»، 1999 ـ يىلى ئىنگلىزچە نەشرى 1098 ـ بەت.

بۇسى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرىدۇ. بىر خىل ئەدەبىيات ۋە مەدەنىيەت ھادىسىسى بولغان ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكى ماھىيەتتە ئۆزىگە خاس ئالاھىدە قىممەتكە ئىگە بولغان مۇھىم ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان. ئۇ بولسىمۇ ئەدەبىياتنى ۋاستە قىلىش ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيىتىگە قايتا نەزەر سېلىش ھەمدە ئەمەلىي بولغان مەدەنىيەت تەنقىدچىلىكى ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، نۆۋەتتىكى ئىنسانلارنىڭ ئىدىيەسى، مەدەنىيىتى، ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئەندىزىسى قاتارلىقلارغا قانداق تەسىر كۆرسىتىش، ھەتتا ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتكە بولغان پوزىتسىيەسى ۋە ھەرىكىتىنى بەلگىلەش، تەبىئىي مۇھىتنىڭ ناچارلىشىپ كېتىشى ۋە ئېكولوگىيە كرىزىسى قاتارلىقلارغا كۆڭۈل بۆلۈش، ئۇلارنى كۆزىتىش جەريانىدا نۆۋەتتىكى ئىنسانلار مەدەنىيىتى سىستېمىسىدىكى يېتەرسىزلىكلەرنى تېپىپ چىقىشتىن ئىبارەت. داڭلىق ئېكولوگىيە مۇتەپەككۇرى دونالد ۋورست مۇنداق دېگەن: «بىز بۈگۈنكى كۈندە يۈزلىنىۋاتقان يەر شارى خاراكتېرلىك ئېكولوگىيە كرىزىسىنىڭ سەۋەبى ئېكولوگىيە سىستېمىسىنىڭ ئۆزىدە بولماستىن، بەلكى بىزنىڭ ئىدىيە ۋە مەدەنىيەت سىستېمىمىزدا. بۇ خىل كرىزىستىن قۇتۇلۇش ئۇچۇن ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە بىزنىڭ مەدەنىيىتىمىزنىڭ تەبىئەتكە قانداق تەسىر كۆرسىتىۋاتقانلىقىنى ئېنىق چۈشىنىشىمىز كېرەك. ئېكولوگىيە بىلەن مەدەنىيەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىدىغان تارىخشۇناسلار، ئەدەبىي تەنقىدچىلەر، ئىنسانشۇناسلار، پەيلاسوپلارنىڭ ھەممىسى گەرچە بىۋاسىتە مەدەنىيەت ئۆزگىرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرالمىسىمۇ، لېكىن ئۇلار بىزنىڭ بۇ خىل مەدەنىيەت ئۆزگىرىشىنىڭ ئالدىنقى شەرتىنى چۈشىنىشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ.»[1]

---

① دونالد ۋورست: «تەبىئىي بايلىق: مۇھىت تارىخى ۋە ئىقتىسادىي تەسەۋۋۇر»، ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتى 1993 ـ يىلى ئىنگلىزچە نەشرى 27 ـ بەت.

ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكىنىڭ كونكرېت پرىنسىپلىرى ئاساسەن ئۇنىڭ تەنقىد ئۇسۇلىنىڭ كۆپ خىللىق پرىنسىپى، تەنقىد ئەندىزىسىنىڭ پەن هالقىشچانلىق پرىنسىپى، تەنقىد كۆزنىكىنىڭ كۆپ ئامىللىق پرىنسىپى، تەنقىد نىشانىنىڭ ئەمەلىيەتچىل بولۇش پرىنسىپى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئۆزگىچە ئەھمىيەتكە ئىگە بولغىنى ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكىنىڭ قايتا ئويلىنىشچانلىق يىرىنسىپى، ئومۇمىي گەۋدىچانلىق پرىنسىپى ۋە ئەمەلىيەتچانلىق پرىنسىپىدۇر.

ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكىنىڭ قايتا ئويلىنىشچانلىق پرىنسىپى ئىنسانلارنىڭ تارىختىن بۇيانقى يېشىللىق ئىنقىلابى ئاڭ فورمىسىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىغا بىرلەشتۈرۈپ شەرھلەپ، ئىنسانلارنىڭ ئۆز - ئۆزى بىلەن باشقىلارنى، ئادەم بىلەن جەمئىيەت، ئادەم بىلەن تەبىئەت، ئادەم بىلەن زېمىن ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى قايتا بەرپا قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

2) ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكىنىڭ ئومۇمىي گەۋدىچانلىق پرىنسىپى

ئېكولوگىيەلىك ئەدەبىي تەنقىد ساھەسى مەدەنىيەت تەنقىدىگە كېڭىيىش جەريانىدا ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئوپېراتسىيە قىلغان ۋاقىتتا، ئۇنىڭ قىممىتى ئىنسانلارنىڭ ئەسلىي سۇبيېكتقا قايتىش خاھىشى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. ئېكولوگىيە پەيلاسوپلىرى نۆۋەتتىكى ئېكولوگىيە كرىزىسى كۈنسېرى ئېغىرلىشىۋاتقان دەۋرنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە تارىخىي شارائىتى ئاستىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بىر پۈتۈن گەۋدىچانلىق قارىشى ياكى بىر خىل ئېكولوگىيە ئورتاق گەۋدە قارىشى بولۇپ، ئۇ ئىنسانلار جەمئىيىتى بىلەن تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئۆز ئارا بىرلىككە كەلگەن ئەكس تە-

بىرلىك ئورتاق گەۋدىسىدۇر. ئىنسانلار تەبىئەتنىڭ مەھسۇلى، شۇنداقلا ئېكولوگىيە ئورتاق گەۋدىسىنىڭ ئورگانىك تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلۇق ۋە تەرەققىياتى ھەر ۋاقىت تەبىئەتتىن ئايرىلمايدۇ. شۇڭا بۇ خىل تەنقىدچىلىكتە مۇشۇ خىل بىر پۈتۈن گەۋدە قارىشىنى چىقىش قىلىپ ئەسەرنىڭ خاسلىقى ۋە ئوقۇرمەنلەرنىڭ قەلب دۇنياسى ئىپادىلىگەن خاسلىق كۆزىتىلىدۇ. شۇڭا ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكى ھازىرقى زامان جەمئىيىتىنىڭ مەدەنىيەت بۇرۇلۇشى جەريانىدا تەبىئەتتىكى تۈرلەرنىڭ ئورتاق بىرلىكىنى نەزەردە تۇتۇشتەك بىر پۈتۈن گەۋدىلىك مەيدانىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇ ئىلگىرىكى ئادەم ئۇقۇمىنى ئېكولوگىيە بىر پۈتۈن گەۋدە سىستېمىسى ئىچىگە قايتا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئادەم بىلەن ئېكولوگىيە ئورتاق گەۋدە سىستېمىسىنىڭ ھەر خىل ئامىللىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئىچكى باغلىنىشنى تەتقىق قىلىدۇ.

ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكىنىڭ بۈگۈنكى زامان گۇمانىتار پەنلىرى ساھەسىدىكى ئەڭ زور تۆھپىسى شۇكى، ئۇ ئەدەبىيات تەتقىقاتى ئۈچۈن ئومۇمىي گەۋدە خاراكتېرلىك پۈتۈنلەي يېڭى بولغان تەپەككۇرنى، يەنى ئېكولوگىيە پەلسەپىسى، ئېكولوگىيە ئېتىكىسى، ئېكولوگىيە ئەدەبىيات ـ سەنئەتشۇناسلىقى، ئېكولوگىيە ئېستېتىكىسى قاتارلىقلارغا دائىر ئىدىيەۋى پىكىرلەرنى ئېلىپ كەلدى، شۇنداقلا يەنە ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ساھەسىگە قارىتا ئۆز ئۈستىگە ئېلىشقا تېگىشلىك تەبىئىي بۇرچ تۇيغۇسى ۋە ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت ئېڭىنى بېغىشلىدى.

## 2. ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكى پرىنسىپىنىڭ بەرپا قىلىنىش جەريانى

ئامېرىكا ئالىمى جوسېف مېكېر 1974 ـ يىلى ئۆزىنىڭ

«مەۋجۇتلۇق كومېدىيەسى: ئەدەبىياتتىكى ئېكولوگىيە تەتقىقاتى» ناملىق ئەسىرىدە «ئەدەبىياتتىكى ئېكولوگىيە، يەنى ئەدەبىياتتا ئىپادىلەنگەن ئىنسان بىلەن باشقا تەبىئىي جانلىقلار تۇرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى مۇھاكىمە قىلىش، شۇنداقلا ئەدەبىياتنىڭ ئىنسانلار پائالىيىتى ۋە تەبىئىي مۇھىتقا قارىتا تەسىرىنى ئىنچىكە ھەم ھەقىقىي كۆزىتىش ۋە بايقاش كېرەك»[1] دەپ كۆرسەتكەن. ئاپتور بۇ ئەسەردە يەنە ئېكولوگىيەلىك قاراشلار ئارقىلىق قەدىمكى گىرېك دىراممىلىرى، دانتې، شېكىسپىر ھەمدە بۈگۈنكى زامان ئەدەبىي ئەسەرلىرى ھەققىدە قايتا مۇھاكىمە ئېلىپ بارغان. شۇ يىلى يەنە ئامېرىكا ئالىمى ك. كېلوبول غەرب تەنقىدچىلىك ساھەسىدە تەسىرى زور بولغان «ھازىرقى زامان تىلشۇناسلىق جەمئىيىتى ژۇرنىلى»دا ماقالە ئېلان قىلىپ «ئېكولوگىيە» ۋە «ئېكولوگىيەلىك تەنقىد» چۈشەنچىسىنى رەسمىي ھالدا ئەدەبىي تەنقىدچىلىككە ئېلىپ كىرگەن.

ئامېرىكا ئالىمى ۋېلىيام روكېرت 1978 ـ يىلى ئۆزىنىڭ «ئەدەبىيات ۋە ئېكولوگىيە: ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكىنىڭ بىر تەجرىبىسى» ناملىق ماقالىسىدە تۇنجى بولۇپ «ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكى» دېگەن ئاتالغۇنى قوللانغان. شۇنداقلا ئەدەبىيات بىلەن ئېكولوگىيەنى بىرلەشتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلىپ، ئەدەبىي تەنقىدچىلەر چوقۇم ئېكولوگىيەلىك نەزەرگە ئىگە بولۇشى كېرەكلىكىنى تەكىتلىگەن. 1985 ـ يىلى ھازىرقى زامان تىلشۇناسلىق جەمئىيىتى فېدرىك ۋېچ تۈزگەن «مۇھىت ئەدەبىياتى ئوقۇتۇشى: ماتېرىيال، ئۇسۇل ۋە پايدىلىنىش مەنبەلىرى»نى نەشر قىلدۇردى. بۇ كىتاب كېيىن ئالىي مەكتەپ دەرسخانىلىرىدا ئېكولوگىيە ئەدەبى-

---

① جوسف . ۋ . مىكېر: «مەۋجۇتلۇق كومېدىيەسى: ئەدەبىياتتىكى ئېكولوگىيە تەتقىقاتى»، نيۇيورك 1972 ـ يىلى ئىنگلىزچە نەشرى 9 ـ بەت.

ياتى دەرسى تەسىس قىلىنىشقا تۈرتكە بولدى. 1991 ـ يىلى ئەنگ ـ
لىيە لىۋېرپول ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورى بوت ئېكولو ـ
گىيەلىك نۇقتىئىنەزەر بويىچە رومانتىزملىق ئەدەبىياتقا بولغان
تەتقىقاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ «رومانتىزملىق ئېكولوگىيە» ناملىق
ئەسىرىنى نەشر قىلدۇردى. ئۇ بۇ كىتابىدا «ئېكولوگىيە تەنقىد ـ
چىلىكى» دېگەن ئاتالغۇنى «ئەدەبىياتتىكى ئېكولوگىيە تەنقىدچى ـ
لىكى» دەپ ئاتىدى. بۇ ئەسەرنىڭ بارلىققا كېلىشى ئەنگلىيە ئېكو ـ
لوگىيە تەنقىدچىلىكىنىڭ باشلانغانلىقىنىڭ بەلگىسى ئىدى.

1992 ـ يىلى ئامېرىكا نېۋادا ئۇنىۋېرسىتېتىدا «ئەدەبىيات ۋە
مۇھىت تەتقىقات جەمئىيىتى» قۇرۇلدى. بۇ خەلقئارا خاراكتېرگە
ئىگە ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىك ئىلمىي تەشكىلاتى بولۇپ، ئۇنىڭ
ئەنگلىيە، ياپونىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە ئەزالىرى بار ئىدى. بۇ
جەمئىيەت قىسقارتىلىپ ASL دەپ ئاتىلىپ، ھەر ئىككى يىلدا
بىر قېتىم كەڭ كۆلەملىك يىغىن چاقىرىپ نەتىجىلەرنى خۇلاسە ـ
لەش، تەجرىبىلەرنى ئومۇملاشتۇرۇش ئىلىپ بارغان. 1994 ـ يىلى
تەتقىقاتچى كېلوبول ئۆزىنىڭ «ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكى: روماذ ـ
تىك تەسەۋۋۇر، ئېكولوگىيەلىك ئاڭ» ناملىق مەخسۇس ئەسىرىدە
«ئېكولوگىيەلىك ئەدەبىي تەنقىدچىلىك»نى ئېنىق تەشەببۇس قى ـ
لىپ، ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى، بارلىققا كېلىش سەۋەبى، تەنقىد ئۇل ـ
چىمى، مەقسەت ـ بۇرچى قاتارلىق مۇھىم مەسىلىلەر ھەققىدە مۇ ـ
ھاكىمە ئېلىپ بارغان.

1995 ـ يىلى 6 ـ ئايدا خەلقئارا ئېكولوگىيەلىك مۇھىت
تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ تۇنجى قېتىملىق ئىلمىي مۇھاكىمە يە ـ
غىنى كولورادو ئۇنىۋېرسىتېتىدا چاقىرىلدى. يىغىندا 200 پار ـ
چىدىن ئارتۇق ماقالە قوبۇل قىلىنغان. شۇ يىلى تۇنجى ئېكولو ـ
گىيە تەنقىدچىلىك ژۇرنىلى «ئەدەبىيات ۋە مۇھىت: پەن ھالقىغان

تەتقىقات» نەشر قىلىندى. شۇ يىلى يەنە ئامېرىكا خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى پىروفېسسورى بۇيىر ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكىنىڭ ئابىدىسى بولغان «مۇھىت تەسەۋۋۇرى: ھېنرى، تەبىئەت ئەدەبىياتى ۋە ئامېرىكا مەدەنىيىتىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى» نى نەشر قىلدۇردى.

1996 ـ يىلى نىۋادا ئۇنىۋېرسىتېتى پىروفېسسورى كىلوفېرد ۋە فورملار باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن «ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىك ئوقۇشلۇقى» نەشر قىلىندى. 1998 ـ يىلى ئەنگلىيەلىك تەنقىدچى رىچارد كىرد ۋە سېمىرىچلەر باش تۈزگۈچىلىكىدىكى ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى «مۇھىتنى يېزىش: ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكى ۋە ئەدەبىيات» لوندوندا نەشر قىلىندى. شۇ يىلى يەنە بۇ تەشكىلاتنىڭ ماقالىلەر توپلىمى «زېمىننى ئوقۇش: ئەدەبىيات ۋە مۇھىت تەتقىقاتىنىڭ يېڭى يۈزلىنىشى» نەشر قىلىندى. ئامېرىكىدا ل. ئاندىرسون ۋە سكوت سىلوۋىكلار باش تۈزگۈچىلىكىدىكى «ئەدەبىيات ۋە مۇھىت: تەبىئەت ۋە مەدەنىيەت ئوقۇشلۇقى» ناملىق كىتاب نەشر قىلىنىپ ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينىدى. سىلوۋىك ئۆزىنىڭ بۇ ھەقتىكى قارىشىنى مۇنداق ئىپادىلىگەن: «80 ـــ 90 ـ يىللاردىن باشلاپ مۇھىت ئەدەبىياتى ۋە ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكى تەدرىجىي ھالدا يەر شارى خاراكتېرلىك ئەدەبىيات ھادىسىسىنى شەكىللەندۈردى. ئېكولوگىيە ئەدەبىياتى ۋە ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكىدىن ئىبارەت بۇ ئىككى يېڭى ئۇقۇم ژۇرنال، نەشر بۇيۇملىرى، ئىلمىي مۇھاكىمە سورۇنلىرى، ئىلمىي تورلار ھەمدە سان ـ ساناقسىز مەخسۇس تەتقىقات ماقالىلىرىدە زور كۆلەمدە ئىپادىلىنىپ چىقتى.»[1] ئامې-

① جاڭ يەنمېي، جياڭ شۆجې قاتارلىقلار: «ئېكولوگىيەلىك تەنقىدچىلىك»، خەلق نەشرىياتى 2007 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى 114 ـ بەت.

ـرىكا ئىندىيانا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورى پاترىك مورفى بۇ تەنقىدچىلىكنى خەلقئارالاشتۇرۇشنى تەكىتلىدى. 1998 ـ يىلى ئۇ باش تۈزگۈچىلىك قىلغان توپلام «تەبىئەت ئەدەبىياتى: دۇنياۋى خاراكتېرلىك مەجمۇئە» نەشر قىلىندى.

يېقىنقى ئون نەچچە يىلدىن بۇيان ئامېرىكىدىكى ئۇنىۋېرسىـ-تېتلاردا ئېكولوگىيە ئەدەبىياتى بىلەن ئەدەبىيات بىلەن مۇھىتقا مۇناسىۋەتلىك دەرسلەر بارغانسېرى كۆپەيدى. ھەتتا بەزى ئالىي مەكتەپلەردە 1 ـ يىللىقلاردىن تاكى ئاسپىرانتلىق باسقۇچىغىچە ئېكولوگىيە ئەدەبىياتىغا مۇناسىۋەتلىك دەرسلەر تالاپ ئوقۇتۇلىد-غان بولدى. بولۇپمۇ نىۋادا ئۇنىۋېرسىتېتى پۈتكۈل ئامېرىكا بويىـ-چە ئېكولوگىيە ئەدەبىياتى تەتقىقاتى ۋە ئوقۇتۇشىنىڭ مەركىزىگە ئايلانغان. 1999 ـ يىلى يازدا نەشر قىلىنغان «يېڭى ئەدەبىيات تا-رىخى»نىڭ ئېكولوگىيەلىك تەنقىدچىلىككە بېغىشلانغان مەخسۇس سانىدا بۇ ھەقتە نوپۇزلۇق ئالىملارنىڭ يېڭى قاراشقا ئىگە 10 پار-چە ماقالىسى ئېلان قىلىندى. 2000 ـ يىلى مورفى باش تۈزگۈ-چىلىكىدىكى ماقالىلەر توپلىمى «تەبىئەت خاھىشىدىكى ئەدەبىي تەنقىدنىڭ كېڭەيتىلگەن زېمىنى»، تورمىچ باش تۈزگۈچىلىكىدىكى «ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكىگە دائىر يېڭى ماقالىلەر»، بوتنىڭ «زې-مىن ناخشىسى» قاتارلىق بىر يۈرۈش ئەسەرلىرى نەشر قىلىندى. بۇلارنىڭ ئىچىدە بوتنىڭ «زېمىن ناخشىسى» ئىلگىرىكى ئەسەرلەر-دىن زور پەرق ۋە خاسلىققا ئىگە بولدى. بۇ ئەسەردە يېڭى تەنقىد-چىلىك خاھىشىنى رومانتىزملىق ئەدەبىياتتىن 20 ـ ئەسىردىكى پۈتكۈل غەرب ئەدەبىياتىغا كېڭەيتىش بىلەن بىللە، ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىك نەزەرىيەسىگە قارىتا تېخىمۇ چوڭقۇر مۇھاكىمە ئې-لىپ بېرىلدى. 2000 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ئېرلاندىيە كوك ئۇنى-ۋېرسىتېتىدا كۆپ خىل پەنلەر بويىچە خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھا-

كىمە يىغىنى چاقىرىلدى. يىغىن تېمىسى مۇھىتنىڭ قىممىتىگە مەركەزلەشتى. شۇ يىلى 10 ـ ئايدا جۇڭگو تەيۋەننىڭ يەنجاڭ ئۇنى-ۋېرسىتېتىدا ئىككى ھەپتە داۋاملاشقان خەلقئارالىق ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىك مۇھاكىمە يىغىنى چاقىرىلدى. بۇ يىغىننىڭ تېمى-سى: «ئېكولوگىيە ھەققىدە بايانات» تىن ئىبارەت بولدى. يىغىن ئەھلى بىردەك «ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكىنى ئالىي مەكتەپ دەرسخانىلىرىغا ئېلىپ كىرىش»نى چاقىرىق قىلدى. 21 ـ ئەسىر كىرگەندىن بۇيان ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكى دۇنيادا تېخىمۇ كۆپ ئالىملارنىڭ كەڭ كۆلەملىك ئەھمىيەت بېرىشىگە ئېرىشتى. 2001 ـ يىلى لاۋرېنس بۇيىلنىڭ «خەتەر ئىچىدىكى دۇنيا ئۈچۈن يېزىش: ئامېرىكا ۋە باشقا ئەللەرنىڭ ئەدەبىيات، مەدەنىيەت ۋە مۇھىتى» ناملىق ئەسىرى نەشر قىلىندى. دەيۋ مېزىل ئۆزى تۈزگەن «ئېكو-لوگىيە تەنقىدچىلىك ئېراسى» ناملىق كىتابتا ئېكولوگىيە تەن-قىدچىلىكىگە قارىتا ئومۇمىيۈزلۈك نەزەر سېلىش ۋە خۇلاسىلەش ئېلىپ باردى. 2002 ـ يىلى ۋېرگىنىيە ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىيا-تى «ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكى ھەققىدە مۇھاكىمىلەر» قاتارلىق بىر يۈرۈش كىتابلارنى بازارغا سالدى. 2003 ـ يىلى 9 ـ ئايدا خەلقئارالىق مۇھىت ۋە ئەدەبىيات تەتقىقاتى جەمئىيىتى ASL نىڭ ئەنگلىيە شۆبىسى يىللىق يىغىن چاقىردى. يىغىننىڭ مۇھىم نۇق-تىسى ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكى، ئېكولوگىيە شېئىرشۇناسلىقى ۋە ئېكولوگىيە فېمىنىزمىغا مەركەزلەشتى. ئۇنداقتا ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكىنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتى زادى قانداق بولىدۇ؟ بۇ ھەقتە ئەنگلىيەلىك خوپكىن ئۆزىنىڭ «يېشىللىق قوشۇنى ئىچى-دە» ناملىق ماقالىسىدە مۇنداق دېگەن: «ئىجتىمائىي تەنقىدچىلىك، فېمىنىزم تەنقىدچىلىكى ۋە كېيىنكى مۇستەملىكە تەنقىدچىلىكى-نىڭ ئېكولوگىيە ھەققىدىكى مۇھاكىمىسى مۇقەررەر ھالدا ئەدەبىي

تەنقىدچىلىكنىڭ ئاساسىي ئېقىمىغا ئايلىنىدۇ»[1]، «بىز تارىخ ۋە رېئاللىقنىڭ بۇ خىل تەرەققىيات جەريانىغا گۇۋاھلىق بېرىشنى كۈتۈۋاتىمىز، ھامان بىر كۈنى ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكى ئاۋام تۇرمۇشى بىلەن زىچ بىرلىشىپ، ئۇنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە غايەت زور ئەھمىيەتكە ئىگە بىر قىسمى بولۇپ قالىدۇ.»[2]

## 7. ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكىنىڭ مۇھاكىمە ئەندىزىسى ۋە قىممەت ئىزدىنىشى

ئەدەبىيات بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتى تەتقىقاتى قانداقتۇر ئەمدىلا باشلانغان يېڭى ئىلىم ساھەسى بولماستىن، بەلكى ئەنئەنىۋىلىككە ئىگە كونا تېما. لېكىن ئۇ ئەدەبىيات ۋە ئەدەبىي تەنقىد ساھەسىدە ئېكولوگىيە مەسىلىسىنى رەسمىي تونۇش، شۇنداقلا ئەدەبىيات بىلەن ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكىنىڭ ئۆزئارا قوشۇلۇپ كېتىشىدىكى بىر زور تەرەققىياتتۇر. ئالدىنقى بابلاردىكى بايانلاردا كۆرسىتىلگەندەك 20 ـ ئەسىر گۇمانىزملىق تەنقىدچىلىكى ئۇزاق داۋاملىشىپ تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئىلىم ـ پەنگە قارىتا تار مەنپەئەتچىلىك مەدەنىيەت ئەۋزەللىكىنى كۆچەپ تەكىتلىگەن بولۇپ، مەقسىتى ئېنىق ۋە كەسكىن بولمىغان تەنقىدچىلىك ئىدى. ئىلىم ـ پەن ئىنسانلارغا غايەت زور ئۈمىد ـ ئىشەنچ ئېلىپ كېلىش بىلەن بىللە، يەنە ئۆزىنىڭ مەنىۋى ئاجىزلىقى سەۋەبلىك

---

① ② ۋاڭ نو: «ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكى ـــ تەرەققىيات ۋە مەنبە»، خەنزۇچە «ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 2002 ـ يىللىق 3 ـ سان 49 ~ 50 ـ بەتلەر.

بەلگىلىك ۋەھىمە ئېلىپ كەلدى. ئۇ، ئىنسانلارنىڭ ئەمەلىي مەسى-لىلىرىنى ھەل قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە نۇرغۇن يېڭى مە-سىلە ۋە مەدەنىيەت كىرىزىسىنىمۇ پەيدا قىلدى. مەسىلەن، گېن قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتى ئىنسانلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئۈچۈن گۇ-مانىي سوئال ۋە خىرىس ئېلىپ كەلدى. ئىلىم - پەن باشتىن - ئاخىر بىر تەرەپلىمە مەنتىق بويىچە دۇنيانى قېلىپلاشتۇرۇش ئار-قىلىق ئۇنىڭ قائىدىگە ئۇيغۇنلۇقىنى مەنتىقلىق ئىسپاتلىماقچى بولىدۇ. بۇ، ئىنسانلار مەدەنىيلىكىنى يوشۇرىدىغان يېتەرسىزلىك بولۇپ، ئىنسانپەرۋەرلىك قىممەت قارىشىغا خىلاپ بولۇپلا قالماس-تىن، بەلكى ئىنساننى ئۆزىنىڭ ئاخىرقى غايىۋى ئىنتىلىشىدىن يىراقلاشتۇرغانلىقتۇر. تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئورتاق گەۋدىلىك تە-رەققىياتى ۋە ماس - ئىناق بىللە تۇرۇشى ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى تەنقىدچىلىكىگە تايىنىپ ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. ئۇنداقتا، ئەدەبىيات دۇنياسىدىكى ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتى قانداق ئۆزگى-رىدۇ؟ يۇقىرىدا بىز 19 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى رومانتىزملىق ئەدەبىياتنىڭ مەدەنىيەت قارىشىنىڭ ئومۇمىيلىق جەھەت-تىن يېقىنقى زامانلىق كاتېگورىيەسىگە تەۋەلىكىنى كۆرسەتتۇق. رومانتىزملىق ئەدەبىيات ئىنساننىڭ ئەركىن ھاياتقا بولغان قىز-غىن ئىنتىلىشىنى تەبىئەتكە تايىنىش روھى ھەمدە ھاياتلىق ئىرا-دىسىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ خىل ئەدەبىيات ئەركىن روھنىڭ ئىلھامى ئاستىدا خاسلىقىنى تەكىتلەپ ئۆزلۈكنى مۇئەييەنلەشتۇرۇپ، ئىن-ساننىڭ مول ۋە نازۇك ھېسسىيات دۇنياسىنى نامايان قىلىپ، ئۇلارنىڭ تاشقى دۇنيا بىلەن بولغان يۈكسەك بىر گەۋدىلىكىنى ئىپادىلەپ، ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ شەخسىيەتچىلىك خا-ھىشىدىن قۇتۇلۇش ئارزۇسىنى ئىپادىلىگەچكە، غەرب مەدەنىيى-تىدە «ئىنسان»نىڭ ئوبرازى تېخىمۇ مول مەنە ۋە ئېنىق سۇبيېكت

ئېقىمغا ئىگە بولدى.

«ئېستېتىك قىممەتتىكى ئېكولوگىيە ئۆلچىمىنىڭ بارلىققا كېلىش ۋە پىشىپ يېتىلىشى ئىنسانلارنى ھامان كونا ئەندىزە ھەم يېڭى شەكىللىكى ئاخىرقى غەمخورلۇققا يۈزلەندۈرىدۇ.» ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكىنىڭ قىممەت ئىزدىنىشى ئوخشىمىغان ئىلمىي ئېقىملاردا ھەر خىل شەرھلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن ئېكولوگىيەلىك مۇھىتقا بولغان كۆڭۈل بۆلۈش ھەمدە ئىنسانلارنىڭ مەۋجۇتلۇق شەكلىگە قارىتا ئويلىنىش جەھەتتە يۈكسەك دەرىجىدە بىرلىككە ئىگە بولدى. بۇ ئېكولوگىزم بولسا 20 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىدىن كېيىن غەرب جەمئىيىتىدە بارلىققا كەلگەن ھاياتىي كۈچكە ئىگە بىر خىل سىياسىي ۋە ئىلمىي مۇھاكىمە ئىدى. گەرچە ئېكولوگىزمىنىڭ ئىدىيەۋى مەنبەسىنى غەربنىڭ 18 ~ 19 ـ ئەسىرلەردىكى رومانتىزم ھەرىكىتى ھەتتا ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى دەۋرلەرگە سۈرۈشكە بولسىمۇ، لېكىن ئۇ پەقەت دۇنياۋىلىشىش دولقۇنىنىڭ تەدرىجىي ئىلگىرىلەش جەريانىدا ئاندىن بىرقەدەر تېز تەرەققىياتقا ئېرىشتى ھەمدە بەلگىلىك سىياسىي ئەھمىيەتكە ئىگە قىلىندى.

1. ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكىنىڭ مۇھاكىمە ئەندىزىسى

ئېكولوگىزمىنىڭ ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ئەمەلىيىتى ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكىدە ئوخشاش بولمىغان ئالىملار ۋە ئوخشىمىغان ئىلمىي ئېقىملارنىڭ ئىدىيەۋى ئۇسۇلى ۋە قىممەت مەۋقەسىنىڭ پەرقلىنىشى سەۋەبلىك ئۇلاردا خىلمۇخىل پەرقلەر ئىپادىلىنىپ چىققان. ھايۋانات ھوقۇقى نەزەرىيەچىسى تام رېگىن (1938 ~ 1980) «ھايۋانات ھوقۇقى ۋە ئىنسانلارنىڭ خاتالىقى» ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلدۇرغان.

شۇنىڭدىن كېيىن «ئېكولوگىيەلىك ئۇيغۇنلۇق» ۋە «ئىنسانلارنىڭ خاتالىقى» گۇمانلىنىشقا بولمايدىغان ئىككى ھۆكۈمگە ئايلاندى. بۇنىڭ ئالدىنقىسىغا ئىنسان بىلەن غەيرىي ئىنسان دۇنياسىنىڭ ئۆزئارا تەسىرىنى چىقىش قىلغان بولۇپ، تەبىئىي ئېكولوگىيە سىستېمىسىنىڭ ساغلاملىقىنى مەقسەت قىلغان قىممەت قارىشى ئىزدىنىشى سىڭگەن بولسا، كېيىنكىسى ئىنسان شوۋىنىزملىق قارىشى ئاساسىدىكى تەلۋىلىكتىن بېشارەت بېرىدۇ.

بۈگۈنكى زامان غەرب ئەللىرىنىڭ گۇمانىستار ئىلىملىرى ساھەسىدە ئېكولوگىيە ئەڭ بۇرۇنقى ئىلىم دەپ قارىلىدۇ. مەسىلەن، ئۇ ئېكولوگىيە پەلسەپىسى، ئېكولوگىيە ئىلاھشۇناسلىقى، ئېكولوگىيە سىياسىيشۇناسلىقى، ئېكولوگىيە ئىقتىسادشۇناسلىقى، ئېكولوگىيە گۇمانىزمى، ئېكولوگىيە فېمىنىزمى قاتارلىق نۇرغۇن تارماق ئىلىملەرنى شەكىللەندۈرگەن. ئۇنداق بولسا ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكىنىڭ بايان ۋە مۇھاكىمە ئەندىزىسى قانداق ئالاھىدىلىككە ئىگە؟ ئۇنىڭ قىممەت خاھىشى ۋە ئىزدىنىشىدە يەنە قانداق ئوخشاشلىق مەۋجۇت؟

تەبىئىي يېشىللىق بىزنىڭ ماكانىمىز، شۇنداقلا يەنە ئىنسانلارنىڭ قەلب دۇنياسى ئارام تاپىدىغان شادلىق باغچىسى. «يېشىللىق مەڭگۈ يىمىرىلمەيدىغان سېھرىي كۈچكە ئىگە. ئۇ بەلكىم ئىنسانلارنىڭ ساغلاملىقىغا پايدىلىق بولۇشتەك بەلگىلىك زۆرۈريەتكە ئىگە بولغانلىقىدىن شۇنداقتۇر.»[①] ئىنسانلارنىڭ ۋاقىتلىق مەنپەئەتى ئۈچۈن يېشىللىققا بۇزغۇنچىلىق قىلىش قىلمىشى تارىختىن بۇيان ئىزچىل يۈز بېرىپ كېلىۋاتقانلىقتىن، بىز ئىن-

---

① پ.دېۋىنو: «ئېكولوگىيە ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، ئىلىم - پەن نەشرىياتى 1987 - يىلى خەنزۇچە نەشرى 221 - بەت.

سانلارنىڭ ھاياتىمىزدىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسە يېشىللىقنى قوغداش ئۈچۈن قىلغان تىرىشچانلىق ۋە چاقىرىقلىرىمىزمۇ ھېچ-قاچان توختاپ قالمىدى. 20 - ئەسىرنىڭ دەسلىپىدە ئامېرىكا مۇھىت قوغداش تارىخىدىكى ئىككى مۇھىم شەخس پىنكوت بىلەن مېئىللار بۇ ھەقتە جىددىي مۇنازىرە قوزغىغان. بۇ مۇنازىرىنىڭ سەۋەبى كالىفورنىيە ئىشتاتىنىڭ بىر باغچىسىغا تۇتاشقان خىچ - خىچ جىلغىسىغا سۇ ئامبىرى قۇرۇش پىلانىدىن كېلىپ چىققان. بۇ پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىشى بۇ جىلغىنى سۇغا چۆكتۈرۈش ئار-قىلىق كەلكۈن مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئېھتىياجىنى چىقىش قىلغان. پىنكوتنىڭ مەيدانى جىلغىغا توسما ياساپ نەچچە مىليون كىشىنىڭ سۇ ئىشلىتىش قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش بولۇپ، بۇ تەبىئىي بايلىقلاردىن مۇۋاپىق ئېچىش - پايدىلىنىش پىرىنسىپىغا ئۇيغۇن ئىدى. مېئىل بۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇرغان. ئۇنىڭ قارد-شىچە جىلغا قوغداشقا ئېرىشىلىشى، بۇ ئارقىلىق ئىنسانلار پائا-لىيىتىنىڭ تەبىئىي ئېكولوگىيەلىك مۇھىتقا قارىتا بۇزغۇنچىلى-قىدىن ساقلىنىش زۆرۈر ئىدى. بۇ تالاش - تارتىش پىنكوت ۋە-كىللىكىدىكى تەبىئىي بايلىقنى قوغداش ھەرىكىتى بىلەن مېئىل ۋەكىللىكىدىكى تەبىئىي مۇھىتنى قوغداش ھەرىكىتى كۈچلىرد-نىڭ بىر قېتىملىق تارىخىي خاراكتېرلىك توقۇنۇشى ئىدى. گەر-چە 1914 - يىلى ئامېرىكا يۇقىرى پالاتاسى بۇ قۇرۇلۇشنى ئاخىر تەستىقلىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئىككىيلەننىڭ مۇنازىرىسى ئەي-نى دەۋر ۋە كېيىنكىلەرگە تېخىمۇ زور ئويلىنىش ئېلىپ كەلگەن. زادى ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتىنى ئاساس قىلىپ مۇھىت قوغداش كېرەكمۇ ياكى تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئەسلىي قىممىتىنى چىقىش قىلىپ مۇھىت ئاسراش كېرەكمۇ، دىگەن مەسىلىدە پىنكوت «زې-مىننى ئېچىش» نامىلىق ئەسىرىدە تەبىئىي بايلىقلارنى قوغداش ئۈ-

قۇمىغا «ئىنسانلار مەدەنىيلىكىنى چىقىش قىلغان نېگىزلىك ماددىي بايلىق يۆنىلىشى. ئىنسانلارنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك مەنپەئەتى ئۈچۈن زېمىننى ئېچىش، پايدىلىنىش ھەمدە بۇ ھەقتىكى بىر خىل تەبىئىي بايلىق سىياسىتى» دەپ تەبىر بەرگەن. ئۇنىڭ يېتەكچى ئىدىيەسى زېمىن ۋە تەبىئىي ئورماندىن دۆلەت ۋە خەلقنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئېچىش - پايدىلىنىش كېرەك، دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. مېئىلىنىڭ تەشەببۇسى «تەبىئەتتىكى بارلىق تەبىئىي بايلىقلارنى پەقەت ئىنسانلار ئىشلىتىدىغان ماددىي تاۋار سۈپىتىدە تونۇش ئېغىر خاتالىق» دېگەن قاراشتۇر. ئۇ ئىزچىل تەۋرەنمەستىن تەبىئەتنىڭ قاقاسلىق روھى، گۈزەللىك قىممىتى ھەمدە باشقا جانلىقلارنىڭ مۇقىم قىممىتىنى قوغدىغان. ئۇ تەشەببۇس قىلغان «تەبىئەتنى قوغداش» قارىشى تەبىئىي مۇھىتنى ئىنسانلار تىرىكچىلىكى ۋە رىقابەتلىك تەرەققىيات پائالىيىتىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىدىن ساقلاپ قېلىش، ئۇنىڭ مەقسىتى قاقاسلىقتىكى جانلىقلارنى قوغداپ مۇھىتنىڭ ئەسلىي ھالىتىنى بۇزماسلىقتىن ئىبارەت. «مانا بۇ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداش ساھەسىدىكى ئىككى خىل قارىمۇقارشى ئىدىيە بولۇپ، بۇنىڭ ئالدىنقىسى تېخنىكا مەركەزچىلىك نەزەرىيەسىگە، كېيىنكىسى ئېكولوگىيە مەركەزچىلىك نەزەرىيەسىگە تەۋە ئىدى.»①

ھازىرقى زامان مۇھىتپەرۋەرلىكنىڭ تەرەققىياتى باشتىن - ئاخىر مۇشۇ ئىككى خىل ئىدىيەۋى ئەندىزە ۋە مۇھاكىمە قېلىپىنىڭ توقۇنۇشىدا بىرلىشىدۇ. بۇ ئىككى خىل ئىدىيە ۋە نۇقتىئىنەزەر شەكسىز ھالدا كېيىنكى ئېكولوگىيە ئەدەبىي ئىجادىيىتى ۋە

---

① جاڭ يەنمېي قاتارلىقلار: «ئېكولوگىيەلىك تەنقىدچىلىك»، خەلق نەشرىياتى 2007 - يىلى خەنزۇچە نەشرى 124 - بەت.

ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىك مۇھاكىمىسىنىڭ بەرپا قىلىنىشىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئوخشاش بولمىغان ئالىملار ئوخشىمىغان مەيداندا تۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىدىيەسى ئاساسىدا ئىنسانلارنىڭ ئىستىقبالى ۋە كەلگۈسى تەقدىرىگە ئالاقىدار بۇ زور مۇنازىرىگە قاتناشتى. 1962 ـ يىلى ئامېرىكا يازغۇچىسى كەرسېنىنىڭ «تىمتاس باھار» ناملىق ئەسىرى سانائەت جەمئىيىتىدىكى ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتىگە قارىتا تېخىمۇ كەسكىن تەنقىدىي مەيداننى ئىپادىلىگەن.

«ئېكولوگىيە سىستېمىسى خۇددى بىر تورغا ئوخشايدۇ. ئەگەر ھەربىر تور تۈگۈنىنىڭ ھەممىسى بىرقانچە تال يىپ ئارقىلىق تورنىڭ باشقا تۈگۈنى بىلەن ئۆزئارا باغلانسا، شۇ چاغدا بۇ مۇكەممەل ئۇلانغان تور چەمبىرى سىرتقى كۈچ تەسىرىدە يىمىرىلىشكە تاقابىل تۇرالايدۇ. ئەگەر بۇ تورنىڭ بىرقانچە يىپى ئۈزۈلۈپ كەتسە، ئۇ چاغدا بۇ ئاز يىپتا تۇتاشقان تور پۈتۈنلەي تۈگىشىدۇ. تەبىئىي مۇھىتنى ساغلام داۋاملاشتۇرۇشمۇ ھامان مۇشۇنداق كۆپ خىل ئامىللىق خاراكتېرگە تايىنىدۇ. چۈنكى بىزنىڭ ئۇنىڭ ھەرقايسى تەرەپتە كۆپ خىل ئامىللىققا ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلمەسلىكىمىز بىزنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك مەۋجۇتلۇقىمىزنىڭ ئۇنىڭغا تايانغانلىقىدىن بولغان.»①

ئېكولوگىيە ئىدىيەسىنىڭ تەرەققىيات ئۆزگىرىش مۇساپىسىنى ئەستايىدىل كۆزەتسەك يېقىنقى يېرىم ئەسىردىن بۇيانقى مۇھىتپەرۋەرلىك ھەرىكىتىنى مۇنداق ئىككى باسقۇچقا بۆلۈشكە بولىدۇ: دەسلەپكى مەزگىلدە يەنى 20 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرى

---

① دەيىۋ ئەففىرد: «گۇمانىزمنىڭ ساختىلىقى»، خەلقئارا مەدەنىيەت نەشرىيات شىركىتى 1988 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى 154 ـ بەت.

گەرچە قاقاس دالانى ئاسراش ـ قوغداش تەشكىلاتى «يەر شارى ئېكولوگىيەسى ئۈچۈن قاقاس دالانى قوغداش»نى ئاكتىپ تەشەببۇس قىلغان، شۇنداقلا بەزى ئالىملار تېخنىكا مەركەزچىلىك قارشىغا قارىتا ئىنكار خاراكتېرلىك تەتقىقات ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، لېكىن ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا ئاساسىي ئىدىيە يەنىلا پىنكوتقا يېقىنلاشقان. 1970 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن مۇھىتپەرۋەر زاتلار ئامېرىكىدا تۇنجى قېتىملىق «يەر شارى كۈنى» پائالىيىتىگە قاتناشقان. پائالىيەتنىڭ باش تېمىسى «يەر شارى مۇھىت ھالىتىنىڭ خاتالىقىنى جىددىي تۈزىتىش» بولۇپ، بۇ، دۇنيا مۇھىتپەرۋەرلىرىنىڭ كوللېكتىپ ئۆز ـ ئۆزىنى ئاشكارىلىشى ئىدى. بۇ پائالىيەت گەرچە مۆلچەردىكىدەك ئۈنۈمگە ئېرىشەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى ئېكولوگىيە مۇھاكىمىسىنى ئاۋامغا يۈزلەندۈرۈشكە تىرىشىش جەريانىدىكى غايەت زور يېڭىلىق دەپ قاراشقا بولىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ستوكھولمدا چاقىرىلغان خەلقئارا مۇھىت يىغىنى سەۋەبلىك ئامېرىكا ۋاستىلىرىنىڭ تۈرتكىسى ئاستىدا « ئېكولوگىيە دەۋرى» ئاخىر تار دائىرىدە ئۆز ـ ئۆزىگە سۆزلەش ھالىتىدىن ھالقىپ، ئاۋامنىڭ ئورتاق ئېتىراپ قىلىش ھالىتىگە ئۆزگەردى. «بىرىنچى قېتىملىق يەر شارى كۈنى» ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئالاقىدار پائالىيەتلەر ئېكولوگىزم ھەرىكىتىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكى مۇھاكىمە ئەندىزىسىنىڭ بەرپا قىلىنىشىغا قارىتا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن بىر بۆلۈك كەسپىي خادىملار ئالىم، پەيلاسوپ، يازغۇچى، تەنقىدچىلەر ۋە سىياسىيونلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى. 1973 ـ يىلى نېيس خەلقئارالىق پەلسەپە ژۇرنىلى «ئىزدىنىش»تە «تاشقى قاتلام ۋە چوڭقۇر قاتلامدىكى ئۇزاق مۇساپىلىك ئېكولوگىيە ھەرىكىتىدىن ئومۇمىي

چۈشەنچە» نامىلىق ماقالىسىنى ئېلان قىلدۇردى. ئۇ بۇنىڭدا ئاۋۋال مۇھىتپەرۋەرلىكنى قارىمۇقارشى ئىككى لاگېرغا، يەنى تاشقى قاتلامدىكى ئېكولوگىيە ھەرىكىتى ۋە چوڭقۇر قاتلامدىكى ئېكولو-گىيە ھەرىكىتىگە ئايرىغان. ئۇنىڭچە يۈزەكى ۋە تاشقى قاتلامدىكى ئېكولوگىيە ئىنسان مەركەزچىلىك ئىدىيەسىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ پەقەت ئىنسان مەنپەئەتىگىلا كۆڭۈل بۆلىدۇ؛ چوڭقۇر قاتلاملىق ئېكولوگىيە بولسا غەيرىي ئىنسان مەركەزچىلىك ئىدىيەسىگە ئا-ساسلانغان بولۇپ، ئۇ پۈتكۈل تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھاياتلىقنىڭ ئورتاق مەنپەئەتىنى چىقىش قىلغان. تاشقى قاتلامدىكى ئېكولوگى-يە مەخسۇس مۇھىت چېكىنىش ھالىتى، مۇھىت بۇلغىنىش، تەبى-ئىي بايلىقلارنىڭ خورىشى قاتارلىقلارغا كۆڭۈل بولسە، چوڭقۇر قاتلاملىق ئېكولوگىيە تەبىئىي مۇھىت كىرىزىسىنىڭ تۈپ مەنبە-سىنى سۈرۈشتە قىلىپ، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي سەۋەب، مەدەنىيەت ۋە ئىنسانىي خاراكتېر ئامىلىنى قېزىپ چىقىدۇ. ئەمەلىيەتتە تاشقى قاتلامدىكى ئېكولوگىيە ھازىرقى مەۋجۇت قىممەت قارىشى ۋە ئىج-تىمائىي تۈزۈمنى ياخشىلاشنى تەشەببۇس قىلسا، چوڭقۇر قاتلام-لىق ئېكولوگىيە ئىنسانلار مەدەنىيلىكىنىڭ تەرتىپىنى قايتا قۇ-رۇپ، ئۇنى تەبىئەت ئومۇمىي گەۋدىسىنىڭ بىر ئورگانىك قىسمىغا ئايلاندۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. 20 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللى-رىدىن بۇيان كەسكىن مۇھىتپەرۋەرلىك نەزەرىيە ۋە ئاۋام مۇھاكى-مىسىدە ئۇستۇنلۇككە ئىگە بولدى، شۇنداقلا ئېكولوگىزم ھەرىكى-تىنىڭ ئاساسىي ئېكولوگىزمىنى شەكىللەندۇردى. ئۇنىڭ ئىدىيە-ۋى خاھىشى ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكىنىڭ بارلىققا كېلىشى ئۈ-چۈن تېخىمۇ مۇستەھكەم نەزەرىيەۋى ئاساس ياراتتى.

## 2. ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكىنىڭ قىممەت ئىزدىنىشى

ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكى بۈگۈنكى زامان ئەدەبىي تەنقىدچى-لىكىنىڭ مۇستەقىل شەكلى بولۇپ، ئۇ ئىنسانلار ئىجتىمائىي پەنلەر نەزەرىيەۋى تەرەققىياتىنىڭ نەتىجىسى ۋە ئۇنىڭ مۇھىم بىر ئىپادىلىنىش شەكلىدۇر. ھەممىمىزگە مەلۇمكى، ئېكولوگىيە تەن-قىدچىلىكىنىڭ ئىدىيەۋى ۋە نەزەرىيەۋى ئاساسلىرىنىڭ بىرى ئې-كولوگىيە بولۇپ، ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئۆز قىممىتىنى تونۇش، دۇنيا-نى ئاڭلىق تونۇش، ئىنسان بىلەن تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىنىڭ ئۇنىۋېرسال ئىپادىلىنىشى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ تە-بىئەت قاراشلىرىنىڭ شەكىللىنىشى قاتارلىقلارنى بىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ ئۇزاق تارىخىي جەريانغا، ئەنئەنىۋىلىككە، ھا-زىرقى زامان تەبىئىي پەنلىرىنىڭ تەرەققىياتى بىلەن قويۇق مۇنا-سىۋەتكە ئىگە. شۇڭا ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر نوقۇل ئىجتىمائىي پەن ياكى مەدەنىيەت ئۆلچىمىنى ئاساس قىلىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە تەبىئەت نۇقتىئىنەزىرىنى چىقىش قىلىپ، چىنلىق، ياخشى-لىق، گۈزەللىك قوغلىشىدۇ.

تەبىئىي مۇھىت ئامىلىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەتكە بولغان تە-سىرى ھەققىدە ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئېكولوگىيەسى ئۆزىنىڭ ئوب-يېكتىغا قارىتا تۆۋەندىكى تۆت جەھەتتىن تەكشۈرۈش ئېلىپ بارى-دۇ: بىرىنچىدىن، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تە-رەققىياتىنىڭ ئەتراپتىكى تەبىئىي ئېكولوگىيەلىك مۇھىت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى. تەبىئىي ئېكولوگىيەنىڭ ئۆزگىرىشى ھەمىشە ئىجتىمائىي مەدەنىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە گۈللىنىش ـ يىمىرى-لىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئىككىنچىدىن، ئەدەبىيات ـ سەن-ئەت ئىجادىيىتى ئەلمىساقتىن بۈگۈنگىچە باشقا ھاياتلىق پائالى-يىتىگە ئوخشاش تەبىئەت دۇنياسىنى ئۆزىنىڭ ئىپادىلەش ئوب-

يېكتى قىلغان. بۇ ھال بۇگۈنكى زاماندىكى يازغۇچىلارنىڭ ئىجادىيىتىدە يەنىلا داۋاملىشىپ كەلمەكتە. ئۈچىنچىدىن، تەبىئىي مۇھىت جەمئىيەتتىكى كەڭ ئوقۇرمەن ۋە ئاممىنىڭ گۈزەللىك خاھىشى ھەم ئېستېتىك ھەۋەسگىمۇ تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭ كونكرېت جەريانى:

1) تەبىئەت ئورگانىك بىرلىككە كەلگەن ئومۇمىي گەۋدە بولۇپ، ئۇ ئۆزىگە خاس ھەرىكەت يۈنىلىشىگە ئىگە. تەبىئەتتىكى تۈرلۈك شەيئىلەر ئوتتۇرىسىدا ئومۇمىي گەۋدىلىك مۇناسىۋەت مەۋجۇت. قۇياش، ئاي، يۇلتۇز، يامغۇر، چاقماق، تاغ ـ دەريا ۋە زېمىندىن تارتىپ جانلىقلار ھەتتا ئىنسانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق جانلىق مەۋجۇدات، ھايۋانات، ئۆسۈملۈك ۋە مىكرو ئورگانىزملارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ ئومۇمىي گەۋدە ئىچىدىكى مەۋجۇتلۇق بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزىگە خاس قىممەت ۋە روھقا ئىگە، ھەممىسىنىڭ ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇق ھوقۇقى بار. ئۇلار پەقەتلا ئاشۇ بىرلىككە كەلگەن كائىنات روھىغا بويسۇنىدۇ.

2) ئىنسان يەر شارى ھاياتلىق چەمبىرىكىدە تەبىئىي مۇھىتقا تايىنىپ ئەڭ زور يۈكسەكلىككە ئېرىشكەن ئىدراكىي مەخلۇق ۋە ئالىي ھاياتلىق تۈرى، لېكىن بۇ پەقەتلا ئۇلارنىڭ تەبىئەت دۇنياسىنىڭ بىر پۈتۈنلۈك ئىچىدىكى مۇكەممەللىك گۈزەللىكىنى ئاڭلىق قوغدىشى، تېخىمۇ كۆپ مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشى، كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتنىلا كۆزلەپ تەبىئەتنى ئۆزى ئۈچۈن بويسۇندۇرۇپ، ئۇنىڭغا قارىتا تالان ـ تاراج ئېلىپ بېرىشتىن قول ئۈزۈشىنىڭ زۆرۈرلۈكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

3) ئىنسانلار نۆۋەتتە دۇچ كېلىۋاتقان ۋە كېيىن دۇچ كېلىدىغان غايەت زور ئېكولوگىيەلىك ئاپەتلەر ئىنسانلار مەدەنىيىتى ئومۇملاشقان يېقىنقى 2000 يىلدىن بۇيانقى، جۈملىدىن يېقىنقى

300 يىلى مابەينىدىكى ئىنسانلار ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى بولۇپ، ئۇنى پۈتۈنلەي ئىنسانلار ئۆزلىرى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ھازىرقى زامان ئىنسانلىرى ئۇنىڭغا قارىتا مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن چوڭقۇر ئويلىنىش ئېلىپ بېرىشى زۆرۈر.

4) ئېكولوگىيە كىرىزىسىنىڭ ھەل قىلىنىشى ئىنسانلاردىن ئۆزىنىڭ قىممەت قارىشى، تۇرمۇش ئۇسۇلى، مەدەنىيلىك خاھىشى قاتارلىقلارغا قارىتا تولۇق تەڭشەش ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ماھىيەتتە بىر مەيدان ئاڭ ـ ئىدىيە ۋە دۇنيا قاراش ئىسلاھاتى ھەم مەدەنىيلىك ئىنقىلابىدىن ئىبارەت.

5) روھىيەت نوقۇل ئىدراكىيلىق ئەمەس، شۇنداقلا نوقۇل ئىنسانىنىڭلا ئېڭىمۇ ئەمەس، بەلكى كائىناتتىكى بىر خىل ئەبەدىي مەۋجۇتلۇق. تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتى ھاياتلىقنىڭ مەقسەت ـ ئىنتىلىشى بولۇپ، ئىنسان خاراكتېرى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن تەبىئەتنى ئۈلگە قىلىپ، مۇكەممەللىك، گۈزەللىك، ماس، ئىناقلىق خاھىشىغا تەلپۈنىدۇ. روھىيەت ئېكولوگىيەسى بولسا يەر شارى ئېكولوگىيە سىستېمىسىدىكى مۇھىم بىر سان ۋە قىممەت ئۆزگەرتكۈچتۇر.

6) ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەبىئەتنىڭ تۇپرىقىدا يىلتىز تارتقان مەنىۋى ئابىدە، روھىيەت ئاسمىنىدا چېچەكلەپ پورەكلىگەن گۈل. ئۇ چىنلىق، ئادەمگەرچىلىك، ئىنسانىي پەزىلەتنىڭ نۇرلۇق مەشئىلى. دۇنيانىڭ يېرىمى بولغان ئاياللار ئەرلەرگە قارىغاندا تەبىئەتكە، سەنئەتكە تېخىمۇ يېقىن. ئۆز ئەنئەنىسىنى نىسبەتەن ساقلاپ كەلگەن مىللەتلەر بەزى تەرەققىي قىلىپ ئاتالمىش زامانىۋىلاشقان مىللەتلەرگە قارىغاندا تەبىئەتكە ۋە سەنئەتكە تېخىمۇ يېقىن. تار مەنپەئەتپەرەسلىك، ئىرقىي كەمسىتىش، جىنسىي كەمسىتىش، نامراتلارغا ئۆچ، بايلارغا ئامراق بولۇشلارنىڭ ھەممىسى ئېكولوگىـ

يە پىرىنسىپىغا خىلاپ.

7) سەنئەتنىڭ قىممىتىمۇ ماھىيەتتە شەيئىلەرنىڭ روھىيەت قىممىتى بولۇپ، ھەقىقىي سەنئەت روھى ئېكولوگىيە روھىغا باراۋەر. ئۇ، تەبىئىي جانلىقلارنىڭ ئۆزئارا ئىناق مەۋجۇتلۇقى ئاساسىدىكى ئېكولوگىيە روھىنى نامايان قىلىدۇ.

8) ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكى بەدىئىي تەسەۋۋۇرنى غايىۋى روھقا قارىتىدۇ، ئۇ تار مەنپەئەتپەرەسلىكتىن ھالقىغان دېموكراتىك روھقا ئىگە ئالاھىدە بىر خىل غايىۋى روھتىكى ئەدەبىيات - سەنئەت تەنقىدچىلىكىدۇر.

9) ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكى ئەسەرنىڭ ئۆزىنىڭ ئىچكى مەزمۇنىغا ئەھمىيەت بېرىدىغان تەنقىدچىلىك، ئۇ ئادەتتە فورمالىزم تەنقىدچىلىكى ۋە باشقا تۈردىكى تەنقىدلەرنى چەتكە قاقمايدۇ. چۈنكى ئېكولوگىيە ئىلمىنىڭ بىر ئاساسىي پرىنسىپى «كۆپ خىللىقنىڭ ئۆزئارا ماس، ئىناق ۋە ئورتاق مەۋجۇتلۇقى»دىن ئىبارەت. ئۇنىڭ قارشى تۇرىدىغىنى قوپال ۋە بىر تەرەپلىمە ھالدىكى تەبىئەت قورال - ۋاسىتىچىلىك ئىدىيەسى ۋە ئاچ كۆزلەرچە مەنپەئەتپەرەسلىكتىن ئىبارەت.

ئېكولوگىيە ئەدەبىياتى ۋە ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكى گەرچە ئۆزىنىڭ كۆپ خىللىقى ھەم روشەن خاسلىقىنى نامايان قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەن ھالقىش خاراكتېرىگە ئىگە بولغانلىقتىن ھەممە بارلىققا كەلگەن ئىدىيەۋى مەنبە، تەرەققىيات مۇساپىسىنىڭ ئوخشىماسلىقى سەۋەبىدىن ھەرقايسى دۆلەت، ھەرقايسى ئىلمىي ئېقىملاردىكى ئالىملار ئارقا - ئارقىدىن ئوخشىمىغان نۇقتىدىن ئۆز نەزەرىيەۋى پرىنسىپلىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ ئۆز تەشەببۇسلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكى «يېشىللىق مەدەنىيىتى تەتقىقاتى»، «مۇھىت ئەدەبىياتى تەنقىدچىلى-

كى»، «ئوقۇشلۇق كۆرگەزمە ئىلمى» دېگەندەك ناملاردىمۇ ئاتالغان. ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكى ھەرىكىتى ئاساسەن ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكىدا بارلىققا كەلگەن. ئەنگلىيە ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكىنىڭ ۋەكىلى بولغان جانناسېن بوت ئۆز تەتقىقاتىدا ئوستېن ۋە خاردېيلەرنىڭ ئەسەرلىرىدىكى ھاياتلىق دۇنياسىنى 19 - ئەسىردىكى ئەنگلىيە ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشىنىڭ بەلگىسى، ئۇ، ئەنگلىيەدە ئاممىۋى خاراكتېرلىك مۇھىت ئېڭىنىڭ داۋاملىشىشىنى نامايان قىلدى، دەپ قارىغان. ئەنگلىيە ئەدەبىيات تەتقىقاتى ئىزچىل تۈردە كۈچلۈك مەدەنىيەت تەنقىدچىلىك ئەنئەنىسىگە ئىگە بولۇپ كەلدى. ئانۇردتىن لىۋىسقىچە شۇنداقلا يەنە ۋېكانىسقىچە ئەدەبىي تەنقىدچىلىك باشتىن - ئاخىر ئىجتىمائىي تۇرمۇش بىلەن زىچ باغلىنىپ كەلدى. ئېكولوگىيە ئالىمى بوت «مەدەنىيەت» ئاتالغۇسىنىڭ مەنە ئۆزگىرىشىنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق ئىنسان بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋەت ئۆزگىرىشىنى تولۇق ئىگىلەپ ئەنگلىيە مەدەنىيەت تەنقىدچىلىك ئەنئەنىسىنىڭ يېشىللىققا بۇرۇلۇشىنى تاماملىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، «مەدەنىيەت» ئۇقۇمىنىڭ بىرىنچى تۈردىكى مەنىسى: يەرلىك، تەبىئىي يېزا ئىگىلىكىنىڭ، يېزا - كەنتنىڭ دېگەن مەنىدە؛ ئىككىنچى تۈردىكى مەنىسى ئىجتىمائىي تەرەققىيات، شەھەر، شەھەرلىشىشكە ئۆزگىرىش جەريانى دېگەندەك مەنىلەرگە ئىگە.

ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكىنىڭ ئاساسىي ئېقىمى ئامېرىكىدا بارلىققا كەلگەن، لېكىن ئامېرىكىدىكى بۇ خىل تەنقىدچىلىك پىكىر ئېقىمىدىمۇ بەزى ئوخشاش بولمىغان سادالار مەۋجۇت. ئامېرىكا ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكىدىكى ۋەكىللىك شەخس بۇيىلدىن سىرت يەنە ئېلگان ئۇنىۋېرسىتېتىدىن گىرىنى ئا. راف، كىلوفىرد، ئېدمىل قاتارلىقلارمۇ بار. گىرېنى ئا. راف: تەبىئەت دۇنياسىنى ۋە تەبىئىي پەن بىلىملىرىنى ئىگىلەش مۇھىت ئەدەبىياتى

تەتقىقاتىغا نىسبەتەن ئىنتايىن مۇھىم، دەپ قارىغان. كۆپلىگەن ئالىملار ئۇنىڭ بۇ كۆزقارىشىنى قوللىغان، ئۇنىڭ بۇ مەسىلىنى سىستېمىلىق ۋە ئەتراپلىق شەرھلىگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغان. رافنىڭ قارىشىچە، ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكىنىڭ ئىدىيەۋى ئاساسى تەدرىجىي تەرەققىياتلىق بىيولوگىيەنىڭ ئەندىزىسى بولۇپ، ئۇ نوقۇل پەنچىلىككە قارشى تۇرۇپ، ئىجتىمائىي بىيولوگىيەنىڭ ئۇنىۋېرساللىقىنى ئىپادىلىگەن. بۇ خىل تەنقىدچىلىكتە لاۋرېنىس بۇئىل، گىرېنىي راف، ئېدمىر قاتارلىقلار بىلەن پۈتۈنلەي قارىمۇ-قارشى ئېقىمدىكىلەرنىڭ ۋەكىلى دەننا فىلىپتۇر. فىلىپ ئۆزىنىڭ «ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكى ئەدەبىيات نەزەرىيەسى ۋە ئېكولوگىيە-نىڭ ھەقىقىيلىقى» ناملىق ماقالىسىدە ئېدمىر، گىراف ۋە بۇ-ئىللارنىڭ تەشەببۇسلىرىنى باشقا نۇقتىدىن مۇھاكىمە قىلغان.

ئوخشىمىغان ئىككى ئېقىمدىكى ئالىملار بەس-مۇنازىرە قىلغان يادرولۇق مەسىلە ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكىنىڭ ئۇسۇلى مەسىلىسى، يەنى ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئۇ-سۇل ۋە ۋاستىسى بارمۇ-يوق، ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكى ئۆزى-نىڭ نەزەرىيەۋى سىستېمىسىنى قۇرۇپ چىقىشتا قايسى پەنلەرنىڭ نەزەرىيەۋى مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن پايدىلىنىشى كېرەك، باشقا پەن-لەرنىڭ نەزەرىيەسى (مەسىلەن، تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيە-سى)نىڭ مەسىلىنىڭ ھەل قىلىنىشىغا ياردىمى بولامدۇ-يوق، دېگەنلەردىن ئىبارەت. رولستون مۇنداق دېگەن: «پۈتكۈل تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ھەممىسى ئورمان، تۇپراق، كۈن نۇرى، يامغۇر، تاغ ۋە دەريالار، ئايلىنىپ تۇرىدىغان تۆت پەسىل، ئوت-چۆپ ۋە گۈل-گىياھلار، ياۋايى ھايۋانلارنىڭ ھەممىسى ئەزەلدىنلا تەبىئەتتە مەۋ-جۇت بولۇپ، ئۇلار ئۆزئارا باشقا تۇردىكىلەرنى قوللايدۇ ۋە بىر-بىرىنى شەرت قىلىدۇ. ھازىر ئىنسانلار مەغرۇرلۇق بىلەن ئادەم

بارلىق شەيئىلەرنىڭ ئۆلچىمى، دەپ قارىشىدۇ، لېكىن بۇ تەبىئىي شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى ئىنسانلاردىن بۇرۇنلا تەبىئەتتە مەۋجۇت ئىدى.»[①] مانا بۇ، سانائەت مەدەنىيلىكى دەۋرىدىكى ئىنسان مەركەزچىلىك ۋە نوقۇل ماددىي ئىستېمالچىلىق ئىدىيەسىنى ئاغدۇرۇپ ئانا تەبىئەتنىڭ قىممىتى ۋە شەيئىلەرنىڭ تەبىئىيلىكىنى تەكىتلەيدىغان چاقىرىقتۇر.

## 8. ئېكولوگىيەلىك تەنقىدچىلىكتە تېكىست ئۇقۇمىنىڭ كېڭەيتىلىشى

20 ـ ئەسىر 90 ـ يىللىرىنىڭ باشلىرىدا ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكىنىڭ دەسلەپكى تەشەببۇسچىلىرى بىر دەك مۇنداق يېڭى كۆزقاراشنى تەكىتلىگەن: ئەدەبىيات تەتقىقاتچىسى ئىلگىرىكى تەتقىقاتلاردىكى بىر تەرەپلىمە ئىنسان مەركەزچىلىك كۆزقارىشىنى ئۆزۈل ـ كېسىل بايقۇت قىلىپ، تەنقىدچىلىكتە ئېكولوگىيە يادرو قىلىنغان تەتقىقات ئەندىزىسى ئىنسان مەركەزچىلىك تەنقىدىنىڭ ئورنىنى ئېلىشى كېرەك، دەپ قارىغان. 20 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىدىن بۇيان ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكى بىر خىل يېڭى پەن ئېقىمى بولۇش سۈپىتى بىلەن غەربتە تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىپ تەتقىقات مەزمۇنى ۋە دائىرىسى كۆنسېرى تولۇقلىنىپ ۋە مۇكەممەللىشىپ كەلدى. بۇنىڭ ئەڭ روشەن بىر ئىپادىسى ئۇنىڭدىكى تېكىست چۈشەنچىسىنىڭ ئۆزۈكسىز كېڭەيتىلىشىدىن ئىبارەت. بۇ تەنقىدچىلىك دەسلەپتىلا ئەدەبىي ئەسەر تېكىستى ئە-

① رولستون: «پەلسەپە قاقاسلىققا يۈزلەنمەكتە»، جىلىن خەلق نەشرىياتى 2000 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى 6 ~ 9 ـ بەتلەر.

چىگە كىرىشنى تەكىتلەپ، يازغۇچىنىڭ نەزىرىدىكى ياۋايى تەبىئىيلىك، قاقاسلىق بەلگە قىلىنغان تەبىئەت دۇنياسىغا كىرگەن. تەنقىدچىلەر ھېنرىنىڭ «ۋالتىن كۆلى» ۋەكىللىكىدىكى تەبىئەت روھى سىڭگەن نەسرلىرىدىن ئەڭ زور دەرىجىدە بەدىئىي زوق ئېلىپ، ئۇنىڭدىكى تەبىئەتنى ئىلمىي كۆزىتىش، كىشىلەرنىڭ تەبىئەتكە بولغان تەجرىبىسى ۋە ئۆز ـ ئۆزىگە قارىتا پىسخىكىلىق تەھلىل ئېلىپ بېرىلغان ئەسەرلەرنى ئاساسىي نۇقتا قىلىپ، تەبىئەتنىڭ ئىچكى قىممىتى ۋە روھىي ئەھمىيىتىگە دىققەت قىلغان. لېكىن دەسلەپكى تەتقىقات يېتەرلىك ھەم چوڭقۇر بولمىغان. يەنى بۇ خىل تەتقىقات پەقەت ئەدەبىياتنىڭ ئىچكى قىسمىدىلا چەكلىنىپ ئېكولوگىيە مەسىلىسى تەنقىدچىلىكىنىڭ سىرتىدا قالغان. ۋاقىتنىڭ ئۆزىرىشى بىلەن ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكىگە ئالاقىدار ساھەلەر تەدرىجىي كېڭەيتىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىر خىل پەن چېگراسىدىن ئاتلاش خاراكتېرىدىكى مەدەنىيلىك تەنقىد ئۇسۇلىغا ئايلاندى. ئۇ ئالاھىدە بىر خىل تەتقىقات بولۇش سۈپىتى بىلەن گۇمانىتار جۇغراپىيە، تەرەققىيات پىسخىكىسى، جەمئىيەتشۇناسلىق، پەلسەپە، تارىخ، دىن ھەمدە جىنس، ئىرق قاتارلىق تەتقىقات ئۇسۇللىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنىڭدىن مۇۋاپىق شەرھلەش ئەندىزىسىنى قوبۇل قىلغان. شۇڭا ئۇنىڭ نەتىجىسىمۇ تەبىئىي يوسۇندا باشقا ئوخشاشمىغان ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىرىدىن پەرقلىنىدىغان مېتودولوگىيەنى شەكىللەندۈرگەن.

20 ـ ئەسىر ئەدەبىيات تەنقىدچىلىكىدە كۆپ خىل ئېقىملار: روھىي ئانالىزچىلىق، يېڭى تەنقىدچىلىك، ئەپسانە ۋە تىپ تەنقىدچىلىكى، فورمالىزم، قۇرۇلمىچىلىق، شەرھشۇناسلىق، قوبۇل قىلىش ئېستېتىكىسى قاتارلىقلار بارلىققا كەلدى. بۇ خىل تەنقىدچىلىك ماھىيەتتە نوقۇل تېكىستنى يېشىپ شەرھلەش بولماس-

تىن، بەلكى ئۆز ئېقىملىرىنىڭ يېڭىچە تەرەققىيات ئۇسۇللىرىدىن
پايدىلىنىپ سۇبيېكتنى يېشىپ ئوقۇشنىڭ بارلىق ئىمكانىيەتلىد-
رىنى تولۇق قېزىپ چىقىش دېگەنلىكتۇر. ئېكولوگىيە تەنقىدچىـ-
لىكى ئېكولوگىيەلىك نېكىست بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، بەلكى
ئەسەرنى قايتا ئوقۇش ئاساسىدا ئۇنى ئۆز نەزەر دائىرىسى ئىچىگە
ئېلىپ كىرىپ، ئۇنىڭدىن ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكىنىڭ تەرەك-
كۆر شەكلى ۋە ئوقۇش شەكلىنى بارلىققا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت.
ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىك نەزەرىيەسى ئۆز - ئۆزىدىن ھال-
قىشچانلىق خاراكتېرىگە ئىگە.
بۇ، ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكىنىڭ تەرەققىياتى ئۇنىڭ ئەدەبى-
يات بىلەن تەبىئىي مۇھىتنىڭ مۇناسىۋىتىگە قارىتا ئۈزلۈكسىز
سوئال قويۇش ھەمدە ئۇنىڭغا تىرىشىپ جاۋاب بېرىشنى تەلەپ قى-
لىدۇ. بۇ مەسىلىدە ئاپتور تەبىئەتنى ئەسەردە قانداق تەسۋىرلى-
گەن، ئەسەرنىڭ باش تېمىسى ئېكولوگىيەلىك مۇھىت ئېڭىنى ھە-
قىقىي ئەكس ئەتتۈرگەنمۇ - يوق، ئادەم قانداق قىلغاندا ئاندىن تە-
بىئەتكە تېخىمۇ ياخشى مۇئامىلە قىلالايدۇ، ئىنسان تەبىئەت دۇن-
ياسىدا زادى قانداق ئورۇنغا ئىگە، دېگەندەك مەسىلىلەرنى ئۆز ئى-
چىگە ئېلىشتىن سىرت يەنە مۇنداق بىر قاتار ماھىيەتلىك مەسى-
لىلەر — تەبىئەت بىلەن مەدەنىيەتنىڭ مۇناسىۋىتى قانداق بېكى-
تىلىدۇ، بۈگۈنكى زامان ئېكولوگىيە ئەدەبىي تەنقىدچىلىك تەتقى-
قاتىنىڭ يۈنىلىشى ۋە تەرەققىيات يولى نېمە، ئېكولوگىيە تەنقىدچى-
لىكى ئاخىرقى ئىلىممۇ - يوق، قانداق قىلغاندا ئېكولوگىيە ئەدە-
بىياتى تەتقىقاتى بىلەن باشقا پەنلەرنى بىرلەشتۈرۈپ ئۆزئارا تو-
لۇقلاش نەتىجىسىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ، دېگەندەك مەسىلىلەرنى
ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىنسانلارنىڭ بىر پۈتۈن مەدەنىيىتى تەبىئەت
دۇنياسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئىنسانلار مەدەنىيىتى تەبىئەت

دۇنياسىغا تەسىر قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇمۇ يەنە تەبىئەت دۇنياسىنىڭ تەسىرى ۋە چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ تەتقىقات باش تېمىسى تەبىئەت بىلەن مەدەنىيەت ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا مۇناسىۋەتتىن ئىبارەت. ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى ئەدەبىيات ئارقىلىق ئىنسانلار مەدەنىيىتىنى قايتا بېكىتىش، مەدەنىيەت تەنقىدى ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ تە-پەككۇر مەدەنىيىتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئەندىزىسىنىڭ ئۇلارنىڭ نۆۋەتتىكى تەبىئەتكە تۇتقان پوزىتسىيەسى ۋە ئۇنىڭ ھە-رىكىتىگە قارىتا قانداق تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقى ھەتتا بەلگىلەش رولىنى ئوينايدىغانلىقى، تەبىئىي مۇھىتنىڭ يامانلىشىپ كېتىشى ۋە ئېكولوگىيە كىرىزىسىنى قانداق كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقى قاتارلىقلار ھەققىدە ئىزدىنىش ئېلىپ بارىدۇ.

ئېكولوگىيەلىك تەپەككۇر تەبىئەت بىلەن جەمئىيەت، مەدەنى-يەت بىلەن ئىنسان خاراكتېرىنىڭ ئېكولوگىيە خاراكتېرلىك بىر گەۋدىلىشىشى بولۇپ، ئۇ ئەدەبىيات بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋە-تىگە قارىتا مۇقەررەر يېڭىچە تونۇش ئېلىپ كېلىدۇ. بۈگۈنكى زامان ئېكولوگىيە پەيلاسوپى رولستون ئېكولوگىيەنى ئاخىرقى قۇتۇپلۇق ئىلىم، دەپ بېكىتكەن. چۈنكى ئۇ ھەر خىل پەنلەرنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق ئۇنىۋېرساللاشتۇرىدۇ، ھەتتا سىن-ئەت ۋە گۇمانىتار پەنلەرنىمۇ شۇنداق قىلىدۇ. ئۇ مۇنداق دېگەن: «گەرچە ئېكولوگىيە مۇستەقىل بىر پەن سۈپىتىدە قارالسىمۇ، لې-كىن ئۇنىڭ ئەقىل - پاراستى ۋە قىممىتى باشقا پەنلەردىن تې-خىمۇ چوڭقۇر. باشقا پەنلەردىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ئومۇمىي ئەھ-مىيەتكە ئىگە.»[1]

① جاڭ يەنبى قاتارلىقلار: «ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكى»، خەلق نەشرى-ياتى 2007 - يىلى خەنزۇچە نەشرى 149 - بەت.

ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكىنىڭ نەزەرىيەۋى تەرەققىيات يۆزلىنىشىنى مۇھاكىمە قىلغاندا ئېكولوگىيە دىداكتىكا ئالىمى رولىستونىڭ ئېكولوگىيەنى ئاخىرقى باسقۇچلۇق ئىلىم دەپ بېكىتىشىنىڭ بەلگىلىك ئەھمىيىتى ۋە مۇنداق سەۋەبى بار: ئۇ، جەمئىيەت بىلەن مەدەنىيەتنى تەبىئەتتىن ئىبارەت تۈپ مەنبەلىك زور سىستېما ئىچىگە قويۇپ، ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ ئېكولوگىيەلىك باغلىنىشىنى ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت مەسىلىلىرىدىكى چوڭقۇر قاتلام سۈپىتىدە قاراش بىلەن بىللە، يەنە تەبىئەت ئېكولوگىيەسىنىڭ قانۇنىيەتلىرىدىن پايدىلىنىپ مەۋجۇتلۇق مۈشكۈلاتىدىن قۇتۇلۇپ چىقىشنىڭ ئامال - چارىسىنى ئىزدەيدۇ. ئىككىنچىدىن، ئۇ ئۆز تەتقىقاتى جەريانىدا باشقا ئىلىملەرنى ئىنسانلارنىڭ ئېكولوگىيە سىستېمىسىدا ئۇچراشتۇرۇپ ۋە ئۆزئارا بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ، ئۇلارنى ئۆزئارا تولۇقلاتقۇزۇش ۋە ئۆزئارا تەسىرلىشىش جەريانىدا ئىنسانلارنىڭ مەۋجۇتلۇق شارائىتىنى ئورتاق يوسۇندا ئەلالاشتۇرىدۇ.

18 - ئەسىردىكى فىرانسىيە مەرىپەتپەرۋەرلىك ھەرىكىتىنىڭ رەھبىرى روسسو ئىنسانلارنىڭ ئىدراكىي مەدەنىيىتى بىلەن تەبىئەتنىڭ زىددىيىتى مەسىلىسىنى ئەڭ دەسلەپ ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئىنسانلارنىڭ قورال خاراكتېرلىك ئىلىم - پەن ۋە سەنئىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشى جەمئىيەتنىڭ چىرىكلىشىشىگە سەۋەب بولىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىلھامىغا تولغان بۇ تەشەببۇسى بىلەن ئىنسانلارنى ھەقىقەتنى قايتا تونۇپ، تەبىئەتكە قايتىشقا دەۋەت قىلغان. ئۇ مۇنداق دېگەن: «بىزنىڭ روھىيىتىمىز ئىلىم - پەن ۋە سەنئىتىمىزنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ بارغانسېرى چىرىكلىشىۋاتىدۇ. بۇنى دەۋرىمىزدىكى بەختسىزلىك دېگىلى بولامدۇ - يوق؟ ئىلىم - پەن ۋە سەنئەت تەرەققىي قىلىپ ھاياتلىق ئالىمىنىڭ ئۇپۇق سىزىقلىرىغىچە كۆتۈرۈلۈۋاتقان بۈگۈنكى دەۋردە ئىن-

سان ئۇچۇن زۆرۈر بولغان مەنىۋىيەت ئاجىزلىشىپ، ئەخلاق ـ پەـ زىلەتمۇ يوقىلىۋاتىدۇ. بۇ خىل ھادىسىنى ھەممە جايدىن كۆرگىلى بولىدۇ، ئىدراكىيلىق مەدەنىيەتنى ئىنسانلارنىڭ ئەسلىي تەبىئىتى ۋە تەبىئىي ئەخلاقىنى بۇلغىدى. ئىنسانلار پەقەت تەبىئەتكىلا قايـ ـتالايدۇ. «بىز ئىلگىرىكى ئەنئەنىۋى قائىدە ـ يوسۇنلارنى ئويلىغان ۋاقىتتىلا شادلانغان ھالدا يىراق قەدىمكى دەۋرنىڭ ساددا مەنزىرىـ ـسىنى ئەسلەيمىز. ئۇ پۈتۈنلەي تەبىئەتنىڭ قولىدا يارىتىلىپ چىققان گۈزەل مەنزىرە. بىزنىڭ ئىختىيارسىز ھالدا ئۇنىڭ قويـ ـنىغا قايتقۇمىز كېلىدۇ. ئەمما ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالدۇق، بۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئىنسانلار ئۆكۈنمەي تۇرالمايمىز.»[1] يىراق قەدىمكى زاماندىكى تاشقى دۇنيا ئىنسانلار تەرىپىدىن ئۆزگەرتىلمىگەن ۋە ئېچىلمىغان تەبىئەت بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ كۆپ خىل، رەڭگا ـ رەڭلىكى بىلەن ئىنسانلارنىڭ ھەقىقىي غايىۋى دۇنياسى بولۇپ كەلگەنىدى.

ئەدەبىيات ئىنسانلارنىڭ ئۆز مەۋجۇتلۇقىنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى ئېكولوگىيەسىگە قارىتا ئېلىپ بېرىلغان بىر خىل ئىستىتىك تەرتىپكە سېلىش ۋە ماسلاشتۇرۇش پائالىيىتى بولۇش سۈپىتى بىـ ـلەن ئۆزى بارلىققا كەلگەن دەسلەپكى دەۋرلەردىن تارتىپلا تەبىئەتـ ـكە قارىتا چوڭقۇر ئىز قالدۇرغان، شۇنداقلا ئىزچىل ھالدا تەبىـ ـئەتنى ھاياتلىق ۋە ئىجادىيەتنىڭ مەڭگۈلۈك مەنبەسى قىلىپ كەلـ ـگەن. ئېكولوگىيەلىك تەپەككۇر تەبىئەت بىلەن جەمئىيەت، مەدەـ ـنىيەت بىلەن ئىنسان خاراكتېرىگە قارىتا ئېكولوگىيەلىك بىرـ ـلەشتۈرۈش بولۇپ، ئۇ مۇقەررەر ھالدا ئەدەبىيات بىلەن تەبىئەتنىڭ

---

[1] «پەن ۋە سەنئەت ھەققىدە»، شاڭخەي باسمىخانىسى 1997 ـ يىلى خەنـ ـزۇچە نەشرى 18 ـ بەت.

موناسىۋىتىگە قارىتا يېڭىچە تونۇش ئېلىپ كېلىدۇ.

روھىيەت ئېكولوگىيەسى يەر شارى ئېكولوگىيە سىستېمىسىدىكى مۇھىم بىر تەرەپ، ئىنسانلارنىڭ مەنىۋىيىتى يەر شارى ئېكولوگىيە سىستېمىسىدىكى مۇھىم بىر قىممەت كۆرسەتكۈچى. سەنئەتنىڭ قىممىتىمۇ ماھىيەتتە روھىيەتنىڭ قىممىتى بولۇپ، ھەقىقىي گۇمانىستارلىق تۈسكە ئىگە بولغان سەنئەت روھى مەلۇم مەنىدە ئېكولوگىيە روھىغا باراۋەردۇر. ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكى ئەدەبىيات ــ سەنئەتنىڭ مۇشۇ خىل ئىچكى ماھىيىتىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدىغان ئەدەبىي تەنقىد بولۇپ، ئۇ ھەرگىزمۇ فورمالىزملىق ئەدەبىيات ــ سەنئەت تەنقىدى، شۇنداقلا باشقا تىپتىكى ئەدەبىي تەنقىدلەرنى چەتكە قاقمايدۇ. چۈنكى ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكنىڭ ئاساسىي پرىنسىپى ئۇنىڭ تەتقىقات دائىرىسى ۋە ئۇسۇلىنىڭ كۆپ مەنبەلىك ئورتاق مەۋجۇتلۇقى ھەم ئۆزئارا ھەمكارلىقىنى تەكىتلەيدۇ. بۈگۈنكى زامان ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىك ھەرىكىتىنىڭ تېز سۈرئەتە قانات يېيىشى مۇشۇ خىل كۆپ خىل ئامىللارغا باغلىق.

## ئىككىنچى بۆلۈم

# ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكىنىڭ دائىرىسى

## 1. ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكىنىڭ ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى

تەبىئەت ــ ھاياتلىقنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى، شۇنداقلا ئاخىرقى نۇقتىسى. شۇنداق ئىكەن تەبىئىي مۇھىت پۈتكۈل جانلىقلار دۇنياسى، جۈملىدىن ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ نورمال مەۋجۇتلۇقىنىڭ ئالدىنقى شەرتى. ئىنسانلار جەمئىيىتى مەيلى قانچىلىك تەرەققىي قىلسۇن، ئۇ ھامان تەبىئىي ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. ئىنسانىيەتنىڭ ئانا ماكانى ۋە تەبىئىي مۇھىتى ھېچقانداق نەرسە ئورنىنى باسالمايدىغان ئەبەدىي قىممەتكە ئىگە بىرلەمچى بايلىق ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئىنسانلار ئۇزاق تارىختىن بۇيان ئۆزلىرىنىڭ مۇھىت ئەخلاقىنى بىر پۈتۈن گۇمانىتار روھى ۋە ئىجتىمائىي ئېڭىنىڭ مۇھىم تەركىبى سۈپىتىدە داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن.

ئېكولوگىيە نەزەرىيەسىنىڭ بارلىققا كېلىشى دۇنياۋىلىشىشنىڭ ئىككى چوڭ كىرىزىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. بۇنىڭ بىرى، نۆۋەتتە دۇنيادا كۈنسېرى ئېغىرلىشىپ بېرىۋاتقان تەبىئىي ئېكولوگىيە كىرىزىسى بولسا، يەنە بىرى، ئىنسانلارنىڭ مەنىۋىيىتىدىكى چېكىنىش كەلتۈرۈپ چىقارغان ھازىرقى زامان ئىستېمال جەمئىيىتىدىكى گۇمانىتار روھ ۋە مەنىۋى ئېكولوگىيە كىرىزىسىدىن ئىبارەت. ئىنسانلارنىڭ تېز سۈرئەتلىك تەرەققىياتىدا زامانىۋى مەدەنىيەتنىڭ يىلتىزسىزلىققا يۈزلىنىشى ۋە جەمئىيەتتىكى ئىستېمالچىلىق، راھەتپەرەسلىك كېسەللىكى تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي ئېكولوگىيەنىڭ بۇزۇلۇشى قاتارلىق بىر قاتار مەسىلىلەر

ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكىنى بەرپا قىلىشنىڭ جىددىي زۆرۈرىيى-
تىنى ياراتقان. كىشىلەر ھەمىشە ماختايدىغان زامانىۋىلىق دۇنيادا
پەقەتلا 3 ~ 4 يۈز يىللىق تارىخقا ئىگە. ئۇنىڭ ئالدىنقى باسقۇچى
غەربنىڭ ئاتالمىش قاراڭغۇ ئوتتۇرا ئەسىرلىك تارىخىغا مەنسۇپ
ئىدى. كېيىنكى مەزگىللەردە غەربتىكى ئەدەبىيات - سەنئەت ئوي-
غىنىش ھەرىكىتى ۋە دىنىي ئىسلاھات ھەرىكەتلىرى ياۋروپا فې-
ئودال دىنىي جەمئىيەتلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا زەربە بېرىپ، كا-
پىتالىزم ۋە پەن - تېخنىكىنىڭ بارلىققا كېلىشى ئۈچۈن يول
ئاچتى، 18 - ئەسىردىن بۇيان پار ماشىنىسىنىڭ كەشىپ قىلىنى-
شى غەربنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى تېزلەتتى. 19 - ئەسىردىكى
ئىسسىقلىق ئېنېرگىيەسى ئىلمى، ئېلېكتىر ماگنىت مەيدانى نە-
زەرىيەسى، جانلىقلار تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيەسى قاتارلىقلار
غەرب دۇنياسىنىڭ ئاتالمىش ئىدراكىيلىق ۋە ئىنسان مەركەزچى-
لىك سەپسەتىسىنىڭ ئاساسىنى قۇردى. فوتو ئاپپاراتىنىڭ كەشىپ
قىلىنىشى، پارلىق پويىز ۋە تۈرلۈك ماشىنىلارنىڭ ئىجاد قىلىنى-
شى كىشىلەرنىڭ ماكان - بوشلۇق سەزگۈسىنى ئۆزگەرتسە، ئې-
لېكتىر ئۈسكۈنىلىرى، كىنونىڭ بارلىققا كېلىشى كىشىلەرنىڭ
تۇرمۇشى، گۈزەللىك قارىشى ۋە تەپەككۇر ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتتى.
20 - ئەسىردە ئايروپىلاننىڭ ئىجاد قىلىنىشى ئالاقە سۈنئىي
ھەمراھلىرىنىڭ ئاسمانغا چىقىشى، تېلېۋىزىيە ۋە كومپيۇتېرنىڭ
بارلىققا كېلىشى ئىنسانلارنىڭ ئاي شارى ۋە باشقا پىلانېتلارغا سە-
پەر قىلىشى ئىنسانلارنى پەن - تېخنىكا، ھەربىي ئىشلار، ئىقتى-
ساد ساھەسىدە ھۆكۈمران ئورۇنغا ئىگە قىلدى.

زامانىۋىلىقنىڭ كېڭىيىشى كەلتۈرۈپ چىقارغان شەرق ئەللى-
رىدىكى تۇرمۇش شەكلى، قىممەت قارىشى ۋە ئىستېمالدىكى غەرب-
لەشتۈرۈش دولقۇنى يۈز يىللىق مۇساپە ئىچىدە ئىنسانلارنى بىر

تەرەپلىمە ماددىيلىققا ئېغىش، ئەنئەنىۋى ئەقىدىلەردىن ياتلىشىش
ۋە غەيرىيلىشىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشقا باشلىدى. زامانىۋىلى-
شىش ئىنسانلارغا گۈزەل تۇرمۇشنى، قولايلىق شارائىتنى ئاتا قى-
لىش بىلەن بىللە يەنە ئۇلارغا ئىنتايىن كۆپ ئېكولوگىيەلىك نور-
مالسىزلىقلارنى، يەنى تەبىئىي ئېكولوگىيە كىرىزىسى، ئىجتىما-
ئىي ئېكولوگىيە كىرىزىسى، مەنىۋى ئېكولوگىيە كىرىزىسى، مە-
دەنىيەت ئېكولوگىيە كىرىزىسى، بايلىق كىرىزىسى، ھاياتلىق تۇر-
لىرىنىڭ ئازىيىپ چېكىنىشى، ماددىي باياشاتلىق ئىچىدىكى مەنى-
ۋى چۈشكۈنلۈك، ئەخلاقىي يىمىرىلىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى
ئىنسانلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا تەھدىت سالغۇچى كىرىزىس ۋە ئېكو-
لوگىيەلىك ئاپەتلەرنى شەكىللەندۈردى.

زامانىۋىلىقنىڭ تەسىرىدە ئىنسانلارنىڭ مەنىۋى ئېكولوگىيە-
سىمۇ مىسلى كۆرۈلمىگەن كىرىزىسقا دۇچ كەلدى. غەرب ئەللىرى-
نىڭ زامانىۋىلىق دولقۇنىنىڭ يېتەكلىشىدە دۇنيانىڭ ھەرقايسى
جايلىرى ئاتالمىش «نەزەرىيەدە يېڭىلىنىش دەۋرى» ۋە «جىسمانىي
سەرگۈزەشت دەۋرى»گە يۈزلەندى. يىلسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان
ماددىي ئىستېمالچىلىق كىشىلەرنى سەۋدايىلاردەك توختاۋسىز
ھالدا «يېڭىلىق قوغلىشىش» ۋە مودىغا بېرىلىدىغان مەستانىلەرگە
ئايلاندۇردى. ھەرقانداق شەيئى مۇقەررەر ئىككى ياقلىمىلىق
خاراكتېرگە ئىگە. مەدەنىي ھاياتتا كومپيۇتېر ئىلغارلىشىپ ئىق-
تىدارى ئۆستۈرۈلسە، مۇقەررەر ھالدا ۋىرۇسمۇ ئۆسىدۇ. خەت ساز-
دۇقى ئىلغارلاشتۇرۇلسا، ئەخلەت يوللانمىلارمۇ ئۆسىدۇ. كومپيۇ-
تېر ئويۇنى كۆپەيسە، قارا مېھمانمۇ بۇنىڭغا ئەگىشىپ كۆپىيىدۇ.
خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش ماددىي ئىستېمالچىلىق ئۆستۈرۈلسە،
ئارزۇ ـ ھەۋەس، مەنپەئەتپەرەسلىك، زوراۋانلىق ۋە تېررورىزىممۇ
كۆچىيىپ مەنىۋى سەزگۈ ئاجىزلىشىپ، جىسمانىي سەزگۈنىڭ

ئورنى سۇنئىي ھالدا ئۆستۈرۈلىدۇ. ئەكسىچە بۇ خىل بىر تەرەپلىمە ئېغىشنىڭ تەسىرىدە روھىيەت تۆۋەنلەپ ماڭىدۇ. ماددىي تۇرمۇش چەكسىز ئەۋزەللىك بىلەن كۆپ تەرەپلىمە ئۆستۈرۈلۈپ، مەنىۋىيەتكە سەل قارالسا، ئۇ ھالدا ئىنسانىيەت روھىي كىرىزىسقا يۈزلىنىپ، مەنىۋىيەت ئېكولوگىيەسى چېكىنىدۇ.

يېقىنقى بىرقانچە ئەسىرلىك زامانىۋىلىقنىڭ ھەددىدىن زىيادە تېز كېڭىيىشى سەۋەبلىك نوقۇل ماددىي مەنپەئەتچىلىك ۋە ئېتىمقادسىز ئىستېمال مەستانىلىكى جەريانىدا ئىنسانلار ئۆزلىرى خالىمىغان ھالدا مۇنداق ئىككى چوڭ ئېغىر خەۋپكە يۈزلەندى. بۇنىڭ بىرى، قەدىمكى بىلەن ھازىرقىنىڭ توقۇنۇشى جەريانىدىكى ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشى مەسىلىسى؛ يەنە بىرى، يېڭى ئوتتۇرا قاتلام سىنىپىنىڭ قۇرۇق، ساختا بەخت ـ شۆھرەت چۈشەنچىسى ۋە ئۇنىڭ بارغانسېرى بازار تېپىشى. ئىنسانلار ھاياتى چوڭ شەھەرلەر تېز سۈرئەتتە كۆپىيىپ، يۇرت ـ ماكان تەدرىجىي تارىيىش ھالىتىگە يۈزلەنگەندە زەنجىر سىمان تۇتاشقان شەھەر ۋە يېزىلارنىڭ قوش يۆنىلىشلىك قىممەت توقۇنۇشى مەسىلىسى كېلىپ چىقتى. بىر تەرەپتىن، يېزا ئاھالىسىنىڭ شەھەرلەرگە كىرىشكە يۈزلىنىشى بىلەن ئۇلار بۇ يەرگە ئېلىپ كەلگەن ئىز ـ تامغا خاراكتېرلىك يۇرتنىڭ قىممەت قارىشى، ئەخلاق ئېڭى، يۇرت ئېتىقادى ۋە تۇرمۇش شەكلى شەھەرلەرنىڭ كۆپ مەنبەلىك، رەڭۋاز تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ زەربىسىگە ئۇچرايدۇ. يەنە بىرى، يېزا ئىگىلىك جەمئىيىتى ئىنسانلار تەرەققىياتى جەريانىدا مۇقەررەر ھالدا سانائەت جەمئىيىتىگە بۇرۇلىدىغانلىقى سەۋەبلىك بۇ خىل بۇرۇلۇش جەريانىدا دېھقانلارنىڭ ئىجتىمائىي ھوقۇق ۋە سالاھىيىتى بېكىتىلمىگەن ھالەتتە بۇ يېڭى باسقۇچقا قەدەم قويىدۇ. يېزا ئاھالىلىرىنىڭ بۇ خىل ئەسلىي يۇرت ـ ماكانىدىن ئايرىلىپ شەھەرلەر-

گە كۆچۈشى نۆۋەتتىكى دۇنياۋى خاراكتېرلىك ھادىسە بولۇپ، مۇشۇ خىل مۇھىم بولغان ئەسلىي يۇرت جەمئىيىتى ئەندىزىسى-نىڭ يىمىرىلىشى، ئۇرۇقداشلىق مەركىزىنىڭ يوقىلىشى، كول-لېكتىپ ئىدراكىيلىقنىڭ شەخسىي گەۋدىچىلىككە ئالمىشىشىنىڭ باشلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

بۇگۈنكى زاماندا ھەرقايسى قاتلامدىكى خېلى كۆپ كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ نېمە ئۈچۈن بەختلىك ياكى بەختلىك ئەمەسلىكىنى، شۇنچە باياشاتچىلىق ئىچىدىمۇ نېمە ئۈچۈن بەختلىك ئەمەسلىكىنى بىلمەيدۇ، يۇرت - ماكانسىز كىشىلەر ئۆز ماكانىدىن ئايرىلىشنى بەختسىزلىك دېسە، يەنە بەزىلەر ئېسىل بىنا - قەسىرلەردە تۇرۇپ-مۇ، ئىناق ئۆتەلمەسلىكنى بەختسىزلىك دەپ قارايدىغانلىقىنى ئې-نىق ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ. ئۇنداقتا، ئىنسان بەختلىك تۇرمۇشنى قانداق ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ؟ نوقۇل ھالدا ماددىي جەھەتتىكى يۇكسە-لىش تەسەۋۋۇرى ئىچىدە ئۆينىڭ چوڭ - ھەشەمەتلىكلىكى، كى-رىمىنىڭ يۇقىرىلىقى ۋە پۇلىنىڭ بارغانسېرى كۆپ بولۇشى بىلەن ئۆلچىنەمدۇ؟ بەخت دېگەن نېمە؟ بۈيۈك پەيلاسوپ فارابى: «بەخت — ئىنسان ۋۇجۇدىدىكى ماددىيلىقا ئېھتىياجلىق بولما-غان تاكامۇللۇق مەرتىۋىسىگە ئۇلىنىشتۇر»① دەپ كۆرسەتكەن.

كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش رىتىمىدىكى ئۆزگىرىش، بەخت چۈشەن-چىسىدىكى يېتەرسىزلىكلەر نۆۋەتتىكى چوڭ بىر مەسىلە ھې-سابلانغان نوقۇل ئىستېمالچىلىق ۋە مەنپەئەت خاھىشىنى كەلتۈ-رۈپ چىقارغان. نوقۇل ئىستېمالچىلىق شەخسىنىڭ بىر خىل ئۆز مەنپەئەتىنىلا ئاساس قىلىش ئېڭىنى، يەنى ئۇلارنىڭ مەڭگۇ يېڭى

① فارابى: «پەزىلەتلىك شەھەر ئەھلىنىڭ ئىدېئال قاراشلىرى»، شىن-جاڭ خەلق نەشرىياتى 2006 - يىلى نەشرى 76 - بەت.

تاۋارغا ئېرىشىش خاھىشىنى، دۇنيادىكى ئەڭ ھوزۇرلۇق ئىشلارنىڭ
ئۆزىگىلا مەنسۇپ بولۇش ئىستىكىنى شەكىللەندۇرىدۇ. لېكىن
ئىستېمالچىلىق قوش قاتلاملىق ئالدامچىلىق خاراكتېرىگە ئىگە.
كىشىلەر ئىلگىرى ھەقىقىي بەختكە ئىنتىلىسە، ھازىر راھەت -
پاراغەتچىلىكتە بىر تەرەپلىمە ھالدا چەكسىز ئەركىنلىككە ئىنتى-
لىدىغان بولدى. شۇڭا ئەنئەنىۋى ئەخلاق مىزانلىرىدىن ئايرىلغان
جەمئىيەتتە ھەممە ئادەم دېگۇدەك ئۆز يولىنى ئەركىن تاللىيالايدۇ.
پەقەت پۇل بولسىلا ئۆزىنىڭ سېتىۋېلىش كۈچى دائىرىسىدىكى
ھەرقانداق تاۋارنى سېتىۋالالايدۇ. ئۆزلىرىنىڭ ماددىي تۇرمۇش سە-
ۋىيەسىنى خالىغانچە ئۆستۈرەلەيدۇ. لېكىن ئەمەلىيەتتە ھاياتلىق-
نىڭ قانۇنىيىتى ئۇنداق ئاددىي ئەمەس. ئىنساننىڭ ئۆز - ئۆزىنى
ئاڭلىق ئىپادىلىشى ھەرگىزمۇ نوقۇل ماددىي ئىستېمال ئارقىلىقلا
ئەمەلگە ئاشمايدۇ. ماددىي ئېھتىياجنىڭ قاندۇرۇلۇشى پەقەتلا ئا-
دەتتىكى ئۆلچەم، لېكىن مەنىۋى ئېھتىياج، سالاھىيەت ئېھتىيا-
جىنىڭ قاندۇرۇلۇشى، قىممەتنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئۇنچىۋالا ئا-
سان ئەمەس. بۈگۈنكى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ماددىي تۇرمۇش باي-
شاتلىقى ئىچىدىكى مەنىۋى كېسەللىكى ۋە ئىستېمال غالجىرلىقى
ماددىي بايلىقنىڭ يېتەرسىزلىكىدىن كېلىپ چىققان بولماستىن،
بەلكى چەكتىن ئاشقان ماددىي ھېرىسمەنلىك، مەنىۋى پۇچەكلىك،
روھىيەتتىكى يىمىرىلىش ۋە قىممەت ئامىلىنىڭ ئاجىزلىقىدىن
كېلىپ چىققان.

ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئىنسان ماھىيىتى ۋە ئۇ-
نىڭ ياتلىشىشى ھەققىدە: «ئىنسان ئۆزىدە تەبىئەت ۋە جەمئىيەتنى،
ماددا ۋە روھىيەتنى، ھالاكەت ۋە ئىجادىيەتنى، مۇقەررەرلىك ۋە
ھۆرلۇكنى، غايە ۋە تارىخىي ئەسلىمىنى، چىنلىق، ياخشىلىق ۋە
گۈزەللىكنى مۇجەسسەملەشتۈرگەن مۆجىزىدار شەيئى!... ئىنسان

بەخت توغرىسىدا چۈشەكەيدىغان، ئەمما ئانا زېمىننى چەيلەپ، ئە -
سەبىيلەرچە ئۇستۇنلۇكتە تەرسالارچە قاقاھلاپ كۈلۈپ ئۆتۈشنى
بەخت دەپ چۈشىنىدىغان، بەخت ئارزۇسىدا زېمىندىكى بەخت
بۇلاقلىرىنىڭ كۆزىنى تىندۇرۇپ يۈرىدىغان... ئابستراكت بەخت
ھەققىدە ھەر زامان رىيازەت چېكىدىغان تەلۋە»[1] دەپ كۆرسەتكەن -
دى. مانا بۇ نوقۇل ماددىي ئىستېمالچىلىق دەۋرىدىكى ئىنسانلارنىڭ
مۇرەككەپ خاراكتېرىگە بېرىلگەن جانلىق شەرھتۇر.

ئىنسانلار ئۆزاق تارىختىن تاكى ھازىرغىچە ئۆزلىرى دۇچ
كەلگەن ئېكولوگىيە مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈمىدىنى ئۆز -
ئۆزىدىن ئىزدىمەستىن، ئەكسىچە پەن - تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى
ۋە ئىجتىمائىي باشقۇرۇشنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە باغلىماقتا.
لېكىن ئومۇملۇقتىن قارىغاندا بۇنىڭ ئۈنۈمى ئانچە كۆرۈنەرلىك
بولمايۋاتىدۇ. ئىنسانلار جەمئىيەت تارىخىنى كۆزىتىشتىن شۇنى
كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئىنسانلارنىڭ بۈگۈنكى كۈندە دۇچ كەلگەن
ئېكولوگىيە كىرىزىسى مۇقەررەر ھالدا پەن - تېخنىكىنىڭ تەرەق -
قىياتى، جەمئىيەتنىڭ زامانىۋىلىشىش مۇساپىسىگە ماسلاشقان
ھالدا كېلىپ چىققان زىددىيەتلەرنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى. ئىلغار
تېخنىكا ئىنسانلارغا ھەمىشە قولايلىق ۋە بەخت ئېلىپ كېلىش بى -
لەن بىللە يەنە ئويلىمىغان تۈرلۈك سۈنئىي ئاپەتلەرنىمۇ ئېلىپ
كېلىدۇ. ئوتنىڭ كەشپ قىلىنىشى ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ
تۇرمۇشىغا غايەت زور قولايلىق ئېلىپ كېلىش بىلەن بىللە ئۇنىڭ
قالايمىقان ئىشلىتىلىشى نۇرغۇن ئاپەت ۋە ئېكولوگىيەلىك كىرى -
زىسلارنى ئېلىپ كەلگەنگە ئوخشاش ئاتوم ئېنېرگىيەسىنىڭ كە -

---

① ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «ياتلاشقان ئىنسان، ياتلاشقان ئە -
قىل - پاراسەت»، «ئۇيغۇرلاردا ئىسلام مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىيا -
تى 2002 - يىلى نەشرى 283 - بەت.

شىپ قىلىنىشى ئىنسانلارغا رادىياتسىيەلىك ئاپەت ئېلىپ كەلگەن
بولسا، مىكرو ئېلېكتر تېخنىكىسىنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلۇشى
ئىنسانلارنىڭ مەۋجۇتلۇق ماكانىغا مىسلى كۆرۈلمىگەن ئېلېكتر
ماگنىت دولقۇنى بۇلغىنىشىنى ئېلىپ كەلدى. يەر شارى بولسا ئا-
لەمدىكى ئاساسەن نىسپىي يېپىق ھالەتتىكى سىستېما ۋە ئورتاق
گەۋدە بولۇپ، ئۇنىڭدىكى ھەرقانداق بىر قىسمەنلىكنىڭ يەككە
مەنپەئەتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىشى ئومۇمىي گەۋدە ئۈچۈن زىيان
يەتكۈزمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس. مەسىلەن، ھازىر بازارلاردا زور
كۆلەمدە سېتىلىۋاتقان كىر يۇيۇش پاراشوكى (ئۇن سوپۇن)، تا-
زىلاش - پاكىزلاش سۇيۇقلۇقى، خۇش پۇراق بۇيۇملىرى، سىلىق-
لىمغۇچى مايلارنىڭ ھەممىسى ئىستېمالچىلارنىڭ شەخسىي تازىلىق
قارىشىنى ئۆزگەرتكەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ تاۋارلارنىڭ ياسىلىش،
ئورىلىش - قاچىلىنىش ۋە سېتىلىشى ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ
ئومۇمىي مۇھىتىغا تېخىمۇ زور بۇلغىنىش ئېلىپ كېلىدۇ. بۇ خىل
بۇلغىنىش ۋە ئاپەت ئاخىرىدا يەنە مۇقەررەر ھالدا ھەربىر شەخس-
نىڭ ئۈستىگە يۈزلىنىدۇ. ئۇلار ئاخىرقى ھېسابتا ئىنسانلارنىڭ
ئۆزلىرىگە زىيانلىق تەسىرلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. ماشىنا، يانفون
قاتارلىقلارمۇ شۇنداق.

سانائەت ۋە يۇقىرى پەن - تېخنىكا يەر شارىنىڭ ئەسلىدىكى
تەبىئىي قىياپىتىنى زور دەرىجىدە ئۆزگەرتتى. بىر قىسىم ئا-
لىملار يەر شارىنىڭ نۆۋەتتىكى كىرىزىسىنى نەزەردە تۇتۇپ زې-
مىندىكى بۇلغىنىشلار ۋە تەبىئىي ئاپەتلەر كۈچەيگەن مەزگىلدە يەر
شارىدىن ۋاز كېچىپ پەن - تېخنىكىنىڭ كۈچىگە تايىنىپ ئىن-
سانلارنى يەر شارىدىن باشقا پىلانېتالارغا كۆچۈرۈپ چىقىش قىيا-
سىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقان. بۇ خىل خىيالىي تەسەۋۋۇر جەريانىدا
خىلمۇ خىل لايىھەلەر ئوتتۇرىغا چىقىشقان. بىز باشقا پىلانېتلاردا

مۇۋاپىق ماكان قۇرۇشنىڭ قانچىلىك مۇشكۈللۈكىنى، پۈتكۈل ئىنسانلارنى باشقا پىلانېتالارغا كۆچۈرۈشنىڭ قانچىلىك قىيىنلىقىنى دېمەيلا قويايلى. ناۋادا بۇ خىل سىناق مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ قالسا، مارس، ئاي شارى ياكى باشقا پىلانېتالار ھازىرقى زامانىۋى ئىنسانلارنىڭ نوقۇل ئۆزلىرىنىلا ئويلاپ ئۆزلىرىلا يالغۇز ماكانلىشىپ ياشايدىغان بۇ تەسەۋۋۇردىكى ماكانى ئۇلارنىڭ بۇلغىشى ھەم ۋەيرانچىلىقىدىن خالىي بولالارمۇ؟ ئىنسانلارنىڭ تاشقى پىلانېتالارغا بولغان سىناق تەرىقىسىدىكى ئالەم سەپىرىنىڭ باشلانغىنىغا ئانچە ئۇزاق بولمىغان تۇرۇقلۇق كىشىلەر ئاشۇ ئەقىللىك ئىنسانلار ياسىغان تۈرلۈك ئەخلەتلەرنىڭ ھاۋا بوشلۇقىغا ئۇچۇپ چىققانلىقى ۋە ئۇنىڭ مۇھىت ۋە ئاتموسفېراغا تەسىر يەتكۈزگەنلىكىنى بايقىغان. بۇ ھال بىزگە نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ ھاياتلىقنىڭ تەبىئىيلىكتىن چەتنەپ، تەبىئەتنى نابۇت قىلىپ، نوقۇل پەن ـ تېخنىكىغا تايانغان ھالدا بىر تەرەپلىمە تەرەققىي قىلىشىنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتقا بولغان مەنپىي تەسىرىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ھاياتلىقنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ۋە تەرەققىياتى ھامان تەبىئەت ۋە تەبىئىي مۇھىت، شۇنداقلا ئىنسانلارنىڭ ئاشۇ خىل مۇھىتنىڭ قىممىتىنى تونۇشىغا تايانغان بولىدۇ. ئىنسانلار جانلىقلار دۇنياسىدا تەبىئىي مۇھىتنىڭ ئاساسلىق خوراتقۇچىسى، نۆۋەتتىكى مەدەنىيەت ۋە يۇقىرى ئىستېماللىق تۇرمۇش ئادىتىدىكى ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتپەرەسلىك ۋە نوقۇل ئۆز ـ ئۆزىنى مەركەز قىلىش خاھىشى ئېكولوگىيەلىك مۇھىت بۇلغىنىشىنىڭ بىۋاستە سەۋەبىدۇر. تەبىئەت دۇنياسىدا ئاپىرىدە قىلىنغان ھەر خىل ھاياتلىق تۈرلىرى ھامان تەبىئىي مۇھىتقا تايانغان ھالدا مەۋجۇت بولىدۇ. ئىنسانلار تارىختىن بۇيان قەيەرگە قەدەم باسسا شۇ يەردە ئىنسانلار-

نىڭ ناموۋاپىق ھەرىكىتى سەۋەبلىك ئېكولوگىيەلىك تەڭپۇڭسىز-لۇق يۈز بېرىپ مۇھىت يامانلاشقان.ئىنسانلارنىڭ ئۆزىمۇ تەبىئەت-نىڭ رەقىبىگە، شۇنداقلا يەنە مۇھىت ناچارلىشىشنىڭ بولغۇ-چىسىغا ئايلىنىدۇ.

ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ چەكتىن ئاشقان مەنپەئەتدارلىق ۋە نو-قۇل ئۆز - ئۆزىنى مەركەز قىلىش قارىشىنىڭ تەسىرىدە شۇنى ھېس قىلالمايدۇكى، ھازىرقى دەۋردە كىشىلەر يۇقىرى پەن - تېخ-نىكىنىڭ ۋاسىتىسى بىلەن ئېكولوگىيەلىك مۇھىت مەسىلىسىنى ھەل قىلماقچى بولغاندا، ئېكولوگىيە كىرىزىسى يېڭى يۇقىرى پەن - تېخنىكىنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ بارغانسېرى كۈچىيىپ، ئىنسانلارنىڭ مەۋجۇتلۇق ماكانىغا تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ كىرىدۇ، شۇنداقلا ھاياتلىق تەرەققىياتى ئۈچۈن يېڭى زىددىيەتلەرنى شەكىللەندۈرىدۇ.

ئالىملار ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئېچىلىش ۋە تەرەققى-يات سەۋىيەسىنى ئۆلچەم قىلىپ، ئىنسانلارنىڭ تارىختىن بۇيانقى مەۋجۇتلۇق مۇھىتىنىڭ چېكىنىشىنى مۇنداق تۆت باسقۇچقا ئاي-رىغان: بىرىنچى، تەبىئەتتىن يىغىش ۋە ئىپتىدائىي ئوۋچىلىق دەۋرى. بۇ دەۋردە ئىنسانلار تاش قورال ۋە ئوتنى ئىشلىتىشنى ئۆ-گەنگەن؛ ئوقيا ۋە قاپقان، تۇزاق قاتارلىقلارنى ئىختىرا قىلغان. «دېۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تىكى بىر قىسىم ئىپتىدائىي ئوۋچىلىق قوشاقلىرىنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، بۇ خىل نوقۇل تەبىئەتكە تا-يانغان ئىگىلىك ھاياتلىق دۇنياسىدا بىر قىسىم تۈرلەرنىڭ يوقى-لىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئىككىنچى، يېزا ئىگىلىكى دەۋرى. ئىنسانلار تۆمۈر قوراللار ۋە دېھقانچىلىق سايمانلىرىغا ئېرىشىپ تېرىقچىلىق ئىگىلىكى ۋە دەسلەپكى چارۋا مالچىلىق ئىگىلىكىنى كەشىپ قىلىپ زور ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا ئېرىشتى. دۇنيا تا-

رىخىدىكى بابىلون مەدەنىيىتى، مىسىر مەدەنىيىتى، خۋاڭخې مەدە-
نىيىتى، تارىم مەدەنىيىتى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى بولارنىڭ تى-
پىك ئۆلگىسى ئىدى. ئەمما ئىنسانلار ئۆز تەرەققىياتى جەريانىدا
پارلاق مەدەنىيەتنى يارىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە زېمىندا سۇ ۋە
تۇپراققا بۇزغۇنچىلىق ئېلىپ كەلدى، قۇرغاقچىلىق ۋە قۇملىشىش
ئېغىر بولدى. ئۈچىنچىسى، سانائەت دەۋرى. بۇ دەۋردە ئىنسانلار
پار ماشىنىسى، دىنامو، تېلېگراف ماشىنىسى قاتارلىقلارنى ئى-
جاد قىلىپ، سۇ، قۇرۇقلۇق ۋە ھاۋا قاتنىشىنى تېز سۈرئەتتە تە-
رەققىي قىلدۇردى. پولات تاۋلاش، توقۇمىچىلىق، بوياقچىلىق ۋە
خىمىيە سانائىتى قاتارلىق كەسىپلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى ئىن-
سانلارنى مىسلى كۆرۈلمىگەن مول ماددىي تۇرمۇش ۋاسىتىلىرىگە
ئىگە قىلىش بىلەن بىللە يەنە بۇ خىل تەرەققىيات ۋە باياشات تۇر-
مۇش شارائىتى زېمىندىكى سۇ ۋە ھاۋانىڭ بۇلغىنىشى، تەبىئىي
بايلىقلارنىڭ كەمچىل بولۇشى، تۈرلەرنىڭ يوقىلىشى، پارنىك ئېف-
فېكتى قاتارلىق ئېكولوگىيەلىك ئاپەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ،
ئىنسانلارنىڭ مۇھىت — ماكانى ۋە جىسمانىي ساغلاملىقىنى ئېغىر
زىيانغا ئۇچراتتى. ماسكې جىلغىسى ۋەقەسى، دونورا ئىس — تۈتەك
ۋەقەسى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى بۇ نۇقتىنى يېتەرلىك ئىسپاتلاي-
دۇ. تۆتىنچى، ھازىرقى زامان يېڭى سانائەت دەۋرى. بۇ دەۋردە ئىن-
سانلار توپلام توك يولى، لازېر نۇرلۇق كابېل، بىيو گېن قۇرۇلۇشى
قاتارلىقلارنى كەشىپ قىلدى. كومپيۇتېر، تور ۋە ماشىنا ئادەم قا-
تارلىقلارنىمۇ ۋۇجۇدقا چىقاردى. بۇ خىل گۈللەنگەن يۇقىرى
پەن — تېخنىكا دەۋرىدە كىشىلەر شۇ نەرسىنى كۆرۈپ يەتمىدۇكى،
يېڭى پەن — تېخنىكا ۋە يېڭىچە باشقۇرۇش ئۇسۇلى ئۆتمۈشتىن
قالغان مۇھىت مەسىلىسى ۋە بايلىق — ئېنېرگىيە مەسىلىسىنى
ھەل قىلالىسىمۇ، بىراق بۇ خىل ئۇسۇل يەر شارىنىڭ ئېكولوگىيە

قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشتا تېخىمۇ زور بايلىق ۋە ئېنېرگىيەگە تايىنىدۇ. شۇڭا يۇقىرى پەن ـ تېخنىكا بىلەن ئىنسانلارنىڭ زىددى- يەت ـ توقۇنۇشى يەنىلا تېخىمۇ چوڭقۇر ساھەلەرگىچە تۈتىشىدۇ. نۆۋەتتە زامانىۋى ئىلغار پەن ـ تېخنىكا ئۆزىنىڭ غايەت زور تەسىر كۈچى ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ ئەخلاق زېھنىنى، ھېسسىيات ماكانى ۋە روھىيەت زېمىنىغا سىڭىپ كىرىپ، ئۆزىنىڭ قائىدىسى ۋە مەد- تىقىسىنى ئىنسانلارنىڭ ئىچكى مەنىۋى تۇرمۇشى بىلەن زىچ بىر- لەشتۇرۇشكە تىرىشماقتا. پەن ـ تېخنىكا بارغانسېرى ئەتىۋارلىن- نىپ ۋە نازۇكلىشىپ مۇرەككەپلەشكەن ۋاقىتتا ئىنسانىنىڭ گۇما- نىتار ئاڭ ـ تەپەككۇرى ئۆز خاسلىقىنى يوقىتىپ تەدرىجىي ئاد- دىيلاشتۇرۇلۇش كىرىزىسىغا يۈزلىنىدۇ. بۇ خىل نوقۇل پەن ـ تېخنىكىغا تايىنىپ زامانىۋىلاشتۇرۇشقا خۇشتار كىشىلەر ئاقىۋەت- نىڭ قانداق بولۇشىنى ئويلاپ يەتمىگەن. جەمئىيەتنىڭ يۇقىرىقى- دەك ئۇچ قېتىملىق تېز تەرەققىيات دولقۇنىنىڭ ئىنسانلارغا كەل- تۈرگەن ئېكولوگىيەلىك كىرىزىسى بەلكىم توپ ماھىيەتتە ئىن- سانلارنىڭ بىر تەرەپلىمە ماددىي تەرەققىياتنىڭ چەكلىمىلىكىدىن كېلىپ چىققان بىر خىل ئىچكى ۋە مەنىۋى بوشلۇق كىرىزىسى بولۇشى مۇمكىن.

ئېكولوگىيە ئىلمى تەتقىقاتى دۇنيادا 200 يىللىق تارىخقا ئى- گە. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ، مەيلى تەبى- ئىي ئېكولوگىيە تەتقىقاتى ياكى ئىجتىمائىي ئېكولوگىيە تەتقىقاتى بولسۇن، ھەر ئىككىلىسىلا زور تەسىرگە ئىگە بولدى. ئېكولوگىيە تەتقىقاتى ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتنىڭ قىممىتى ۋە مەۋجۇتلۇقىنىڭ ئەھمىيىتىنى تونۇپ، تەبىئىي بايلىقلاردىن مۇۋاپىق ھەم ئىلمىي پايدىلىنىش، ئۇزۇل ـ كېسىل مۇھىت ئاسراشنى قانات يايدۇرۇپ، ئېكولوگىيە كىرىزىسىنى ھەل قىلىپ، ئىناق ۋە سىجىل ئىجتى-

مائىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئۆزىنىڭ ئاكتىپ رولىنى جارى قىلدۇردى. لېكىن ئىلگىرىكى ئېكولوگىيە تەتقىقاتىنى تېك لىنىيەلىك نەزەردە كۆزەتكىنىمىزدە، كۆپلىگەن تەتقىقاتچىلارنىڭ نەزىرى ئېكولوگىيە سىستېمىسىنىڭ ئاددىي ۋە تاشقى قاتلىمى دائىرىسىدە توختاپ قالدى. شۇڭا كىشىلەر تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي ئېكولوگىيە مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنى ئالاقىدار بولغان تېخنىكا ۋاسىتىسى، باشقۇرۇش ئۇسۇلى قاتارلىقلارغىلا يۈكلەپ قويۇپ ئې-كولوگىيە كىرىزىسىنى ئىنسانلارنىڭ مەنىۋى بوشلۇقىنىڭ يىمى-رىلىشى، چىرىشىدىن ئىزدەپ ھەل قىلىشقا سەل قارىدى. مەسىلى-نى ئادەم بىلەن تەبىئەت، ئادەم بىلەن جەمئىيەت، ئادەم بىلەن مە-دەنىيەت، ئادەم بىلەن ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئىچكى تەرەققىيات باغلى-نىشىدىن كۆزىتىدىغان تەتقىقات ئۇسۇلى كەمچىل بولدى.

ئىنسانلارنىڭ ئۆز تىرىكچىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات جەريانىدا كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرىنىڭ ھەممىسى كۆپىنچە ئۆز تۇرمۇشىنى بەختلىك ئۆتكۈزۈشنى مەقسەت قىلىدۇ. لېكىن ئۇلار بۇ خىل قارىماققا ئاددىي، شۇنداقلا يوللۇق ھېسابلانغان نى-شانغا ئاسانلا يېتەلىشى ناتايىن. ھەتتا ئەكسىچە ئىنسانلارنىڭ نادان ۋە قارامىلارچە كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرى كۆپىنچە ئۇلارنى تۇ-يۇق يولغا باشلىشى ۋە زىيانغا ئۇچرىتىشى مۇمكىن. ئىنسانلارنىڭ تارىختىن بۇيان دۇچ كەلگەن تۈرلۈك ئېكولوگىيە كىرىزىسى ۋە ئىجتىمائىي ئاپەتلىرى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ.

ئىنسانلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە تەرەققىياتى ھامان رېئال دۇنيا-نىڭ بايلىقلىرىغا تايانغان بولىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدىكى مەنىۋى بايلىق ئىنسانلارنىڭ قەلب دۇنياسىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىغا يوشۇرۇنغان بىباھا بايلىق. ئىنسانلارنىڭ ئېچىش خاراكتېرلىك ھەرىكىتى تە-رەققىي قىلىپ ھەتتا چەكتىن ئېشىپ، ھازىر ئىچكى دۇنياغا بۇ-

رولۇش دەۋرىگە كىرگەندەك قىلىدۇ. پەقەت نوقۇل ماددىي تەرەققى-ياتلىق تەپەككۇر ئەندىزىسىدىن ۋاز كېچىپ، مەنىۋى خاراكتېرلىك قىممەت چۈشەنچىسى ئاۋام قەلبىدە مۇستەھكەم بەرپا قىلىنغاندىلا ئاندىن ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتكە بولغان تالان ـ تاراج خاراكتېرلىك ئېچىشى ئۈنۈملۈك كونترول قىلىنالىشى، يەر شارى ۋە ئىنسانلار دۇچ كېلىۋاتقان ئېكولوگىيە مەسىلىسىمۇ ھەقىقىي ھەل قىلىشقا ئېرىشەلىشى مۇمكىن.

ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى تەتقىقاتىدىن شۇ نەرسىنى تونۇپ يېتىشكە بولىدۇكى، ئىنسان ئىككى ياقلىمىلىق خاراكتېرگە ئىگە بولغان ئىجتىمائىي مەخلۇق. ئۇ نوقۇل تەبىئىي مەۋجۇتلۇق ئەمەس، شۇنداقلا نوقۇل ئىجتىمائىيلىققا ئىگە مەۋجۇداتمۇ ئەمەس، بەلكى يەنە مەنىۋىلىك خاراكتېرگە ئىگە مەۋجۇتلۇقتۇر. شۇڭا ئۇ-نىڭدا تەبىئەت ئېكولوگىيەسى ۋە ئىجتىمائىي ئېكولوگىيەدىن سىرت يەنە مەنىۋى ئېكولوگىيەنىڭ بولۇشى زۆرۈر. ئەگەر بىز تە-بىئەت ئېكولوگىيەسىنى ئادەم بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى باغ-لىنىشتا، ئىجتىمائىي ئېكولوگىيەنى ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرد-سىدىكى مۇناسىۋەتتە ئىپادىسىنى تاپىدۇ دېسەك، ئۇ ھالدا مەنىۋى ئېكولوگىيەنى ئىنسان بىلەن ئۇنىڭ ئۆزى ئوتتۇرىسىدىكى مۇنا-سىۋەتتە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ، دەپ قارىيالايمىز. مەنىۋى مەۋ-جۇتلۇق بولسا، ئىنسانلارنىڭ ئەڭ يۇكسەك مەۋجۇتلۇق شەكلى بو-لۇپ، ئىنسانلارنىڭ مەنىۋىيەت ئالىمىنىڭ بېكىتىلىشى ئۇلار دۇچ كېلىۋاتقان مەۋجۇتلۇق ھالىتىگە قارىتا غايەت زور تەسىر كۆرسى-تىدۇ. يېڭىچە ئىلمىي تەرەققىيات نەزەرىيەسى ئادەتتە «مەنىۋىيەت-نىڭ تەدرىجىي تەرەققىياتى» قارىشىنى جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ مۇھىم ئۆلچىمى دەپ قارايدۇ. بۇ بىر مەيدان ئىنقىلاب، شۇنداقلا ئادەمنىڭ يېتىلىشكىلىق ئاڭ ۋە ساپا ئىنقىلابىدۇر.

20 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە بەزى ئالىملار 21 ـ ئەسىر ھەققىدە تىراگېدىيە ۋە كومېدىيە ئارىلىشىپ كەتكەن مۇنداق بىر بېشارەتلىك سۆزنى، يەنى: «كېلەركى ئەسىر مەنىۋى توسقۇنلۇققا ئىگە كېسەللىك دەۋرى بولىدۇ، شۇنداقلا يەنە ئېكولو ـ گىيە دەۋرى بولىدۇ» دېگەن سۆزنى ئېيتقان. يەر شارى ھەمدە ئىنسانلار جەمئىيىتىدىكى ئېكولوگىيەلىك تەڭپۇڭسىزلىقنىڭ بۇزۇ ـ لۇشى، مۇھىت بۇلغىنىشى ئىنسانلار ئۆزلىرى ھېس قىلالمىغان دەرىجىدە ئۇلارنىڭ قەلب دۇنياسىغا تېز سۈرئەتتە بۆسۈپ كىرىۋا ـ تىدۇ. يەر شارىنىڭ نۆۋەتتىكى ئېكولوگىيە رېئاللىقىدىن قارى ـ غاندا، بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ بېرىۋاتقان بۇلغىنىشنىڭ ئاسا ـ سىي مەنبەسى ئىنسانلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مەنىۋى بۇلغىنىشتىن كەلگەن. ئەدىب جامېس جويىس ئۆزىنىڭ بىر ماقا ـ لىسىدە مۇنداق دېگەن: «ياۋروپا ئەدەبىيات ـ سەنئەت گۈللىنىش ھەرىكىتى ماددىۋىزىم بىلەن تومۇرداش بولۇپ، ئۇ ئىنساننىڭ مەنى ـ ۋى روھ ـ ئېتىقادىنى نابۇت قىلدى... ھازىرقى زامان ئىنسانلى ـ رى ئۆز ماكانىنى بويسۇندۇردى، تەبىئەتنى بويسۇندۇردى. لېكىن مۇشۇ ئۇلۇغ غەلىبىلەرنىڭ ھەممىسى پەقەت يۇقىرى بېسىملىق ئېرىتىش پېچىدا ھاسىل بولغان كۆز يېشىدىن باشقا نەرسە ئە ـ مەس.»① نوقۇل ماددىي تەرەققىيات ھەرگىزمۇ تۈپ ماھىيەتلىك تە ـ رەققىيات بولماستىن، بەلكى مەنىۋى كىرىزىسنىڭ مۇقەددىمىسى.

پسىخولوگ ئېرك فورم مۇنداق دېگەن: «20 ـ ئەسىردە گەرچە ماددىيلىق زور گۈللىنىشكە ئىگە بولۇپ، ئىنسانلار سىياسىي، ئىقتىسادىي ئەركىنلىككە ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئەسىر

---

① «ئەدەبىيات ـ سەنئەت قايتا ئويغىنىش ھەرىكىتى ئەدەبىياتىنىڭ ئو ـ مۇمىي ئەھمىيىتى»، «چەت ئەل ئەدەبىياتى ئوچېرىكلىرى»، خەنزۇچە 1985 ـ يىلى 6 ـ سان.

يەنە مەنىۋى جەھەتتىن 19 ـ ئەسىرگە قارىغاندا ئېغىر كېسەللىك بىلەن تولغان.»[1]

دېمەك، ماددىي دۇنيا بىلەن مەنىۋى دۇنيا ئوخشاش قىممەتكە ئىگە نەرسە ئەمەس. ئىنساننىڭ ماددىي باياشاتلىققا ئېرىشىشى ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ مۇكەممەل تەرەققىياتىنىڭ بەلگىسى ئەمەس. بۇ ھەقتە فىرانسىيەلىك تېئولوگ ئالبېرت سۋېتزىر مۇنداق دېگەن: «بىزنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى بالايىئاپەتىمىزنىڭ يىلتىزى شۇ يەردىكى، مەدەنىيەتنىڭ ماددىي تەرەققىياتى ئۇنىڭ مەنىۋى تەرەققىياتىدىن ھالقىپ كەتكەنلىكىدە، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى تەڭپۇڭلۇقنىڭ بۇزۇۋېتىلگەنلىكىدە، بىزنىڭ پايدا ـ مەنپەئەت كويىدا بولۇپ كېتىپ، ئۇنى كېرەك قىلماي تاشلىۋەتكەنلىكىمىزدە.»[2]

يېقىنقى نەچچە ئون يىلدىن بۇيان دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەت ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى يەر شارىنىڭ نۆۋەتتىكى مۇھىت ئۆزگىرىشى ۋە ئىنسانلارنىڭ تەقدىرىنى نەزەردە تۇتۇپ، جەنۇۋە، مېكسىكا، ستوكھولم قاتارلىق شەھەرلەرگە يىغىلىپ، نۆۋەتتە ئىنسانىيەت جىددىي دۇچ كېلىۋاتقان ئېكولوگىيە ۋە مۇھىت مەسىلىسىنى قىزغىن مۇھاكىمە قىلدى. بۇ ئىنسانلارنىڭ مۇھىت كىرىزىسىنى ھەقىقىي تونۇپ يېتىشكە باشلىغانلىقى، ئېكولوگىيە دەۋرىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان مۇھىم بىر ئالامەت، شۇنداقلا يېڭى باشلىنىش نۇقتىسى. لېكىن ئىنسانلارنىڭ ياخشى نىيەت ۋە ئارزۇلىرىنىڭ رېئاللىققا ئايلىنىش مۇساپىسى خېلى مۇشكۈل.

---

① «ئەدەبىيات ـ سەنئەت قايتا ئويغىنىش ھەرىكىتى ئەدەبىياتىنىڭ ئومۇمىي ئەھمىيىتى»، «چەت ئەل ئەدەبىياتى ئوچېرىكلىرى»، خەنزۇچە 1985 ـ يىلى 6 ـ سان.

② سۋېتزىر: «ھاياتلىقتىن ئەيمىنىش»، شاڭخەي ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى 1995 ـ يىلى نەشرى 44 ـ بەت.

ئەگەر بىز ئىنسانلار تارىخىدىكى مەدەنىيەتلىك دەۋرنىڭ ئىپا-دىسىنى فىزىكا ئىلمى دەپ قارىساق، ئۇ ھالدا ئۇلارنىڭ يېڭى مەدە-نىيلىك دەۋرنىڭ ئالامىتىنى ئېكولوگىيە دەپ قارىشىمىز مۇم-كىن. ئېكولوگىيە بىلەن فىزىكا ئوتتۇرىسىدىكى زور بىر پەرق شۇكى، ئەنئەنىۋى فىزىكا ئىلمى ئادەم ئامىلىنى ئۆز ئىچىگە ئال-مايدۇ. ئادەم باشتىن ــ ئاخىر فىزىكا ئىلمىنىڭ سىرتىدىكى بىر كۆزەتكۈچى، تەتقىقاتچى ياكى مەشغۇلاتچى بولۇپ، ئادەم تەبىئەت بىلەن شەيئىلەرنىڭ قارشى تەرىپىدە تۇرۇپ ئۆزىگە كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئېلىپ تېخنىكا ئارقىلىق خىلمۇخىل تاۋارلارنى ياساپ چىقىدۇ. شۇنداقلا بازار ئىستېمالى ئارقىلىق ئادەملەرنىڭ ئارزۇ ــ ھەۋىسىنى ئاساس قىلغان تاۋار جەمئىيىتىنى يارىتىدۇ. فىزىكا ئىلمىدە تەبىئەت مەلۇم جەھەتتە كىشىلەرنىڭ ھەربىي يۈرۈش، ھۇجۇم قىلىش، ئىگىلەش، بويسۇندۇرۇش ئوبيېكتى قىلىنىدۇ. ئا-دەم ئۆزىنىڭ ماددىي ئېھتىياجى ۋە ئىستەك ــ ھەۋىسىنى قاندۇرۇش زۆرۈرىيىتى تۈپەيلىدىن كۆپىنچە تەبىئەت بىلەن قاتتىق رەقىبلىك مۇناسىۋەتتە تۇرىدۇ. ئەڭ پاجىئەلىك بولغىنى، تەبىئەت بىلەن بول-غان بۇ خىل قارشىلىشىش جەريانىدا ئىنسان ئۆزىچە غەلىبە قازى-نىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە ئۆزىدىكى تەبىئەت ئاتا قىلغان پاك خىسلەتنى يوقىتىپ قويىدۇ، ئىنسانغا خاس ھەقىقىي گۇمانىستىك روھنى سۇسلاشتۇرىدۇ.

نۆۋەتتە كۈنسېرى كېڭىيىۋاتقان ئېكولوگىيە تەتقىقاتىدا ئىن-سان ئېكولوگىيە سىستېمىسىدىكى بىر ھالقا بولۇپ، ئادەم بىلەن كائىنات ــ ئاسمان، تاغ ــ دەريا، ئورمان، قۇشلار، ئوتلاق ۋە ھا-شاراتلارنىڭ ھەممىسى مەۋجۇتلۇق ئەھمىيىتى جەھەتتە باراۋەر ھەم ئۆزئارا باغلىنىشلىق ئورۇندا تۇرىدۇ. ئەگەر ئادەم بىلەن تەبى-ئەت ئوخشىمايدۇ دەپ قارالسا، ئۇ ھالدا بۇ پەرق ئادەمنىڭ تەبىئەت-

تىكى تۇمەن شەيئىلەر ئىچىدىكى بىردىنبىر پىكىر قىلغۇچى، بايقىغۇچى ۋە ئاڭلىق ماسلاشقۇچى ھەم ئىجاد قىلغۇچىلىقىدا. شۇڭا ئاڭلىق مەخلۇق ھېسابلانغان ئىنساننىڭ تەبىئەتتىن ئېلىش تەلپى ھەممە تۈرلەردىن زور بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئۇنىڭ تەبىئىي مۇھىت ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىمۇ ئەڭ ئېغىر. ئىنسان ئۆزىنىڭ تەبىئەت دۇنياسىدىكى تۈمەن شەيئىلەر بىلەن بولغان بۇ خىل ئاڭلىق مۇناسىۋىتى ئارقىلىق تېخىمۇ گۈزەل، تېخىمۇ ماسلاشقان، تېخىمۇ باي شېئىرىي مەنىگە ئىگە دۇنيانى يارىتىدۇ. ئەمما زامانىۋى جەمئىيەتتە ئەۋج ئالغان مەنپەئەتپەرەسلىك، زىيادە ئارزۇ ـ ئىستەك ۋە راھەتپەرەسلىك ئۇنى زور دەرىجىدە چەكلەپ تۇرماقتا.

ئىنسانلارنىڭ ئۆز ھاياتىدا يەر شارىنىڭ قىممىتى، ئۇنىڭ نۆۋەتتىكى مۈشكۈلاتى ۋە ئۆزلىرىنى قانداق قىلغاندا ئاندىن ئېكولوگىيەلىك مۈشكۈلاتتىن قۇتۇلدۇرغىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرلىرى ئېكولوگلار، مۇھىتشۇناس ئالىملار ۋە باشقىلار تەرىپىدىن ئىلگىرىلا ئوتتۇرىغا قويۇلغان. مەسىلەن، ئىنسانلارنىڭ پەن ـ تېخنىكا سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش، ئىلمىي باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، يېڭى بايلىق ۋە ئېنېرگىيە مەنبەلىرىنى ئېچىش، كېرەكسىز بۇيۇملاردىن پايدىلىنىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى شەكسىزكى، ئېكولوگىيەلىك كرىزىسنى ئازايتىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا بەلگىلىك ئاكتىپ رول ئوينىدى. بىراق، ئالىملار ئۆز قولىدىكى تېخنىكىلىق قوراللار بىلەن مەغرۇرلىنىپ، ئۆزلىرىگە ھەددىدىن زىيادە ئىشىنىشمەكتە. مەسىلەن، بەزىلەر بىيولوگىيە قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار تېخنىكىنى قوللىنىپ ھازىرقى زامان ئىنسانلىرىنىڭ بەدەن قۇرۇلمىسىنى يېرىم ھەسسە قىسقارتىپ، ئۇنىڭ ماددىي ئېنېرگىيە سەرپىياتىنى ئازاي-

تىش پەرىزىنى ئوتتۇرىغا قويسا، يەنە بەزىلەر ئالەم قاتنىشى تېخ-نىكىسىدىن پايدىلىنىپ، ئىنسانلارنى كوللېكتىپ ھالدا باشقا پىلانېتا - سەييارىلەرگە كۆچۈرۈپ ماكانلاشتۇرۇشنى خىيال قى-لىشتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى گەرچە ئەمەلگە ئاشمىدىغاندەك كۆرۈن-سىمۇ، لېكىن ئۇ نوقۇل پەن - تېخنىكىنى ۋاستە قىلغان، تەبى-ئىيلىكتىن چەتنەپ ئىنسان قېلىپىدىن چىققان قەبىھ ئۇسۇل بو-لۇپ، ئۇ ئىنسانىيەتكە تېخىمۇ ئېغىر ئاپەت ۋە مەڭگۈلۈك كۆز يې-شى ئېلىپ كېلىدۇ.

رېئال دۇنيا ئىنسانىيەتكە نىسبەتەن ھامان چەكلىك. لېكىن رەڭگا رەڭ تاۋار، مودا ۋە مەنمەنچىلىك تۇسىگە تولغان ئىستېمال دولقۇنى ئىچىدىكى ئىنسانلارنىڭ ئېھتىياجى ۋە تەبىئەتتىن ئېلىش تەلىپى بارغانسېرى ئېشىپ بارماقتا. ھازىرقى رېئاللىق شۇنداق-كى، پەن - تېخنىكا، ئىقتىساد گەرچە ئۇچقاندەك تەرەققىي قى-لىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي ئېكولوگىيە سىستېمىسىكى ھېس قىلىش قىيىن بولغان ئاپەتلەر توختىماس-تىن كېلىپ چىقماقتا. ئىنسانلارنى مۇشۇنداق ئاپەتلەردىن قۇتۇل-دۇرۇشتا مەسىلىنى ئەسلىي ماھىيەتتىن چىقىپ ھەل قىلماس-تىن، ئەكسىچە نوقۇل پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ ھەل قىلىش ۋە تېخىمۇ تېز سۈرئەتلىك ئىلگىرىلەش خىيالى بەلكىم ئەمەلگە ئاش-ماسلىقى مۇمكىن.

يەر شارى ئېكولوگىيە چەمبىرىكى ۋە ئىچكى ئېنېرگىيە مې-خانىزمىنى چۈشەندۈرۈشتە ئېكولوگىيە ئالىملىرى «كۆپ قاتلاملىق ئورتاق مەقسەت چەمبىرىكى»دىن ئىبارەت سىستېما ئەندىزىسىنى قوللىنىپ، يەر شارىنىڭ ئېكولوگىيە مەنزىرىسىنى سۈپەتلەشكە ئادەتلەنگەن بولۇپ، ئۇلار ئاشۇ گۈزەل سەييارىلەر ھەققىدە نۇرغۇن «چەمبىرەكلەر»نىڭ بارلىقىنى تەسۋىرلەپ چىققان. فىزىكىلىق

چەمبىرەك تاغۇتاشلار، يەر ـ زېمىن، مىنېرالـلار، ھاۋا، سۇ قاتـار ـ
لىقلارنى كۆرسىتىدۇ. بىيولوگىيە چەمبىرىكى بولسا ئورمانلار،
يايلاقلار، مىكروبلار ۋە باشقا جانلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. پەن چەمبە ـ
رىكى بولسا ئىلىم ـ پەن، قورال ـ ئۈسكۈنە، تېخنىكا قاتارلىقلار ـ
نى كۆرسىتىدۇ. ئىجتىمائىي چەمبىرەك بولسا سىياسىي گەۋدە،
تۈزۈم، ئەدلىيە، مائارىپ، ھەربىي قوشۇن، قۇرۇلتاي قاتارلىقلارنى
كۆرسىتىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ساغلام تەرەققىياتى ئۈچۈن بۇلاردىن
باشقا يەنە تېخىمۇ زۆرۈر بولغان چەمبىرەك بارمۇ ـ يوق؟

ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ سىياسىي ئىقتىسادىي تۇرمۇشىدا
يەنە بىر مۇھىم چەمبىرەك بار. ئۇ بولسىمۇ كىشىلەرنىڭ ئوي ـ
پىكرى، ئېتىقادى، غايىسى، قىممەت قارىشى، مەنىۋى ئىزدىنىشى
قاتارلىقلارنى مەزمۇن قىلغان چەمبىرەك بولۇپ، ئۇ ئادەتتە ھايات ـ
لىق دۇنياسىنىڭ مەنىۋى چەمبىرىكى دەپ ئاتىلىدۇ. فىرانسىيە ـ
لىك قەدىمكى جانلىقلار تەتقىقاتچىسى تىلخاد دې شاردەن «مەنىۋى
چەمبىرەك» دېگەن بۇ ئاتالغۇنى ئەڭ بۇرۇن ئېنىق ۋە توغرا قوللان ـ
غان. ئۇنىڭ قارىشىچە، يەر شارىدا تەبىئىي جانلىقلار چەمبىرىكى ـ
دىن سىرت يەنە ئىنسانلارنى مەركەز قىلغان مەنىۋىيەت چەمبىرى ـ
كى مەۋجۇت. ئىنسانلاردىكى ئىجتىمائىي ئاڭ، بولۇپمۇ غايە، ئېتى ـ
قاد ئۇنىڭ ئەڭ يۇكسەك ئىپادىلىنىش شەكلىدۇر.

ئىنسانلار ئېكولوگىيە سىستېمىسىدا مەنىۋىلىكنىڭ ئىن ـ
سانلار ئېكولوگىيە سىستېمىسىدىكى ئورنىنى تەكىتلىشىمىزدىكى
سەۋەب شۇكى، پەن ـ تېخنىكا دەۋرىنىڭ مەنىۋى كرىزىس مەسى ـ
لىسى ئاشۇ تېخنىكىنىڭ ئۈچقاندەك تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ
ئۆزلۈكىدىن تۈگىمەيدۇ، بەلكى ئۇ بارغانسېرى ئېغىرلىشىۋاتىدۇ.
ئەگەر نوقۇل ماددىي ئىستېمالنىڭ قورشاۋىدا ھاياتلىقنىڭ قىممى ـ
تى، مەۋجۇتلۇقنىڭ ئەھمىيىتى، تۇرمۇشتىكى غايە ۋە ئېتىقاد قا ـ

تارلىقلارنىڭ ھەممىسى خارابلاشسا، ئۇ ھالدا ئاتوم ئېنېرگىيەلىك ئېلېكتىر ئىستانسىسى، كومپيۇتېر ۋە يادرو تېخنىكىسى قاتار-لىقلار ھەرقانچە ئىلغار ۋە قۇدرەتلىك بولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ بىزنى بالايىئاپەت ۋە كىرىزىستىن قۇتۇلدۇرالمايدۇ.

يەنە بىر جەھەتتىن، نۆۋەتتىكى فىزىكا ئىلمى دەۋرىنىڭ تېخ-نىكىغا ئەھمىيەت بېرىشى ماددىيلىقتا ئەھمىيەت بېرىشكە ئوخ-شىمايدۇ. ئېكولوگىيە دەۋرىنىڭ نەزەردە تۇتقىنى باراۋەر مۇناسى-ۋەت، ماس ـ ئىناق ئالاقە. ئۇنىڭ تېخىمۇ زور دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىدىغىنى مەنىۋىلىكنىڭ دۇنيانىڭ بىر پۈتۈنلۈكى ۋە يۈكسىلى-شىدىكى رولىدۇر. ئىنسانلار مەۋجۇتلۇقىنىڭ قىيىنچىلىق ۋە كى-رىزىسى ئىچىدە ئۆزلىرىنىڭ تەدرىجىي ھالدا ماددىي خاراكتېرگە ئىگە مەۋجۇتلۇق، ئىقتىسادىي خاراكتېردىكى مەۋجۇتلۇق، سىيا-سىي خاراكتېردىكى مەۋجۇتلۇق، ئىجتىمائىيلىقتا ئىگە مەۋجۇتلۇق بولۇشتىن ئىدراكىي خاراكتېرلىك مەۋجۇتلۇق بولۇش بىلەن بىل-لە، يەنە ئەخلاق، ئېتىقاد، دىن خاراكتېرلىك مەۋجۇتلۇق، سەنئەت ۋە مەنىۋىلىككە ئىگە مەۋجۇتلۇق ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشقا باشلىدى.

جانلىقلار دۇنياسىدىكى تەڭپۇڭلۇق ئاتالغۇسى ئېكولوگىيە ئىلمىدىكى مۇھىم چۈشەنچە. تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئېكولوگىيەلىك تەڭپۇڭلۇقى ئىنسانلار كەڭ كۆلەمدە ئوت، ئوقيا، ھۈنەر ـ تېخنى-كا ۋە باشقا قوراللارنى ئىشلەتكەن كۈندىن باشلاپلا چېكىنىش ۋە بۇزۇلۇشقا باشلىغان. ئېكولوگىزمچىلار شۇنداق قارايدۇكى، بارلىق ئېكولوگىيە كىرىزىسىنىڭ باش جىنايەتچىسى ئىنسانلار بولۇپ، بۇنىڭدا شەك يوق. گەرچە ئىنسانلارنى ئۆلارنىڭ گۇناھى سەۋەبلىك يەر شارىدىن باشقا بىر ماكانغا سۈرۈپ چىقىرىۋەتكىلى بولمىسى-مۇ، لېكىن ئېكولوگىيەلىك تەڭپۇڭلۇقنى قايتىدىن تەرتىپكە سې-

لىش ۋە قەدىمكى ھالىتىگە قايتۇرۇشنى ئىشقا ئاشمايدىغان خىيال
ياكى چۈشتۇر. نۆۋەتتىكى تەرەققىي قىلىۋاتقان ئەللەرگە نىسبەتەن
ئېيتقاندا، بۇ مەسىلە تېخىمۇ مۇرەككەپ. چۈنكى بىز نۆۋەتتىكى
ئىقتىسادىي تەرەققىيات قەدىمىنى توختىتالمايمىز. شۇنداقلا يەنە
ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنىڭ يامانلىشىپ كېتىشىنىمۇ، ئەنئەنىۋى
مىللىي ئەخلاقتىن ۋاز كېچىشىنىمۇ توختىتالالمايمىز. شۇڭا نۆ-
ۋەتتە ئاۋام خەلقنىڭ ئەخلاق نەزەرىيەسىگە سەل قاراشقا بولمايدۇ.
شۇنداقلا يەنە ئەنئەنىۋى مىللىي ئەخلاقتىن ۋاز كېچىشكىمۇ بول-
مايدۇ. قانداق قىلغاندا تەڭپۇڭلۇقنى ئېرىشكىلى بولىدۇ؟ پىسخو-
لوگىيە نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئېكولوگىيەلىك تەڭپۇڭلۇق قارى-
غۇلارچە تەرەققىيات قوغلىشىش ئەمەس، بەلكى ئىككىلىنىش ۋە
ئېھتىياتچانلىق پاسىلىنى ساقلاپ، بىر خىل ئىچكى مەنىۋى تەڭ-
شەش مېخانىزمىنى قولغا كەلتۈرۈپ سىجىل ئىجتىمائىي تەرەققى-
ياتنى ئىلگىرى سۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئادەم بىلەن تەبىئەت-
نىڭ ئىناقلىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇش زۆرۈر دېگەنلىكتۇر. بۇ يەردىكى
ئىچكى مەنىۋە روھىي ئامىل بولۇپ، ئۇ پەقەت ئىنسانلارغىلا خاس
ئالاھىدىلىكتۇر. ئىنسانلارنىڭ دۇنيادىكى باشقا تۇرلۇك جانلىقلار-
دىن ماھىيەتلىك پەرقى ۋە ئەۋزەللىكى ئۇلارنىڭ ئاشۇ خىل
ئىجتىمائىي ئاڭ ۋە ئەخلاقتا، بولۇپمۇ گۇمانىتار روھقا ئىگە
بولغانلىقىدا.

پەن ـ تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى دۇنيانى، ئىنسانلارنىڭ تۇر-
مۇش شەكلى ۋە ئۇسۇلنى ئۆزگەرتتى. ئەدەبىيات ـ سەنئەت يەر
شارىنىڭ نۆۋەتتىكى مۇشۇ خىل تەقدىرىنى، ئىنسانلارنىڭ ئىس-
تىقبالىغا چېتىلىدىغان تارىخىي تەرەققىياتلىق «ئەسلىگە قايتىش
ھەرىكىتى» دەۋرىنى قانداق ئۇسۇلدا نامايان قىلىپ، ئۆز رولىنى
قانداق جارى قىلدۇرىدۇ؟ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىنسانلارنىڭ مەنە-

ۋى پائالىيىتىنىڭ ئەڭ ئالىي شەكلى. ئۇ نوقۇل ئەمەلىي ئىشلە-
تىش رولىغا ياكى پەقەتلا بىر خىل كۆڭۈل ئېچىش خاراكتېرىگە
ئىگە نەرسە بولماستىن، بەلكى ئىنسانلارنىڭ تۈپ ماھىيىتىگە يې-
قىن بولغان زۆرۈر مەنىۋى ئېھتىياجى. ئۇ بىر خىل تۈپ ماھىيەت-
لىك مەۋجۇتلۇق شەكلى، شۇنداقلا ئىنسانلار ھاياتلىق پائالىيىتى-
نىڭ پارلاق مەنىۋى مەنزىرىسىدۇر. فارابى، يۇسۇف خاس ھاجىپ،
ئەھمەد يەسەۋى، لۇتفىي، نەۋايى قاتارلىق ئۇيغۇر كىلاسسىك پەيلا-
سوپلىرىنىڭ ئالەمنىڭ بىر گەۋدىچانلىقى ھەققىدىكى نەزەرىيەۋى
قاراشلىرى تەبىئەت بىلەن ئىلاھنىڭ بىردەكلىكى، ئاسمان جى-
سىملىرى بىلەن يەر يۈزىدىكى شەيئىلەرنىڭ بىردەكلىكى، تەبىئەت
بىلەن ئىنساننىڭ بىردەكلىك، ئۇيغۇنلۇقى، شەيئىلەر ۋە ئۇنىڭ
تەبىئىي قانۇنىيەتلىرى بىلەن ئىنساننىڭ بىلىش جەريانىنىڭ بىر-
دەكلىكى، تەبىئەت گارمونىيەسى بىلەن جەمئىيەت گارمونىيەسى-
نىڭ بىردەكلىكىدىن ئىبارەت بەش خىل بىردەكلىك - ماسلىقنى
ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەمما ھازىرقى ئىجتىمائىي مەدەنىيلىك ئەن-
دىزىسى پەلسەپىۋى تۇيغۇغا، گۇمانىستار روھقا ئىگە جەمئىيەتنىڭ
مەدەنىيلىك ئەندىزىسىگە ئوخشىمايدۇ.

پەن - تېخنىكا ۋە ماددىي تەرەققىيات دۇنيانى، دۇنيانىڭ ئەس-
لىي قىياپىتى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىيات رىتىمىنى، شۇنداقلا ئىن-
سانلارنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتتى. ئىپتىدائىي ئىنسانلار
غار - ئۆڭكۈر، ئورمانلىق ياكى بىپايان دالادا ئەركىن ياشىغان
بولسا؛ ھازىرقى كۈندە چوڭ شەھەر ئاھالىلىرى تەبىئەت ۋە كەڭ
دالادىن يىراقلىشىپ ئەتراپى چىنە خىش بىلەن بېزەلگەن، تەبىئىي
مەنزىرىدىن خالىي، دەرەخ - ئورمانلار بولمىغان، دەرەخ شاخلىرى-
دىمۇ قۇشلار سايرىمايدىغان، دەريالىرىدا بېلىق بولمىغان ھەتتا
يېتەرلىك قۇياش نۇرىمۇ بولمىغان مۇھىتتا ياشىماقتا. ئۇلار

گۈل ـ گىياھلارنى تەشتەك ئىچىدە ئۆستۈرۈپ، قۇشلارنى تار قە-
پەستە، بېلىقلىرىنى ئەينەك قاچىلاردا باقىدىغان بولغاچقا، ئۇلار-
نىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى ئۆزگىرىپ تەبىئەت بىلەن بولغان ئارىلىقى
سۇنئىي ھالدا قىسقىراپ كەتتى. قەدىمدىن تارتىپ ئىنسانلارغا
ھەمراھ بولۇپ، ئۇلارنىڭ قولىغا قول، پۇتىغا پۇت بولۇپ كەلگەن
ئىت، مۈشۈكلەرمۇ ئېسىل مېھمانخانىلارغا قويۇپ قويىدىغان ئو-
يۇنچۇق ياكى شەخسلەرنىڭ ئۆزىنى كۆرسىتىدىغان ئەتىۋارلىق
نەرسىگە ئايلىنىپ قالدى. تەبىئىي مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشىدىن
سىرت يەنە جەمئىيەتتىكى راھەتپەرەسلىك، شەخسىيەتچىلىك، زى-
يادە روھىي بېسىم سەۋەبلىك، تەبىئەت دۇنياسىدىكى جانلىقلار تو-
پى ئاجىزلىشىپ كەتتى. شەھەرلىكلەر ھازىر نېمە ئۈچۈن داڭلىق
تەبىئىي مەنزىرىلىك جايلارنى ساياھەت قىلىشقا شۇنچە ھېرىسمەن
بولۇپ كەتتى؟ بەلكىم ئۇلار تېز سۈرئەتلىك تەرەققىيات ۋە تۇرمۇش
رىتىمىدىن بىزار بولۇشۇپ، تەبىئەت دۇنياسىدىن ھاياتلىقنىڭ تە-
بىئىيلىكى، تۇرمۇشنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى، ئۇنىڭ شېئىرىي
مەنىسىنى ئىزدەپ تېپىشقا ئىنتىلىدىغاندۇ؟
ئىنسانلار يېقىنقى زامان جەمئىيىتىگە كىرگەندىن كېيىن
پەن ـ تېخنىكا ئۇلارغا چەكسىز قولايلىق ۋە بەخت ئېلىپ كەلگەن-
لىكتىن، پەننى تەپەككۇرمۇ كۈنسېرى ئۇلۇغلىنىشقا ئېرىشىپ،
ئەكسىچە گۇمانىستىك روھ ۋە بەدىئىي تەپەككۇر بارغانسېرى ئىپ-
تىدائىي ۋە يىمىران ھالىتىدىكى تەپەككۇر سۈپىتىدە قارىلىدىغان
بولۇپ قالدى. زامانىۋى جەمئىيەت ۋە يۇقىرى ئىستېمال، يۇقىرى
روھىي بېسىملىق تۇرمۇش مۇھىتىدا ياشاۋاتقان ئىنسانلاردا بار-
غانسېرى روشەن ئىپادىلىنىۋاتقان ماددىۋىزملىق تەسىرىدىكى بۇ
خىل كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتنىلا ئاساس قىلغان ئاغمىچىلىق خا-
ھىشى ئۇلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى، قىممەت قارىشى ۋە مەنىۋى-

يىتىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىگىچە كېڭەيمەكتە.

ھازىرقى دۇنيا دۇچ كەلگەن جىددىي مەسىلە شۇكى، ئاتالمىش پەن ـ تېخنىكا ئىنقىلابىنىڭ زەربىسى ۋە نوقۇل ئىقتىسادىي رىقابەت ۋە بىنورمال قىممەت قارىشىنىڭ تەسىرىدە ئىنسانلارنىڭ مەنىۋىيىتى داۋالغۇپ، ئىچكى ئېكولوگىيە مۇۋازىنىتىمۇ ماس ھالدا ئۆز تەڭپۇڭلۇقىنى يوقاتتى. كىشىلەر ماددىي ھاسىلاتلار ۋە راھەتپەرەسلىكنىڭ قايمۇقتۇرۇشى ئاستىدا ئۆزلىرىنىڭ قەلب خاھىشى، گۇمانىتارلىق روھى ۋە ئەسلىي تەبىئىتىنى يوقاتتى. شۇنىڭ بىلەن تېخىمۇ چوڭقۇر قاتلاملىق ئېكولوگىيە كرىزىسى كىشىلەرنىڭ مەنىۋىيەت زېمىنىدا يۈز بەردى. نۆۋەتتىكى ئىلىم ـ پەن ساھەسى تونۇپ يەتكەن دۇنياۋىلىشىش ئەمەلىيەتتە بىر خىل بازار، پۇل مۇئامىلە ۋە مەنپەئەت تۈسىدىكى، يەنى كاپىتال مەنىسىدىكى يەر شارىلىشىش بولۇپ، بۇ خىل دۇنياۋىلىشىش يەنە ھازىرقى زاماندىكى يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان پەن ـ تېخنىكىغا تايانغان. نوقۇل ئىقتىسادنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويغان، تۈرلەرنىڭ كۆپ خىللىقى ۋە ئۇنىڭ خاسلىقى نەزەرگە ئېلىنمىغان بۇ خىل دۇنياۋىلىشىش يەر شارىنىڭ ئېكولوگىيە سىستېمىسىنى بۇزۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئىنسانلارنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى مەركەز قىلىشى، راھەتپەرەسلىك ۋە ماددىيۋىزملىق قارىشىنى ئۆستۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئەلمىساقتىن تارتىپ ئۆزىدە بار بولۇپ كەلگەن ئىچكى مەنىۋى ئېكولوگىيە سىستېمىسىنىمۇ نابۇت قىلىدۇ. بۇ ھال ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكى زىيالىيلارنىڭ ئىلمىي ئىزدىنىشى، مەنىۋى ھالىتى ھەمدە ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئىزدىنىش ھالىتىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## 2. روھىيەتنىڭ مەنىسى ۋە مەنىۋى ئېكولوگىيە

تەبىئەت بىلەن ھاياتلىق ئورتاق ماكانغا، ئورتاق قانۇنىيەتكە، ئورتاق روھقا ئىگە. شۇڭا ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ تارىختىن بۇيان ياراتقان مەدەنىيىتىدە بۇ خىل گۇمانىستىك روھنى ئىزچىل ئىپادىلەپ كەلگەن. بۇ خىل قانۇنىيەت جۇڭگونىڭ قەدىمكى زامان پەلسەپىسى، جۇملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى پەلسەپىسى، ئالەم قارىشى ۋە ھاياتلىق چۈشەنچىلىرىدە ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈلۈپ، خەلقىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىدە ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلگەن. ئەجدادلىرىمىز مۇشۇ خىل گۇمانىستىك روھ ئارقىلىق ئۆز تۇرمۇشىنى تىنچ - خاتىرجەم ئۆتكۈزۈپلا قالماستىن، پارلاق مەدەنىيەت ئۇتۇقلىرىنى ياراتقان. ئەمما سانائەتنىڭ تەرەققىياتى ئىنسانلارغا تەرەققىيات پۇرسىتى بېغىشلاپلا قالماي، غەم - ئەندىشە، تەشۋىشلەرنى ئېلىپ كەلدى. 19 ~ 20 - ئەسىردە غەربلىكلەرنىڭ ھاياتلىق پەلسەپىسى ھەققىدىكى ئىزدىنىشلىرى بارغانسېرى چوڭقۇرلاشتى. 20 - ئەسىردە گېرمانىيە پەيلاسوپى ماركىس شېللىر «ھاياتلىق» بىلەن «روھىيەت»نى ئېھتىياتچانلىق بىلەن پەرقلەندۈرۈپ مۇنداق دېگەن: «ھاياتلىق جىسمىيەتكە، ماددىلىقتا، فىزىيولوگىيەلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە مۆجىزە بولۇپ، ئۇ ماھارەت، قىزغىنلىق، ئارزۇ - ئىستەك، مىجەز - خاراكتېر قاتارلىقلار بىلەن بىرلىشىپ يەككە ھاياتنىڭ تېنىگە جايلاشقان مەۋجۇتلۇق مۇھىتىدۇر... لېكىن ئىچكى ماھىيەت جەھەتتىن ئالغاندا ھاياتلىقنىڭ مەركىزىنى روھىيەتنىڭ مەركىزى دەپ قاراشقا

بولىدۇ.»[1]

روھىيەت ماھىيەتلىك ئەركىنلىككە ۋە مۇستەقىللىققا ئىگە. روھىيەت ئىنساننىڭ بىر خىل ئۆزلۈك ئېڭى بولۇپ، ئۇ ئۆزلۈكتىن ھالقىشچانلىق ۋە ئۆز - ئۆزىنى ئۈستۈرۈش خاھىشىغا ئىگە. روھىيەت ماددىيلىققا ئوخشىمىغان ھالدا مەڭگۈ ئىنساننىڭ ئۆز - ئۆزىگە مەنسۇپ نەرسە بولۇپ، ئۇ ھەرىكەتنى يېتەكلەش خاراكتېرىگە ئىگە. روھىيەت قەلبنىڭ گۈزەللىك خاھىشچانلىقىنىڭ بەلگىسى بولۇپ، ئۇ ھاياتلىق ئۇچۇن قىممەت ۋە يۆنىلىش كۆرسىتىپ بېرىدۇ. روھىيەت ئىنساننىڭ مىجەز - خاراكتېرى ۋە قەلبى ئارقىلىق دۇنيانى ئىدراكىي ئىگىلەيدىغان ماھىيەتلىك كۈچ بولۇپ، ھاياتلىقنىڭ ساغلام تەرەققىياتى ئۇنىڭدىن ئايرىلمايدۇ. گىرېك كلاسسىك پەيلاسوپى ئەپلاتون «روھ ھەممە نەرسىنىڭ ئاساسى بولۇپ، ئۇ ئەقلىي بىلىش، ئىرادە ۋە ھېسسىياتتىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمدىن تەركىب تاپقان»[2] دەپ كۆرسەتكەن.

ئىنسان ئىجتىمائىي ئاڭغا ئىگە مەخلۇق. شۇڭا ئۇنىڭدىكى مەنىۋىيەتنىڭ قىممىتىنى تونۇش ۋە ئۇنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئىجتىمائىي تەرەققىياتتا غايەت زور ئەھمىيەتكە ئىگە. مەنىۋى ئېكولوگىيە بايلىقىنى ئېچىش — ئىنسانلارنىڭ ساغلام تەرەققىياتىنىڭ ئاساسى. پسىخولوگ ئېرىك فورم مۇنداق دېگەن: «بارلىق ئەنسىزلىكلەرنىڭ مەنبەسى ئادەملەرنىڭ ئۆزىنىڭ ئىچكى قىممىتىگە بولغان تونۇشىنىڭ يېتەرسىزلىكىدە. ئىنسانلار ھامان تاشقى دۇنيا

---

① لۇ شۇيۇەن: «ئېكولوگىيەلىك تەنقىدچىلىكنىڭ دائىرىسى»، شەرقىي جۇڭگو پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2006 - يىلى خەنزۇچە نەشرى 89 ~ 90 - بەتلەر.

② ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1985 - يىلى نەشرى 163 - بەت.

بوشلۇقىدىن ئىچكى بوشلۇققا بۇرۇلۇشقا قاراپ ئىزدىنىشى كې-رەك.» بۇ دېگەنلىك ئىنسان دۇنياسى ئاڭلىق ئىدراك قىلىدۇ ۋە تو-نۇپ يېتىدۇ، ئۇلاردا نوقۇل ماددىي ئېھتىياج بار بولۇپلا قالماس-تىن، بەلكى يۈكسەك بولغان ئىرادە ئەركىنلىكى بار، شۇنداقلا ئىنسانلارنىڭ بەخت مەسىلىسى باشقا جانلىقلارغا ئوخشىمايدۇ. يە-نى ئىنساندا ماددىي ۋە فىزىيولوگىيەلىك تاشقى ئېھتىياج ئۆلچە-مىدىن باشقا يەنە مەنىۋى ۋە پىسخىكىلىق ساھەگە تەۋە ئىچكى ئۆلچەممۇ بار بولۇپ، بۇ تەرەپ ئادەمنىڭ باشقا جانلىقلارغا قارى-غاندا مۇشكۇل تەرىپى، شۇنداقلا ئەۋزەللىكىدۇر. فارابى ئۆزىنىڭ «پەلسەپىلىك سوئاللار ۋە ئۇلارنىڭ جاۋابى» ناملىق ئەسىرىدە ئىن-ساندىكى ئاڭلىق ئىرادە بىلەن نەپسىي خاھىشنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دېگەن: «ئىرادە ئىنساننىڭ ئەمەلىي پا-ئالىيىتىگە مەنسۇپ بولۇپ، ئىنسان پەقەت قىلغىلى بولىدىغان نەرسىگە ئىرادىلىك بولىدۇ. ئىستەك - خاھىش قىلغىلى بولمايدى-غان غايىۋى نەرسىنى (مەسىلەن، مەڭگۈ ئۆلمەسلىك) نىمۇ ئۆز ئى-چىگە ئالىدۇ. خاھىش ئىرادىگە قارىغاندا ئاددىي ۋە ئومۇمىيراق بو-لىدۇ. چۈنكى ھەر قانداق ئىرادە خاھىشتۇر، لېكىن ھەرقانداق ئىستەك - خاھىش ئىرادە ئەمەس.»[1]

ھازىرقى زامان جەمئىيىتىدىكى ئىنسانلاردا بەخت مەسىلىسى-دە كېلىپ چىققان قالايمىقانچىلىق ۋە مەنىۋى يىمىرىلىش ئۇلار-نىڭ شەخسىي ئىستەك ۋە بىر تەرەپلىمە ماددىۋىزملىق خاھىشى بىلەن زىچ باغلانغان. بۇ يەردىكى مۇھىم مەسىلە مۇنداق ئىككى جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ: بىرى، پەن - تېخنىكىنى قورال قىلغان سانائەت ئىنقىلابى ئاتالمىش «تەبىئەت ئۈستىدىن ئارقا - ئارقىدىن

---

① ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن: «فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمى-سى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1985 - يىلى نەشرى 222 - بەت.

غەلىبە قىلىپ»، ئىنسانلارنىڭ ئىگىلىۋىلىش خاھىشىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈرىدۇ. ئەنئەنىۋى فىزىكا ئىلمىنىڭ دۇنيا قارىشى شەكىللەندۈرگەن ئىقتىساد ھەممىنى ھەل قىلىش خاھىشى بەزىلەرنى ماددىي بايلىقلارغا ئىگە بولۇشنى بەختنىڭ بىردىنبىر شەكلى دەپ قاراشقا ئادەتلەندۈرگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەسلىدىكى مەنىۋى دۇنيا ۋە پىسخىكىلىق ماكانىنىڭ پائالىيەت دائىرىسىمۇ ماددىيلىق، مەنپەئەت ۋە پۇل تەرىپىدىن بەلگىلىنىدىغان بولىدۇ. ئۇ ھالدا ئىنساندا بولۇشقا تېگىشلىك نەرسە، شۇنداقلا تەبىئىي پەنلەرنىڭ ئۆلچىمى بويىچە ئۆلچىگىلى بولمايدىغان بىر قىسىم قىممەت قارىشى، مەسىلەن، دوستلۇق، مۇھەببەت، ھالاللىق، توغرىلىق، ساداقەت، ئۆز ـ ئۆزىنى قەدىرلەش، ئىشەنچ ـ ئېتىقاد قاتارلىقلار ئىككىلەمچى ياكى كېرەكسىز نەرسە دەپ قارىلىدۇ. ئىنسانلار مەنىۋىيىتىنىڭ نۇرلۇق مەشئىلى بولغان بۇ نەرسىلەر ماددىيلىقنىڭ توختاۋسىز ئېقىنىدا يوشۇرۇن مەۋجۇت بولىدۇ ۋە داۋاملىشىدۇ.

يەنە بىر جەھەتتىن ئالغاندا، نۆۋەتتە ماددىي تەرەققىياتنىڭ ھەسسىلەپ ئېشىشى ۋە مەنىۋىيەتنىڭ چېكىنىشى سەۋەبلىك تاۋار ۋە پۇلنىڭ ئورنى بارغانسېرى ئۆسۈپ بارماقتا. سانائەت ۋە ماددىۋىزىمنىڭ پەردازلاپ ئوتتۇرىغا چىقىرىدىغىنى ھەرگىزمۇ ئەنئەنە، گۈزەللىك ياكى غايە ـ ئېتىقاد بولماستىن، بەلكى باشقا نەرسە، يەنى ماددىي مەنپەئەتتۇر. زامانىۋىلىشىش ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئاساس قىلىنغان دەۋردە يېڭى بايلار ئۆزلىرىنىڭ ئىگىلىگەن بايلىقى ۋە داڭلىق ماشىنىلار ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنى ئۆستۈرۈشنى ئۈمىد قىلسا، يەنە بەزى بەگزادە ۋە خېنىملار ئېسىل كىيىم ـ كېچەكلىرى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ سالاھىيەت ۋە ئىجتىمائىي ئورنىنى ئۆستۈرۈش ھەم كۆرسىتىشكە تىرىشىشى مۇمكىن. دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ بازارلار سەنئەتنىڭ تونىغا ئو-

رىنىۋېلىشسا، ھەممە جايىنى قاپلىغان سەنئەت تۇسىدىكى سودا ئېلانلىرى ئېستېتىك سەرگۈزەشتىنىڭ ئورنى ۋە روھىنى زورلۇق بىلەن تارتىۋالىدۇ. مەدەنىيەت ۋە سەنئەت ساھەسى مۇشۇ ئېقىمنىڭ چەكلىشى ھەم تەسىرىدە بەس - بەستە دېڭىزغا چۈشۈپ بايلىق ئىزدىسە، سودىگەرلەرمۇ ئۇنىڭ ئەكسىچە مەدەنىيەت، سەنئەتنى بىر خىل كاپىتال قىلىدۇ ياكى ئۇنىڭ ۋاستىسىگە ئايلاندۇرۇشقا تىرىشىدۇ. مەنىۋى دۇنيانىڭ چېكىنىش ۋە چۈشكۈنلىشىشى، بەلگە ئالەمنىڭ يىمىرىلىشى ئىنسانلارنىڭ قىممەت قارىشىنىڭ زامانىۋى تۇرمۇشتىكى قايمۇقۇش، ئاغمىچىلىق ۋە ئېزىشىنى مەنبە قىلىدۇ.

ئىنسان رېئال ھاياتتا ھامان بەختكە ئىنتىلىدۇ. بەخت قىممەتنىڭ ئىپادىلىنىشىدۇر، قىممەتمۇ ئادەمنىڭ پائال تاللىشىنى نامايان قىلىدۇ، شۇنداقلا بۇ خىل تاللاش ئوخشاش بولمىغان كىشىلىك قاراشنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. كىشىلىك قاراشنىڭ ئارقىسىدا تەبىئىي ھالدا كىشىلەرنىڭ ئېھتىياج ۋە خاھىشى مەۋجۇت بولىدۇ. ئەمما ئىنساننىڭ ئارزۇ - خاھىشى خىلمۇخىل ۋە مۇرەككەپ بولىدۇ. زامانىۋى جەمئىيەتتىكى بىر تەرەپلىمە ماددىي تەرەققىيات ۋە شەخسىي مەنپەئەت خاھىشى ھاياتلىق ئۈچۈن زۆرۈر بولغان تۈپ ماھىيەتلىك نەرسە — مەنىۋى يۈكسەكلىكنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ.

ھازىرقى كۆندە خەلقئارا جەمئىيەت كۆپىنچە مەلۇم بىر دۆلەتنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىيات سەۋىيەسىنى ئۆلچەشتە خەلق ئىگىلىكى ئىشلەپچىقىرىشى ئومۇمىي قىممىتى(GDP)نى ئۆلچەم قىلىدۇ. بۇ، ئامېرىكا دوللىرى، ياپونىيە يېنى، يۇند، مارك ياكى خەلق پۇلىغا سۇندۇرۇپ ھېسابلىنىدۇ. لېكىن دوللار، مارك ئۆلچىمى ئارقىلىق مەلۇم بىر دۆلەتنىڭ سىجىل تەرەققىيات سەۋىيەسى، ئەخلاق ساپاسى، بەختەرلىك سەۋىيەسى، ئۇيۇشۇش كۈچى قاتار-

ىقلارنى ئۆلچىگىلى بولامدۇ؟

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدىن بۇيان تۇرمۇش سۈپىتى ھەققىدىكى تەتقىقاتلار غەربتىكى بەزى تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەردە تەدرىجىي قىزىق پەن سۈپىتىدە بارلىققا كېلىپ، جەمئىيەتشۇناس ـ لىق، پسىخولوگىيە، ئىقتىسادشۇناسلىق، ئېكولوگىيە قاتارلىقلار ـ نى ئۇنىۋېرسال كۆزىتىش ئوبيېكتى قىلدى. زامانىۋى جەمئىيەتتە كۆپىنچە كىشىلەر ئارزۇ قىلىپ كېلىۋاتقان مول ۋە باياشات ماددىي تۇرمۇش نۆۋەتتىكى نورمال ئەخلاقىي ھەرىكەتنىڭ كاپالىتى بول ـ مايلا قالماستىن، بەلكى بەخت ۋە شادلىقنىڭ بىردىنبىر مەنبەسى ـ مۇ ئەمەس. نوقۇل ماددىي تەرەققىيات، يۇقىرى ئىستېمال ئۆلچىمى ھۆكۈم سۈرگەن دەۋردە ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ ھېچقانداق مەنىۋى نىشان ۋە ئەھمىيىتى قالمايدۇ. بۇ نۇقتىنى يۈسۈف خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا زاھىت ئۇدغۇرمىش بىلەن كۈنتۇغدى ئېلىگ ئوتتۇرىسىدىكى بەس ـ مۇنازىرە، نەۋايى «فەرھاد ۋە شىر ـ ىن» داستانىدىكى فەرھاد بىلەن خۇسراۋ ئوتتۇرىسىدىكى ئۆتكۈر زىددىيەت ۋە كەسكىن مۇنازىرە ئارقىلىق ئىنتايىن ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرگەن.

غەرب ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىرىنىڭ نەزىرىدە ھازىرقى زامان جەمئىيىتى ئەنئەنىۋى جەمئىيەتنىڭ ئورنىنى ئىگىلەش ئالدىدا كىشىلەرنىڭ قىممەت نۇقتىئىنەزىرى بىر قېتىملىق داۋالغۇش ۋە ئىنكار قىلىنىشقا دۇچ كەلدى. قىممەت قارىشىدىكى مۇشۇ خىل داۋالغۇش ئىچىدە پەلسەپە بىر خىل ئاددىي تونۇش ئىلمىگە، دىنىي ئېتىقاد خۇراپاتلىققا ئايلاندى (ياكى سىياسى كۈچلەر تەرىپىدىن شۇنداق دەپ قارالدى). پەن بولسا تېخنىكىغا، ئەخلاق ئىنتىزامغا ئايلاندى. ئىقتىساد پۇل ـ بايلىققا، سەنئەت نىسپىي مەنىدە كۆڭۈل ئېچىشقا ئۆزگەردى. ھەتتا ئىنسانلارنىڭ ئەقىل ـ ئىدراكى يوك ـ

سەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان، ئەمما مەنىۋىيىتى زور دەرىجىدە
چېكىنگەن بىمەنە تۇرمۇش مۇھىتىدا ئۇلارنىڭ ئۆز جىسمىمۇ بە-
زىدە پايدا ۋە ئۇنۇم قوغلىشىدىغان قورالغا ئايلىنىپ قالدى. بۇنىڭ
بىلەن ئىلىم ـ پەن، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئۆزىدە ئەسلىدىن بار
بولۇپ ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلگەن ئىنسان قەلبىنى پاكلاش،
ئىنساننىڭ ئۆز بۇرچىنى تونۇتۇش، كوللېكتىۋىزملىق، ئىرادە،
ئىجادكارلىق روھىنى ئۇرغۇتۇشتەك يۈكسەك بۇرچى ۋە مۇتلەق
ئورنىمۇ مۇشۇ خىل قىممەت ئالمىشىش جەريانىدا تەدرىجىي ئا-
جىزلىشىپ بېرىۋاتىدۇ. قىممەت قارىشىدىكى ئۆزگىرىش تۈپەيلى-
دىن ئىنسانلارنىڭ قەلب دۇنياسىدا تەبىئەتنىڭ ئورنىمۇ بارغانسې-
رى سۇسلىشىپ ۋە خىرەلىشىپ كەتتى. ئېكولوگىيە تەنقىدچىلى-
كى ئىنسانلار تۇرمۇشىدىكى مۇشۇ خىل ئاسان ھېس قىلغىلى بول-
مايدىغان داۋالغۇش، چېكىنىش ۋە بىنورمال ھادىسىلەرنى ئۆزىنىڭ
مۇھىم تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىدۇ. چىنلىق، ھەقىقەت ۋە ياخشى-
لىق چۈشەنچىلىرىنى بىر پۈتۈن ھاياتلىق دۇنياسى ئورتاق گەۋدە-
سىنىڭ ئومۇمىي مەنپەئەتى ئىچىگە قويۇپ تەتقىق قىلىدۇ.
شۇنداقلا مۇشۇ ئۆلچەم بويىچە ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىگە
قارىتا تەبىئىي ئېكولوگىيە ۋە مەنىۋى ئېكولوگىيەدىن ئىبارەت
قوش قاتلام بويىچە مۇلاھىزە ۋە تەقرىز ئېلىپ بارىدۇ.

ھازىرقى زامان ئىنسانلار جەمئىيىتىدىن ئىبارەت بۇ ئېكولو-
گىيە سىستېمىسى جانلىقلارنىڭ يەككە ۋە خاس مەۋجۇتلۇقىغا
نىسبەتەن قارشى مەنىگە ئىگە بولۇپ، ئۇ شەكسىزكى يۇقىرى ماد-
دىي ئېنېرگىيەنىڭ ئايلىنىش، ئالماشتۇرۇلۇشى ئارقىلىق
داۋاملاشتۇرۇلىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ئىچكى مەنىۋى دۇنياسىنى
ئەلالاشتۇرۇش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئىزدىنىش نىشانىنى تەڭشىگىلى
بولامسۇ؟ بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىشىشتە زور مىقداردا ماددىي

بايلىق ئىگىلەش، ئېنېرگىيە خورىتىش، كۆپلەپ ئىستېمال قىلىشنى بەدەل قىلىش زۆرۈرمۇ؟ ئاۋستىرىيەلىك بىيولوگ، ئادەتتىكى سىستېما نەزەرىيەسىنىڭ ئاساسچىسى (1972 ~ 1901) ۋ.ر بېرتلانفېي) بۇ ھەقتە مۇنداق دەپ توغرا خۇلاسە چىقارغان: «كېسەللىك ھالىتىدىكى جەمئىيەتنىڭ ئاساسلىق ئالامىتى كىشىلەرنى مول ماددىي تۇرمۇش ئېھتىياجى بىلەن تەمىنلەش بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنى مەنىۋى ئېھتىياج جەھەتتىن ئاچارچىلىقتا قويۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.»[1] مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىيات ــ سەنئەت پائالىيىتىنىڭ ساغلام تەرەققىياتى ھەم ئىنساندىكى قىممەت قارىشىنىڭ توغرا ۋە مۇقىم بولۇشىنى ئىزدىنىش نىشانى قىلىپ، ئۇلارنى بۇ خىل مەنىۋى نامراتلىق ۋە ئېچىرقاشتىن خالاس قىلىشقا تىرىشىدۇ.

ئىنسان رېئال ھاياتتا ھەر ۋاقىت تەبىئەتتىن ئېلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرىدۇ. ئېنېرگىيە خورىتىش نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئەدەبىيات ــ سەنئەت ئىشلەپچىقىرىشنىڭ سەرپىياتى بەلكىم ھەرقانداق بىر خىل يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ياكى سانائەت ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئېنېرگىيە سەرپىياتىدىن ئاز بولىدۇ. شۇنداقلا مەنىۋى مەھسۇلات ئىشلەپچىقارغۇچى بولغان بىر ئەدىبنىڭ ماددىي ۋە ئېنېرگىيە جەھەتتىكى سەرپىياتى ھەرقانداق بىر كارخانىچى، سانائەتچى ياكى سودىگەردىن زور دەرىجىدە تېجەشلىك بولىدۇ. ئىناق جەمئىيەت قۇرۇشنىڭ ئاساسى ئۆز نەپسىنى ئاڭلىق چەكلەپ، ئاددىي ــ ساددا، تېجەشلىك تۇرمۇش ئۇسۇلىنى شەكىللەندۈرۈشتە.

---

① بېرتلانفېي: «ئىنسانلارنىڭ سىستېما قارىشى»، خۇاشيا نەشرىياتى 1989 ــ يىلى خەنزۇچە نەشرى 25 ــ بەت.

رېئال ھاياتتا مەنىۋى تۇرمۇشقا ئەھمىيەت بېرىدىغان كىشى ھامان ماھىيەتلىك ئاملىغا ئەھمىيەت بېرىپ تاشقى شەكىل ۋە ماددىي تۇرمۇشقا ئاز تايانغان بولىدۇ. يۈسۈف خاس ھاجىپ، ئەھمەد يەسەۋى، لۇتفىي، نەۋايىلار ياشىغان دەۋردە سانائەت، ماشىنا، كومپيۇتېر دېگەندەكلەر يوق بولسىمۇ، ئەمما ئاشۇ دەۋردىكى پەل-سەپىۋى روھ ۋە مەنىۋى يۈكسەكلىك «قۇتادغۇبىلىك»، «دىۋانى ھېكمەت»، «گۈل ۋە نەۋرۇز»، «خەمسە»لەر ئارقىلىق ئەڭ يۈكسەك دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. شائىر ئەھمەد يۈكنەكى گەرچە ئەما كىشى بولسىمۇ، ئۆز ئەقىدىسى يولىدا كۈرەش قىلىپ، «ئەتەبەتۇل-ھەقايىق» داستانىنى يېزىپ كېيىنكىلەرگە مىراس قالدۇرغان. نەۋايى ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدىلا ئاتىسىدىن يېتىم قالغان، ئەمما ئۆز ئەقىدىسىنى يوقاتمىغان، تۇرمۇشتا ھەشەمەت قوغلاشمىغان. ئوت-تۇرا ياشتىن ئاشقاندا كاتتا دۆلەتمەن شەخسكە ئايلانغان، لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ تېجەپ يىغقان نۇرغۇن مال - مۈلۈكلىرىنى جامائەت ئىشلىرىغا بېغىشلىغان. تارىختىكى ئالىم ۋە ئەدىبلىرىمىز مال - دۇنيانى دوست تۇتماستىن، بەلكى مېھرىبانلىق ۋە ساخاۋەت بىلەن مەنىۋى دۇنيا ئۇچۇن ئۆزلىرىنى بېغىشلاشقان. ئەمما ھازىرقى كۈندە ئىقتىسادىي ئېشىش ۋە ئىستېمال كۈچەپ تەكىتلەنگەچكە، يۈكسەك دەرىجىدە سانائەتلەشكەن جەمئىيەتتە ماددىي ئىستېمال ۋە مودا قوغلىشىش ئومۇمىي كەيپىياتقا ئايلاندى. نۆۋەتتە سودا شەك-لىدىكى جەمئىيەت ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغان ئامېرىكىدا بىر ئاددىي پۇقرانىڭ پۈتۈن ئۆمرىدىكى ئىستېمالى 60 مىڭ كىلو-گىرام نېفىت، 7000 تونىنا كۆمۈر، 5000 تونىنا تاش - شېغىل، 5 تونىنا سولياۋ، 1.9 تونىنا پولات - تۆمۈر، 26 مىڭ كىلو ئاشلىق، 8768 قاداق گوش، 17 مىڭ 500 دانە تۇخۇم، 115 جۈپ كەش (ئە-گەر ئەرزان باھالىق بولسا 280 دىن ئېشىشى مۇمكىن)، 250

كۆڭلەك، 750 تال لامپۇچكا، 26800 دانە قۇتىلىق يېمەكلىك بولۇپ، ئۇنىڭ زېمىنغا قالدۇرىدىغان ئەخلىتى 110 مىڭ توننا بولىدۇ. بۇ خىل زامانىۋى شەھەر پۇقراسىنىڭ ئىستېمال ئۆلچىمى كوماراجىۋا، تونيۇقۇق، سىڭقۇ سەلى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ دەۋرىدە ئەمەس، بەلكى كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىردىكى لۇتفىي، نەۋايى، سەئىدى، رەشىدى، خاراباتى دەۋرى ھەتتا نىمزارى، نازىمىي، تەجەللىي، لوشۇن، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، ھېمىڭۋاي دەۋرىدىنمۇ نەچچە ھەسسە ھەتتا نەچچە يۈز ھەسسىلەپ ئارتۇق. ئەمما ئاشۇ يۇقىرى ئىستېماللىق، يۇقىرى سەرپىياتلىق زامانىۋى جەمئىيەت پۇقراسى ئىنسانىيەت مەدەنىيلىكىنىڭ تەرەققىياتى، جۇملىدىن يەر شارىنىڭ يېشىللىقىغا قانچىلىك تۆھپە قوشالار؟ ئۇنىڭ جەمئىيەتكە قوشقان تۆھپىسىنى دېمەيلا قويايلى، ناۋادا ئاشۇ يۇقىرى ئىستېماللىق جەمئىيەت كىشىسىنىڭ ئۆز تۇرمۇشىدا ئېرىشكەن بەخت تۇيغۇسىمۇ يۇقىرىقى شائىر – ئەدىبلىرىمىزدىن قانچىلىك ئوشۇقتۇ؟ ياش ئىستۇدېنتلارغا دەرس سۆزلىگەندە شائىر چۈيۈەن، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، ل.مۇتەللىپ، ھېمىڭۋاي، پۇشكىن قاتارلىقلارنىڭ ئەلنىڭ تەقدىرى، ۋەتەنىنىڭ مەنپەئەتى، ئىنساننىڭ ھەقىقىي قىممىتىنى دەپ ئۆز ھاياتى بىلەن خوشلىشىشى، ۋىجدان يولىدا ئۆز ھاياتىنى تەقدىم قىلىشىنىڭ تارىخىي، ئىجتىمائىي سەۋەبلىرى ۋە سىرلىرىنى چۈشەندۈرۈش خېلى قىيىن. لېكىن ئۇلار جان تىكىپ قوغلاشقان ۋە بىزار بولغان نەرسىلەرنى بۈگۈنكى زامانىۋىلىق مەنىسىدىكى ماددىي بايلىق ئۇقۇمى بىلەن ئەمەس، بەلكى مەنىۋى قىممەت، ئىجتىمائىي بۇرچ نۇقتىسىدىن مۇھاكىمە قىلىدىغان بولساق مەسىلە ئايدىڭلىشىدۇ.

ئەدەبىيات – سەنئەت دېگەن نېمە؟ ئەدەبىيات – سەنئەت ھاياتلىق ئۈچۈن زۆرۈر بولغان روھنىڭ پاكلىقى ۋە ھەقىقەتكە چاقى-

رىلغان باياناتنامە. فىرانسىيە يازغۇچىسى ستىندال مۇنداق دېگەن: «سەنئەت بولسا بەختنىڭ ئىلھامچىسى ھەم ۋەدىسىدۇر.» ئەگەر مەنىۋى مەدەنىيەت ۋە سەنئەت بولمىسا ئىنسان روھى چېكىنىدۇ ياكى يىمىرىلىدۇ. گېرمانىيەلىك پەيلاسوپ ماكس ھوركھېيم مۇنداق دېگەن: «ھەقىقىي سەنئەت تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈش بىلەن بىللە يەنە ئىنسانلارنىڭ رېئاللىققا بولغان ئىنتىلىشىنىڭ ئاخىرقى ساقلىغۇچىسى، سەنئەتتە ئەنئەنە ۋە دىندىن قېپقالغان ئۇتوپىيە ساقلىنىدۇ. ھەقىقىي سەنئەت ئىنسانلارنىڭ كەلگۈسى بەختى ئىچىدىكى قانۇنلۇق مەنپەئەتىنىڭ ئىپادىلىنىشى.» قىممەت نۇقتىسىدىن قارىغاندا ئېستېتىك شادلىق ئىنسانلار ئومۇمەن دېگۈدەك باشتىن كەچۈرەلەيدىغان ئەڭ مول ۋە كۈچلۈك بولغان ماھىيەتلىك شادلىقتۇر.

ئىنسانلاردىكى تەبىئىي بار بولۇشقا تېگىشلىك غايە، ئېتىقاد، ئاددىي ـ ساددىلىق، تەبىئىيلىك، سەنئەت ۋە گۈزەللىك قاتارلىقلار بىرلىشىپ، ئۇلار ئەگەر بىر خىل گارمونىك تۇرمۇش ھالىتىدە ئىپادىلەنسە ئۇ ھالدا ئەڭ يۈكسەك بولغان ماس، ئىناقلىق گۈزەللىكنى ھاسىل قىلىدۇ. ماددىي ئىستېمالدىن پەرقلىق بولغان سەنئەت ئىستېمالى ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇشىدا بولۇشقا تېگىشلىك زۆرۈر قايتا ئىجاد قىلىش پائالىيىتى بولۇپ، ئۇ مۇرەككەپ ۋە نازۇك جەريانغا ئىگە. ئۇ ھەرگىزمۇ ماددىي ئىستېمالغا ئوخشىمايدۇ. خۇددى بىزنىڭ كىلاسسىك ئەدىب ۋە مۇتەپەككۇرلىرىمىز ئۆز ئەسەرلىرىدە كۆرسىتىپ ئۆتكىنىدەك، نوقۇل ماددىي تەرەققىياتقا ئەھمىيەت بېرىپ، مەنىۋى پەرۋىشكە ئەھمىيەت بەرمىگەن جەمئىيەت مۇقەررەر ماھىيەتلىك بولغان مەنىۋى ئاچارچىلىق ۋە روھىيەت كىرىزىسىغا دۇچ كېلىدۇ.

مەدەنىيەت ئىستېمالى روھىيەتنىڭ قايتا ئىجاد قىلىنىش

جەريانىدۇر. چۈنكى ئىنسان ماددىي ۋە مەنىۋى ئېھتىياجىغا تايىنىپ مەۋجۇت بولىدۇ ھەم تەرەققىي قىلىدۇ. مەدەنىيەت ۋە سەنئەت ئىس-تېمالى ئىنسانلاردىكى بىر خىل ماھىيەت خاراكتېرلىك ئىستېمال ھادىسىسى بولۇپ، ئۇ ئىنسانلار مەنىۋى تەرەققىياتىدا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ دېگەنلىرىمىز ئەمەلىيەتتە مۇنداق مە-نىگە ئىگە: مەنىۋى بايلىقلارنى ئېچىش مەنزىرىلىك جايلارنى سايا-ھەت ئورنى قىلىپ ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئىستېمال-نى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى تەبىئىي بايلىقلارنى قالايمىقان ئېچىش ۋە ئىشلىتىش ئۇقۇمىنىڭ ئورنىغا قويۇش ماھىيەتتە ئېستېتىك شادلىق تۇيغۇسىنى شەخستىكى ماددىي ھۇزۇر - ھالاۋەتنىڭ ئور-نىغا قويۇش دېگەنلىك، شۇنداقلا ئىنسانلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئىچكى مۇۋازىنىتىنى تەڭشەش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ يەر شارىغا بولغان كۈنسېرى ئېغىرلىشىۋاتقان بېسىم ۋە زۇلمىنى ئازايتىشتۇر. مۇنداقچە ئېيتقاندا، خەلقنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئارقىلىق مەدەنىيەت ۋە سەنئەت ئىستېمالىنى كىشىلەردىكى بىر تەرەپلىمە ۋە ئوشۇقچە بولغان تاۋار ئىستېمالىنىڭ ئورنىغا دەس-سىتىش ئارقىلىق مەنىۋىيەت ئېكولوگىيەسىنى تەڭپۇڭلۇققا ئىگە قىلىش دېگەنلىكتۇر.

يېقىنقى بىرقانچە يىلدىن بۇيان ئەدەبىيات - سەنئەت نەزەرى-يەسى ساھەسىدە سەنئەتمۇ بىر خىل تاۋار. ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىمۇ تاۋار ئىگىلىكى سۈپىتىدە قارىلىشى كېرەك، دېگەن سادا كۈچىيىپ، كېيىن سەل پەسىيىپ قالدى. سەنئەت راستىنلا تاۋارمۇ؟ سەنئەت ئىجادىيىتى بەلگىلىك ئەمگەك، ۋاقىت، بەلگىلىك روھىي ۋە جىسمانىي كۈچنىڭ سەرپ قىلىنىشى، شۇنداقلا يەنە بەلگىلىك ئىجادىي قابىلىيەت ۋە ماھارەتنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قى-لىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ مەنىۋى مەھسۇلات سۈپىتىدە ۋۇجۇدقا چىقىش

جەريانىدا يەنە بەلگىلىك ماتېرىيال ۋە ئەمگەك (باسما، كۆچۈرۈش، ئوراش، مۇقاۋىلاش، يۆتكەش)نىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ (لېكىن قەدىمكى دەۋردە ئۇ ئەقىدە، مەلۇم يازغۇچى، شائىرغا بولغان چىن ئىخلاسىنى ئالدىنقى شەرت قىلغان)[1]. ئەدەبىي ئەسەر مەلۇم شەكىلدە مەۋجۇت بولۇش، باشقۇرۇلۇش جەھەتتىن قارىغاندا، ئۇ بەلگىلىك ئىقتىسادىي قىممەتكە ئىگە تاۋارغا ئايلىنىدۇ. بۇ جەھەتتىن ئۇنى نىسپىي هالدا بازار قانۇنىيىتى بويىچە ئوبوروت قىلدۇرۇشقا بولىدۇ. مەسىلەن، بىر ناخشا ئېيتسا قانچە پۇلغا يارايدۇ، بىر تىياتىر ئورۇنلىسا قانچە پۇل تاپقىلى بولىدۇ، بىر رومان يازسا قانچىلىك قەلەم ھەققى تاپىدۇ، دېگەندەك. لېكىن تۈپ ماھىيەتتىن ئېيتقاندا، ئەدەبىيات ـ سەنئەت كىشىلىك ھاياتنىڭ يۈكسەلدۈرگۈچىسى، قەلبنىڭ ئويغاتقۇچىسى، مەنىۋى تۇيغۇنىڭ قايتا نامايان قىلغۇچىسى. ئۇ بىر خىل قەلب ھالىتى، بىر خىل ئىماگ، بېشارەت، بىر خىل تەبىئىي روھىي كەيپىيات بولۇش سۈپىتى بىلەن مىللىي مەدەنىيەتنىڭ جۇغلانمىسى، ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى ئەڭ سەمىمىي ئالاقە ۋاستىسى. بۇ جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسىرىنىڭ تەننەرخىنى ھېسابلاپ چىقىش، ئۇنى پۇلغا سۇندۇرۇش مەڭگۈ قىيىن بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنى باراۋەر ئىقتىسادىي قىممەتتە ئالماشتۇرۇشمۇ مۇمكىن ئەمەس.

مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئىستېمالى ئىنسان تەبىئىتىدە ساقلىنىدىغان بىر خىل نازۇك ۋە يۇمشاق دېتال خاراكتېرلىك ئىستېمال بولۇپ، ئۇ ئادەتتىكى باشقا تاۋار ئىستېمالىغا ئوخشىمايدۇ. چۈنكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىستېمالى بىر خىل مەنىۋى پائالىيەت بو-

---

[1] ئابلاجان مۇھەممەت ئۇمىديار: «بازار ئىگىلىكى ۋە ئەدەبىياتنىڭ قىممىتى»، «ئەدەبىيات ۋە يېڭى تەپەككۇر»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1997 ـ يىلى نەشرى 69 ـ بەت.

لۇپ، ئۇ ئەڭ ئومۇملاشقان «ئورتاق ھۇزۇرلىنىش» خاراكتېرىگە ئىگە. ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئىستېمال قىلىنىش دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ بولۇپ، ئۇ ماددىي ئىستېمالغا ئوخشىمايدۇ. بىر بوتۇلكا سۈت، بىر پارچە بولكا، بىر جۈپ كەش، بىر تېلېۋىزور ياكى ماشىنا قاتارلىقلارنى بەلكىم بىر ئادەم ياكى بىر ئائىلە كىشىلىرى ئىشلىتىشى مۇمكىن. ئەمما مەلۇم بىر يازغۇچى يازغان بىر پارچە ھېكايە ياكى رومانىنى نەچچە مىڭ ئادەم ئورتاق ئوقۇيدۇ. مەلۇم بىر شائىر يازغان شېئىر بىلەن كومپوزىتور ئىجاد قىلغان مۇزىكا بىرلەشكەن مەلۇم بىر ناخشىنى نەچچە ئون مىڭ ئادەم ئېيتىدۇ، ئۇنىڭدىن نەچچە يۈز مىڭ ھەتتا مىليون ئادەم زوقلىنىدۇ. ھەتتا ئۇنىڭ تارقاتقۇچىسى قانچە كۆپ بولغانسېرى شۇنچە يىراققا تارقىلىپ قىممىتىمۇ بارغانسېرى ئېشىپ بارىدۇ.

مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئىستېمالى بىر خىل جانلىق مەنىۋى پائالىيەت بولۇش سۈپىتى بىلەن ئالاھىدە «قوش ئۈنۈم»چانلىق خاراكتېرگە ئىگە. «ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئوبيېكتى، قانۇنىيىتى ۋە ماھىيىتىنى چىقىش قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇ غەيرىي رەسمىي تاۋارلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ ئالماشتۇرۇلۇشى بۇ تاۋارنىڭ تۈپ ماھىيىتىگە ۋەكىللىك قىلمايدۇ. ئۇ يەنە ئالاھىدە ئىستېمال خاراكتېرىگە ئىگە.»[1] بىز ئادەتتە كۈندىلىك تۇرمۇش ئىستېمالىمىزدا 30 يۈەنگە بىر يەشىك قۇتىلىق ئىچىملىك سېتىۋالساق، ئۇ بىر ھەپتە ياكى بىر ـ ئىككى كۈن ئىچىدە تۈگەيدۇ. ئىستېمال قىلىپ بولغاندىن كېيىن 10 ~ 20 تال قۇرۇق قۇتا(شېشە) قالىدۇ. ئۇنىڭدىن ئۆيىمىزدە بىر دۆۋە ئەخلەت كۆپىيىدۇ

① ئابلاجان مۇھەممەت ئۇمىدىيار: «بازار ئىگىلىكى ۋە ئەدەبىياتنىڭ قىممىتى»، «ئەدەبىيات ۋە بىگى تەپەككۇر»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1997 ـ يىلى نەشرى 70 ـ بەت.

ۋە مۇھىتنى بۇلغايدۇ. 300 ~ 400 يۈەن خەجلەپ بىر دانە ياكى
بىر يۈرۈش كىيىم سېتىۋالىمىز. ئەمما ئۇ بىر يىلدىن كېيىن مو-
دىدىن قالىدۇ ياكى كونىرايدۇ. ئۇ چامادان ياكى ئىشكاپلاردا كې-
رەكسىز بۇيۇم سۈپىتىدە پۇرلىشىپ تۇرىدۇ. ئەمما 30 ~ 40 يۈەن
سەرپ قىلىپ بىر كىتاب سېتىۋالساق، ئۇنى قاچان ۋە قانداق
ۋاقىتتا ئوقۇساقمۇ يەنىلا يېڭى تۇيۇلىدۇ. ئۇ بىزنى مەنىۋى جەھەت-
تىن تەربىيەلەيدۇ، قوزغىتىدۇ، ئىلھاملاندۇرىدۇ ياكى يېڭى بىلىم
ۋە يېڭىچە ئاڭ ـ تۇيغۇغا ئىگە قىلىدۇ. ئوخشاش بىر پارچە ئەسەر-
نى مەلۇم بىر ئادەم ئۆسمۈر ۋاقتىدا ئوقۇسۇن ياكى ياشانغان
ۋاقىتتا ئوقۇسۇن؛ ئۇنى باھار پەسلىدە ئوقۇسۇن ياكى قىش پەس-
لىدە ئوقۇسۇن، ئومۇمەن، بۇ ئەسەرنى ئوقۇغاندىكى تەسىرات ۋە
ئۈنۈم ئوخشاش بولمايدۇ. بىر دانە مودا كىيىمنىڭ ئۈنۈملۈك مۇد-
دىتى بىر ياكى ئىككى يىل بولسا، مەلۇم بىر سەنئەت بۇيۇمى ياكى
ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئىشلىتىلىش مەزگىلى يۈز يىل ياكى نەچچە
مىڭ يىلدىن ئېشىشى مۇمكىن. ئەمما سودا ساھەسىدە بازار، پۇل
ئېڭى بىلەن چىرمالغان زامانىۋى جەمئىيەتتە مەدەنىيەت ـ سەنئەت
بۇيۇملىرىنىڭ بۇ خىل ئۇزاق مۇددەتلىك خاراكتېرى ياكى چىدام-
چانلىقى ئانچە قارشى ئېلىنمايدۇ. ئەكسىچە خېلى كۆپ كىشىلەر
تەرىپىدىن ئەڭ زور قارشى ئېلىنىدىغىنى سولياۋدىن ياسالغان ئې-
لېكترونلۇق ئويۇنچۇق، كۆڭۈل ئېچىش ئۈسكۈنىلىرى ياكى
شەكلى كۆركەم بولغان يانفون، MP 3 ، MP 4 لەر ياكى باشقا ماد-
دىي بۇيۇملار بولۇشى مۇمكىن. يەنە بىر جەھەتتىن «ماددىي
تاۋارلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشى كۆلەملەشكەن ئىشلەپچىقىرىش
بولۇپ، ئۇ ئىقتىسادىي پايدا ـ مەنپەئەتنى ئالدىنقى شەرت قىلغان.
ئەمما ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىي خاراكتېرلىك ھەم ئالاھىدە مە-
نىۋى قىممەتكە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ مەقسىتى ئىنسانلارنىڭ مەنىۋى

تۇرمۇشىنى بېيىتىش، يۇكسەلدۇرۇش... كىشىلىك قەدىر - قىممەتنى ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت.»[1]

مەدەنىيەت - سەنئەت بىر خىل ئالاھىدە ئىستېمال بۇيۇمى بولۇپ، ئۇ باشقا تاۋار ئىستېمالى ئۆزىدە ھازىرلىمىغان، ئۆزىگىلا خاس بولغان «ئۆزئارا تەسىرچانلىق» خاراكتېرىگە ئىگە. بۇ يەردىكى سەنئەت ئىستېمالىنىڭ جەريانى ئەمەلىيەتتە بىر خىل بەدىئىي زوقلىنىش جەريانىدۇر. بەدىئىي زوقلىنىش ئىستېمال جەريانىدا ماددىي ئىستېمالدەك ئۇپراپ تۈگەپ كەتمەيدۇ.

ھازىرقى زامان جەمئىيىتىدىكى كىشىلەردە ئومۇملىشىۋاتقان سودا خاراكتېرلىك ئوشۇقچە ئىستېمال ئەمەلىيەتتە ئاللىقاچان پۈتكۈل جەمئىيەت ۋە شەخسلەرنىڭ تۇرمۇشىنى كونترول قىلىپ، شەخسنىڭ ئەركىنلىكىنى تالان - تاراج قىلىپ، كىشىلەرنىڭ مەنىۋى مەۋجۇتلۇقىنى بىلىندۇرمەي يىمىرىدىغان يوللۇق ۋە ئۈنۈملۈك تاكتىكىغا ئايلاندى. ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىمۇ بەزىدە شۇنداق ئەھۋال شەكىللىنىۋاتىدۇ. يازغۇچى - سەنئەتكارلار بولسا نەشرىيات ياكى شىركەتنىڭ توختاملاشقان خىزمەتچى خادىمىغا، ئوقۇرمەن ياكى تاماشىبىن مەدەنىيەت سودىگەرلىرىنىڭ خېرىدارىغا ئايلىنىدۇ. تاۋار ۋە سودا جەمئىيىتىدە «ئىستېمالچى ھەممىدىن ئۈستۈن» دېگەن باھانە بىلەن كارخانىلار ئۆزلىرىنىڭ بىر خىل ماركىدىكى تاۋار - مېلىنى بىرقانچە تارماققا بۆلۈپ، ھەدەپ پەردازلاپ بازارغا سالسا؛ مەدەنىيەت سودىگەرلىرى ئۇلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتىگە تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلىشقا ۋەدە بېرىپ، ئۆز زامانىنىڭ ئادىتى ۋە ئاممىنىڭ ھەۋىسىگە ماسلىشىپ بازارغا يۈز-

① ماكس ھوركھېيم: «مەرىپەت دىيالېكتىكىسى»، چۇڭچىڭ نەشرىياتى 1990 - يىلى خەنزۇچە نەشرى 126 - بەت.

لەنگەن، ھەممە يەردە تېز بازار تاپالايدىغان ئاممىباب ئەسەرلەرنى ئىشلەپچىقىرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆزاق يىللار ئىلگىرى كىشىلەر ياخشى ئارزۇ - نىيەت بىلەن ئوتتۇرىغا چىقارغان «ئەدەبىيات - سەنئەتنى ئاممىۋىلاشتۇرۇش، ئەدەبىيات - سەنئەتنى ئاۋام خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش»تەك ئۇلۇغۋار نىشان بۈگۈنكى كۈندە ئەدەبىياتنى تاۋارلاشتۇرۇش، پۇل تاپىدىغان ۋاستىگە ئايلاندۇرۇش جەريانىدا بەزى ئەسەرلەرنىڭ قىممىتى نىسپىي ھالدا بازار ۋە چا- كىنا قىممەت قارىشى تەرىپىدىن بۇرمىلىنىۋاتىدۇ.

ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئېستېتىك قىممىتى ۋە رولىنىڭ مەۋجۇت بولۇشى مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنىڭ كىلاسسىك خاراكتېرى ۋە مەڭگۈ- لۈك قىممىتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ. بۇ خىل ئېستېتىك قىم- مەت ئىنسانلارنىڭ دۇنيانى ئىگىلەشنىڭ بىر خىل ئالاھىدە شەك- لى، شۇنداقلا ئادەم بىلەن ئوبيېكتىپ دۇنيانىڭ ئوتتۇرىسىدا ھېسسىي مۇناسىۋەت ھاسىل قىلىشنىڭ ئاساسى. مۇنەۋۋەر ئەسەر- لەرنى ئوقۇش ۋە ئۇلاردىن زوقلىنىش ئىنسانلارنىڭ مەڭگۈلۈك مە- نىۋى ئېھتىياجىدۇر. پەيلاسوپ ماكس ھوركھېيم مۇنداق دېگەن: «سەنئەت ھەقىقىي ھالدا ساختىلىق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشتىن قۇتۇلغاندىلا ئاندىن سەممىمي، سادىقلىق بىلەن تۆۋەن قاتلامدىكى خەلقنىڭ ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئومۇميۈزلۈك ھەقىقىي خاراكتېرنى ئىپادىلەيدۇ.»[1] مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتى سودا ئىستېمالىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىدىن قۇتۇلۇپ، مەنىۋىيەتكە ئەھمىيەت بېرىپ، شەخسنىڭ ئىجادچانلىق روھىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، بىر خىل ئالاھىدە يۈكسەك مەۋجۇتلۇق

---

[1] ياڭ بوخېڭ: «ئەدەبىياتتىكى تەبىئەت روھى»، خەنزۇچە، www//hongxiu.com گە قارالسۇن.

دۇنياسىنى قوغلىشىپ، ئۆزىدىن باشقا يەنە بىر خىل ھاياتنىڭ قىممىتىنى يۇقىرى بىلىشنى ئىشقا ئاشۇرغاندىلا ئاندىن ئىنسانلارنى مەنىۋى كىرىزىس ۋە ئېكولوگىيە مۇشكۇلاتىدىن قۇتۇلۇپ چىقىشنىڭ يولىغا باشلىغىلى بولۇشى مۇمكىن.

## 3. ئەدەبىياتتىكى تەبىئەت روھى ۋە مەنىۋىيەت

ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىنسانلارنىڭ تەبىئىي مۇھىت ۋە ئىجتىمائىي ھادىسىلەر ھەققىدىكى ئالىي قاراشلىرىنى ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئەدەبىياتتىكى تەبىئەت روھى ئىنساندىكى ئىدراكىيلىقنىڭ ئەڭ جانلىق ۋە ئالىي شەكىلدىكى ئىپادىلىنىشى. تەبىئەت بارلىق جانلىقلارنىڭ ئانا تېنى بولۇپ، ئۇ ئىنسانلارغا مول ماددىي نېمەت ۋە شارائىتلارنى يارىتىپ بېرىش بىلەن بىللە يەنە ئۇلارغا كەڭ، چوڭقۇر مەنىۋىيەت سەھنىسىنى يارىتىپ بېرىدۇ. ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى كۆزقارىشى بويىچە تەبىئەت خىسلىتى ۋە روھىغا قارىتا ئېلىپ بېرىلغان ئىزدىنىش ماھىيەتتە ئالەمنىڭ بىرلەمچى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىگە بولغان ئىزدىنىش ۋە تەپەككۇرغا باغلىنىدۇ. بۇ خىل ئىزدىنىش بىزنىڭ ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدىكى تەبىئەتنىڭ پۈتكۈل ماھىيىتىنى چوڭقۇر ئىگىلەش ھەمدە ئىنسانلار مەدەنىيلىكى تارىخىدىكى ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلگەن گۇمانىتارلىق روھ ھەققىدە بىرقەدەر ئىنچىكە تەپەككۇر يۈرگۈشىمىز، شۇنداقلا ئىنسانلارنىڭ نۆۋەتتىكى ئەمەلىيىتى ۋە ئىدىيە تەپەككۇرىدىكى تار دائىرىلىك، بىمەنىلىك ھەمدە مۇشۇ سەۋەبلىك كېلىپ چىققان يامان سۈپەتلىك ئايلىنىشنىڭ مەنبەسى ھەققىدە قايتا ئويلىنىشىمىزغا، بىزنىڭ تەبىئەت روھىنى ئاڭلىق بەرپا قىلىپ، رېئال ھاياتنىڭ قىممەت قارىشىنى ساغلام پەرۋىش قىلىشى-

مىزغا ياردەم بېرىدۇ.

ئەدەبىياتتىكى تەبىئەت روھى تەبىئەت ئىنسانىنىڭ ئىچكى دۇنياسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك، دەپ قارايدۇ. «تەبىئەت ۋە تەبىئەت روھى ئىنسانلارنىڭ قەلب دۇنياسىدا چوڭقۇر ئىدىيەۋى تەسىر پەيدا قىلىدۇ. ئىنسانلارنىڭ مەنىۋىيىتى ئۇلارنىڭ ئىپتىدائىي باسقۇچتىكى تەبىئەت روھىدىن باشلانغان بولۇپ، كوللېكتىپ، ئىستىخىيەلىك ھالدىكى ئىنسانلار روھى بىلەن تەبىئىي ئېكولوگىيە روھىنى ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. تەبىئەت ۋە ئالەم روھى تارىختىن بۇيان ئىنسانلارنىڭ قەلب دۇنياسىغا قارىتا ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسىتىپ كەلگەن.» نۆۋەتتە ئىنسانلار جەمئىيىتى پەن - تېخنىكا گۈللەنگەن، ئىقتىساد تېز سۈرئەتتە راۋاجلانغان دەۋرگە كىردى. لېكىن نوقۇل تېخنىكا ۋە ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتى ئىنسانلارنىڭ ئەتراپلىق تەرەققىي قىلغانلىقىنى كۆرسەتمەيدۇ. مۇھىت مەسىلىسى، نوپۇس مەسىلىسى، مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى قاتارلىقلار ئىنسانلارنىڭ بېشىنى قاتۇرماقتا. ماددىي ئىستېمال دولقۇنىدا غايە، ئېتىقادنىڭ ئاجىزلىشىپ بېرىشى، ئەنئەنە ۋە قىممەت قارىشىدىكى قايمۇقۇش قاتارلىقلار ئىنسانلارنىڭ مەنىۋى ماكانىنى نابۇت قىلىۋاتىدۇ. بۈگۈنكى زاماندا پەيدا بولغان تۈرلۈك ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ۋە كىرىزىسلارنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى قىممەت قارىشىدىكى بوشلۇق، دۇنياۋىلاشقان مەدەنىيەتنىڭ تەسىرى، تېخنىكا ئىدراكىيلىقىنىڭ غەيرىيلىشىشىدىن كېلىپ چىققان. ئىنسانلار مۇشكۇلاتىنىڭ سەۋەبى ئۇلارنى نوقۇل ماددىي نەرسىلەرگە تايانغان ماددىۋىزمغا، تېخنىكا ئادەمگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان، ئادەمنى چەكلەيدىغان ھالەتكە ئېلىپ كىردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىنساندىكى ھېسسىي ئىدراكىيلىقنى سۇسلاشتۇرۇپ، ئادەم بىلەن تەبىئەت ۋە ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى ئايرىلىپ تۇرۇش ھالىتىنى

كەلتۈرۈپ چىقاردى. مەدەنىيلىك بولسا ئىنسانلارنىڭ ئىزدىنىش نىشانى، لېكىن بۇ خىل نىشاننىڭ بىر تەرەپلىمىلىكى ئىنساننىڭ ئۆزىنىڭ تەرەققىياتىغا قارىتا يېڭى مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

ئەدەبىياتتىكى تەبىئەت روھىنىڭ تەرەققىيات خاھىشى مەدەنىيەتتە ئاشقىلىق ھالدا ئادەمنى ئاساس قىلىش روھىنىڭ تونۇلۇش ۋە مۇكەممەللىشىش جەريانىدۇر. مەنىۋى ماكاننى ئىزدەش ھامان كىشىلىك ھاياتنىڭ قىيىن مۇشكۇلاتلىرى ئىچىدە تۇرمۇشنىڭ ئەقىدە ۋە مەنىۋى ئاساسىنى ئىزدەشتىن باشلىنىدۇ. ئىنسانلارنىڭ روھىي دۇنياسى ئۇلارنىڭ ئەركىنلىككە تەلپۈنۈش ۋە ئۇنى ئىزچىل قوغلىشىش، شۇنداقلا ئىنساننى چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىك غايىسىنى يادرو قىلىپ، ئۇلارنى ئۆزىنىڭ ئەسلىي ماھىيىتى، ھەقىقىي ئەركىنلىكى، باراۋەرلىك روھىغا ئىنتىلىشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش جەريانى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئىنسان ئۆز ئەمەلىيىتىدە تەبىئەت ۋە جەمئىيەتنى مۇۋاپىق چۈشىنىش ھەم ئىگىلەش ئارقىلىق تەبىئەت، ئىنسان، جەمئىيەت ئوتتۇرىسىدىكى ماس، ئىناق مەدەنىيەت روھىنى يېتىلدۈرىدۇ. ئىنسانلار تۇرمۇشىنىڭ قىممەت ئەقىدىسى بىلەن ئۇنىڭ ئەركىنلىككە ئىنتىلىشى جەزمەن ئادەم بىلەن تەبىئەت، ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى ئىنكار خاراكتېرلىك بىرلىككە كەلگەن مۇناسىۋەت ئارقىلىقلا ئاندىن رېئاللىققا ئايلىنىدۇ. ئىنسانلار ئۆزلىرى ئىزدەنگەن ئەركىنلىك، بەخت ۋە چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىك ھەرگىزمۇ ئاسان قولغا كەلمەستىن، بەلكى قىممەت پىرىنسىپى بىلەن تارىخىي پىرىنسىپنىڭ بىرلىكى ئاساسىدا بارلىققا كېلىدۇ. ئەدەبىياتتىكى تەبىئەت روھىنىڭ تەرەققىيات خاھىشى ھەرگىزمۇ نوقۇل ئېكولوگىيە كىرىزىسىنىڭ ھەل قىلىنىشى ھەمدە ئادەم بىلەن تەبىئەت، ئادەم بىلەن ئادەمنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا ھەل قىلىش، ئۇلارنىڭ مۇناسىۋ-

تىنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىشتا يۈنىلىش بەلگىلەپلا قالماستىن، بەلكى يەنە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ سوپەت بۇرۇلۇشى ۋە مەدەنىيلىك تەرەققىياتى ئۇچۇنمۇ توغرا نىشان بېكىتىپ، دۇنيا مەدەنىيلىكىنىڭ بىر گەۋدىلىك تەرەققىياتى ئۇچۇن پۇختا ئاساس يارىتىدۇ.

سىجىل تەرەققىي قىلىش ۋە ساغلام تەرەققىيات ھازىرقى زامان جەمئىيىتىدە ھەممە ئادەم ئىنتىلىدىغان ماھىيەتلىك ئەندىزىدۇر. شەخسنىڭ ساغلاملىقى ھازىرقى جەمئىيەتتە ھەربىر كىشى كۆڭۈل بۆلىدىغان مۇھىم مەسىلە بولۇپ قالدى. ساغلام مەۋجۇتلۇق ھامان تەبىئىيلىكنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. لېكىن ساغلاملىقتىن ئىبارەت بۇ مۇھىم مەسىلىدە كىشىلەر ئاسانلا خاتا تونۇشقا كېلىپ قالىدۇ. بىز، «ساغلاملىق» ئۇقۇمىنىڭ ئائىلە ھېساباتىنىڭ مۇھىم بىر تۈرىگە ئايلىنىپ قالغانلىقىنى بىلىمىز. ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، بازارلاردىكى «ئوزۇقلۇق تولۇقلاش ئىچىملىكى»نىڭ تۈرى ھازىر نەچچە مىڭ خىلغا يېتىدىكەن. ئۇلارنىڭ نامى يىلان جەۋھىرى دەمىدۇ، ئادەمگىياھ، بۇغا مۈڭگۈزى دەمىدۇ، مېھرىگىياھ، چۈمۈلە جەۋھىرىدىن تارتىپ بۆرەك قۇۋۋەتلەندۈرگۈچى، يۈرەكنى ياشارتقۇچى دېگەندەك تۈرلۈك دەبدەبىلىك ۋە چىرايلىقناملار بىلەن ئاتىلىپ، نەپىس ئورىلىپ، قىممەت باھالىق تەننەرخ بىلەن بازارلارنى ئىگىلەپ تۇرماقتا. بازارلاردىكى تۈرلۈك ـ تۈمەن ساغلاملىق ئۈسكۈنىلىرى، ئاتالمىش ساغلاملىق كىيىملىرى، ساغلاملىق مارجانلىرى، ساغلاملىق ياستۇقى دېگەندەك تۈرلۈك تاۋارلارنىڭ ھەممىسىگە دېگۈدەك ئاتالمىش «ساغلاملىق» ماركىسى چاپلاندى. كۈنسېرى نامى يېڭىلىنىپ تۇرۇۋاتقان ئالاھىدە ھورمۇنلار، ۋىتامىنلار، ئوردا رېتسېپلىرى، ئەل ئارىسىدىكى مەخپىي رېتسېپلار قاتارلىقلار تۈرلۈك ناملاردا تارقالدى. ھەتتا شامال تې-

گىشتىن بولغان ئادەتتىكى زۆكام دورىلىرىنىڭ تۈرلىرىمۇ كۆپ خىللىشىپ قالماستىن، بەلكى ھەر تۆت ـ بەش ئايدا بىر قېتىم - دىن يېڭىلىنىش ھالىتىدە تۇرماقتا.

ساغلاملىق جىسمانىي ساغلاملىق، ھەرىكەت ساغلاملىقى ۋە روھىي ساغلاملىقتىن ئىبارەت كۆپ تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىنسان تەبىئىي ھەم ئىجتىمائىيلىقتىن ئىبارەت قوش قاتلاملىق خاراكتېرگە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ساغلاملىق مەسىلىسىدە كىشى - لەر شۇ نەرسىنى ئۇنتۇپ قالىدىكى، ئىنسان ئۇچۇن كېسەللىك بىر خىل نورمال تەبىئىي ھادىسە بولۇپ، ئاز بولمىغان كېسەللەر ئادەم بەدىنىنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى تەڭشىشىگە تەۋە بولغان نورمال تەبىئىي فىزىيولوگىيەلىك ھادىسە. بىر قىسىم كېسەللەر ئورگانىزملارنىڭ تەبىئىي قېرىشىغا تەۋە، ئۇنى داۋالىسىمۇ بەرىبىر ئۇنۇمى يوق. دۇنيا ساغلاملىق تەشكىلاتىنىڭ بىر دوكلاتىدا كۆرسىتىلىشىچە، تەخمىنەن 201 خىل دورا ئارقىلىقلا ئىنسانلارنىڭ تېببىي دورىغا بولغان ئاساسىي ئېھتىياجىنى قاندۇرغىلى بولىدىكەن. لېكىن ھا - زىر ياپونىيە، ئامېرىكا ھەمدە باشقا تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرنىڭ بازارلىرىدا سېتىلىۋاتقان دورىلارنىڭ تۈرى 20 نەچچە مىڭ خىل - دىن ئارتۇق بولۇپ، ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئاساسىي ئېھتىياجىدىن 200 ھەسسە ئارتۇق. بۇلارنىڭ ئىچىدە ھورمۇن، ۋىتامىنلىق دورىلارنىڭ تۈرىلا 3000 خىلغا يېتىدۇ. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى تېببىي دو - رىلارنى سودا خاراكتېرلىك كۆپتۈرۈپ سېتىشنىڭ نەتىجىسىدۇر. بۇ خىل كىرىزىسنىڭ زىيىنى تەبىئىي ئاپەتلەرنىڭ زىيىنىدىن نەچچە ھەسسە ئېغىر.

ئەمەلىيەت ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇكى، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلى - رىدىكى يۈز ياشتىن ھالقىغان «ئۆمۈر چولپانلىرى» بىزگە تەبىئىي تۇرمۇشنىڭ خاسىيىتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممى -

سىنىڭ دېگۈدەك ساغلام بولۇپ ئۇزۇن ئۆمۈر سۈرۈپ بەختلىك يا-
شىيالىشىدىكى مۇھىم سەۋەب، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشتا ئارتۇقچە ئىس-
تەك ـ ھەۋەسكە بېرىلمەي، تەبىئىيلىككە ئەھمىيەت بېرىپ روھ-
نى ساغلام تۇتقانلىقى، تەنىنىڭ ۋەسۋەسىلىرىگە بېرىلىپ ئارتۇقچە
ساغلاملىق دورىلىرىنى يېمىگەنلىكى ياكى سۈنئىي قۇۋۋەت دورى-
لىرىنى ئىستېمال قىلمىغانلىقى، شۇنداقلا ئۆزلىرىنىڭ ئاددىي
تۇرمۇشىغا قانائەت قىلغانلىقىدا. مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، «قە-
دىمكى جۇڭگودا پادىشاھلارنىڭ تېببىي دورا ۋە ئۆزىنى كۈتۈپ
قۇۋۋەتلەندۈرۈش شارائىتى ئەڭ ياخشى بولغان. لېكىن تارىختىكى
پادىشاھلاردىن 209 كىشىنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمرى 40 ياشقىمۇ يەت-
مىگەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئوشۇقچە ھۇزۇر ـ ھالاۋەتكە بېرىلىش
تېببىي ۋە تەبىئىي قۇۋۋەتلەندۈرۈش دورىلىرىنى كۆپ ئىستېمال
قىلغانلىقتىن ئۆلگەنلىرى تۆت ـ بەشكە يېتىدىكەن.»[1] تەبىئىي-
لىك ھاياتلىقنىڭ تۈپ قانۇنىيىتى. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، دۇنيا
تارىخىدىكى تۇنجى ئىمپېراتور ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىنمۇ ئۆلمەس-
لىكنى ئارزۇ قىلىپ قول ئاستىدىكىلەرگە ئابىھايات سۈيىنى ئىز-
دەتكەن ھەتتا مېنى قۇتقۇزالىسا پادىشاھلىقنىڭ يېرىمىنى بېرى-
مەن، دەپ ۋەدە قىلغان بولسىمۇ، لېكىن 33 يېشىدا ھەسرەت ئى-
چىدە ئالەم بىلەن خوشلاشقان. ھەتتا ئۆلۈش ئالدىدا كىشىلەرگە:
«مېنى قەبرىستانلىققا ئېلىپ ماڭغاندا بىر قولۇمنى تاۋۇتتىن چى-
قىرىپ قويۇڭلار، ئەل ـ جامائەت مەندەك سەلتەنەتلىك ھۆكۈمرا-
نىڭمۇ ئۇ دۇنياغا قۇرۇق قول كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئىبرەت

---

① لۇ شۇيۈەن: «ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكىنىڭ دائىرىسى»، شەرقىي جۇڭگو پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2006 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى 107 ـ بەت.

ئالسۇن» دەپ ۋەسىيەت قىلغان. زامانىۋى جەمئىيەتتە تاۋار ۋە نو-
قۇل ماددىي ئىستېمال دولقۇنىدا ئىنسانلار تۇرمۇشىدىكى تەبىئىي-
لىك ۋە تەبىئىي رىتىمنىڭ بۇزۇلۇشى سەۋەبلىك ھازىر خەلقئارادا
تېببىي دورىلارنى قالايمىقان ئىشلىتىشنىڭ كىشىلەرنىڭ ھاياتى
ۋە ساغلاملىقىغا ئېلىپ كېلىۋاتقان «تەبىئىيلىكنى نابۇت قىلىش»
ۋە قارىغۇلارچە «نورماللىقنى بۇزۇش» كېسەللىكى نۆۋەتتە دۇنيادى-
كى ئون چوڭ جانغا زامىن بولغۇچى ئەجەللىك كېسەللىك ئامىلى-
نىڭ بىرىگە ئايلاندى. ئېلان ـ تەشۋىقاتلارنىڭ قايمۇقتۇرۇشى بىلەن
ئورۇنسىز دورا ئىچىش ۋە سۈنئىي قۇۋۋەت تولۇقلاشتىن كېلىپ
چىقىدىغان ساغلاملىقنىڭ بۇ چوڭ ئاپىتى ھازىر دۇنيادا تاما-
كا، ھاراق ۋە زەھەرلىك چېكىملىكتىن قالسىلا ئۈچىنچى ئورۇندا
تۇرىدۇ.

بۈگۈنكى سانائەت دەۋرى ۋە بازار دولقۇنىدا بىز ھەرگىزمۇ
دورا سودىسىغا تايىنىپ بېيىماقچى بولغان دىيانەتسىز تېۋىپ ـ
دوختۇرلارنىڭ «سالامەتلىكتىن ئىبارەت جانغا تاقىشىدىغان مۇھىم
ئىشنى دورا ياكى ئوزۇقلۇق تولۇقلىغۇچىغا تاپشۇرۇش»تەك تە-
ۋەككۈلچىلىكى، ياكى جاننى قارىسىغا دوغا تىكىش تەكلىپىنى
يەڭگىللىك بىلەن قوبۇل قىلالمايمىز. ساغلاملىق ھەرگىزمۇ نوقۇل
ھالدىكى ئادەم بەدىنىنىڭ فىزىيولوگىيەلىك تەرىپىنىلا كۆرسەت-
مەيدۇ. ساغلاملىق ئۇقۇمىدا كىشىلەر كۆپىنچە ئۆزلىرىنىڭ پىس-
خىكىلىق ساغلاملىقى، مەنىۋى ساغلاملىقىنى ئاسراشنى ئۇنتۇپ
قالىدۇ. بۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ تەن ساغلاملىقىنى
قوغداش جەھەتتە تېخىمۇ كۆپ قىيىنچىلىققا ئۇچرايدۇ. ئەمەلى-
يەتتە ئىنساننىڭ جىسمىمۇ ئۇنچىۋالا ئاددىي نەرسە ياكى فىزىيو-
لوگىيەلىك ماشىنا ئەمەس. ئىنسانلارنىڭ جىسمىغا ئەلمىساقتىن
تارتىپلا تەبىئىيلىك، مەدەنىيەت، تارىخ، پەلسەپە ۋە مەنىۋىيەت مە-

نىسى سىڭگەن بولىدۇ.

ھاياتلىق جىسمىيەت بىلەن مەنىۋىيەتنىڭ ئۆزئارا بىرىكىشىدىن ئىبارەت. شۇڭا ئىنسانلار ھامان روھىيەت دۇنياسىنىڭ، بولۇپمۇ ساغلام ئىرادىنىڭ يېتەكلىشى بىلەن ئۆزى قولغا كەلتۈرىدىغان تەبىئىي تۇرمۇش ۋە تەبىئىي خاراكتېر ئىچىدە يۈكسىلىدۇ. ئەمما ئىنسان ئۇچۇن ئېيتقاندا ئەڭ قىيىن ۋە سىرلىق بولغىنى بەلكىم ئادەمنىڭ ئۆز جىسمىنى ھېس قىلىش ۋە ئۇنى تونۇيالىشى، شۇنداقلا ئۆز جىسمىنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا قارىتا قايتا ئويلىنىش ۋە توغرا تەپەككۇر قىلالىشىدا بولۇشى مۇمكىن. بۇ خىل تەپەككۇر ھاياتلىق روھىنىڭ جىسمىغا قارىتا ئېلىپ بارغان قايتا تەپەككۇرىدۇر. شۇڭا روھ ياكى مەنىۋىيەتكە ئىگە بولمىغان بەدەننى كىشىلەر ھەمىشە «تىرىك گۆش»، «قۇرۇق بەدەن» دەپ ئاتاشقان (ئاتايى، لۇتفىي، نەۋائى قاتارلىق كىلاسسىكلىرىمىزنىڭ ئەسەرلىرىدە بۇ ھەقتە ئىنچىكە بايانلار بار). ئەمما تىرىك بەدەنگە ئىگە بولمىغان روھمۇ ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغان قۇرۇق نەرسە ياكى غەيرىي مەۋجۇتلۇق دەپ قارىلىدۇ.

ھاياتلىق جىسىم بىلەن روھتىن تۈزۈلگەن بولۇپ، تەن ئىنسان ئۇچۇن ئېيتقاندا ئىنتايىن چەكلىك مەۋجۇتلۇق. ئەمما روھىيەتنىڭ قىممىتى چەكسىزلىككە ئىگە. ئەجدادلىرىمىز شەخسنىڭ ھاياتىنى توختاۋسىز كارۋانغا ئوخشاتقان، روھىيەتنىڭ قىممىتىنى ئالاھىدە تەكىتلىگەن، مەنىۋىيەتتىن ئايرىلغان ھاياتنى ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغان نەرسە دەپ قاراپ كەلگەن. ئىسلامىيەت پەلسەپىسى «ئىنسان ۋە بارلىق جانلىقلارنىڭ تۇغۇلۇشى ۋە ئۆلۈشى تەقدىر ئىلاھىنىڭ ئىلكىدە، يەككە جانلىق — ئىنسان بۇنى بىلىش مۇمكىنچىلىكىگە ئىگە ئەمەس» دەپ قارايدۇ. سىز 30 يىل ياكى 50 يىل ئىلگىرى نەدە ئىدىڭىز؟ 30 يىل ياكى 50 يىلدىن كېيىن نە-

گە بارسىز؟ ئۇ ۋاقىتتا سىز يەنە ھايات تۇرالامسىز - يوق؟ ھاياتلىق ھەربىر ئىنسان ئۈچۈن مۇشۇنداق چەكلىك ھەم تاسادىپىي مەۋجۇتلۇق. ھايات ھەممىدىن قىممەتلىك، شۇڭا كىشىلەرنىڭ ئۇنى قەدىرلىمەسلىككە ھېچقانداق ھەققى يوق. قانداق قىلىپ تېخىمۇ ياخشىراق ياشاش، جاننى مۇھاپىزەتلەش كىشىلىك ھاياتنىڭ ئەڭ مۇھىم مۇددىئاسى، شۇنداقلا ئۇنىڭ ھەل قىلىش ئەڭ قىيىن بولغان مۇشكۇلاتىنى شەكىللەندۈرگەن.

مەنىۋىيەت ماددىي تۇرمۇشنىڭ سۈپىتىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. تەبىئىي ئېكولوگىيە ۋە ئىجتىمائىي ئېكولوگىيە كىرىزىسىنىڭ ئېغىرلىشىش سەۋەبلىك زامانىۋى جەمئىيەتتە ياشاۋاتقان كىشىلەر دۇچ كەلگەن كېسەللىكلەرنىڭ تۈرى تېخىمۇ كۆپەيمەكتە. نۆۋەتتە تەجرىبىلىك دوختۇرلارنىڭ كۆرسىتىشىچە، بۇرۇنقى زاماندىكى كېسەللىكلەرنىڭ كۆپىنچىسى نامراتلىق، ئوزۇقلۇق كەمچىللىكى، سەھىيە شارائىتىنىڭ ياخشى بولماسلىقىدىن كېلىپ چىقسا، ھازىرقى كېسەللىكلەرنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى بازار ۋە قارىغۇلارچە ئىستېمال قايىنىمىنىڭ تەسىرىدە ماددىي ئىستېمالغا بولغان زىيادە ھېرىسمەنلىك، تۇرمۇش ۋەسۋەسىلىرىنىڭ زىيادە كۆپلۈكى، يۇقىرى ئاقسىللىق يېمەكلىكلەر، مەنىۋى ئامىلنىڭ تەڭپۇڭسىزلىقى ياكى روھىي ئاجىزلىق بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەن. مەسىلەن، يۇقىرى قان بېسىمى، مېڭە قان نوكچىسى، يۈرەك مۇسكۇل تىقىلمىسى، راك، دىيابېت، زىيادە سېمىزلىك قاتارلىقلار. يېقىنقى مەزگىللەردىن بۇيانقى ئەھۋاللاردىن قارىغاندا، ھازىرقى زامان تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە ئىستېمال بىمەنىلىكى كەلتۈرۈپ چىقارغان مۇھىت بۇلغىنىشى نۆۋەتتىكى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا يۈز بەرگەن ئېبرا، غالجىر كالا كېسەللىكى، غەيرىي B تىپلىق ئۆپكە ياللۇغى، تارقىلىشچان قۇش زۇكىمى قاتارلىقلار بىر - بىرىنىڭ

ئارقىسىغا ئۇلىشىپ كېلىپ چىققان كېسەللىكلەرگە سەۋەبچى بولغان. نەۋايى «مەھبۇبۇلقۇلۇب»تا ئىنسانلاردىكى بىر تەرەپلىمە ماددىي مەنپەئەت ھېرىسمەنلىكىنى تەنقىدلەپ «مال ـ دۇنيا ناداننىڭ دېمىكى، ئالتۇنلۇق چىۋىننىڭ يېمىكى» دەپ كۆرسەتكەندەك، ئەگەر ئىنسانلار ئىجتىمائىي ھاياتتا مەنىۋىيەتكە سەل قاراپ، ئەنئەنىۋى ئەخلاق مىزانلىرىدىن چەتنەپ، بىر تەرەپلىمە ماددىي تەرەققىيات قوغلىشىپ كېتىۋېرىدىغان بولسا، ئۇلارنىڭ ساغلاملىقى ۋە ھاياتىغا تەھدىت سالىدىغان يېڭى شەكىلدىكى جىسمانىي ۋە مەنىۋى كېسەللىكلەرنى كېلىپ چىقمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ.

يۇقىرىدا توختىلىپ ئۆتكىنىمىزنىڭ كۆپىنچىسى پەقەتلا زامانىۋى تۇرمۇش مۇھىتىدىكى بىر قىسىم فىزىيولوگىيەلىك كېسەللىكلەردىن ئىبارەت. ئەمما زامانىۋى تۇرمۇش ئىچىدىكى ھەر خىل ئادەتلەر شۇنى كۆرسەتتىكى، ھازىرقى زامان جەمئىيىتىدىكى كىشىلەرنىڭ مەنىۋىيىتى گىرىپتار بولغان كېسەللىكلەرنىڭ زىيىنى جىسمانىي كېسەللىكلەردىن تېخىمۇ يامان ۋە خەتەرلىك ھالەتتە تۇرماقتا. نۆۋەتتىكى ئاتالمىش بازار ئىگىلىكى ۋە ئىقتىسادىي رىقابەت جەمئىيەتتە نۇرغۇن كىشىلەرنى ماددىي جەھەتتە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش بىلەن بىللە يەنە مەنىۋى ئېتىقاد، ئەخلاق ۋە مىجەز ـ خاراكتېر جەھەتتە نامراتلىققا يۈزلىنىشنى تېزلەتتى. ئامېرىكىلىق پىراگماتىزمچى پسىخولوگ ئابراھام ماسلو غەرب جەمئىيىتىنىڭ بۇ خىل نوقۇل ئىلىم ـ پەنگە تايانغان ماددىي تەرەققىياتىنى «ساغلاملىقنىڭ چېكىنىشى» دەپ، پەن ئىدراكىيلىق قارىشىنى «ساغلاملىقنىڭ ئاگىسىزلىقى» دەپ تەنقىدلىگەن. خۇددى نىيتشى ئېيتقاندەك: «سەنئەت ــ مەۋجۇتلۇقنىڭ ئەيسانە ـ رىۋايىتى.» ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرى ئۆزىدىكى سېھرىي كۈچ ئارقىلىق ئادەمنى رېئاللىققا يۈزلەندۈرۈپ مەۋجۇتلۇقنى پارلاق

مەنزىلگە ئېرىشتۈرىدۇ. سەنئەت ئىجادىيىتى ۋە گۈزەللىك سەرگۈ-
زەشتىسى ساغلام تەن بىلەن ساغلام قەلبنىڭ ماس، ئىناق ئالغا
ئىلگىرىلىشىدۇر. شۇڭا زامانىۋى تەرەققىياتقا ماسلاشقان ئېكولو-
گىيە مەدەنىيلىكى مۇقەررەر يوسۇندا ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ يار-
دىمى، شۇنداقلا ئۇنىڭ گۈزەل قەلب دۇنياسى يارىتىشتەك رولىغا
موھتاج. ئەدەبىيات تەربىيەسى بولسا ئەدەبىياتنىڭ ھەر خىل
كونكرېت تۈر ـ شەكىللىرىنى ۋاستە قىلىپ، ئەدەبىي ئەسەرلەرنى
ئوقۇش ۋە ئۇنىڭدىن زوقلىنىش ئارقىلىق ئۇلاردىكى مول ئېستې-
تىك قىممەتنى ئوقۇرمەننىڭ ھېسسىيات دۇنياسىدا بىۋاستە رول
ئوينىتىش ئارقىلىق ئوقۇرمەنلەردە ئەلا بولغان قەلب دۇنياسىنى
يارىتىپ چىقىپ، كىشىلەرنىڭ ئۆز مەنىۋى دۇنياسىدا مەقسەتلىك
ۋە ئاڭلىق ھالدا يېڭىچە يۈكسىلىش ھاسىل قىلىشىغا ئىلھام بې-
رىدىغان ئالاھىدە تەلىم ـ تەربىيە شەكلىدۇر. ئىنسان ئۆزىنىڭ
نورمال مەنىۋى ماكانىنى قوغداش ئۈچۈن مۇقەررەر ئەدەبىي تەربى-
يەگە موھتاج بولىدۇ.

تەبىئىيلىك ھاياتلىقنىڭ تۈپ قانۇنىيىتى، گۈزەل ھايات،
ساغلام تۇرمۇش ھەربىر ئىنساننىڭ ئۆز ھاياتلىق ماكانىدا ئۆز قو-
لى بىلەن يارىتىپ چىققان بىر سەنئەت ئەسىرىدۇر. ئەمما ئەپسۇس-
لىنارلىقى شۇكى، سەنئەت ھەقىقىتىنىڭ ئۇزاقتىن بۇيان كىشى-
لەر تەرىپىدىن بىر تەرەپلىمە ۋە خاتا تونۇلغانلىقى ياكى بۇرمىلانغان
ھالدا چۈشىنىلگەنلىكىدە. ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان ئەدەبىيات ـ
سەنئەتكە قارىتا سىياسىي ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، ئىجتىما-
ئىي رېئاللىق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، ئۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت
قىلدۇرۇش تەلىپى قويۇلدى ياكى ئۇ مائارىپ ـ ئاقارتىشنىڭ قورا-
لى، ئۇرۇشنىڭ تەشۋىقات ۋاستىسى قىلىندى. ھازىرقى كۈندىمۇ
يەنە ئۇنىڭغا ئىقتىسادنى جانلاندۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىش تە-

لىپى قويۇلۇپ، ئۇ كۆپىنچە تاۋار تىجارىتىنىڭ ۋاسىتىسى دەپ قا-رىلىۋاتىدۇ ياكى ئۇنىڭغا ماددىي ئىستېمال شادلىقىنىڭ تەشۋىق - تاراتقۇچىسى سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىنىۋاتىدۇ. هازىرقى كۈندە مەدە-نىيەت ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت ئۆزىنىڭ تۇرلۇك ۋەزىپىلىرىنى ئىجرا قىلىش جەريانىدا ئۆزىنىڭ ئەسلىي رولى ياكى ئۆز سالاھىـ-يىتىنى خېلى دەرىجىدە ئۇنتۇپ قالدى. شۇڭا بىز گەرچە نۆۋەتتە كۆپلىگەن مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلەرگە ئىگە بولساقمۇ، لېكىن ئەمەلىيەت جەريانىدا ماددىيۋىزىمنىڭ تەسىرىدە ھەقىقىي سەنئەت روھىنى يوقىتىپ قويدۇق.

ئەدەبىيات - سەنئەتنى دەرۋەقە مەلۇم جەھەتتىن سىياسىي ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، ئىقتىسادنى جانلاندۇرۇشقا خىزمەت قىلدۇرۇش دېگەننى نىسپىي مەنىدە چۈشىنىشكىمۇ بولىدۇ. لېكىن سەنئەت ئەجەبا پەقەت باشقىلارغا خىزمەت قىلىش ئارقىلىقلا ئاندىن ئۆز ئەھمىيىتىنى نامايان قىلالامدۇ؟ سەنئەت ئىنسانلارنىڭ ھاياتـ-لىق پائالىيىتى، مەنىۋى پائالىيىتى بولۇش سۈپىتى بىلەن نېمە ئۈچۈن ئىنسانلارنىڭ ئۆزىگە بىۋاسىتە خىزمەت قىلالمايدۇ؟ ئەدە-بىيات - سەنئەت پەقەت ئەسەرنى ۋاسىتە قىلغان بىر خىل نىسپىي قورال بولمايلا قالماستىن، بەلكى ئالاھىدە مۇستەقىل مەۋجۇتلۇق شەكلى، ھاياتلىق پوزىتسىيەسى، شۇنداقلا ھاياتلىق مۇقەررەر تايد-نىدىغان روھتۇر. قەدىمكى ئەپسانە - رىۋايەتلەر، ئىپتىدائىي قو-شاقلار، ئېپوس - داستانلىرىمىزدىن تارتىپ يازما ئەدەبىي مىراس-لىرىمىزغىچە بولغان كىلاسسىك ئەدەبىيات ۋە بۈگۈنكى دەۋر ئە-سەرلىرىمىزدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، سەنئەت قانداقتۇر بىر قىـ-سىم كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىكىدەك ئۇنداق ئاددىي نەرسە ئەمەس، نوقۇل بىر خىل ماھارەتمۇ ئەمەس، بەلكى ئۇ مەلۇم بىر خەلقنىڭ مۇستەقىل، ئۆز - ئۆزىگە بولغان ئىشەنچى، جۈملىدىن ئۆزىنىڭ

مەنىۋى دۇنياسىغا غوجا بولغانلىقى، ئۇلارنىڭ ئۆز تۇرمۇشىدىن ھەقىقىي شادلانغانلىقى، ئۇنىڭدىن زوقلىنىپ، ئۆز ـ ئۆزىنى ئاڭلىق مۇكەممەللەشتۈرگەنلىكىنىڭ مەھسۇلى. ماھىيەتتە ئۇ مەۋجۇتلۇقنىڭ ئالاھىدە ماھىيىتىنى كۆرسەتكۈچى قىسسە ياكى داستانى، شۇنداقلا ئىنسانلارنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى ساغلاملاشتۇرىدىغان ۋە ئۆز قىممىتىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدىغان نەرسىدۇر. شۇڭا ئۇنىڭ قىممىتى ۋە رولىنى دۇنيادا ھېچقانداق ماددىي بايلىق، قىممەتلىك نەرسە ياكى ئالىي قورالغا سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. چۈنكى ئەدەبىيات ھامان مەدەنىيەتنىڭ باشلامچىسى، ئۇنىڭدا باشتىن ـ ئاخىر ئىنسانلارنىڭ ساغلام ۋە تەبىئىي روھىي خاراكتېرى، ئىچكى دۇنياسى نامايان قىلىنىدۇ. ئەدەبىيات نۆۋەتتىكى دۇنياۋى خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش بىلەن جەمئىيەتنىڭ ئىناق بىرلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ ئىنسانلارنىڭ رېئال دۇنيانى تونۇش ۋە دۇنياۋى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى چۈشەنىشنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى رولىنىمۇ تۆۋەن مۆلچەرلىگىلى بولمايدۇ.

## 4. ئېكولوگىيە ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەتشۇناسلىق

كىشىلىك ھايات ئانا تەبىئەت بىلەن ئورتاق ماھىيەت ۋە قانۇنىيەتكە ئىگە. ئەجدادلاردىن قالغان زېمىنىنىڭ ۋارىسى بولغان ئىنسان ھامان تەبىئەتنىڭ مەھسۇلى ۋە تەبىئەت ئانىنىڭ پەرزەنتى، شۇنداق ئىكەن، ھاياتلىقنىڭ ئاپىرىدىگاھى بولغان ئانا تەبىئەت ئىنسانلار ئىجاد قىلغان گۈزەللىك، جۈملىدىن ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ماھىيەتلىك مەنبەسىدۇر. زامانىۋى جەمئىيەتتىكى تەبىئىي مۇھىتنىڭ چېكىنىشى بىلەن ئىنسان خاراكتېرىنىڭ غەيرىي-

لىشىشى بىرلا ۋاقىتتا كېلىپ چىققان. ئىنسانلار مەۋجۇتلۇقى ۋە
تەرەققىياتى جەريانىدا ئۆزلىرىنىڭ ماددىي ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش
زۆرۈرىيىتىدىن كېلىپ چىققان ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ قارىمۇ-
قارشىلىقى، ئۇلارنىڭ تەبىئەتتىن ۋە تەبىئىيلىكتىن يىراقلىشىپ
سۇنئىي تەرەققىياتقا يۈزلىنىشى يالغۇز ئانا تەبىئەتنى زىيانغا
ئۇچرىتىپلا قالماستىن، بەلكى ئىنسانلارنىڭ ئۆز تىرىكچىلىكى
جەريانىدا تايىنىدىغان ماكانىنى، ئۇلارنىڭ ئەلمىساقتىن تارتىپ
پاك ۋە سەمىمىي بولۇپ كەلگەن روھىي دۇنياسىنى غەيرىيلەشتۈ-
رۈپ، ئۇلارنىڭ مەنىۋىيىتى، خاراكتېرىنى غەيرىيلەشتۈرۈپ زىيان-
غا ئۇچراتماقتا.

ئېكولوگىيە دېگەن بۇ ئۇقۇمنى جانلىقلار دۇنياسىنىڭ تەبىئىي
ئېكولوگىيەسى، ئىجتىمائىي ئېكولوگىيە، ماددىيلىق(تەن) بىلەن
مەنىۋىيەت(روھ) نىڭ ماس، ئىناقلىق مۇناسىۋىتى دېگەندەك كەڭ
مەنىدە چۈشىنىشكە توغرا كېلىدۇ. ئىنسانلارنىڭ كېيىنكى مەز-
گىللەردىكى تەرەققىيات جەريانىدا نوقۇل سودا - سانائەت ۋە ماددىي
ئىستېمالنى ئاساس قىلغان ئاتالمىش ماددىي ئىستېمال دولقۇنى
ۋە مەنپەئەتدارلىق مەدەنىيىتىنىڭ ئومۇملىشىشى بىلەن مەنىۋ-
يەتكە سەل قاراش، تەبىئىي پەن بىلەن ئىجتىمائىي پەنلەر، ئىلمىي
روھ بىلەن گۇمانىتار روھ، پەن بىلەن سەنئەتنىڭ ئۇزاق مۇددەت-
لىك ئايرىلىپ تۇرۇشى ۋە ئۆزئارا قارىمۇقارشى ئورۇنغا قويۇلۇشى
جەمئىيەتتە ئىنتايىن ئېغىر ئاقىۋەتنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ھەم-
مىمىزگە مەلۇم بولغىنىدەك 20 - ئەسىردە پەن - تېخنىكا بىر
قاتار بۆسۈش خاراكتېرلىك ئۇتۇقلارغا ئېرىشىپ دۇنيا سانائەتلى-
شىش ۋە زامانىۋىلىشىشنى ئىشقا ئاشۇردى. لېكىن بۇ خىل ئۆز-
گىرىش، ئاينىش ۋە نوقۇل ماددىي تەرەققىيات دۇنياغا تىنچلىق ۋە
ئەمىنلىك ئېلىپ كېلەلمىدى، خەلققە ئامان - ئېسەنلىك ۋە بەخت

ئېلىپ كېلەلمىدى، زېمىن ۋە ھاياتلىق دۇنياسىغا ساغلام ۋە مۇ-كەممەل ئېكولوگىيەلىك مۇھىت ھەم ئېكولوگىيەلىك بىخەتەرلىك ئېلىپ كېلەلمىدى. بۇ خىل مەۋجۇتلۇق رېئاللىقى چىڭگىز ئايتما-توفنىڭ «ئەسىردىن ھالقىغان بىر كۈن» رومانىدا قىرغىز ئايلىد-دىكىلەرنىڭ قازانقاپنىڭ جەسىتىنى يەرلىككە قويۇش ئۈچۈن مۇۋا-پىق جاي تاپالماي كۆپ رىيازەتلەرنى چېكىشى، ئايلدىكىلەرنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ قەبرىستانلىقىنىڭ ھەربىي سانائەت بازىسى قۇرۇش ئېھتىياجى بىلەن بۇزۇۋېتىلگەنلىكتىن ئۇلار بىر كۈن ھەپىلىشىپ ئاخىر جەسەتنى نامەلۇم بىر بۇلۇڭغا دەپنە قىلغانلى-قىدەك ۋەقەلىك ئارقىلىق جانلىق بايان قىلىنغان. پەن - تېخنى-كىنىڭ غايەت زور كۈچ سۈپىتىدە قوللىنىلىشى سەۋەبلىك جەمئى-يەتتە خېلى زور بايلىقلار يارىتىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئىن-سانلارنىڭ نەپسى ۋە ئارزۇ - ئىستىكىنىڭ ئېشىشىغا تۈرتكە بول-دى. يەنە بىر تەرەپتىن، سىياسىي كۈچلەرنىڭ رىقابىتى ۋە ئۇ-رۇشلار ئىنسانلارغا بايلىق ھەم مۇھىت كىرىزىسىنى ئېلىپ كەل-دى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ بايلىقلارنىڭ كۆپىنچىسى ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ تەسەررۇپىغا ئۆتۈپ كەتتى. جەمئىيەتتە كۆپچىلىك كىشىلەر ئۇنىڭ ئەمەلىي پايدىسىغا ئېرىشەلمىدى. بۇ خىل بىر تە-رەپلىمە تەرەققىيات ۋە تەڭپۇڭسىزلىق شەھەر ئاھالىلىرىدىكى بايلارنى دوراپ، ئوشۇقچە ئىستېمالغا بېرىلىش، كۆپ مال - دۇنيا ئىگىلەش ھەم ھەشەمەتكە بېرىلىش خاھىشىنى تېخىمۇ ئۆستۈردى. كىلاسسىك شائىر - ئەدىبلىرىمىزدىن يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇ-تادغۇبىلىك»، بۈيۈك مۇتەپەككۇر شائىر نەۋايى «سەددى ئىسكەندە-رى»، «لىسانۇتتەير» قاتارلىق داستانلىرىدا، سالاھى، نىزارىيلار ئۆز ئەسەرلىرىدە، مۇپاسسان «مارجان» ناملىق ھېكايىسىدە، ھې-مىڭۋاي «دېڭىز ۋە بوۋاي» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە ئىنسانلارنىڭ نو-

قۇل ماددىي ئىستەك قوغلىشىپ ماددىي ھېرىسمەنلىك تەسىرىدە روھىيەت ئېكولوگىيەسىگە سەل قاراشتەك ماھىيەتلىك ئىللەتلەر-نى ئۇيرازلىق ھەم جانلىق قامچىلىغانىدى.

يۇقىرى پەن - تېخنىكىنىڭ قوللىنىلىشى ئىقتىسادنىڭ تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولسىمۇ، لېكىن بۇ خىل بىر تەرەپلىمە ماددىي تەرەققىيات يەنە ئېغىر بولغان مۇھىت كىرىزى-سىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. چۈنكى پەن - تېخنىكىنىڭ زىيادە كەڭ قوللىنىلىشى ئۈنى ئۇلۇغ بىلىپ روھىيەتكە سەل قاراش، ئەنئەنى-دىن يىراقلىشىش، بولۇپمۇ گۇمانىتار روھنىڭ كەمچىل بولۇشى-دەك چەكلىمىلىك تۈپەيلىدىن «ھەممىدىن ئۈستۈن كۈچ» دەپ كۆككە كۆتۈرۈلۈۋاتقان بۇ نەرسە كۆپىنچە بىر خىل بىنورمال غەيرىي ئەخلاقىي كۈچكە ئايلاندى. شۇنىڭ بىلەن كۆپچىلىك كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ يىراق كەلگۈسى مەنپەئەتىنى قۇربان قىلىش، تەبىئىي مۇھىت ۋە بايلىق - ئېنېرگىيەنى خورىتىش بەدىلىگە ۋاقىتلىق تەرەققىياتنى قولغا كەلتۈردى. ھازىرقى زامان ئىلىم - پېننىڭ ئاتىسى دەپ قارالغان بېكون ۋەكىللىكىدىكى نوقۇل ئىدراك ۋە پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ ھەممىنى ئۆزگەرتىش ئېقىمىدىكىلەر-نىڭ تەبىئەتكە تۇتقان پوزىتسىيەسى چەكسىز دەرىجىدە پايدىلىنىش بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتكە تۇتقان بۇ خىل بىنورمال پوزىت-سىيەنىڭ كېڭىيىشى ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسى-ۋەتكە بەلگىلىك سەلبىي تەسىر كۆرسەتكەن. ئۇ ئىلىم - پەننى «ساپ ئوبيېكتىلىق قاراش» دائىرىسىدىلا تونۇپ، ئىلمىي روھنى ئىنسانىينىڭ مەنىۋىيىتى ۋە ئەخلاق ساھەسىدىن ئايرىۋەتكەن. بۇ خىل بىر تەرەپلىمە قاراش ئېيىنىشتېيىن دەۋرىگە كەلگەندە ئا-لىملارنىڭ قايتا مۇلاھىزىسىنى قوزغىدى. پۈتكۈل دۇنيا تېز سۈر-ئەتتە بازارلىشىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە پۇل ۋە پايدا - مەنپەئەت بى-

لەن بىلىم، ئەخلاق، ۋىجدان قاتارلىق مەسىلىلەردە ئىنسانلار جىددىي بۇرۇلۇش ۋە كەسكىن تاللاشقا دۇچ كەلدى. شۇڭا بۈگۈنكى كۈندە پەن - تېخنىكا بىلەن گۇمانىتار روھ ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشتىن ساقلىنىش خېلىلا قىيىن.

فىرانسىس بېكون ئەنگلىيەلىك ئالىم ۋە پەيلاسوپ. ئۇنىڭ قارىشىچە، ھەقىقىي پەلسەپە ئەمەلىيەتچانلىق خاراكتېرىگە ئىگە بولۇشى كېرەك. بۇ نىسپىي توغرا قاراشتەك كۆرۈنىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئىلىم - پەننىڭ كۈچ - قۇدرىتىدىن پايدىلىنىپ تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش ئىدىيەسىنىڭ يىلتىزى بولغان «بىلىم - كۈچتۇر» دېگەن سۆزى دۇنيانىڭ سانائەتلىشىش ۋە زامانىۋىلىشىش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈردى. شۇڭا بۈگۈنكى دۇنياۋى خاراكتېرلىك بىر تەرەپلىمە ئېچىش ۋە سودا دولقۇنى مەنىۋى كىرىزىس، يەر شارى خاراكتېرلىك مۇھىت بۇلغىنىشى، ئېكولوگىيەلىك بۇزۇلۇش، تەبىئىي بايلىقلارنىڭ ئۈزۈكچىلىكى، ئىنسان خاراكتېرىنىڭ ياتلىشىشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئاشۇ ئىدىيەسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئىدراكىزم، ئىنسان ئىرىكچىلىك جەريانىدا بويسۇندۇرۇش ئۈچۈنلا تەبىئەتنى تونۇشى ۋە چۈشىنىشى كېرەك، دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە ئىلىم - پەننىڭ ھەقىقىي نىشانى ئاڭلىق ۋە گۇمانىستىك روھتا تەبىئەتنىڭ سىرلىرىنى چۈشىنىشتىن ئىبارەت.

ئىنسانلار جەمئىيىتى بۈگۈنكى كۈندە نېمە ئۈچۈن مۇشۇنچە زور ئۇتۇقلارغا ئېرىشىش بىلەن بىللە يەنە مەۋجۇتلۇقنىڭ قاتمۇقات مۇشكۈلات ۋە كىرىزىسقا چۈشۈپ قالىدۇ؟ بۇ ماددىيلىق بىلەن مەنىۋىلىكنىڭ تەتۈر تاناسىپلىق تەرەققىياتى، تەبىئىي پەن ۋە ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ ئۆز ئارا ئايرىلىشى، ھەتتا زىتلىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ھازىرقى زامان پەن - تېخنىكىسى ئىنسانلار

ئارىسىدا گۇمانىتار غەمخورلۇق ۋە ئەخلاق كەمچىل بولۇشتەك
چەكلىمىلىك سەۋەبلىك تەبىئەتنى بۇلاش ۋە ئۇنى تالان - تاراج
قىلىشنىڭ قورال - ۋاستىسىگە ئايلىنىپ قالغان. بۇ خىل كې-
رىزىستىن قۇتۇلۇپ چىقىشنىڭ يولى قەيەردە؟ مۇشۇ خىل نوقۇل
ئىستەك - ھەۋەس، مەنپەئەت ئاساس قىلىنغان يامان ئاقىۋەتلىك
پەلسەپىنى كىشىلەرگە شەرھلەپ چۈشەندۈرۈشتە ھامان ئېكولوگى-
يەنىڭ ياردىمىگە مۇراجىئەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى ئېكو-
لوگلار جانلىقلار بىلەن مۇھىت، ئادەم بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسى-
دىكى ئۆزئارا تەسىرنى بىر پۈتۈنلۈك نۇقتىسىدىن كۆزىتىپ، ئې-
كولوگىيە ئىلمى بىلەن تەبىئىي پەنلەرنى تۇتاشتۇرىدىغان كۆۋرۈك
دەپ قاراپ، مەسىلىنى ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى نۇقتىسىدىن مۇ-
ھاكىمە قىلىپ، پەن - تېخنىكا بىلەن ئەخلاق، ئېتىقاد بىلەن ئە-
دەبىيات - سەنئەتنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش قارىشىنى ئوتتۇرىغا
قويۇۋاتىدۇ. 1969 - يىلى ئامېرىكىنىڭ بوستون شەھىرىدە «ئاغ-
دۇرما خاراكتېرلىك ئىلىم» ناملىق ماقالىلەر توپلىمى نەشر قى-
لىنغان. ئۇنىڭدا «ئېكولوگىيە ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەجبۇ-
رىيىتىگە چېتىلىدۇ» دەپ قارىلىپ، «تۇنجى قېتىم ئېكولوگىيە
بىلەن ئىنسانلار ئەخلاقى بىرلەشتۈرۈلۈپ ئېكولوگىيەلىك ئەخلاق
مەسىلىسى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.»① شۇنىڭدىن كېيىن ئالىملار ئى-
لىم - پەن روھى بىلەن گۇمانىتار روھنى بىرلەشتۈرۈشنى تەشەب-
بۇس قىلىپ، ئىلىم - پەن ھامان گۇمانىتار روھنىڭ غەمخورلۇ-
قىغا موھتاج، ئۇ گۇمانىتار روھنىڭ چەكلىشى ئارقىلىق پەن -
تېخنىكىنى مۇۋاپىق قوللىنىش كېرەكلىكىنى تەكىتلەش ئارقىلىق

① رولستون: «پەلسەپە قاقاسلىققا يۈزلەنمەكتە»، جىلىن خەلق نەشرى-
ياتى 1999 - يىلى خەنزۇچە نەشرى 5 - بەت.

ئېكولوگىيەنى سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت قاتارلىق پەنلەر بىلەن مۇناسىۋەتلەشتۇرۇپ ئاخىرىدا ئېكولوگىيە پەلسەپىسى، ئېكولوگىيە جەمئىيەتشۇناسلىقى، ئېكولوگىيە سىياسىيشۇناسلىقى، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى، ئېكولوگىيە ئىقتىسادشۇناسلىقى، ئېكولوگىيە ئەدەبىيات - سەنئەتشۇناسلىقى، ئېكولوگىيە ئېستېتىكىسى قاتارلىق ئەمەلىي پەنلەرنى بارلىققا كەلتۈردى.

ئامېرىكا ئېكولوگىيە ئالىمى مېرچانت مۇنداق دېگەن: «ئېكولوگىيە ئاللىقاچان بىر خىل ئاغدۇرما خاراكتېرلىك پەنگە ئايلاندى.»① بۇ يەردىكى «ئاغدۇرما» ئۇقۇمى ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتنى نوقۇل قورال - ۋاسىتە دەپ قاراش ياكى ئۇنى بويسۇندۇرۇش خاھىشىدىن ۋاز كېچىپ، كونا ئىدىيەنى ئاغدۇرۇشقا قارىتىلغان. ئېكولوگىيە ئەدەبىياتى بىر خىل يېڭى ئەدەبىيات شەكلى بولۇپ، ئۇ ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتى ۋە ئادەم بىلەن ئادەمنىڭ مۇناسىۋىتىنى باش تېما قىلىدۇ. ھەتتا تەبىئەتنى ئەدەبىياتتا ئىپادىلەشنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى قىلىدۇ. ئېكولوگىيەلىك تەپەككۇر ئىنسانلارنىڭ پائالىيىتىدە ئادەملەرنىڭ ئۆز - ئۆزىنى مەقسەت - نىشان قىلىشتىن سىرت يەنە تەبىئەتنى ھەمدە ھاياتلىقنىڭ تەبىيلىكىنى قوغداش ۋە ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئاسراشنى نىشان قىلىدۇ. يازغۇچى جاڭ رېن مۇنداق دېگەن: «مۇھىت ئەدەبىياتى يېڭى شەكىلدىكى ئەدەبىيات بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىنسانلار تەپەككۇر شەكلىنىڭ ئىسلاھاتىدۇر. چۈنكى بىرىنچىدىن، ئۇ ئەدەبىياتنى بىر خىل ماتېرىيال ئۇقۇمى دائىرىسىدە چۈشىنىشتىن ھالقىپ تەپەككۇر قۇرۇلمىسىنىڭ يادروسىنى ئىنسان ئېڭى ۋە زېمىن

① مېرچانت: «تەبىئەتنىڭ ئۆلۈشى — ئاياللار ئېكولوگىيە ۋە پەن ئىنقىلابى»، جىلىن خەلق نەشرىياتى 1999 - يىلى خەنزۇچە نەشرى 2 - بەت.

ئېڭى دەپ قارايدۇ. ئىككىنچىدىن، ئۇنىڭ قىزىق نۇقتىسى ئادەم بىلەن ئادەمنىڭ مۇناسىۋىتى دائىرىسىدىلا چەكلەنمەستىن، بەلكى ئىجتىمائىي ئادەملەر ئالاقىسىنى ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتىگە يۆتكەشكە قارىتىدۇ. ئۈچىنچىدىن، ئىنساننىڭ تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش خاھىشىنى چەكلەپ تەبىئەتنى ئاڭلىق سۆيۈش ۋە ئاسراشقا بۇرايدۇ. ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى قايتا تەڭشەش جەريانىدا بىر خىل مۇھىت ئەخلاقى تەپەككۇرىنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ.»[①]

ئوبيېكتىپ دۇنيا يالغۇز تەبىئەت ۋە جەمئىيەتنىڭ مەۋجۇتلۇقى بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. ئۇ ھەرگىزمۇ تەبىئىي مەۋجۇتلۇق بىلەن ئىجتىمائىي مەۋجۇتلۇقنىڭ ئايرىلىپ تۇرۇشى ياكى قارىمۇقارشىلىق ھالىتىدىكى نەرسە ئەمەس. رېئال دۇنيانىڭ مەۋجۇتلۇقى تەبىئىي مەۋجۇتلۇق ۋە ئىجتىمائىي مەۋجۇتلۇقتىن سىرت يەنە مەنىۋى مەۋجۇتلۇقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇنداقلا بۇ ئۈچ تەرەپ بىر گەۋدە بولۇپ، ئۇلارنى ئايرىغىلى بولمايدۇ. دۇنيا تەبىئىي مەۋجۇتلۇق، ئىجتىمائىي مەۋجۇتلۇق ۋە مەنىۋى مەۋجۇتلۇقنىڭ ئۆزئارا تەسىرىدىن بىرلىككە كەلگەن ئورتاق گەۋدە. شۇڭا تەبىئەت ئېكولوگىيەسى، جەمئىيەت ئېكولوگىيەسى ۋە روھىيەت ئېكولوگىيەسىدىن ئىبارەت بۇ ئۈچ ئامىل بىر ــ بىرىدىن ئايرىلمايدۇ. يەر شارى ئېكولوگىيەسى بۇ ئۈچىنىڭ ئۆزئارا رولى ئارقىلىق بىرلىككە كەلگەن ھەرىكەت جەريانىغا ئىگە. خۇددى كىلاسسىك ئەدىبلىرىمىزنىڭ ئەسەرلىرىدە كۆرسىتىلگەندەك ھاياتلىق دۇنياسى تەبىئەت، جەم-

---

① لۇ شۇيۈەن: «ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكىنىڭ دائىرىسى»، شەرقىي جۇڭگو پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2006 ــ يىلى خەنزۇچە نەشرى 204 ــ بەت.

ئىيەت ۋە روھىيەت بىرلىككە كەلگەن ئورگانىك گەۋدىدۇر. شۇڭا
بىز تەبىئىي مەۋجۇتلۇق، ئىجتىمائىي مەۋجۇتلۇق ۋە روھىي مەۋ-
جۇتلۇقنىڭ ئۆزئارا رولى كۆزقارىشىغا ئاساسەن دۇنيانى تونۇشى-
مىز ۋە چۈشىنىشىمىز كېرەك. بۇ خىل يېڭىچە دۇنيا قاراش ئېكو-
لوگىيە پەلسەپە قارىشىدۇر.

ئېكولوگىيەلىك دۇنيا قاراش شۇنداق دەپ تونۇيدۇكى، ئادەم
بىلەن تەبىئەت ئەسلىي بىر مەنبەلىك ماس، ئىناق ۋە ئۆزئارا بىر-
لىككە كەلگەن دۇنيا بولۇپ، بۇ ئىككىسى ئۆزئارا ئايرىلمايدۇ. بىر
تەرەپتىن، ئادەم تەبىئەتكە تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇنى نىسپىي ئۆز-
گەرتىپ تەبىئەت دۇنياسىنى ئادەملەشتۈرىدۇ. بۇ جەرياندا جەمئىيەت
ۋە ئۇنىڭ قىممەت ئېڭى ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. يەنە بىر جە-
ھەتتىن، ئادەم تەبىئەتنىڭ مەھسۇلى بولغاچقا تەبىئەت دۇنياسى ئا-
دەمگە ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئادەم تەبى-
ئەتنىڭ ئەخلاقىي قانۇنىيەتلىرىنى ئۆگىنىپ، ئۆز ساپاسىنى ۋە
ماھىيەتلىك كۈچىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ ئۆز – ئۆزىنى تەبىئەت-
لەشتۈرىدۇ. بۇ جەرياندا تەبىئىي مۇھىت ھامان ھەل قىلغۇچ
رول ئوينايدۇ.

ئۇنداقتا، ئېكولوگىيە ئەدەبىيات – سەنئەتشۇناسلىقنىڭ ئا-
ساسى قەيەردە؟ يەر شارىدىكى ھاياتلىق تۈرلىرىنىڭ ئورتاقلىقى ۋە
ئۆزئارا بىر گەۋدىچانلىقى خاھىشى ھەمدە ئىجتىمائىي مەۋجۇتلۇق-
نىڭ رېئال ھالەتلىرى ئەلمىساقتىن تارتىپ ئەدەبىيات – سەنئەت-
نىڭ مۇھىم باش تېمىسى بولۇپ كەلگەن. ئېكولوگىيە مەدەنىيلى-
كى يەر شارىدىكى ھاياتلىق تۈرلىرىنىڭ ئۆزئارا تايىنىشچانلىق،
بىر گەۋدىچانلىق قانۇنىيىتى ۋە ئۇنىڭ تەبىئىي گۈزەللىكىنى
ئىجتىمائىي ھاياتقا تەتبىقلاش ھەققىدىكى ئىلىم، شۇنداقلا مۇئەي-
يەن ئىلمىي سىستېمىغا ئىگە پەندۇر. شۇڭا ئۇ تەبىئەت دۇنياسى

گۈزەللىكنىڭ ماھىيىتى، ئەھمىيىتى ھەمدە ئۇنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسىنى تەتقىق قىلىپ تەبىئىي ئېكولوگىيە گۈزەللىكىنىڭ تۈرلۈك مۇناسىۋەتلىرى ھەمدە ئۇنىڭ قىممىتى ھەققىدە ئىزدىنىش ئېلىپ بارىدۇ. ئېكولوگىيەلىك نۇقتىئىنەزەر بويىچە قارىغاندا تەبىئەت قوينىدىكى ھاياتلىق تۈرلىرىنىڭ خىلمۇخىل ۋە رەڭدار تەبىئىي مەنزىرىسى دۇنيا گۈزەللىكىنى ياراتقان. گۈزەللىككە ئىنتىلىش، گۈزەللىكتىن زوقلىنىش ھاياتلىقنىڭ تۈپ ماھىيىتى ۋە تەبىئىي ئېھتىياجىدۇر. تەبىئىي ئېكولوگىيە گۈزەللىكى ئوبيېكتىپ مەۋجۇت بولۇپ، ئۇ يالغۇز دۇنيانىڭ مەۋجۇتلۇقى ئۈچۈن زۆرۈر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىنسانلارنىڭ ساغلام مەۋجۇتلۇقى ۋە ساغلام تەرەققىياتى ئۈچۈنمۇ زۆرۈر. شۇڭا بىز ئېكولوگىيە گۈزەللىكىدىن زوقلىنىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە ئاشۇ گۈزەللىكنى ئاسراپ، ئۇنى ئۆز تۇرمۇش تۈپرىقىمىزدا تېخىمۇ كۆپلەپ يارىتىشىمىز كېرەك. ھاياتلىق تۈرلىرىنىڭ مەۋجۇت بولۇش ۋە تەرەققىياتىدا تەبىئەت غايەت زور بىرلەمچى قىممەت ۋە بەلگىلەش خاراكتېرلىك ئېھتىياجارغا ئىگە. بۇنى تۆۋەندىكى تەرەپلەردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ:

1. تەبىئەت دۇنيادىكى بارلىق گۈزەللىكنىڭ تۈپ ئاساسى، ئىجتىمائىي گۈزەللىكنىڭ ئالدىنقى شەرتى. دۇنيانىڭ تەرەققىيات مۇساپىسى ئنئورگانىك تەبىئەتتىن بىيولوگىيەلىك تەبىئەتكە، شۇنداقلا ئاخىرىدا ئىنسانلار جەمئىيىتىگە كىرگەن. دۇنيانىڭ گۈزەللىكى ۋە ئۇنىڭ يارىتىلىشى تەبىئىي گۈزەللىكتىن ئېكولوگىيە گۈزەللىككە ھەمدە ئىجتىمائىي تەبىئەت گۈزەللىكى (رېئال دۇنيا گۈزەللىكى)گە قەدەم قويغان. شۇڭا ئىنسانلار ياراتقان ھەرقانداق شەكىلدىكى گۈزەللىك ۋە سەنئەتنىڭ ھەممىسى تەبىئىي قانۇنىيەت ۋە تەبىئىيلىكنى تۈپكى ئۆلچەم قىلىدۇ.

2. گۈزەللىك قوغلىشىش ھاياتلىقنىڭ تۈپ ماھىيىتىدۇر. تە-
بىئەتتىكى بارلىق جانلىقلار ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە گۈللى-
نىشى ئۈچۈن ئۆزىگە خاس مۇكەممەل قۇرۇلما ۋە ھەرىكەت ئالاھى-
دىلىكلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىققان. گۈللەرنىڭ ھەسەل ھەرىسى
ئۈچۈن بەرگىلىرىنى نامايان قىلىشى، قۇشلارنىڭ گۈزەل ۋە يېقىم-
لىق ئاۋازى ياكى كۆركەم قانات ـ پەيلىرىنى نامايان قىلىش ئارقى-
لىق يات جىنسلىقلارغا ئۆز گۈزەللىكىنى كۆرسىتىشى، ھايۋانلار-
نىڭ يات جىنسلىقلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىش ئۈچۈن ھەر خىل
چىرايلىق ھەرىكەتلەرنى قىلىشى ھەتتا ئۇلارنىڭ ئۆز ئۇۋا ـ چاڭ-
گىلىرىنى رەتلىك ۋە چىرايلىق ياساپ چىقىشى قاتارلىقلارنىڭ
ھەممىسى بارلىق جانلىقلارنىڭ گۈزەللىك يارىتىش، گۈزەللىكنى
نامايان قىلىش ۋە گۈزەللىك قوغلىشىش ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلەپ
بېرىدۇ. گۈزەللىكنى تونۇش، گۈزەللىكنى يارىتىش ۋە ئۇنىڭدىن
پايدىلىنىش دۇنيادىكى ئەڭ ئالىي ھاياتلىق تۈرى بولغان ئىنسانلار-
نىڭ ماھىيەتلىك خاسلىقىدۇر.

3. تەبىئەت گۈزەللىكنىڭ مەنبەسى، شۇنداقلا ئىنسانلارنىڭ
گۈزەللىك قوغلىشىشىنىڭ ئۈلگىسى. تەبىئەت يالغۇز ئىنسانلارنىڭ
مەۋجۇتلۇق ۋە تىرىكچىلىك ماكانى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى
ئۇلارنىڭ مەنىۋى شادلىقىغا ئېرىشىشىنىڭمۇ مەنبەسى. قەدىمكى
ئەپسانە ـ رىۋايەتلەردىكى تەبىئەتنىڭ ئىلاھلاشتۇرۇلۇشى، «دىۋانۇ
لۇغاتىت تۈرك»تە خاتىرىلەنگەن قەدىمكى قوشاقلاردىكى تەبىئەت
مەنزىرىلىرى، ئۇيغۇرلارنىڭ نورۇز قوشاقلىرى، «بۆكۈخان رىۋايە-
تى»، «ئوغۇزنامە»لەردىكى ئادەمنىڭ تەبىئەتلەشتۈرۈپ تەسۋىرلى-
نىشى بۇ نۇقتىنى روشەن ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ. گېرمانىيەلىك
پەيلاسوپ ۋە جەمئىيەتشۇناس ت.ئادورن ھازىرقى زامان ئىنسانلى-
رىنىڭ نوقۇل ماددىي تەرەققىيات قوغلىشىپ تەبىئەتكە سەل قارى-

شى بىلەن ئۇلارنىڭ ماددىي ئىستېمالچىلىق ۋە سۈنئىي تاۋارلارغا چوقۇنۇشىنىڭ بىردەكلىكى، سانائەت مەدەنىيلىكى بىلەن تەبىئەتنىڭ توقۇنۇشى تەبىئەت گۈزەللىكىنىڭ ئىنسانلار نەزىرىدىن غايىب بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقى ھەققىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزگەن.

ئىنسانلار تەبىئەت گۈزەللىكىنىڭ مەھسۇلى بولغاچقا، ئۇ ھامان گۈزەللىكتىن زوقلىنىدۇ، گۈزەللىكنى يارىتىدۇ. لېكىن بەزىدە يەنە ئۆزلىرىنىڭ نادانلىق، شەخسىيەتچىلىكى ۋە ياۋۇزلۇقى سەۋەبىدىن گۈزەللىكنى نابۇت قىلىپ، ئورنىغا رەزىللىكنى دەسسىتىدۇ. ئىنسانلارنىڭ دۇنيا قاراش جەھەتتىكى چەكلىمىلىكلىكى ياكى مەنپەئەتپەرەسلىكى سەۋەبلىك ئۇزاق مەزگىللەردىن بۇيان ماددىي دۇنيا بىرىنچى دېگەن قىممەت قارىشىغا ئاساسەن كىشىلەر تەبىئىي شەيئى ۋە ماددىي نېمەتلەرگە چەكسىز ھېرىسمەنلىكى ۋە ئاچ كۆزلۈكنى يېتىلدۈرۈپ، ماددىي دۇنياغا ئاچ كۆزلۈكى سەۋەبلىك تەبىئەتتىن زىيادە ئېلىشنى ئۆزلىرىنىڭ تىرىكچىلىك ئۇسۇلى قىلدى. بۇنىڭ بىلەن كۆپ جايلاردا تەبىئىي مەنزىرىلەرنىمۇ ۋەيران قىلىپ ئېغىر بولغان مۇھىت بۇلغىنىشىنى، ئېكولوگىيەلىك بۇزۇلۇش ۋە تەبىئىي بايلىق كەمچىللىكى قاتارلىق كىرىزىسنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، ھەممە جايدا دېگۈدەك مۇھىت ناچارلىشىشتەك يامان ھادىسە نامايان بولدى. شەخسلەرنىڭ ماددىي ئىستەك ـ ھەۋىسىنى قويۇۋېتىشىنىڭ تەسىرىدە مەنىۋى مەدەنىيەت ساھەسىدىمۇ ئوخشاشلا گۈزەللىكتىن ياتلىشىش ۋە تۈرلۈك رەزىل نەرسىلەرمۇ پەيدا بولدى. شۇڭا ئېكولوگىيە ئەدەبىياتى ۋە ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكىنىڭ تارىخىي بۇرچى ھەم رېئال مەجبۇرىيىتى ئىنتايىن مۈشكۈل.

## 5. ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكىنىڭ ئوبيېكتى ۋە ئۆلچىمى

نۆۋەتتىكى ئىقتىسادىي ئېشىشنى ئاساس قىلغان زامانىۋى مەدەنىيەت مۇھىتىدا يەر شارى ۋە ئىجتىمائىي مەۋجۇتلۇق ئېكولوگىيە سىستېمىسىدا ئىپادىلەنگەن تۈرلۈك ئېكولوگىيەلىك توقۇنۇش ھەققىدە توختالغىنىمىزدا، ئۇنىڭ چېتىلىدىغان دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى، تۇتىشىدىغان مەسىلىلەرنىڭ مۇرەككەپلىكى، ئىنسانلارنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت ساھەسىگە بولغان تەسىرىنىڭ چوڭقۇرلۇقى ھەممە ئۇ كەلتۈرۈپ چىقارغان كىرىزىس، توقۇنۇشلارنىڭ ئۆتكۈرلۈكى تارىختا يۈز بەرگەن بارلىق ئىجتىمائىي توقۇنۇش ۋە ئىختىلاپلاردىن قېلىشماسلىقى مۇمكىن. ئەمما دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئالىم ۋە زىيالىيلارنىڭ بۇ خىل زىددىيەت ۋە سەزگۈر مەسىلىگە بولغان تونۇشى ھەم ئىنكاسى ئوخشاش بولمىدى. جۇڭگو ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىنىڭ ئېكولوگىيە مەسىلىسىگە بولغان ئىنكاسى ۋە قىزغىنلىقىمۇ تەكشى بولمىدى. بۇنىڭ سەۋەبى بەلكىم كىشىلەردىكى بۇرۇن شەكىللىنىپ قالغان «ئەدەبىيات — ئىنسانشۇناسلىقتۇر» دېگەن چۈشەنچىنى نوقۇل ئىنساننىڭ ماددىي مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، دەپ قاراشتەك تار چۈشەنچىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت ۋە تەنقىدچىلىك قارىشىنى چەكلىشى سەۋەبلىك يازغۇچى، تەنقىدچىلەرنىڭ نەزىرىدە ئىنسانلار ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ مەركىزى، دۇنيانىڭ مەركىزى، يەر شارىنىڭ مەركىزى دەپ قارىلىپ كەلدى. ئەدەبىياتنىڭ بۇرچى پەقەت سىياسىي ئىقتىساد مەركەز قىلىنغان ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تەرەق-

قىممىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش دەپلا قارىلىپ كەلدى. تەبىئەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى تونۇشتا، ئۇنىڭ مۇستەقىل قىممەت ۋە ماھىيەتلىك مەنىگە ئىگە ئىكەنلىكى نەزەردىن چەتتە قالدۇرۇلسا، ئۇ چاغدا جەمئىيەت غەيرىي تەرەققىياتقا يۈزلىنىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان يازغۇچى ۋە ئەدەبىي تەنقىدچىلىرىمىز زامانىۋى پەن - تېخنىكىنىڭ غايەت زور ئۇتۇقلىرىغا غەرق بولۇپ، كۈنسېرى گۈللىنىپ كېتىۋاتقان تاۋار ئىگىلىكى ۋە ئىقتىسادىي مەنپەئەت تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆزلىرىگە بارغانسېرى يارىشىۋاتقان ماددىي تۇرمۇش ھالاۋەتلىرىگە مەستانە بولۇشۇپ، ئۈزۈكسىز ھالدا تەبىئەتتىن يىراقلىشىپ ۋە ئۇنىڭغا ئىنتىلىشتىن ۋاز كېچىپ، ئىنسانىنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان ئەسلىي ماكانىغا تەلپۈنۈشتەك گۇمانىستىك روھتىن يالتايغاچقا، ئەدەبىيات - سەنئەتتىكى ئۇزاق تارىخىي مەنبە ۋە ئىزچىللىققا ئىگە بولغان ئەنئەنە ئۇنتۇلۇپ قالدى. نۆۋەتتە يەر شارى ئۆزىنىڭ يەنە بىر خىل غەيرىي نورمال تەرەققىيات باسقۇچى ــ ھاياتلىق دۇنياسىدا تۈرلەر ئازايغان، نوقۇل ئادەمنى ئاساس قىلغان ئىنسانلار ئېراسىغا كىردى. مۇشۇ خىل جىددىي ۋە ھالقىلىق پەيتتە ئەدەبىيات - سەنئەتشۇناسلىقنىڭ تەپەككۇر فوكۇسىمۇ كېڭەيدى. ئېكولوگىيەلىك تەپەككۇر كۆزنىكىمۇ بارغانسېرى كېڭىيىۋاتىدۇ. ئەدەبىياتشۇناسلىق بىلەن ئېكولوگىيەنىڭ ئۇچرىشىش نۇقتىسى دەل ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئېكولوگىيەلىك تەنقىدچىلىك فوكۇسىدۇر. ئەدەبىيات - سەنئەتتىكى تەپەككۇر بوشلۇقىنىڭ كېڭەيتىلىشى ئۇنىڭ ئۇقۇمىنىڭ كېڭەيتىلىشى ۋە ئۆزگىرىشىدە ئىپادىلىنىدۇ. بۇ خىل بۇرۇلۇش پەلسەپىۋى چۈشەنچىنىڭ كېڭىيىشى ۋە بۇرۇلۇشى، ئېكولوگىيە چۈشەنچىسىنىڭ كېڭىيىشى ۋە بۇرۇلۇشى، ئەدەبىيات چۈشەنچىسى ھەمدە ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىك چۈشەنچىسىنىڭ كېڭىيىشى ۋە

بۇزۇلۇشىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ-نىڭ بىرىنچىسى ئىنسان مەركەزچىلىك دۇنيا قارىشىنىڭ يەر شارى ئېكولوگىيە سىستېمىسىنىڭ نورماللىقى ۋە مۇقىملىقىغا بۇزۇلۇ-شىنى كۆرسەتسە، ئىككىنچىسى ئېكولوگىيە ئۇقۇمىنىڭ مەدەنىي-لىك فورمىسىغا كۆچۈشى ھەمدە گۇمانىتارلىققا بۇزۇلۇشىنى كۆرسىتىدۇ. ئۈچىنچى نۇقتا بولسا، ئەدەبىيات ھامان تىل ۋە تە-پەككۇردىن ئايرىلمايدۇ. تىل ماھىيەتتە تەپەككۇر ھادىسىسى، شۇنداقلا ھاياتلىق ھادىسىسى. ئىقتىسادىي مەنپەئەتنىڭ چەكلىمى-سىدىكى تىل تەپەككۇر كىرىزىسى، ماھىيەتتە ئەدەبىيات ۋە مەدە-نىيەتنىڭ كىرىزىسى، شۇنداقلا ئىنسانلار ئىجتىمائىي مەۋجۇتلۇق ئېكولوگىيەسىنىڭ كىرىزىسىدۇر. ماددىي مەنپەئەت ھەلەكچىلىكى مۇھىتىدا تىلنىڭ ئاددىيلاشتۇرۇلۇشى بۈگۈنكى زامان مەنىۋى تۇر-مۇشىنىڭ كۆچىسزلىكى، تۇرمۇش ئېستېتىكىنىڭ مەنىسىزلىكىنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئۇ يەنە نوقۇل جىسمانىي سەرگۈزەشت ئاساس قىلىنغان مەدەنىيەتنىڭ تەسىرىدە ئىنسانلىقنىڭ ئېستېتىك ھەۋەس ۋە سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ ئاددىيلىققا يۈزلىنىشى ھەتتا ھالاك بو-لۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، نەتىجىدە ھازىرقى زامان جەمئىيىتى قۇرۇلمىسىنىڭ ئېكولوگىيەلىك تەڭپۇڭلۇقىنىڭ بۇزۇلۇشىغا سە-ۋەب بولىدۇ.

ھازىرقى زامان ئېكولوگىيەلىك تەپەككۇرىنى چىقىش قىلىپ ئېيتقاندا، «مۇھىت ئەدەبىياتى»دىكى مۇھىت ئۇقۇمىنى ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلىشقا ئەرزىيدۇ. ھاياتلىق دۇنياسىدىكى ھەر خىل تۈرلەر ھامان ئۆزئارا بىر - بىرىگە تەسىر كۆرسىتىشىدۇ. مۇھىت ئۇقۇمى ئىككى ئوبيېكتنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قوش قاتلام مەنىگە ئىگە. چۈنكى تەبىئەتتىكى تاغ - دەريالار، ئور-مان ۋە بىپايان يايلاقلار، ھايۋانات ۋە قۇشلار يالغۇز ئىنسانلارنىڭلا

مۇھىتى بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئادەملەرمۇ ئوخشاشلا ئاشۇ تاغ ـ دەريا، ئورمان ۋە يايلاقلار، ھايۋانات ۋە قۇشلارنىڭ مۇھىتىدۇر. ئەجدادلىرىمىزنىڭ تارىختىن بۇيان ياراتقان مەدەنىي مىراسلىرى بىزگە بۇنى روشەن چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئەدەبىيات ـ سەنئەت پەقەت بىر خىل ئۆزگىچە تېما ياكى بىر خىل پەن بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە بىر خىل تونۇش، بىر خىل ئۇسۇل ۋە دۇنياۋى كۆيۈنۈش، بىر خىل روھ ۋە تۈپ ماھىيەتلىك ئېتىقادتۇر. ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەپسانە ـ رىۋايەت، ئېپوس ـ داستانلىرىدىكى قەھرىمانلار ئوبرازى ۋە ئۇلارنىڭ ئالەمشۇمۇل پائالىيەتلىرى، خەلق ئاممىسىنىڭ ئۇلارغا بولغان ئىشەنچ ـ ئەقىدىسى بۇ نۇقتىنى روشەن ئىسپاتلاپ بېرىلەيدۇ. مۇھىت ئېتىكى ۋە ئېكولوگىيە ئېتىكى بىر خىل دۇنياۋى چۈشەنچە، بىر خىل روھىي ئەقىدە ۋە ئېتىقاد بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىنسانلارنىڭ بارلىق پائالىيىتىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ، ئەدەبىي ئىجادىيەت ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەت ھادىسىلىرىدە ئىزچىللىشىدۇ ھەم ئۇلارغا سىڭىشىدۇ.

نۆۋەتتە نوقۇل GDP نىڭ كۆرسەتكۈچىنى ئىجتىمائىي ئىلگىرىلەش ۋە تەرەققىياتنىڭ ئۆلچىمى قىلىش ئۇسۇلى ئۆزىنىڭ تولىمۇ يۈزە ھەم ھادىسىۋى نەرسە ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلاپ، بارغانسېرى كۆپ كىشىلەرنىڭ گۇمانىنى قوزغىماقتا. يېڭى ئۆلچەم بويىچە قارىغاندا دۇنيادىكى ئەڭ باي دۆلەت بولغان ئامېرىكا ياكى ياپونىيە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرالماسلىقى مۇمكىن. بۇ يەردىكى ئاساسىي مەسىلە يەنىلا قانداق جەمئىيەتنىڭ ساغلام تەرەققىياتلىق ئىناق جەمئىيەت ھېسابلىنىدىغانلىقىدا. ساغلام تەرەققىياتلىق ئىناق جەمئىيەت ئاز دېگەندە مۇنداق ئۈچ خىل قاتلامدىكى ماس، ئىناقلىق شەرتىگە ئىگە بولۇشى زۆرۈر. بىرى، ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ ئى-

ناقىلىقى. يەنە بىرى، ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى ئىجتىمائىي ئىناقلىق. ئۈچىنچىسى، ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ ئىچكى ئىناقلىقى، يەنى ئىنساننىڭ جىسمى بىلەن روھىي دۇنياسىنىڭ ئۆزئارا بىرلىك ۋە ماس، ئىناقلىقىدىن ئىبارەت.

يۇقىرىدا توختىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، بىز پەقەت ھەر ۋاقىت، ھەر زامان ئادەمنىڭ تەبىئەت دۇنياسىنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى بىلسەكلا ئاندىن تەبىئەتمۇ ئىنسان ئېڭىدا مۇئەييەن قىممەتكە ئېرىشىپ، ئاساسىي گەۋدىگە ئايلىنىدۇ. شۇنداقلا ئۇ ئۆزىنىڭ ئەسلىدىن بار بولغان ئىچكى قىممىتىگە ئىگە بولالايدۇ. شۇڭا زامانىۋىلىق ئىچىدىكى ئىنسانلار تەبىئەتنىڭ قىممىتىنى تونۇش بىلەن بىللە، مەدەنىيەتتە ئۆز ـ ئۆزىنى مەركەز قىلىش، ئۆز ـ ئۆزىنى ماختاشنى ئازايتىپ تەبىئەتكە قارىتا ھېيىقىش ۋە ئاڭلىق ھۆرمەت تۇيغۇمىزنى ئاشۇرىدىغان بولساقلا ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ، ئادەم بىلەن ئادەم ۋە ئادەم بىلەن جەمئىيەتنىڭ ئۆزئارا ماس، ئىناقلىقى ھەقىقىي ئەمەلگە ئاشىدۇ. بۇنى تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

1. تەبىئەتتىكى تۈرلۈك ـ تۈمەن شەيئىلەر ئارىسىدا ئومۇمىي باغلىنىش مەۋجۇت. تەبىئەت ئورگانىك بىرلىككە كەلگەن بىر ئورتاق گەۋدە بولغاچقا، ئۇ ئۆزىگە خاس ھەرىكەت يۆنىلىشىگە ئىگە. كۈن، ئاي، يۇلتۇزلار سىستېمىسى، بوران ـ چاپقۇن، تاغ ـ دەريا، ئورمان، زېمىندىن تارتىپ تاكى ئىنسانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق جانلىق شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇ ئورتاق گەۋدە ئىچىدىكى يوللۇق مەۋجۇت بولغۇچى قىسىملار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزىگە خاس قىممەتكە ئىگە، ھەربىرىنىڭ ئۆزىگە خاس مەۋجۇتلۇق ھوقۇقى بولىدۇ.

2. ئىنسانلار يەر شارى جانلىقلار چەمبىرىكىدىكى تەدرىجىي

تەرەققىيات ئارقىلىق يوكسىلىپ ئەڭ ئالىي جانلىق تۈرىگە ئايلانغان. ھازىرغىچە «ئادەم ھەر خىل شەيئىلەر ئىچىدىكى ئەڭ زېرەك مەخلۇق» دەپ قارىلىپ كەلسىمۇ، لېكىن بۇ تەرەپ يەنىلا ئىنسانلارنىڭ ئۆزلىرى بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدا بىر پۈتۈنلۈك ۋە ئۆزئارا تايىنىشچانلىق ئاساسىدىكى ماس، ئىناقلىق باغلىنىشنى قوغداشتەك مەجبۇرىيىتىنىڭ بارلىقىنى چەتكە قاقمايدۇ.

3. ئىنسانلار ھازىرقى كۈندە دۇچ كەلگەن ۋە دۇچ كېلىۋاتقان ئېكولوگىيەلىك ئاپەتلەرنى ئىنسانلار ئۆز قولى بىلەن كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئېكولوگىيەلىك بۇزۇلۇش يالغۇز تەبىئەت ھادىسىسىلا ئەمەس. تەبىئەت ئېكولوگىيەسىنىڭ يامانلىشىشى بۈگۈنكى زامان ئىنسانلىرىنىڭ قىممەت قارىشىدىكى بىر تەرەپلىمىلىكلىكى، تونۇش ئەندىزىسى، ئەخلاق قارىشى، مەدەنىيلىك خاھىشى، ئىجتىمائىي غايىسى قاتارلىقلار بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. تەبىئەت دۇنياسىدا يۈز بەرگەن كرىزىس ئىنسانلارنىڭ گۇمانىتارلىق ساھەسىدە چوڭقۇر مەنبەگە ئىگە. ئېكولوگىيە مەسىلىسى يالغۇز تېخنىكا مەسىلىسى ياكى ئىلمىي باشقۇرۇش مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى ئەخلاق مەسىلىسى، پەلسەپە مەسىلىسى، شۇنداقلا مەنىۋىيەت ۋە ئېتىقاد مەسىلىسىدۇر.

4. ئىنساننىڭ تەبىئىيلىكىدە ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ بىر گەۋدىچانلىقىغا سەل قاراشقا بولمايدۇ. ئىنسان قانچىلىك غالىب بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا تەبىئەتنىڭ پەرزەنتى. ئانا زېمىن يەنىلا ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ مەنبەسى. ھازىرقى زامان جەمئىيىتىدە نوقۇل ماددىي ئىستېمال قوغلىشىپ، مەنىۋىيەتكە سەل قاراش نەتىجىسىدە تەبىئەتنىڭ يىمىرىلىشى بىلەن ئىنسان خاراكتېرىنىڭ ياتلىشىشى بىرلا ۋاقىتتا كېلىپ چىققان. ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ توقۇنۇشى تەبىئەتنى نابۇت قىلىش بىلەن بىر

ۋاقىتتا يەنە ئىنسانلار ئۆزلىرى پاناھلىنىدىغان يۇرت ـ ماكانلىرىنى ۋەيران قىلىدۇ، ئىنسانلارنىڭ روھىنى ئاينىتىپ، خاراكتېرىنى ياتلاشتۇرىدۇ. شۇڭا ئىنسانلار تەبىئەتنى ئاسراش بىلەن بىللە يەنە ئۆزلىرىنىڭ روھىيىتىنى پەرۋىش قىلىشى، قوغدىشى زۆرۈر.

5. دۇنياۋىلىشىش دېگەننى ئاددىي ھالدا يەر شارى ئىقتىسادىنىڭ بىر گەۋدىلىشىشى دەپلا قاراشقا بولمايدۇ. شۇنداقلا يەنە يەر شارى ئىقتىسادىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش ئۈچۈن يەر شارى ئېكولوگىيە بىر گەۋدىچانلىقىنى بۇزۇش ۋە ئۇنىڭغا زىيان سېلىشقىمۇ بولمايدۇ. ھازىرقى زامان جەمئىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي ئېكولوگىيەسى ئېغىر تەڭپۇڭسىزلىق ھالىتىدە تۇرۇۋاتقان بولۇپ، ئۇ يالغۇز تەبىئەت ئېكولوگىيەسىنىڭ ئۆز تەڭپۇڭلۇقىنى يوقىتىشىدا ئىپادىلىنىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە مەدەنىيەت ئېكولوگىيەسى، مەنىۋىيەت ئېكولوگىيەسىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى يوقىتىشىدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ ساغلام تەرەققىياتى يالغۇز بايلىق ۋە بازارنىلا ئاساس قىلسا بولمايدۇ. ئەكسىچە ئۇنىڭدىن يۇكسەك بولغان مۇتلەق ئېھتىياج، يۇكسەك مەجبۇرىيەتنىڭ بولۇشىنى شەرت قىلغاندىلا ئاندىن يەر شارى ئېكولوگىيە سىستېمىسى بىخەتەر ۋە مۇكەممەل بولىدۇ. بىزنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتىمىز كاپىتال ۋە بازارنىڭ باشقۇرۇشى ئاستىدا بولماستىن، ئەكسىچە تەبىئەت بىلەن جەمئىيەت، ماددىيلىق بىلەن مەنىۋىلىك، بايلىق بىلەن ئادىمىيلىك ئوتتۇرىسىدا ئۆزىنىڭ مۇستەقىل قىممىتىنى جارى قىلدۇرۇشى كېرەك.

6. ئىنسانلارنىڭ مەنىۋىيىتى كىشىلىك خاراكتېر تەرەققىياتىدا ھامان مۇكەممەللىك، ئىناقلىق ھالىتىگە ئىنتىلىدۇ. ئۇ نوقۇل ھالدىكى ئىدراكىي ۋە ئەقلىي خاراكتېردىكى نەرسە ئەمەس. تەبىئەتتە تۇرلەر ئازىيىپ نوقۇل ئىنسانلار ئېراسىنىڭ يېتىپ كې-

لىشى بىلەن ئۇلارنىڭ روھىيىتى يەر شارى ئېكولوگىيە سىستې-مىسىدىكى مۇھىم بىر ئۆزگىرىشكە ئايلاندى. روھىيەت ئېكولوگى-يەسى يەر شارى ئېكولوگىيە سىستېمىسىنىڭ مۇھىم بىر تەركى-بىي قىسمىغا ئايلاندى. ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ قىممىتى ئۇنىڭ مەنىۋى قىممىتىدە ئىپادىلىنىدۇ. ھەقىقىي سەنئەت روھى ئېكو-لوگىيەلىك روھنى تونۇغان بولۇشى كېرەك. سەنئەتنىڭ مەۋجۇت-لۇقى بىر خىل تۆۋەن سەرپىيات، يۇقىرى قاتلاملىق ساغلام ھايات-نىڭ بېشارىتى بولۇپ، ئۇ ئىنسانلارنىڭ تاللىشى زۆرۈر ھەم مۇ-قەررەر بولغان ئەڭ ئەلا ۋە ئۇنۇملۇك مەۋجۇتلۇق ئۇسۇلىدۇر.

7. ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكى ئىنسانلارنىڭ بىر تەرەپلىمە مەنپەئەتپەرەسلىكتىن قول ئۈزۈشىنى تەشەببۇس قىلىپ، شەيئى، ھادىسىلەرنىڭ ئىچكى مەنىسىگە ئەھمىيەت بېرىدىغان ئالاھىدە مە-دەنىيەت تەنقىدچىلىكى بولۇپ، ئۇ ھەرگىزمۇ نوقۇل بىر قىسىم ئۇقۇم ـ چۈشەنچە، قائىدە، قۇرۇلما، ئەندىزە قاتارلىقلارنى كۆر-سەتمەيدۇ. ئۇ ئانا زېمىنغا بولغان پوزىتسىيە، بىر خىل مەنىۋى ھالەت، بىر خىل ھېسسىيات، بىر خىل غەمخورلۇق، بىر خىل ئې-تىقاد ۋە چۈچۈش ئۈستىگە قۇرۇلغان مەدەنىيەت روھىدۇر.

ئېكولوگىيەلىك تەنقىدچىلىكنىڭ تەكىتلەيدىغىنى تەبىئەت ئېكولوگىيەسىنىڭ كۆپ خىللىقى ئاساس قىلىنغان جانلىقلارنىڭ ئۆزئارا باراۋەرلىكى، بىر گەۋدىچانلىقى ۋە ماس، ئىناقلىقى يادرو قىلىنغان ئېكولوگىيەلىك سىستېما قارىشى ھەم جانلىقلارنىڭ بىر پۈتۈنلۈك، ئۆزئارا باغلىنىشچانلىق كۆزقارىشى، ئۇنىڭ بارا-ۋەر، مۇقىم ۋە بىر گەۋدىلىك مەنپەئەت قارىشىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭ قارشى تۇرىدىغىنى ئىنسانلاردىكى چەكتىن ئاشقان ئىستەك ـ ھە-ۋەس، ماددىۋىزم، زىيادە ئىستېمالچىلىق، ئىنسان مەركەزچىلىك خاھىشى ئاساسىدىكى قوپال بولغان قورال ـ ۋاستىزم ۋە نەپسانى-

يەتچىلىك، مەنپەئەتچىلىك قارىشىدۇر. چۈنكى بۇلار ئېكولوگىيە روھىنىڭ چىرىندىسى، شۇنداقلا ئىنسانلارنىڭ خاراكتېر، پەزىلىتى، ئېستېتىك بايلىقى ۋە بەدىئىي ئىجادىيىتىنىڭ ئوغا زەھىرىدۇر.

## 6. ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكىنىڭ تەتقىقات دائىرىسى ۋە ئۇسۇلى

ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكىنىڭ مەقسىتى ئىنسانلارغا تەبىئەتنىڭ قىممىتىنى تونۇتۇش ۋە مەدەنىيەت ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇش شەكلى، ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى، پەن تەتقىقات ۋە تەرەققىيات ئەندىزىسى ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىنسان بىلەن تەبىئەت، ئىنسان بىلەن جەمئىيەتنىڭ ماس، ئىناق بولغان يېڭىچە مۇناسىۋىتىنى بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت. ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىرى گەرچە بىۋاسىتە كونكرېت ئېكولوگىيەلىك تۈزەش ھەرىكىتىگە قاتناشمىسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئېكولوگىيە كىرىزىسىنىڭ ئىدىيەۋى ۋە مەدەنىيەت يىلتىزىنى قېزىپ چىقىپ، ئىنسانلارنىڭ گۇمانىستار روھى ۋە ئېكولوگىيە ئېڭىنى ئۆستۈرۈپ، ئېكولوگىيە مەدەنىيىلىكى قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تۆھپە قوشىدۇ. ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكى مۇشۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئالتە جەھەتتىن تەنقىد ئېلىپ بارىدۇ:

1. ئىنسان مەركەزچىلىك تەنقىدچىلىكى

ئىنسان مەركەزچىلىك ئىدىيەسى بىر خىل تار دائىرىلىك قىممەت ئەخلاقى ۋە قىممەت ئۆلچىمى سۈپىتىدە قوللىنىلغان ئۇقۇمدۇر. ئۇ نوقۇل ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتىنى قىممەتنىڭ ئەسلىي

نۇقتىسى دەپ قاراش ۋە ئۇنى باھالاشنىڭ ئاساسى قىلىدىغان ھەمدە پەقەت ئىنسانلارلا قىممەتكە ھۆكۈم قىلىشنىڭ سۇبيېكتى دەپ قارايدىغان بىمەنە قاراشتۇر. ئۇنىڭ يادرولۇق قىممەت قارىشى ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتىدە ئىپادىلىنىدۇ. بىرىنچىدىن، ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتىدە ئىجتىمائىي ئاڭغا ئىگە بولغان ئىنسانلارنى ئاساسىي گەۋدە(سۇبيېكت)، تەبىئەتنى بىر خىل ئوبيېكت دەپ قارايدۇ. ئىككىنچىدىن، ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتىدە ئادەمنى مەقسەت قىلىش ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرىدۇ. ئۈچىنچىدىن، ئىنسانلارنىڭ پۈتكۈل پائالىيىتىنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇق ۋە تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈندۇر، دېگەن سەپسەتىنى تەرغىب قىلىدۇ. ئىنسان مەركەزچىلىك قارىشى ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكىگە تۈپتىن خىلاپ بولغان ئىدىيەۋى خاھىشتۇر.

ئىنسان مەركەزچىلىك قارىشى ئېكولوگىيەلىك تەنقىدچىلىكتە ئەڭ ئاۋۋال ئېلىپ بېرىلىدىغان بىر خىل ئىدىيەۋى مەدەنىيەت تەنقىدچىلىكىدۇر، چۈنكى ئۇ ئېكولوگىزمغا تۈپتىن قارىمۇقارشى بولغان ئىدىيەۋى سىستېما بولۇپ، ئىنساننىڭ ماددىي ئىستېمال ئەركىنلىكىنى كۈچەپ تەكىتلەپ ئۇنىڭ مەنىۋىيىتى ۋە باشقا تۈرلەر بىلەن بولغان ماس، ئىناق مۇناسىۋىتى، جۈملىدىن يىراق مەنپەئەتىگە سەل قارايدۇ. ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىرىنىڭ نەزىرىدىكى ئىنسان مەركەزچىلىك خاھىشى «ئىنجىل»دىكى مۇناسىۋەتلىك ئىدىيەلەرگە چېتىلىدۇ. بۇ خىل تەنقىدچىلىك ئارىستوتېلنىڭ ئىنسان مەركەزچىلىك نۇقتىئىنەزىرى، ياۋروپا ئەدەبىيات - سەنئەت گۈللىنىش دەۋرىدىكى ئىنسان ھەممە مەخلۇقتىن ئۈستۈن تەلىماتى قاتارلىقلاردىن تاكى سوۋېت ئەدەبىياتىدىكى ئىنسان دۇنيانىڭ ھۆكۈمرانى دېگەن قاراشلارنىڭ ھەممىسى ئېكولوگىيە تەنقىدچى-

لىكىنىڭ تەنقىد ئوبيېكتىدۇر.

ئىنسانلارنىڭ ئەسلىي كېلىپ چىقىشى ۋە تىرىكچىلىكى تەبىئەتنى ماكان قىلغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ ياراتقان ئىجتىمائىي مەدەنىيىتىمۇ تەبىئەت ۋە تەبىئەت قوينىدىكى باشقا تۈرلەرگە تايانغان. شۇڭا ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئەپسانە ـ رىۋايەتلىرىدىن تارتىپلا تەبىئەت دۇنياسى ئاساسلىق ئىپادىلەش ئوبيېكتى قىلىنغان. ئەمما ئىنسانلار مەدەنىيەت دەۋرىگە قەدەم قويۇپ شانلىق نەتىجىلەرنى ياراتقانسېرى ئۆز ـ ئۆزىدىن پەخىرلىنىپ ئۆزلىرىنى مەدەنىيەتنىڭ مەركىزىگە قويۇۋېلىشقا باشلىغان. ئىنسانلارنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىن بۇيانقى ئەدەبىياتى ئاساسەن ئىنسان يادرو قىلىنغان ئەدەبىيات بولۇپ كەلگەچكە، هازىرغىچە خېلى كۆپ كىشىلەر ئەدەبىيات ئۇقۇمىنى «ئىنسانشۇناسلىق» دەپ ئاددىي مەنىدە چۈشىنىدۇ. بۇ خىل ئەدەبىيات ۋە ئۇنىڭ نەزەرىيەسى نەچچە مىڭ يىللىق تەرەققىيات جەريانى ئارقىلىق دىققەتنى ئاساسەن ئىنسانغا قارىتىپ ئىنسانغا ئەهمىيەت بېرىش، جەمئىيەتكە كۆڭۈل بۆلۈش دائىرىسىدىلا چەكلەپ، رېئال مەسىلىلەرنى ئاساسەن ئىنسانلارنىڭ قىممىتى ۋە ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتى نۇقتىسىدىنلا ئويلىغان. ئەمما ئەدەبىياتنى نوقۇل ئىنسان ۋە هوقۇق ـ مەنپەئەت نۇقتىسىنىلا چىقىش قىلىپ تەتقىق قىلىش ماهىيەتتە توغرا ئەمەس. هاياتلىقنىڭ مەنبەسى بولغان تەبىئەت ۋە ئۇنىڭ قىممىتىدىن ئايرىلغان هالدا ئادەم ۋە جەمئىيەتنى مۇكەممەل تونۇش، شۇنداقلا يەنە ئەدەبىياتنى مۇكەممەل چۈشىنىشمۇ قىيىن. مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىياتنى نوقۇل هالدا ئادەم نۇقتىئىنەزىرى بويىچىلا تەتقىق قىلغاندا ئىنسان مەركەزچىلىك ۋە ئۇنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى ئەدەبىياتنىڭ ئېكولوگىيە كىرىزىسىنى شەكىللەندۈرۈش جەريانىدىكى ئوينىغان سەلبىي رولىنى هەقىقىي تونۇش مۇمكىن ئەمەس. ئېكو-

لوگىيە كىرىزىسىنىڭ ئىدىيەۋى مەدەنىيەت يىلتىزىدا ئەڭ زور ۋە چوڭقۇر بولغان بىر ئاساسىي يىلتىز ئىنسان مەركەزچىلىك ئىدىيەسىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئېكولوگىيە ئەدەبىياتىنى نوقۇل ئىنسان مەركەز قىلىنغان ئەدەبىيات بولماستىن، بەلكى ئۇنى يەر شارىدىكى ھاياتلىقنىڭ خىلمۇخىللىقى، زېمىننىڭ پېشىللىقى ۋە تۈرلەرنىڭ تەڭ ـ باراۋەر مەۋجۇت بولۇپ، ئۆزئارا ماس، ئىناق بولغان مۇۋازىنەتلىك سىستېمىنى بەرپا قىلىشنى تەكىتلەيدىغان ئەدەبىيات دەپ قاراشقا بولسا، ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكىنى نۆۋەتتىكى ئىنسانلار مەدەنىيىتى، جۈملىدىن ئەدەبىيات تەتقىقاتىدا مەدەنىيەتنىڭ پېشىللىقىنى تەكىتلەيدىغان، ئۇنىڭ تەرەققىياتىنى ئاكتىپ ئىلگىرى سۈرىدىغان بىر خىل يېڭىچە ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيە قۇرۇلمىسىغا ئىگە ئالاھىدە پەن، دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ.

### 2. «تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش» قارىشى تەنقىدچىلىكى

تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش ۋە كونترول قىلىش قارىشى بىلەن ئىنسان مەركەزچىلىك قارىشى ئورتاق مەنبەگە ئىگە. ئۇ تۈپ يىلتىزى جەھەتتىن ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكىگە قارشى ئىدىيەۋى خاھىشتۇر. ئىنسان ــ تەبىئەت دۇنياسىنىڭ بىر قىسمى، ئۇنىڭ پەرزەنتى ۋە گۈللەندۈرگۈچىسى. شۇنداق ئىكەن، ئاتالمىش «تاغنى تالقان قىلىش قۇدرىتىگە ئىگە» ئىنسانىنىڭ تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش شوئارى بۈگۈنكى كۈندە تەبىئەتتىن يىراقلاشقان، خاراكتېر ـ پەزىلىتى ئاينىغان كىشىلەرنىڭ سەپسەتىسىگە ئايلىنىپ قالدى. قەدىمدىن ھازىرغىچە زور مىقداردىكى ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئىنسانلارنىڭ قەھرىمانلىقى، ئۇلارنىڭ تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇشى، كونتروللۇقى ۋە ئۆزگەرتىش خاھىشى ئەكس ئەتتۈرۈلدى. ئىنساننىڭ تەبىئەت ئالدىدا ئاڭلىق مەجبۇرىيىتىنىڭ بارلىقى ئۇنتۇلدى ياكى تەبىئەتنىڭ قىممىتىگە سەل قارالدى. بۇ خىل خاھىشنى بىز

«ئىلىئادا» ئېپوسى، «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تىكى قەدىمكى ئەم-
گەك، ئوۋچىلىق قوشاقلىرى ۋە «ئوغۇزنامە»لەردىن تاكى ئوتتۇرا
ئەسىر ئەدەبىياتى باسقۇچىدىكى ئەسەرلىرىمىزگىچە مەلۇم دەرىجە-
دە كۆرۈۋالالايمىز. شۇڭا ئېكولوگىيە ئەدەبىياتى تەتقىقاتىنىڭ بۇ
خىل ئەنئەنىۋى قاراشنى تەنقىدلەپ، ئۇنى قايتا تەكشۈرۈش ۋە قاي-
تا باھالاپ چىقىش، يېڭىچە قىممەت قارىشىنى تۇرغۇزۇش جەھەت-
تىكى ۋەزىپىسى مۇشكۈل.

تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش ۋە كونترول قىلىش قارىشى زامانىۋى
جەمئىيەتتىكى ئومۇمىي خاراكتېرلىك بىمەنە خاھىش بولۇپ، ئۇ
يالغۇز ئېكولوگىيە كىرىزىسىنى بىۋاسىتە كەلتۈرۈپ چىقىرىپلا
قالماستىن، بەلكى يەنە ئادەم بىلەن ئادەمنىڭ مۇناسىۋىتىنى جەم-
ئىيەتتىكى ئىجتىمائىي تەبىقىلەر ئوتتۇرىسىدىكى بويسۇندۇرۇش –
كونترول قىلىش، جىنسلار ئوتتۇرىسىدىكى بويسۇندۇرۇش –
كونترول قىلىش، ئىرقلار ئوتتۇرىسىدىكى بويسۇندۇرۇش – كونت-
رول قىلىش، دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى بويسۇندۇرۇش ۋە كونترول
قىلىش، مەدەنىيەتلەر، دىنلار ئوتتۇرىسىدىكى بويسۇندۇرۇش –
كونترول قىلىشقا كېڭەيتىدۇ. ئىنسانلاردا ھازىر بار بولغان مەدە-
نىيلىك ناھايىتى زور دەرىجىدىكى بويسۇندۇرۇش ۋە بويسۇندۇرغۇ-
چىنىڭ مەدەنىيلىكىدۇر. ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكىنىڭ ئىن-
سانلارنىڭ نوقۇل ئىستېمال ھوقۇقىنى دەستەك قىلىپ، تەبىئەتكە
قارىتا بويسۇندۇرۇش ۋە كونترول قىلىش قارىشىغا قارىتا ئېلىپ
بارغان تەنقىدى يالغۇز ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتكە قاراتقان بۇ خىل
زومىگەرلىك پوزىتسىيەسى، نەپسانىيەتچىلىك كۆزقارىشى ۋە تى-
رىكچىلىك ھەرىكەت ئۇسۇلىدىن ۋاز كېچىشكە پايدىلىق بولۇپلا
قالماستىن، بەلكى يەنە ئۇلارنىڭ ئىنسانىي پەزىلىتى ۋە ئىجتىما-
ئىي مەدەنىيىتىگە قارىتا قايتا ئويلىنىش، تەنقىد قىلىش ۋە ئۆز-

گەرتىشىگىمۇ پايدىلىق.

3. ئىستەك ــ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ قارىشى تەنقىدچىلىكى ئىستەك ـ ھەۋەس دۇنيادىكى بارلىق جانلىقلارغا ئورتاق بولغان بىر خىل تەبىئىي نورمال ھادىسە. ئەمما ئىنسان باشقا جانلىقلاردىن پەرقلىنىدىغان ئالاھىدە ئىجتىمائىي مەخلۇق. ئىنساننىڭ ئىستە ـ كىنى ئىقتىسادىي ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ ئامىلى دەپ قاراش ئىدىيەسى غەربتە نىسبەتەن ئۇزاق تارىخقا ئىگە. ئۇيغۇر ئالىمى فارابى ئارزۇ ـ ئىستەكنى ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدىكى ھايۋانىي نەپس دەپ قارىغان. ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختىن بۇيانقى ئىس ـ تەك قارىشى ئىنساننىڭ نەپسىنى تامامەن چەكلەش ياكى ئۇنى پۈ ـ تۈنلەي قويۇۋېتىشنى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ نورمال، مۇۋاپىق بو ـ لۇشىنى تەكىتلەيدۇ. ئىستەكنىڭ تۈرىمۇ ھەر خىل بولىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا ئۇيغۇرلار ئىسلامىيەت مە ـ دەنىيىتىگە خاس بولغان ماددىي ئىستەك خاھىشىنى چىقىش قى ـ لىپ، ئىنساننىڭ مال ـ دۇنيا ۋە شەخسىي نەپسى ـ خاھىشىغا بولغان ھېرىسمەنلىكىنى تەنقىدلەپ مۇنداق يازغان:

1422 غاپىل ئادەم ئوغلى تولا مال يىغار،
يېيەلمەدۇ ـ يوقمۇ، چۈشەنمەي قالار.
5383 جاھان يىغقىنىڭدىن نە پايدا بولۇر،
ئېلىپ جاننى ئەجەل، يىلتىزىڭ قۇرۇر.
5384 قاراپ كۆرسە ھەممە ھېرىسلىق ئېرۇر،
بۇ ئاچ كۆز كىشىلەر قاچانمۇ تويۇر؟
5389 كۆزى ئاچقا يەتمەس پۈتۈن بۇ جاھان،
قانائەت قىلغانلار بەختلىك ھامان.①

---

① «قۇتادغۇبىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1984 ـ يىلى نەشرى 1104 ~ 1105 ـ بەتلەر.

ئىنسانلارنىڭ نورمال ماددىي ئېستېتىكىنىڭ تارىختا ھۆكۈمىران كۈچلەرنىڭ بېسىمىغا ئۇچرىشى ئىنسانلارنى خېلى زور دەرىجىدە چۆچۈتكەن. غەرب ئەللىرىنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى دىنىي جەمئىيەتلىرىنىڭ ئىنسان ئېستېتىكىنى چەكلىشىگە قارىتا ئەدەبىيات ـ سەنئەت گۈللىنىش مەزگىلىدىكى ئارزۇ ـ ئېستەكنى بولۇشىغا قويۇۋېتىش ئارقىلىق قارشى تۇرغان. غەربلىكلەرنىڭ ئېستەكنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىشتىن شادلىنىشى ئەينى مەزگىلدە فېئودالىزمغا ۋە مۇتەئەسسىپ دىنىي كۈچلەرگە قارشى تۇرۇشتا ئاز ـ تولا ئىجابىي رول ئوينىغان. بۇنىڭ بىلەن كىشىلەرنىڭ (ئاددىي پۇقرالارنىڭ) ئارزۇ ـ ئېستېكىنى چەكلەيدىغان فېئوداللىق مەدەنىيەت تەدرىجىي يوقالغان. لېكىن ئۇنىڭ سەلبىي تەرىپى ئەڭ ئەجەللىك بولغىنى شۇكى، تېز سۈرئەتلىك تەرەققىياتقا ئەگىشىپ ئىنسانلارنىڭ ئېستېكى خۇددى قامالدىن بوشىتىلغان ئالۋاستىغا ئوخشاش قۇتراپ ئەسلىدىكى چەكلەنگەن ھالەتتىن بىنورمال، يامان سۈپەتلىك ئېشىش ھالىتىگە كىرگەن.

ماددىي دۇنيانىڭ ئېستەك ـ ھەۋەسلىرىگە بېرىلىش بىلەن ئۆزىنى تىزگىنلەش ئۆزئارا قارىمۇقارشى مەنىگە ئىگە ئۇقۇمدۇر. شۇڭا ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدا فارابى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، لۇتفىي، نەۋايى، زەلىلىي، خەراباتى، نىزارىي قاتارلىق نۇرغۇن شائىرلىرىمىزنىڭ ئەسەرلىرىدە بۇ ھەقتە بىزگە ئاجايىپ چوڭقۇر تەربىيەۋى ئەھمىيەتكە ئىگە ھېكمەتلەر بار. مەسىلەن، خەراباتى «مەسنەۋى خەراباتى» ناملىق كىتابىدا ئېستەك ـ نەپسىنىڭ زىيادە بولۇشىنىڭ زىيىنى ھەققىدە مۇنداق يازغان:

نەفسى بىر ئوتتۇر تۇرۇر ياشۇ قەرى،
سەمرىسە چىقار قاتاردىن تاشقارى.
ئەي بۇرادەر نەفس بىر ئەجدەر تۇرۇر،

ئەجدەرى ئەسغەر ئېرمەس ئەكبەر تۇرۇر.
ئۇشبۇ ئەجدەردىن داۋام بول ۋەھىمناك،
قىلغاي ئول ۋەقىت تاپىپ بىر كۈن ھالاك...
......
نەفس بىر ئىتتۇركى سەمرىتمە ئانى،
ئول سېمىز بولسا ئالىپ ئۇرغاي سېنى.①

ئېكولوگىيەلىك تەنقىدچىلىك ئىستېمالچىلىق مەدەنىيىتى دەۋرىدىكى ئەدەبىي ئەسەرگە، ئىنساننىڭ ئارزۇ ــ ئېستېكىنى ئىپادىلەشكە قارىتا زور كۆڭۈلمىلىك قايتا باھالاش ئېلىپ بېرىپ، ئىنسان خاراكتېرى ۋە قىممەت قارىشىنىڭ ساغلاملىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە تىرىشىدۇ. ھازىرقى ۋە بۇگۈنكى زامان شائىر ــ ئەدىبلىرىنىڭ ئەسەرلىرى ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكى پىرىنسىپ ۋە كۆزقارىشى ئارقىلىق قايتا ئوقۇلىدۇ ھەم قايتا شەرھلىنىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئاتالمىش «نەپس ــ ئىستەك ــ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ قارىشى»غا قارىتا گۇمان ۋە تەنقىد ئىپادىلىنىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئىستەك ــ ھەۋىسىنى ئىلھاملاندۇرۇش تەبىئەت ۋە ئىنسانلارغا زادى قانچىلىك ئاپەتلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ، ئېكولوگىيە ئەدەبىياتى تەتقىقاتچىسى يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىنسانلارنىڭ ساغلام ۋە توغرا تەرەققىياتى ئىنساننىڭ ئارزۇ ــ ھەۋىسىنى قاندۇرۇشنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ قىلىشى كېرەكمۇ ياكى ئىنساننىڭ خاراكتېر ــ پەزىلىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ساغلام تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ ماس، ئىناقلىقى ئادەم بىلەن

① مۇھەممەد بىننى ئابدۇللا خەراباتى: «مەسنەۋى خەراباتى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1985 ــ يىلى نەشرى، 99 ــ 105 ــ بەتلەر.

ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ئىناقلىقى ۋە ئىجتىمائىي ئادالەت قوغلىشىشنى تۈپكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ قىلىشى كې-رەكمۇ، دېگەن مەسىلىلەر ھەققىدە ئويلىنىشى زۆرۈر. ئارزۇ - ئىستەكنىڭ چەكسىز قاندۇرۇلۇشى ئىنساننىڭ ھەقىقىي ئەركىن-لىكى ۋە بەختىمۇ؟ ئېكولوگىيە ئەدەبىياتى تەتقىقاتى بۇ خىل ئاتال-مىش «ئارزۇ - ئىستەكنىڭ قاندۇرۇلۇشىنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ» دەپ قاراش سەپسەتىسىگە قارىتا تەنقىد ئېلىپ بېرىشنى ئۆ-زىنىڭ مۇھىم بىر نىشانى قىلىدۇ.

4. نوقۇل تەرەققىيات قارىشى تەنقىدچىلىكى

ئوبيېكتىپ دۇنيا ئۆزگىرىپ تەرەققىي قىلىپ تۇرىدۇ، ئەمما جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى نوقۇل ماددىي تەرەققىياتىنىلا ئەمەس، بەلكى ئىنسانلارنىڭ مەنىۋىيەت، ئەخلاق، قىممەت قارىشى بىر گەۋدىلەشكەن ئۇنىۋېرسال تەرەققىياتنى كۆرسىتىدۇ. ئىلىم سا-ھەسى رىم كۇلۇبىنىڭ 20 - ئەسىرنىڭ 60 ~ 70 - يىللىرىدىكى «ئىقتىسادىي ئېشىش مەستانىلىقى»غا قارىتا گۇمانلىنىشى، تەنقىد قارىشىنى ئىپادىلىگەن. 1925 - يىلى ئېكولوگىيە ئەدەبىياتى ۋە ئېكولوگىيە دىداكتىكىدا ئالىمى ئا. لېئوپولد ئىقتىساد بىرىنچى، ماددىي تەرەققىيات ھەممىدىن ئەلا دېگەن بىمەنە تەرەققىيات قارى-شىنى تەنقىدلەپ: «نوقۇل تەرەققىيات ياكى ئىقتىسادنى ئاشۇرۇش ئۇچۇنلا تەرەققىي قىلىش خاھىشى ھازىر پۈتكۈل مىللەت، پۈتكۈل دۆلەتتە ئىستەك - ھەۋەسنى غىدىقلايدىغان نەرسىگە ئايلىنىپ قال-دى. لېكىن بۇ خىل نوقۇل تەرەققىيات قارىشىنىڭ ئەمەلىيەتتە بىر خىل راك ھۈجەيرىسى خاراكتېرلىك ئاڭ شەكلى ئىكەنلىكىنى ھېچكىم كۆرەلمەيۋاتىدۇ»[1] دېگەن.

تەرەققىيات — ھالقىلىق ئىجتىمائىي مەسىلە، بۇ، تەرەققىي

---

[1] ۋاڭ نو: «ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكىنىڭ ئىدىيەۋى مەدەنىيەت تەنقىدى». (Chinese.xmu.edu.cn گە قارالسۇن.)

قىلىۋاتقان دۆلەتلەر ئۈچۈن تېخىمۇ مۇھىم. ئەمما قانداق شەكىلدىكى تەرەققىيات يولىنى تاللاش، قانداق تەرەققىيات سىياسىتىنى بەلگىلەش يالغۇز مەلۇم بىر دۆلەت ياكى مىللەتنىڭ كەلگۈسى مەۋجۇتلۇق ھالىتى ۋە ئېكولوگىيەلىك مۇھىتقا مۇناسىۋەتلىك مەسىلە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە پۈتكۈل يەر شارى ئېكولوگىيەسى ۋە ئىنسانىيەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىدۇر. غەرب دۆلەتلىرى بېسىپ ئۆتكەن ئاۋۋال تەرەققىي قىلىش، كېيىن تۈزەش يولى ئاللىقاچان ئەمەلگە ئاشمايدىغان نەرسە بولۇپ قالدى. بۈگۈنكى كۈندە شەرقىي ئاسىيا، شەرقىي جەنۇبى ئاسىيا ۋە لاتىن ئامېرىكىسىدىكى نۇرغۇن دۆلەت، رايونلارنىڭ زور كۆلەملىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىدىن كېيىن پۈتكۈل يەر شارى ئېكولوگىيەلىك كۆتۈرۈش كۈچى زور دەرىجىدە چېكىنىپ، بىرمۇنچە دۆلەتلەرنىڭ تەرەققىيات نىشانى ئەمەلگە ئاشمىغان. قىرغىزىستان يازغۇچىسى چىڭغىز ئايتماتوفنىڭ «ئەسىردىن ھالقىغان بىر كۈن» قاتارلىق ئەسەرلىرى، يازغۇچى مۇھەممەت باغراشنىڭ «ئاقساق بۆغا» قاتارلىق پوۋېستلىرى، مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ «ئالتۇن چىشلىق ئىت» قاتارلىق بىر يۈرۈش ئەسەرلىرى، توختى ئايۇپنىڭ «بۆرە ئانا» رومانىدا ھازىرقى زامان ئىنسانلىرىنىڭ شەخسىي مەنپەئەتنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويغان، تەبىئەتكە قاراتقان مۇستەبىتلىكى ۋە نوقۇل تەرەققىياتلىق تۇرمۇش مەنتىقىسىنىڭ بىمەنىلىكى، تەبىئىي مۇھىتقا بولغان زىيىنى ۋە ئۇنىڭ ئېغىر ئاقىۋىتى كۆرسىتىپ بېرىلگەن. ئىلمىي تەرەققىيات دېگىنىمىز، ھەرگىزمۇ ئاددىي مەنىدىكى ئىقتىسادنىڭ ئېشىشى، ماددىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىستېمالنىڭ ئىلمىيلىشىشى دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى گۇمانىتار پەنلەر ۋە تەبىئىي پەنلەرنى بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق ئىنسانىيەتنىڭ ئەركىنلىكى، ئادەم بىلەن ئادەمنىڭ ماس، ئىناق مۇناسىۋىتى، ئادەم بىلەن

تەبىئەتنىڭ ماس، ئىناق مۇناسىۋىتىنى ھەرىكەت ئۆلچىمى قىلىپ، تەرەققىيات قارىشىنى قايتا تەكشۈرۈش ۋە قايتا بېكىتىشتىن ئىبارەت. شۇڭا تەرەققىيات سىجىل، نورمال ۋە ئىلمىي بولغاندىلا ئاندىن جەمئىيەت مۇقىم ۋە ئىلمىي ھالدا ئالغا باسالايدۇ.

### 5. پەن ـ تېخنىكىنى ئەلا بىلىش قارىشى تەنقىدچىلىكى

پەن ـ تېخنىكا ئىنسانلارنىڭ كېيىنكى ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ مېۋىسى، لېكىن ئۇ ئىنسان ھاياتىنىڭ تۈپكى مەقسىتى ئەمەس، بەلكى پەقەت بىر خىل ۋاسىتە. غەرب ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئويغىنىشىنىڭ كۆتۈرۈلۈشى، بولۇپمۇ مەرىپەتچىلىك ھەرىكىتىدىن بۇيان پەن ـ تېخنىكا يۇقىرى ئورۇنغا ئىگە بولدى. پەن ـ تېخنىكا جەمئىيەتتە بارغانسېرى زامانىۋى مەدەنىيلىكنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ۋە ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى دەپ قارالدى. ئەمما پەن ـ تېخنىكا ئىككى بىسلىق قىلىچقا ئوخشاش بولۇپ، ئۇنىڭ بىسى ئىنسانلارنىڭ مۇشكۈلاتىنى ھەل قىلسا، يەنە بىر بىسى ئۇلارنىڭ ئۆزىگە تېگىدۇ. ئىنسانلارنىڭ بىر تەرەپلىمە ھالدا ئىلىم ـ پەنگىلا تايىنىپ تەرەققىي قىلىش ۋە ئۆزلىرىگە قولايلىق يارىتىش ئارزۇسى ئىشقا ئاشقانسېرى ئۇلارنىڭ ئارزۇ ـ ئىستەك ۋە شەخسىي نەپسىي خاھىشىمۇ شۇنىڭغا ماس ھالدا ئېشىپ بارىدۇ. بۇ خىل مەنپەئەتدارلىق خاھىشىنىڭ تەسىرىدە پەن ـ تېخنىكىنىڭ تەدرىجىي ئىلاھ دەرىجىسىدە قارىلىشى بىلەن ئۇ ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇننى ئىگىلىدى. پەن ـ تېخنىكا ھەتتا ئەخلاق، ئېتىقادتىن، ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتتىن ئۈستۈن ئورۇندا دەپ قارالدى. ئىنسانلار ھەممە جايدا پەن ـ تېخنىكىدىن ئايرىلالمايدىغان دەرىجىگە بېرىپ يەتتى. پەن ـ تېخنىكا ئىككى بىسلىق قىلىچ، ئۇ گەرچە ئىنسانلارغا نۇرغۇن قولايلىقلارنى ئېلىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئىنسانلارغا كەلتۈرگەن زىيانلىرىمۇ ئاز ئەمەس. كۆز ئالدى-

مىزدىكى مۇھىت رېئاللىقى بىزگە پەن ـ تېخنىكىنىڭ مۇتلەق ۋە
مەڭگۈلۈك قىممەتكە ئىگە ئەمەسلىكىنى، ئۇنىڭ ئۆتكۈزگەن خاتا-
لىقى، ھەتتا گۇناھلىرىنى يېزىپ تۈگەتكىلى بولمايدىغانلىقىنى،
ئاتالمىش پەن ـ تېخنىكىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش قارىشىنىڭ
خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى. ھازىرقى زامان پەن ـ
تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىياتى يالغۇز تەبىئەتنىڭ ئەسلىي گۈزەللىكى
ۋە ماھىيىتىنى نابۇت قىلىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە تەبىئەتنىڭ
ئۆز فۇنكسىيەسى بويىچە نورمال ئىلگىرىلىشىگە زور توسالغۇ ۋە
جانلىقلار تۈرىنىڭ غەيرىي تەبىئىي ئۆزگىرىشى ھەم ئېكولوگىيە-
لىك ئاپەتلەرنى شەكىللەندۈردى. ھازىرقى كۈندە ئىنسانلار نەزىرى-
دە پەن ـ تېخنىكا «گىگانت پەن ـ تېخنىكا» غا ئايلىنىپ ئۆزىنىڭ
تەڭداشسىز گىگانت كۈچى (سۇنئىيلىك تەرەققىيات كىرىزىسى)نى
شەكىللەندۈرۈپ، پۈتكۈل يەر شارى ۋە ئۇنىڭدىكى ھاياتلىقنىڭ ئۇ-
زۇل ـ كېسىل ۋەيران بولغۇدەك زور تەھدىتىنى ھازىرلاپ بولدى.
پەن ـ تېخنىكىنىڭ يەنە بىر زىيانلىق تەرىپى: ئۇ ئىنساننىڭ ئۆز ـ
ئۆزىنى ھەممىدىن ئۈستۈن چاغلاپ تەبىئەت بىلەن قارشىلىشىش،
تەبىئەت قانۇنىيەتلىرىگە خىلاپلىق قىلىش، تەبىئەتنىڭ ئۆز قانۇ-
نىيىتى بويىچە ئىلگىرىلىشىگە مۇداخىلە قىلىش ۋە ئۇنى بۇر-
مىلاش، پۈتۈن يەر شارى خاراكتېرلىك كۈنسېرى ئېغىرلىشىۋات-
قان، تۈپ يىلتىزىدىن تۈگىتىش قىيىن بولغان مۇھىت بۇلغىنى-
شىنى شەكىللەندۈرۈش، يادرو تېخنىكىسى ۋە بىيولوگىيە قۇرۇ-
لۇشىنى قوللىنىش ئارقىلىق پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ مەۋجۇتلۇ-
قىغا كىرىزىس پەيدا قىلىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئىنسانلار مۇتلەق ھالدا پەن ـ تېخنىكىنى نازارەت قىلىنىش-
نىڭ سىرتىدا قويماسلىقى، ئەكسىچە ئۇنىڭغا قارىتا قايتا ئويلى-
نىش، قايتا تەكشۈرۈش ۋە نازارەت قىلىشى، ئۇنى ھەر ۋاقىت چەك-

لىشى ۋە ئۇنىڭغا قارىتا ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىشى زۆرۈر. پەن - تېخنىكا ھامان فىلولوگىيە ۋە ئىجتىمائىي پەن خادىملىرى، بارلىق ئادالەت ئىزدىگۈچى پۇقرالارنىڭ نازارەت قىلىشىنى قوبۇل قىلمايدىغان ئالاھىدە ھوقۇق - ئىمتىيازغا ئىگە ئەمەس. ئەكسىچە نازارەت قىلىش، تەنقىد قىلىش ۋە چەكلەشتىن ئايرىلغان پەن - تېخنىكا خۇددى نازارەت قىلىش، تەنقىد ۋە چەكلەشتىن ئايرىلغان ھوقۇققا ئوخشاش كونتروللۇقىنى يوقىتىشى، مۇستەبىتلىك (پەن - تېخنىكا مۇستەبىتلىكى)كە ۋە غالجىرلىققا يۈزلىنىشى مۇقەررەر. ھازىرقى پەن - تېخنىكا يەر شارىنىمۇ پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىۋەتكۈدەك غايەت زور قۇدرەتكە ئىگە بولۇپ، ئىنسانلارنى ۋەھىمىگە سالىدىغان دەۋرگە قەدەم قويدى. پەن - تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى ئەگەر ئۆز كونتروللۇقىنى يوقىتىپ قويسا، ئۇنىڭ كەلتۈرگەن ئاقىۋىتى بەلكىم سىياسىي گۇرۇھلار ۋە سىياسىي كۈچلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىق ئاقىۋىتىدىن نەچچە ھەسسە ئېغىر بولۇشى مۇمكىن.

بۈگۈنكى كۈندە پەن - تېخنىكا رېئاللىقتا يۈزلىنىپ ئۆز - ئۆزىنى يېشىللاشتۇرۇشى كېرەك، ئۇ پەقەت ساغلام ۋە «يېشىل پەن - تېخنىكا» بولغاندىلا، ئاندىن ساغلام ئالغا ئىلگىرىلىيەلەيدۇ. يېڭى ئېكولوگىيە پەن - تېخنىكا قارىشى چوقۇم تەبىئەتنى ھۆرمەتلەش، تەبىئىي قانۇنىيەتلەرنى ھۆرمەتلەشتەك ئىدىيەۋى قاراشقا ئىگە بولۇشى كېرەك. ئۇ چوقۇم بىمەنە ئىستېمالچىلىق، چېكىدىن ئاشقان ئىنسان مەركەزچىلىك ئىدىيەسىنى چۆرۈپ تاشلاپ، يەر شارىنى كونترول قىلىشتەك قىممەت خاھىشىنى ئۆزگەرتىشى كېرەك. ئېكولوگىيەلىك پەن - تېخنىكا گۇمانىستار روھ بىلەن بىرلىشىپ تەبىئەت قانۇنىيىتى بىلەن تىركىشىشتىن قول ئۈزۈپ، تەبىئىي قانۇنىيەتلەرنى تونۇش ۋە تەبىئىي قانۇنىيەتلەرنى ئەمەلىي قوللىنىشقا تىرىشىش بىلەن بىللە ئېكولوگىيەلىك مۇ-

ھەتنى قوغداپ، مۇھىت بۇلغىنىشنى تۈگىتىپ، تەبىئىي مۇھىتقا پايدىلىق بولغان يېڭى ئېنېرگىيە ۋە بايلىقلارنى يارىتىشقا كۈچ چىقىرىدۇ.

ئېكولوگىيە ئەدەبىياتى تەتقىقاتى ئەدەبىي ئەسەرنى ۋاسىتە قىلغان ھالدا ئاتالمىش «پەن ـ تېخنىكا ھەممىدىن ئەلا» نۇقتىئىد-نەزىرىنى تەنقىدلەيدۇ، لېكىن ئۇنى قوللانماسلىقنى تەكىتلىمەيدۇ، ئۇ تەتقىقات جەريانىدا پەن ـ تېخنىكىنىڭ ئىنسانلار جەمئىيىتى تەرەققىياتى ۋە ئىنسانلارنىڭ ئېكولوگىيە كىرىزىسىدىن قۇتۇلۇش ۋە ئۇنى تۈگىتىش جەريانىدىكى مۇھىم رولىنىمۇ پۈتۈنلەي ئىنكار قىلمايدۇ. بەلكى پەن ـ تېخنىكىنى(نورمال پەن ـ تېخنىكىنى) نازارەت قىلىپ، ئۇنىڭ قالايمىقان قوللىنىلىشىنى چەكلەپ، ئۇنىڭ تەبىئەتكە بۇزغۇنچىلىق قىلىشىنى تۈگىتىپ، ئۇنىڭ ئېكولوگىيە-گە بولغان مۇداخىلىسىنى ئازايتىشقا كۈچ قوشىدۇ. پەن ـ تېخنى-كىنىڭ نۆۋەتتىكى تەرەققىياتى ۋە ئۇنىڭ تەبىئىي مۇھىتقا بولغان تەسىرى نازارەت قىلىنمىسا، مەلۇم دەرىجىدە چەكلىمىسە بولمايدى-غان باسقۇچقا يەتتى، شۇڭا ئىجتىمائىي پەن خادىملىرىنىڭمۇ ئې-كولوگىزمغا قارشى بولغان نوقۇل پەن ـ تېخنىكىنىڭ بىر تەرەپ-لىمە تەرەققىياتى ۋە مۇستەبىتلىكىگە قارىتا تەنقىد قىلىش ھەم نازارەت قىلىش ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتى بار.

### 6. نوقۇل ئىستېمالچىلىق مەدەنىيىتى تەنقىدچىلىكى

ئىنسانلار تەبىئەت دۇنياسىدىكى بارلىق جانلىقلارغا ئوخشاش مۇئەييەن ئىستېمال ئېھتىياجىغا ئىگە، ئەمما بىز بۇ يەردە توختى-لىۋاتقان ئېھتىياج ماددىي ئىستېمال ئېھتىياجىغا قارىتىلغان. ئىستېمال ئۇقۇمىنىڭ مەنىسى قەدىمدىن ھازىرغىچە مۇئەييەن ئۆزگىرىش جەريانىغا ئىگە. 18 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كې-يىن ئۇنىڭ مەنىسى چېكىنىشكە باشلاپ، تەبىئىي ئېھتىياجدىن

ھالقىنى نورمال ئىشلەپچىقىرىشقا قارشى مەنىدىكى ئۇقۇمغا ئايلان-دى. 20 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىدىن باشلاپ كىشىلەر «ئىستېمال جەمئىيىتى»، «ئىستېمال مەدەنىيىتى» نى مۇھاكىمە قىلغاندا بۇ بەردىكى «ئىستېمال» ئۇقۇمىنىڭ مەنىسى بىيولوگىيەلىك ئېھتى-ياجدىن ھالقىغان ئارزۇ ۋە ھەۋەسنى قاندۇرىدىغان پائالىيەت ھەم تۇرمۇش شەكلىنى كۆرسەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ مەقسىتى ئەمەلىي ئېھتىياجنى قاندۇرۇش بولماستىن، بەلكى تاۋارلارنى يېڭىلاپ ئىشلەپچىقىرىش، بۇ ئارقىلىق غىدىقلانغان ئىستەكنى قاندۇرۇش-تىن ئىبارەت ئىدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، كىشىلەرنىڭ ئىستېمال قىلغىنى تاۋار ۋە مۇلازىمەتنىڭ ئەمەلىي قىممىتى بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭ بەلگە خاراكتېرلىك ئەھمىيىتىدىن ئىبارەت بولدى. بۇ خىل غەيرىي مەنىدىكى ئىستېمال بىلەن مۇۋاپىق ئىستېمال ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ھەرگىزمۇ ئاددىي سان پەرقى بولماستىن، بەلكى ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل تۇرمۇش ئەخلاقى ۋە قىممەت چۈشەنچىسى، شۇنداقلا ئوخشاش بولمىغان تۇرمۇش شەكلى ۋە مەۋجۇتلۇق ھالىتىنىڭ پەرقىدۇر. ئۇ ئېكولوگىيە كرىزىسى بىلەن ئىچكى باغلىنىشقا ئىگە. ئىستېمال مەسىلىسى مۇھىت كرىزى-سىنىڭ يادروسى بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ جانلىقلار چەمبىرىكىگە بولغان تەسىرى مۇھىتقا نىسبەتەن بېسىم ئېلىپ كېلىپ، زېمىن-نىڭ ھاياتلىقنى قوللاش ئىقتىدارىغا تەھدىت شەكىللەندۈرمەكتە. بۇ خىل تەسىر ماھىيەتتە ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتنى ئېچىپ ئېنېر-گىيە ۋە خام ماتېرىياللارنى ئىسراپچىلىق شەكلىدە ئىشلىتىش ھەم مەنمەنچىلىك بىلەن سەرپ قىلىشىدىن كېلىپ چىققان.

زىيادە ئىستېمالچىلىق مەدەنىيىتى 19 ~ 20 - ئەسىرلەردە كېلىپ چىققان تاۋار ۋە ئىقتىسادىي مونوپولىيە سەپسەتىسىدۇر. سانائەت ئىنقىلابىدىن كېيىن باشلانغان كەڭ كۆلەملىك تاۋار ئىش-

لەپچىقىرىش ماللارنىڭ ئېشىپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئىشلەپچىقىرىشنى داۋاملىق ئېلىپ بېرىش ۋە ئىقتىسادنى سىجىل ئاشۇرۇش ئۈچۈن زور مىقداردىكى ئىستېمالنىڭ سىجىل ئېشىشىغا مۇراجىئەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ خىل ئېھتىياجدىن ھالقىغان ئىستېمالنىڭ ئېشىش ئەندىزىسى ئاستىدا ئىستېمال تەدرىجىي ئۆز ماھىيىتىگە خىلاپلىق قىلىشقا باشلىدى. ئاۋۋال ئىقتىسادىي ئېشىش بىلەن ئىستېمال ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئاستىن - ئۈستۈن بولىدۇ، يەنى بىرىنچىدىن، ئۇ ئىقتىسادنى ئۆستۈرۈش ئارقىلىق نورمال ئىستېمال ئېھتىياجىنى قاندۇرماستىن، بەلكى ئىستېمالنى كېڭەيتىش ئارقىلىق ئىقتىسادنى داۋاملىق ئاشۇرۇشنى كۆزلەيدۇ.

ئىككىنچىدىن، ئۇ ئىستېمال بىلەن ئېھتىياج ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىدۇ. يەنى ئۇ نورمال ئىستېمال ئارقىلىق ئېھتىياجنى قاندۇرۇش بولماستىن، بەلكى كىشىلەرنى ئۇشۇقچە ئىستېمالغا يېتەكلەش، قىزىقتۇرۇش ھەتتا قايمۇقتۇرۇش، ئېھتىياجنى غىدىقلاش ئارقىلىق تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ تېز بولغان ئىستېمال دولقۇنىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئورۇنسىز ئىستېمال ۋە ئىسراپچىلىقنى تۇرمۇشتىكى ھەممىنىڭ يادروسىغا ئايلاندۇرىدۇ. ئىقتىسادنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش ئىستېمالىنىڭ ئومۇمىي مىقدارىنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتىمۇ ئۈزلۈكسىز ئېشىپ، خورىتىلغان ئېنېرگىيە مىقدارى زورىيىپ، تۇرمۇشتىن چىقىرىلغان ئەخلەتلەر تاغدەك دۆۋىلىنىدۇ. ئېنېرگىيەنىڭ زىيادە خورىتىلىش جەريانى ئېكولوگىيەلىك مۇھىتقا ئېغىر بۇلغىنىش ئېلىپ كېلىپ، تەبىئەت ئېكولوگىيە سىستېمىسىنىڭ تەڭپۇڭلۇقى ۋە ئۇنىڭ سىجىللىقىغا غايەت زور بۇزغۇنچىلىق شەكىللەندۈرىدۇ. دېمەك، ئىستېمال مەسىلىسى ماھىيەتتە مۇھىت مەسىلىسىنىڭ يادروسى.

«ئىنسانلار مەۋجۇتلۇقىنىڭ ھاياتلىق چەمبىرىكىگە بولغان تەسىرى مۇھىتقا قارىتا بېسىم، شۇنداقلا زېمىننىڭ ھاياتلىقنى قوللاش ئىقتىدارىغا تەھدىت ئېلىپ كېلىدۇ.»①

ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدا شائىر، مۇتەپەككۇرلىرىمىزدىن فارابى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەھمەد يەسەۋى، نەۋايى، خەراباتى، زەلىلىي قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرىدە ئىنسانىنىڭ نوقۇل ماددىي ئېھتىياجى ۋە ماددىي ئىستېمالغا زىيادە بېرىلىش خاھىشىنى چەكلەش، ماددىي تۇرمۇش بىلەن مەنىۋىيەتنى ماس ۋە تەڭپۇڭ ھالەتتە تەرەققىي قىلدۇرۇش ھەققىدىكى تەشەببۇسلىرى گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن. فارابى «پەزىلەتلىك شەھەر ئەھلىنىڭ ئىدېئال قاراشلىرى» ناملىق ئەسىرى ۋە بىر قىسىم شېئىرلىرىدا ئىنسان ھاياتىنىڭ قىممىتى، شەخسىي مەنپەئەت ۋە نەپسىنى تىزگىنلەش قاتارلىق مەسىلىلەردە ئىلغار ئىدىيەۋى قاراشلارنى ئىپادىلىگەن. يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا تۇرمۇش ئىستېمالىدا قانائەتچانلىق ۋە ئوتتۇرىچە بولۇشنى تەكىتلىگەن. نەۋايى «سەببەئى سەييار» داستانىدا شۆھرەتپەرەس، ھەشەمەتخور، ئەيش - ئىشرەتكە زىيادە بېرىلگەن چىرىك، مۇستەبىت شاھ بەھرامنىڭ ئوۋ مەيدانىدىكى ھالاكەتلىك تىراگېدىيەسىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئىنساننىڭ شەخسىي ھاۋايى - ھەۋەس، ئورۇنسىز ئىستېمال قوغلىشىشتەك پاسسىپ تۇرمۇش ئۇسۇلىنى تەنقىدلىگەن بولسا، «سەددى ئىسكەندەر» داستانىدا ئۆز ئۆمرىدە نۇرغۇن ئەللەرنى بويسۇندۇرۇپ، ھەددىدىن زىيادە ماددىي بايلىقلارنى توپلىغان شانۇشەۋكەتلىك شاھ ئىسكەندەرنىڭ كېسەلگە مۇپتىلا بولۇپ، ۋاپات بولۇش ئالدىدا قول ئاستىدىكىلەرگە: «مېنى قەبرىستانلىققا ئېلىپ

① سىرىداس رافور: «بىزنىڭ باغچىمىز يەر شارى»، جۇڭگو مۇھىت ئىلمى نەشرىياتى 1993 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 152 - بەت.

ماڭغاندا بىر قولۇمنى تاۋۇتتىن چىقىرىپ قويۇڭلار، ماددىي دۇنيا ھېچنېمىگە قادىر ئەمەس. ئەل ـ جامائەت مەندەك سەلتەنەتلىك شاھنىڭمۇ مۇشۇ پانىي ئالەمدىن باقىي ئالەمگە قۇرۇق قول كې- تىۋاتقانلىقىمنى كۆرۈپ ئىبرەت ئالسۇن» دەپ ۋەسىيەت قىلغانلى- قىدەك ۋەقە ـ تەپسىلاتلار ئارقىلىق ھاياتلىقنىڭ مەقسىتى نوقۇل ماددىي بايلىق توپلاش ياكى ئىستېمال قىلىشتىلا ئىپادىلەنمەس- تىن، ئىنساننىڭ ھەقىقىي قىممىتىنىڭ ئۇنىڭ مەنىۋىيىتىدە ئى- پادىلىنىدىغانلىقىنى ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرگەن. يازغۇچى مەم- تىمىن ھوشۇر «ئالتۇن چىشلىق ئىت» ناملىق ھېكايىسىدە زاما- نىۋى يۇقىرى ئىستېماللىق جەمئىيەتتىكى مەنىۋىيەتتى چېكى- نىۋاتقان كىشىلەرنىڭ شەخسىي نەپس ـ ئىستىكى ۋە نوقۇل ماد- دىي ئىستېمال خاھىشىنىڭ بىمەنە تەرەپلىرىنى ئۆتكۈر نەزەر ۋە يۇمۇرىستىك تۈستە تەنقىدلىگەن.

ياۋروپا، ئامېرىكا ئەدەبىياتىنىڭ نوقۇل ئىستېمالچىلىق سەپ- سەتىسىگە بولغان تەنقىدىي خاھىشىنى غەربنىڭ بىر قىسىم ئە- سەرلەردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. مەسىلەن، فىرانسىيە يازغۇچىسى رابلېس «گىگانت ئادەمنىڭ تەرجىمىھالى» ناملىق ئەسىرىدە مۇبا- لىغىلەشتۈرۈپ ئىپادىلەش ئۇسۇلى ئارقىلىق زامانىۋى جەمئىيەت- نىڭ ئادەمنى چۆچۈتىدىغان ماددىي ئىستېمالىنى تەسۋىرلىگەن. پادىشاھ كالا گۆشى كونسېرۋاسى ياسىتىش ئۈچۈن بىر قېتىمدىلا 367 مىڭ 14 كالىنى ئۆلتۈرگۈزىدۇ. خانىش بىر قېتىمدا 16 سېنتىنىر يەنى ئىككى تۈڭ ئالتە داس قېزىنى يەۋېتىدۇ. گىگانت ئادەم كاگاندىيا بوۋاق ۋاقتىدىلا ھەر كۈنى 17 مىڭ 913 تۇياق كا- لىنىڭ سۈتىنى ئىچىدۇ. بۇ خىل تەسۋىرلەش 16 ـ ئەسىردىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت گۈللىنىش مەزگىلىدە ئاكتىپ رول ئىگە بولغان بولسا، تەبىئىي بايلىقلار بارغانسېرى كېمىيىۋاتقان، ئېكو-

لوگىيە كىرىزىسى كۆچىيىۋاتقان بۈگۈنكى نوقۇل ئىستېمالچىلىق مەدەنىيىتى دەۋرىدىمۇ ئۆزىنىڭ تەنقىدىي رولىنى جارى قىلدۇردى.

تەبىئەت ئىنسانلارنىڭ قىسقا مۇددەتلىك ماكانى ياكى خالىغانچە تالان ـ تاراج قىلىش ئوبيېكتى ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ ئەبەدىيلىك ماكانى، تىرىكچىلىك دەسمايىسى. ئۈيغۇر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى ئىنسانلارنىڭ شەخسىي نەپسىنى تىزگىنلەش، ئىسراپچىلىقتىن يىراق تۇرۇش، كېيىنكى ئەۋلادلىرىغا كۆيۈنۈش ۋە ئۇلارنىڭ رىزقى ـ نېسىۋىسىگە خىيانەت قىلماسلىق مەجبۇرىيىتىنىڭ بارلىقىنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ. بۇ خىل روھ «قۇتادغۇبىلىك»، نەۋايى داستانلىرى ۋە باشقا كىلاسسىك ئەسەرلىرىمىزدە تۇرلۇك شەكىلدە ئىپادىلەنگەن. ئامېرىكا ئېكولوگىيە ئەدەبىياتى يازغۇچىسى كەرسېن 1953 ـ يىلى ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتنى ئىستېمال قىلىشىنى چەكلەپ، سىجىل تەرەققىياتلىق ئىستېمالنى يولغا قويۇشنى تەكىتلەپ: «دۆلەتنىڭ ھەقىقىي بايلىقى زېمىندىكى بايلىقلار — تۇپراق، سۇ، ئورمان، كان زاپىسى ۋە ياۋايى ھايۋان، ئۆسۈملۈكلەردىن ئىبارەت. ئۇلاردىن ھەم بۈگۈنكى زامان كىشىلىرىنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن، ھەم كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئۈچۈن، تەبىئىي بايلىقلارغا كاپالەتلىك قىلغان ئاساستا پايدىلىنىش ئومۇمىيۈزلۈك قىممەتكە ئىگە سىجىل تەرەققىيات پىلانىدۇر»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

بۈگۈنكى كۈندە ئىستېمال مەدەنىيىتى تەنقىدچىلىكى ئىنتايىن مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە. جۇڭگو ۋە غەرب ئەللىرى مۇتەپەككۇرلىرى ھەم ئەدىبلىرى جەمئىيەتتە ئىستېمالچىلىق

① رېچېل كەرسىن: «ھاياتلىق ماكانى»، بوستۇن، ئىنگلىزچە نەشرى 155 ـ بەت.

راۋاجلانغاندىن كېيىن بۇ خىل مەدەنىيەتنىڭ تۇرلۇك نۇقسان ۋە بىمەنىلىكلىرىنى چوڭقۇر تونۇپ يېتىپ، ئۇنىڭ ئاخىر ئىنسانلارنى هالاكەتكە باشلايدىغانلىقىنى هېس قىلىشقان. ئەپسۇسكى، هازىرغىچە تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەردىكى نۇرغۇن كىشىلەر ئىستېمالچىلىق مەدەنىيىتىنىڭ غايەت زور زىيانلىق ئاقىۋىتىنى تېخى تونۇپ يېتەلمەيۋاتىدۇ. ئەنگلىيەلىك ئېكولوگىيە ئەدەبىي تەنقىدچىسى جوناسېن بەيت مۇنداق دېگەن: «مىلادىيەنىڭ 3 ـ ئېراسى ئەمدىلا باشلىنىشى بىلەن تەبىئەت كىرىزىسقا لىق تولدى. بۇ خۇددى زور ئاپەت ئۆز بېشىغا يېقىنلاپ كەلگەندىلا هەممەيلەن دۇئا ـ تىلاۋەت قىلغانغا ئوخشايدۇ... تەبىئىي مۇهىت تامامەن ئۆزگىرىپ كەتتى. شۇڭا بىز زادى يولنى نەدىن باشلاپ خاتا باستۇق، دېگەن ئاشۇ كونا سوئال ئۈستىدە يەنە بىر قېتىم ئويلىنىشىمىز كېرەك.»①

ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكىگە زىت بولغان نوقۇل ئىنساننى ۋە ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرنى مەركەز قىلغان ئەدەبىياتنىڭ داۋاملىشىشى ماهىيەتتە ئېكولوگىيەلىك ئاپەتنىڭ ئۇزاققىچە داۋاملىشىشىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئەدىبلىرىمىز ۋە ئەدەبىي تەنقىدچىلىرىمىز يېڭىچە خاھىشتىكى ئەسەرلىرى ۋە ماقالە ـ ئوبزورلىرى ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ بىر تەرەپلىمە ئاڭ ـ تەپەككۇرىنىڭ تەبىئەتكە بولغان زىيانلىق تەسىرى، جىنايى قىلمىشلىرىنى تەنقىدلەپ، نوقۇل ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت يادرو قىلىنغان قاتمال ئەدەبىياتنى تەدرىجىي ئاخىرلاشتۇرۇشى زۆرۈر. بۇ جەهەتتىن ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكىنى ماهىيەتتە بىر خىل قاتمال ئاڭ ـ تەپەككۇرنىڭ تەسىرىدىكى جىنايى جاۋابكارلىق-

---

① جوناسېن بەيت: «زېمىن ناخشىسى»، خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى.

تىن قۇتۇلدۇرۇش خاراكتېرلىك يېڭىچە ئىدىيەۋى پائالىيەت، دەپ
قاراشقا بولىدۇ. ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكىنىڭ ئاساسچىلىرىنىڭ
بىرى بولغان جوزۇف مىكېئىر: «ئەدەبىيات زادى ئەسلىدىن بىزنى
تەبىئەت ھاياتىغا تېخىمۇ ياخشى ماسلاشتۇرىدىغان بىر خىل ئىجا-
دىي پائالىيەتمۇ ياكى بىزنى تەبىئەتتىن يىراقلاشتۇرىدىغان ھەرى-
كەتمۇ؟ شەپقەتسىز تەدرىجىي تەرەققىيات ۋە تەبىئىي تاللاش نۇقتى-
ئىنەزىرىنى چىقىش قىلغاندا ئەدەبىيات زادى بىزنىڭ مەۋجۇتلۇق
ۋە ئامانلىقىمىزغا پايدىلىق رول ئويناۋاتامدۇ ياكى ئەكسىچە بىزنىڭ
ھالاكىتىمىزنى تېزلەشتۈرۈۋاتامدۇ؟»[1] دەپ كۆرسەتكەن. ئەدەبىيات-
نى ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ ساغلام تەرەققىياتى ئۈچۈن قىممەت
ياراتسۇن دەيدىكەنمىز، چوقۇم ئىنسانىي خاراكتېر ـ پەزىلىتىمىز-
نى تەبىئەتكە يېقىنلاشتۇرۇشىمىز، تەبىئىي ئېكولوگىيە كىرىزى-
سىغا مەسئۇل بولۇشىمىز، ئېكولوگىيە كىرىزىسىنىڭ ئەسلىدىنلا
چوڭقۇر قاتلاملىق مەدەنىيەتتىكى ياتلىشىش، ئىنسان خاراكتېرىدى-
كى چېكىنىش، ئۇنىڭ تەبىئەتتىن ۋە تەبىئىيلىكتىن يىراقلىشىش-
تەك يامان سۈپەتلىك ئۆسۈش بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك ئىكەن-
لىكى ھەققىدىكى ئىلمىي تونۇشنى مەھكەم تۇرغۇزۇشىمىز زۆرۈر.

## 7. ھازىرقى زامان شەھەر تۇرمۇشىنىڭ ئېكولوگىيەلىك تەنقىد بايانى

شەھەرلىشىش نۆۋەتتىكى ئىنسانلار جەمئىيىتى تەرەققىياتى-
نىڭ مۇقەررەر يۈزلىنىشى بولۇپ قالدى. ئىنسانلار ھاياتىنىڭ مۇ-
ھىم نۇقتىسى ۋە مەركىزى جىددىي ھالدا شەھەرلەرگە يۆتكىلىپ،

---

① جوزۇف مېكىئىر: «مەۋجۇتلۇق كومېدىيەسى: ئەدەبىياتتىكى ئېكولو-
گىيە»، ئارىزون ئۇنىۋېرسىتېتى 1997 ـ يىلى ئىنگلىزچە نەشرى 4 ـ بەت.

بۈگۈنكى مەركىزىي شەھەرلەرنىڭ سانى ۋە كۆلىمى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئەمەلىي رىقابەتتىنىڭ بەلگىسىگە ئايلىنىپ، مەلۇم بىر دۆلەتنىڭ شەھەرلىشىش نىسبىتى مۇشۇ دۆلەتنىڭ زامانىۋىلىشىش سەۋىيەسىنىڭ ئۆلچىمىگە ئايلاندى.

بۈگۈنكى كۈندە شەھەرلىشىشنىڭ تېز سۈرئەتلىك تەرەققىياتى يالغۇز مەلۇم بىر دۆلەتنىڭ زامانىۋىلىشىش سەۋىيەسىنى كۆرسىتىدىغان ئۆلچەمگە، دۇنياۋى ئىقتىسادىي بىر گەۋدىلىشىشنىڭ كۆرۈنەرلىك بەلگىسىگە ئايلىنىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە زامانىۋى شەھەرلەر بەختلىك تۇرمۇشنىڭ ئاخىرقى نىشانلىق ئورنىغا ئايلىنىپ قالماقتا. ئارىستوتېل: «كىشىلەرنىڭ سەھرادىن شەھەرگە كىرىشى تېخىمۇ ياخشى ياشاش ئۈچۈندۇر» دەپ كۆرسەتكەندەك، ھەممە كىشى شەھەرگە ۋە شەھەر تۇرمۇشىغا ئىنتىلىدۇ. بىزنىڭ ئالىي مەكتەپ پۈتكۈزگەن ئىستۇدېنتلىرىمىزنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك تاللاش ئوبيېكتى ئاساسەن دېگۈدەك شەھەرلەر، يەنە كېلىپ چوڭ شەھەرلەردۇر. بۇ بىزنىڭ شەھەرلەر، بولۇپمۇ چوڭ شەھەرلەرنىڭ بىزگە كېرەكلىك بولغان ياخشى خىزمەت، يۇقىرى ئىش ھەققى ۋە كۆڭۈلدىكىدەك تۇرمۇش شارائىتىغا ئېرىشتۈرەلەيدۇ، دەپ قارىغانلىقىمىزدىن كېلىپ چىققان. ئەمما بىز زامانىۋى شەھەر تۇرمۇش شارائىتىدا يەنە ئەجدادلىرىمىز ئەلمىساقتىن تارتىپ داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن قانداق ئېنئەنىۋى نەرسىلەرنى يوقىتىپ، قانداق ياخشى نەرسىلەردىن ئايرىلىپ قالغانلىقىمىزنى ئويلاپ بېقىشىمىز كېرەك. كەڭ دالا، مۇنبەت زېمىن ئەلمىساقتىن تارتىپ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ تەبىئىي تۇپرىقى مۇنبەت ماكانى بولۇپ كەلگەن.

ئامېرىكا ئېكولوگىيە ئالىمى ھولمېس رولستون مۇنداق دېگەن: «زور كۆپچىلىك ئامېرىكىلىقلار ئۈچۈن كۆڭۈلدىكىدەك تۇر-

مۇش چوڭ شەھەر تۇرمۇشى بولماستىن، بەلكى يېزا تۇرمۇشىدۇر. بىز يۇرتىمىزنىڭ تاغ - دەريالىرى، دېڭىز بوغۇزى ۋە يوللىرىنى قەدىرلەيمىز. بىزنىڭ كۆپچىلىكىمىز ئازراق يېزا پۇرىقى بار تۇرمۇشقا تەلپۈنىمىز. ناۋادا بىز مۇشۇنداق جايدىن ئايرىلماقچى بولساق ئىنتايىن ئازابلىنىمىز. ئەگەر بۇ يەردىن بىر مەزگىل ئايرىلىپ يەنە قايتىپ كەلسەك، ئىنتايىن ھاياجانلىنىمىز. تەبىئىيكى بىزنىڭ ئادەم ۋە ئىجتىمائىي رايونغا كۈچلۈك مۇھەببىتىمىز بار. لېكىن بىزنىڭ شەھەرلەرگە بولغان مۇھەببىتىمىز ھەمىشە زېمىنغا بولغان مۇھەببىتىمىزگە يەتمەيدۇ.»①

زامانىۋى شەھەرلەر ئىنسانلارنىڭ ئەنئەنىۋى تۇرمۇش شەكلى ۋە ئىرقىي قارىشىنى يوقىتىش بىلەن بىللە يەنە ئۇلارنىڭ سەبىي بالىلىق دەۋرىنى ئاخىرلاشتۇردى، ئېسىل ئەنئەنىلەرنى سۇسلاشتۇردى. سەھرالار ئىنسانلارنىڭ بالىلىق دەۋرىدىكى تۇرمۇش مۇھىتى بولسا، شەھەرلەر جىددىي رىتىمدىكى زامانىۋى تۇرمۇشنىڭ قايناق ماكانىغا ئايلاندى. ئىنسانلار تارىخىدا بۇددا، خىرىستىيان، ئىسلام دىنلىرىدا ئىنسانلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى شەھەر كىشىلىرىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشى، ئىشەنچ - ئېتىقادلىرى، ئۆرۈش - توقۇنۇشلىرى ۋە ئۆي - ماكان، تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنىڭ ھەممىسى تەڭرى ئىنسانغا ئاتا قىلغان نېمەت ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، شەھەر ۋە ئادەملەرنىڭ بالا - قازاغا ئۇچراش، ھالاك بولۇشى خەلقنىڭ ئەخلاق - پەزىلىتى، گۈزەللىك قارىشى، ئېتىقادىنىڭ بۇزۇلغانلىقىدىن تەڭرىنىڭ جازالىشى ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان.

چەكسىز كەتكەن قاقاسلىق ۋە مۇنبەت دالادىن تەدرىجىي شەھەرلەرنى بەرپا قىلىش ئىنسانلار جەمئىيىتىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئىل-

---

① رولستون: «پەلسەپە قاقاسلىققا يۈزلەنمەكتە»، جىلىن خەلق نەشرىياتى 2000 - يىلى نەشرى 440 - بەت.

ئگىرىلەشلەرنىڭ بىرى. بۇ ئەلۋەتتە يىراق قەدىمكى دەۋردە يۈز بەر-
گەن ئالاھىدە ئۆزگىرىش بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدىدىن سۆز ئېچىش بىر قانچە مىڭ يىلنى
ئىلگىرىكى ئىنسانلار تارىخى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئىنسانلارنىڭ
ناھايىتى ئۇزاق مۇددەت غار ـ ئۆڭكۈرلەرگە ماكانلىشىشتىن تەد-
رىجىي سۇ ۋە بايلىق قوغلىشىپ تارقاق ھالدا مەھەللە ـ كەنتلەر-
گە ماكانلىشىشقا قارىغاندا، ئىنسانلارنىڭ 6 مىڭ يىل ئىلگىرىكى
شەھەرلەرگە كىرىشتەك تارىخىي خاراكتېرلىك قەدىمىنى يەنىلا
يېڭى باسقۇچ دەپ قاراشقا تېگىشلىك. ئىنسانلارنىڭ سەھرا ھاياتى-
دىن تەدرىجىي شەھەرلەرگە كىرىپ، تەبىئىي پاناھگاھلاردىن سۈنئ-
ئىي تۇرالغۇلارنى بىنا قىلىشى ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتى-
نى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە قىلدى. ئىنسانلار مانا شۇنىڭدىن كېي-
يىن نادانلىقتىن مەدەنىيلىككە كىرگەن، بالىلىقتىن بالاغەت دەۋ-
رىگە ــ شەھەر ۋە شەھەر مەدەنىيلىكىگە قەدەم قويغان بولۇپ، ئۇ
دەۋر بۆلگۈچ پاسىل بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىنسانلار مەدەنىيلىكى
تارىخىنىڭ پەردىسىنى ئاچقان.

ئامېرىكىلىق جەمئىيەتشۇناس، «ئىنسانلار ئىجتىمائىي رايو-
نى»، «شەھەر ۋە ئىنسانلار ئېكولوگىيەسى» قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ
ئاپتورى پارك روبېرت مۇنداق دېگەن: «ئىنسانلارنىڭ بارلىق ئۇلۇغ
مەدەنىيەتلىرىنىڭ ھەممىسى شەھەرلەردە بارلىققا كەلگەن، بۇ جايدا
ئۆسۈپ يېتىلگەن ئىككىنچى ئەۋلاد مۇنەۋۋەر ئىنسانلار شەھەر قۇ-
رۇشقا ماھىر مەخلۇقلار بولۇپ، بۇ دەل دۇنيا مەدەنىيلىك تارىخى-
نىڭ ئەمەلىي ئۆلچىمى. بۇ ئۆلچەم ئىنسانلار تارىخىنىڭ باشقا
ئۆلچىمىگە ئوخشىمايدۇ. دۇنيا تارىخى پەقەت ئىنسانلارنىڭ شەھەر
ھاياتى دەۋرىنىڭ تارىخىدۇر. دۆلەت، ھۆكۈمەت، دىن، پەن، سەنئەت
قاتارلىقلارمۇ ئىنسانلار مەۋجۇتلۇقىنىڭ مۇشۇ ئاساسىي شەكلى

① پارك روبېرت: «شەھەر جەمئىيەتشۇناسلىقى»، خۇاشيا نەشرىياتى
1987 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى 3 ـ بەت.

بولغان شەھەرلەردە بارلىققا كەلگەن ۋە يۈكسەلگەن.»[1] شۇڭا شەھەر دېگەنلىك ئاساسەن ئىنسانلارنىڭ يىغىچە مەدەنىيلىكى، تەرەققىيات دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، شەھەر تۇرمۇشىغا قارىتا مۇلاھىزە ئېلىپ بېرىش مەلۇم مەنىدىن پۈتكۈل ئىنسانلار مەدەنىيلىكى مۇساپىسى ھەققىدە مۇھاكىمە قىلغانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

شەھەرلەر ئادەتتە ئىنسانلارنىڭ ئەنئەنىۋى ھاياتلىق ماكانى بولغان يېزا - كەنتلەرگە قارشى مەنىدىكى ئۇقۇمدۇر. ئۇنىڭ بارلىققا كەلگىنىگە گەرچە نەچچە مىڭ يىللار بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇزاقتىن بۇيان ئۇنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسى ئاستا بولۇپ، شەھەر ئاھالىسى باشتىن - ئاخىر دېگۈدەك ئىنسانلار ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ ئاز بىر قىسمىنى ئىگىلەپ كەلگەن. سانائەت ئىنقىلابىدىن كېيىن زامانىۋىلىشىش قەدىمىگە ئەگىشىپ شەھەرلەر دۇنيا مىقياسىدا تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلدى. بولۇپمۇ يېقىنقى 100 يىل مابەينىدە بارغانسېرى كۆپ كىشىلەر تۈرلۈك ئىجتىمائىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن يېزا - كەنتلەردىن ئايرىلىپ شەھەرلەرگە كىردى. زامانىۋى شەھەرلەر ئوخشاشلا ئىنسانلارنىڭ يېقىنقى مەزگىللىك تەرەققىياتى ۋە نۆۋەتتىكى زامانىۋىلىقنىڭ مەھسۇلى بولۇپ قالدى.

شەكسىزكى، ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتى جەريانىدا باللىق دەۋرىدىن بالاغەت دەۋرىگە كىرىش مۇساپىسىدە مەدەنىيلىكنىڭ بىر قىسمىنى يارىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ئۇزۇكسىز تۈردە ئۆزلىرىنىڭ ئىدراكىيلىقىنى يېتىلدۈرۈپ چىقتى. شەھەرلەر مەدەنىيلىكنىڭ باشلىنىشى بولسا زامانىۋى شەھەرلەر ئىدراكىيلىقى ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ مەھسۇلى. لېكىن، ھازىرقى شەھەرلەردە زور مىقداردا ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىقلار توپلىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ئاشۇ بايلىقلار شەھەر-

لەردىكى يۇقىرى ئىستېماللىق مۇھىتتا ياشاۋاتقان ئىدراكىي ئىنسانلار ئۈچۈن يەنە ئويلاپ يېتىش قىيىن بولغان تۈرلۈك ئاپەت ۋە كىرىزىسلارنىمۇ ئېلىپ كەلدى.

ئىپتىدائىي جەمئىيەت باسقۇچىدا ئىنسانلار دەسلەپ بىپايان دالادا ئۆزلىرىنىڭ بالىلىق ھاياتىنى قانداق ئۆتكۈزگەن؟ بۈگۈنكى كۈندە بىز ئۇنىڭ تەپسىلىي جەريانىنى پەقەتلا يىراق قەدىمكى دەۋر ئەپسانە - رىۋايەت، قوشاقلىرىدىن ئىزدىيەلىشىمىز مۇمكىن. قەدىمكى دەۋر ئەپسانە - رىۋايەت ۋە قوشاقلىرى گۆدەكلىك باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت ۋە ھاياتلىق دۇنياسىغا قارىتا ئېلىپ بارغان ئاددىي - ساددا خىيالىي تەسۋىرى بولۇپ، ئاشۇ ئەپسانە - رىۋايەتلەر ئىنسان تەبىئەتى بىلەن تەبىئەتنىڭ تۇنجى قېتىملىق ئېستېتىك مۇناسىۋىتىنى نامايان قىلىپ بەرگەن ھەم ئاشۇ ئەپسانە - رىۋايەتلەر ئارقىلىق ئەخلاق، سەنئەت، پەلسەپە قاتارلىقلارنى ئاپىرىدە قىلغان. ئۇلار ئىنسانلارنىڭ ئىپتىدائىي روھ ئەقىدىسى ۋە تەپەككۇرى يېتىلدۇرۇپ چىققان تۇنجى مەنىۋى مەھسۇلات ھېسابلىنىدۇ. يىراق قەدىمكى ئەپسانىلەر ھازىرقى زامان ئىنسانلار مەدەنىيلىكىنىڭ بىر پارلاق باشلىنىش مەنبەسى. ئۇنىڭغا ئىنسانلارنىڭ ساغلام ۋە ساددا روھىي دۇنياسى، پاك ئەقىدىسى، زېمىننى ۋە ئۇنىڭ قوينىدىكى بارلىق شەيئىلەرنى مۇقەددەس بىلىش روھىي ئەقىدىسى مۇجەسسەملەنگەن. لېكىن بۈگۈنكى كۈندە زامانىۋى شەھەرلەردە بۇلارنىڭ ئىز - دېرىكىنى تېپىش خېلى قىيىن.

شەھەرلىشىش ۋە ئۇ كەلتۈرۈپ چىقارغان ئېكولوگىيەلىك ئىجتىمائىي مەسىلە ھەم كىرىزىسلار ئىنسانلار تارىخىدا ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلگەن بىنورمال ھادىسىدۇر. ئۇيغۇر كىلاسسىك پەيلاسوپى فارابى ئۆزىنىڭ «پەزىلەتلىك شەھەر ئەھلىنىڭ قاراشلىرى» ناملىق ئەسىرىدە جاھالەتلىك شەھەرلەرنىڭ بەلگە - ئالامەت-

لىرىنى مۇنداق ئالتە جەھەتتىن كۆرسەتكەن: «بىرىنچىسى، زۆرۈرىيەتلىك شەھەرلەر، ئۇلارنىڭ ئاھالىسى زۆرۈر بولغان ماددىي نەرسىلەرنى ئارزۇ قىلىش بىلەنلا چەكلەنگەن. ئىككىنچىسى، ساختىپەز شەھەرلەر، ئۇلارنىڭ ئاھالىسى بايلىقتا ئېرىشىش ئارزۇسىدىلا ئۆزئارا ھەمكارلىشىدۇ، بۇ يولدا ھەرقانداق ۋاستىنى ئىشقا سالىدۇ. ئۈچىنچىسى، چۈشكۈنلەشكەن بەختسىز شەھەرلەر، ئۇلارنىڭ ئاھالىسى كەيپ - ساپالىق تۇرمۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ. تۆتىنچىسى، شۆھرەتپەرەست شەھەرلەر، ئۇنىڭ ئاھالىلىرى ساختا ھۆرمەت، ساختا قەدىر - قىممەتكە ئېرىشىپ، ماختىنىش، خۇشامەت، داغدۇغا، مەدھىيە قاتارلىقلارغا ئېرىشىدۇ. بەشىنچىسى، ھوقۇقپەرەس شەھەرلەر، ئۇلارنىڭ ئاھالىسى باشقىلارنىڭ ئۆزلىرىگە بويسۇنۇشىنى، ئۆزلىرىنىڭ بولسا ھېچكىمگە بويسۇنماسلىقىنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئالتىنچىسى، شەھۋانىي شەھەرلەر، بۇنداق شەھەر ئاھالىسى ھەرقانداق ئىشنى خالىغانچە قىلىۋېرىشنى، ھېچكىمنىڭ ئۆز خاھىشىغا توسقۇنلۇق قىلماسلىقىنى ئارزۇ قىلىدۇ.»①

زامانىۋى شەھەرلەر ئىنساندىكى بىر تەرەپلىمە ئىدراكىيلىق، مەنپەئەتپەرەسلىك ۋە ماددىۋىزملىق خاھىشىنىڭ شىددەت بىلەن ئۆرلىشى نەتىجىسىدە ئىنسانلارنى ئۆزلىرىنىڭ تەبىئىيلىك يىلتىزى ۋە تەبىئەتتىن پاناھلىنىش ھالىتىدىن ئايرىدى. شەھەرلىشىش نەچچە مىڭ يىل ئىلگىرى ئەڭ ئىپسىل ۋە يېڭى شەيئى بولغان بولسا، ئەمدىلىكتە بىر قاتار ئىجتىمائىي مەسىلىلەر جۇغلانغان مۇرەككەپ ماكانغا ئايلاندى. شەھەرلەرنىڭ ئېكولوگىيە سىستېمىسى ئىنسانلارنىڭ ئۇزاق تارىختىن بۇيان تەدرىجىي شەكىللەندۈرگەن ئۆز - ئۆزىنى كۆندۈرۈش تىپىدىكى سۇنئىي سىستېما بو-

① ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1985 - يىلى نەشرى 194 ~ 195 - بەتلەر.

لۇپ، ئۇنىڭ تايىنىشچانلىقى كۈچلۈك، مۇستەقىللىقى ئاجىز، ئا-
سانلا ئېكولوگىيەلىك ئاپەت يۈز بېرىدۇ(مەسىلەن، تەكلىماكان بو-
يىدىكى كىروران، پىشامشان، شەھىرى كىتىماك، نىيە قاتارلىق
نۇرغۇن قەدىمىي شەھەرلەرنىڭ خارابلىشىشى بۇ نۇقتىنى چۈشەن-
دۈرۈپ بېرىدۇ). شۇڭا ئۇنى ئالاھىدە قوغداشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇ-
نىڭ ئۈستىگە، شەھەرلەر ئېلىپ كەلگەن كىرىزىس ۋە ئاپەتلەر كۆ-
پىنچە زەنجىرسىمان ئاقىۋەت پەيدا قىلىپ، مۇشۇ شەھەرنىڭ ئۆزد-
نى ۋەيران قىلىش بىلەن بىللە يەنە يېزا ـ قىشلاقلار پۈتكۈل دۆلەت
ھەتتا يەر شارىنىڭ تەقدىرى ۋە ئىنسانلارنىڭ ھايات ـ ماماتىغا
كىرىزىس ئېلىپ كېلىدۇ. ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۆتمۈشىنى، ئەركىن
تۇرمۇشىنى ئەسلىگىنىمىزدە ھەسرەت ئىچىدە شۇنى كۆرەلەيمىز-
كى، ھازىرقى پولات چۆيۈن ۋە سېمونتلار بىلەن قۇرۇلغان شەھەر-
لەر قاتار ـ قاتار كۆككە تاقاشقان سۇنئىي تاغلار ــ بىنالار،
زاۋۇتلار ھەممە ئۇلاردىن ئېقىپ چىققان بۇلغانغان سۇ ۋە ئىس ـ
تۈتەكلەر بىلەن تولۇپ كەتكەن. شەھەر تۇرمۇشى ۋە سانائەت تەرەق-
قىياتىنىڭ ئېھتىياجىنى قامداش ئۈچۈن بىز يەر ئاستى قاتلىمى-
دىكى كۆمۈر، سۇ، نېفىت، تەبىئىي گاز قاتارلىقلارنى قېزىپ تۈ-
گىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ھەر خىل ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى
بۇزىدىغان، ھاياتلىققا زىيان ۋە تەھدىت سالىدىغان كېرەكسىز گاز،
بۇلغىما ماددىلارنى قويۇپ بېرىمىز. بىز بۇ خىل ئەھۋاللارنىڭ
ئۇزاق داۋاملاشسا بولمايدىغانلىقىنى بىلسەكمۇ، لېكىن يەنىلا زاما-
نىۋى شەھەر تۇرمۇشى ۋە ئۇنىڭ قولايلىقىدىن مېھرىمىزنى ئۈزەل-
مەي تەبىئىي مۇھىتقا بۇزغۇنچىلىق قىلىش نىيىتىمىزدىن يانماي-
دۇق، ھەرىكەت قەدىمىمىزنى توختاتمىدۇق. بىر تال ـ بىر تالدىن
تىزىلغان پولات چۆيۈن ۋە خىش ـ سېمونتلاردىن پۈتكەن بىنالار-
نىڭ پەيدا بولۇشى، ھەممە جاينىڭ ئېگىز ئىمارەتلەر بىلەن قاپلى-

نىشى بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە جەمئىيەتتىكى ئۆي ـ ماكانسىز،
نامرات ئاھالىلەرمۇ مۇشۇ جايدا تىرىكچىلىك ئۈچۈن جان تالىشى ـ
دۇ. ئۆي ـ مۈلۈك سودىگەرلىرى بېيىپ ھاياتىنىڭ پەيزىنى سۈرسە،
يەر ـ زېمىنىدىن ئايرىلغان دېھقانلار ۋە بىر قىسىم شەھەر ئاھالى ـ
لىرى تېزلا تېخىمۇ بىچارە ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ. بۇ يەردىكى ھەد ـ
دىدىن ئاشقان مەنپەئەتپەرەسلىك شەھەرلەردىكى تۈرلۈك يامان سۇ ـ
پەتلىك ئېشىش (مودا قوغلىشىش، ئىقتىسادتا بەسلىشىش، تەبى ـ
ئىيلىكتىن يىراقلىشىش قاتارلىقلار)نى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

شەھەرلەردىكى ئەنئەنىدىن ئايرىلغان مەدەنىيلىك تۈپ ماھىيەت
جەھەتتىن غەيرىي ئىدراكىي ھادىسىدۇر. ئۇ ئاخىرقى ھېسابتا بىز ـ
نى ئەسلىي مەنبەيىمىز بولغان زېمىن ئانىدىن ئايرىۋېتىپ، ئىن ـ
سانلار ئارىسىدىكى ئانا سۈتى بىلەن سىڭگەن ۋە ئانا تەبىئەت ئاتا
قىلغان ھەم يېتىلدۈرگەن، جاپا ـ مۇشەققەتنى يېڭىش، ئۆزئارا
كۆيۈمچانلىق ۋە مېھىر ـ مۇھەببەت، كوللېكتىپچانلىق قوش ـ
نىدارچىلىق، مەردلىك، كەڭ قورساقلىقنى سۇسلاشتۇرىدۇ. جى ـ
سىم بىلەن روھتىن ئاپىرىدە قىلىنغان قوش قاتلام مەنىدىكى تە ـ
بىئەت ئانىدىن ئايرىلىش ئىنسانلارنىڭ مەڭگۈلۈك يوقىتىشى بو ـ
لۇپ، ئۇنىڭ بۈگۈنكى زامان ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە
قىممەت قارىشىغا بولغان تەسىرى ناھايىتى زور. زامانىۋى شەھەر ـ
لەردىكى ئىنسانلار ئالەمشۇمۇل تەرەققىيات ۋە ھۇزۇر ـ ھالاۋەتكە
بېرىلىپ، مەنىۋى قىممەت چۈشەنچىسى غۇۋا بولغان زامانىۋىلىققا
مەست بولۇشۇپ، ماددىي پاراۋانلىق ئىچىدە يېڭى ئەپسانىلەرنى يا ـ
رىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە تەبىئەتنىڭ ئىنسانلارنىڭ ئۆزگە
قارىتا پاناھلىقىنى بۇزۇپ تاشلايدۇ. ئۈزۈلمەي ئۆتۈشۈپ تۇرغان
ماشىنا ئېقىمى، قاتار ئىمارەتلەر، دەرىجىدىن تاشقىرى ۋاراڭ ـ
چۇرۇڭلۇق چوڭ بازارلار يۇقىرى يەن ـ تېخنىكىلىق شەھەرلەرنىڭ

ئەۋزەللىكىنى نامايان قىلسا، ئۇ يەردىكى گۈزەل ۋە رەڭگا رەڭ كۆرۈنۈشلەر، نەپىس سەنئەت بۇيۇملىرى شەھەرلەرنىڭ جەلپ قىلىش كۈچى ۋە مەپتۇنكارلىقىنى نامايان قىلىدۇ. ئەمما بۇ يەردە يەنە بىر خىل ئومۇملاشقان جىددىيلىك، ھارغىنلىق، غەم - قايغۇ، ئەندىشە، يالغۇزلۇق، روھىي بېسىم، ئۇيقۇسىزلىق، زىيادە ئىشلەپ تېز قېرىپ ئۆلۈش قاتارلىق غەيرىي نورمال ھالەتلەرنىڭ ھەممىسى شەھەر ھاياتىنىڭ ئاجىزلىقى ۋە مۈشكۈلاتىنىمۇ ئاشكارىلايدۇ.

ئىنسان ماددىي تۇرمۇشنىڭ ھەلەكچىلىكىدە ئۆزىنىڭ ئەسلىدىن بار بولغان مەنىۋى پاناھلىنىش ئوبيېكتىدىن ئايرىلىپ، ئۆزىدىكى ئىچكى مەنىۋى بوشلۇقنى ئاشكارىلاش ئالدىدا كۆپىنچە تاشقى گۈزەللىك، چىراي ۋە تىل ئىپادىسىدىكى ئۈستۈنلۈك ئارقىلىق ئۆزىنىڭ مەنىۋى ئاجىزلىقىنى يېپىشقا مەجبۇر بولىدۇ. بۇ ئىنساندىكى بىر خىل غەيرىي ھېسسىياتتۇر. بۇ خىل ھېس - تۇيغۇنى 20 - ئەسىرنىڭ بېشىدا ئامېرىكا پسىخولوگى ماسلوف سۈنئىي ھالدىكى «بىخەتەرلىك ئېھتىياجى» دەپ ئاتىغانىدى. بۇ ماھىيەتتە مەنىۋى ئېھتىياجغا قارىتىلغان.

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدىن باشلاپ شەھەر - بازارلاردا تېلېۋىزورنىڭ ئومۇملىشىشى 80 - يىللارنىڭ ئاخىرى ۋە 90 - يىللاردىكى كۆپ ۋاستىلىك سىنئالغۇلارنىڭ تەرەققىياتى ۋە چەتتىن كىرگەن كىنو، تېلېۋىيە فىلىملىرى، MTV، CD، ئىنتېرنېت تورى قاتارلىقلارنىڭ تەسىرىدە ئاممىۋى مەدەنىيەت ئۇيغۇر شەھەر - بازار ئاھالىلىرىنىڭ مەدەنىيەت ئىستېمالىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىگە ئايلاندى. 80 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا كىنو، تېلېۋىزىيە فىلىملىرىدە ئەر - ئاياللارنىڭ ئۆزئارا قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈش ھادىسىسى ئۇيغۇر ئاھالىلىرىگە خېلىلا غەلىتە، ئەدەپسىز ئىشتەك كۆرۈنگەن بولسا؛ 90 - يىللاردا ئەر - ئايال-

نىڭ يالىڭاچ گەۋدىلىرى ھەتتا خېلى ئىنچىكە پائالىيەتلىرىمۇ ئاش-چە بىر ئىش ھېسابلانمايدىغان ھەتتا ئاممىۋى سورۇنلاردا ئاشكارا قويۇلىدىغان بولدى. بۇ ھال دەسلەپتە شەھەر ــ بازار ئاھالىلىرى-نىڭ تۇيغۇسىنى غىدىقلىغان بولسا، بۇگۈنكى كۈندە ئادەتتىكى ئىشتەك بىلىنىدىغان بولدى. ئىلگىرى ناخشىچىلار سەھنىگە رەس-مىي مىللىيچە كىيىم بىلەن چىققان بولسا، ھازىر ئۇنىڭ ئەكسىچە رەڭگا رەڭ چىراغلار ئاستىدا ھەررەڭ ــ سەررەڭ ۋە يېرىم يالىڭاچ بەدەنلىرى بىلەن چىقىش كۆرۈرمەنلەرگە ئەجەبلىنەرلىك ۋە يات ئىش ھېسابلانمايدىغان بولۇپ قالدى. كىنو، تېلېۋىزورلاردا قاتىل-لىق، بۇلاڭچىلىق، تېررورلۇققا دائىر كۆرۈنۈشلەرمۇ دائىم چېلى-قىپ تۇرىدىغان بولدى. بۇ ھال بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ قىزىقى-شىغا ئېرىشتى. ھەتتا بەزىلەر بۇ خىل ئەخلاقسىز، شەرم ــ ھايا-سىز قانۇنسىز كۆرۈنۈشلەردىن سەلبىي تەسىر ئالماي قالمىدى. جەمئىيەتتە ئومۇملاشقان بۇنداق ئاممىباب، چاكىنا مەدەنىيەتنىڭ ئالاھىدىلىكى ئېسىل مىللىي مەدەنىيەتكە زىت بولۇشتىن ئىبا-رەت. جەۋھىرىي مەدەنىيەت تارىخنىڭ سىناقلىرىدىن ئۆتكەن، كوللېكتىۋىزملىق روھقا ئىگە، ئىنسانىيەتنىڭ تەقدىرىگە ئەھمى-يەت بېرىدىغان، ھاياتنىڭ قىممىتى ھەققىدە ئىزدىنىدىغان ئىلغار مەدەنىيەت بولسا، يۇقىرىدا توختالغان ئاممىباب مەدەنىيەت مەزمۇ-نى چوڭقۇر بولمىغان، پۇچەك، كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىنى ئەمەس، ئەكسىچە ئۇلارنىڭ جىسمانىي سەزگۈسىنى غىدىقلايدىغان، ئىستەك ــ ھەۋەسلىرىنى ئۇرغۇتىدىغان، ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرى-دىغان ئاددىي ئىستېمال مەدەنىيىتىدۇر.

ھازىرقى زامانىۋى شەھەرلەر تەبىئەتتىن، ئەنئەنىۋى روھتىن قانچىلىك يىراقلىقتا؟ ئىنسانلار ھەر ۋاقىت تەبىئەت قوينىدا پا-ناھلىنىدۇ. ئېلىش تەلىپى مەڭگۈ تۈگىمەيدىغان ئىنسان بىلەن تە-

بىئەتنىڭ زىددىيەتلىك تەرىپى يالغۇز ھاياتلىق ماكانى بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. مۇقەددەس تەبىئەت — ئاسمان بىلەن سېھىرلىك تۇپراق ئىنسانلارنى ماددىي نېمەتلەر بىلەن تەمىنلەپ، ئۇلارنى ساغلام پەرۋىش قىلسا، دەريا - ئېقىن، قار - يامغۇر، قىرۋۇ - شەبنەملەر ئىنسان ۋە بارلىق جانلىقلارنى ياشارتىدۇ. دېمەك، تەبىئەت ئىنسانلارنىڭ مەڭگۈ ئىچىپ قانمايدىغان ھاياتلىق بۇلىقى، تىرىكچىلىكنىڭ ئەبەدىي ماكانى. لېكىن ھازىرقى زامانىۋىلىق ئىچىدىكى ئىنسانلار ماددىي مەنپەئەت ھەلەكچىلىكىدە ئۆزلىرى ئىچىۋاتقان بۇلاقلىرىغا قانداق ئىنكاس قايتۇرۇۋاتىدۇ؟

زامانىۋى شەھەرلەردە تۇرمۇش رىتىمىنىڭ زىيادە تېزلىكى ۋە رىقابەت ئېھتىياجى سەۋەبلىك ئىدراكىيلىق ئالاھىدە تەكىتلىنىپ ھېسسىيلىققا سەل قارالغاچقا، ئۇنىڭدىكى ھەددىدىن ئاشقان رىقابەت روھى باي - كەمبەغەللىك پەرقىنى ئاشۇرۇپ ئىجتىمائىي ئادالەتنى نىسپىي ئاجىزلاشتۇرىدۇ. زامانىۋى شەھەرلەر تۇرالغۇ ئۆي، قاتناش، مائارىپ، داۋالىنىش، ئىشقا ئورۇنلىشىش، مال باھاسىنىڭ مۇقىمسىزلىقى، ئامانلىق، مۇھىت بۇلغىنىش قاتارلىق تۈرلۈك - تۈمەن ئىجتىمائىي مەسىلە - كىرىزىسلارغا تولدى. ئەڭ ئېغىرى بولغىنى، چوڭ شەھەرلەردىكى نۇرغۇن ئىجتىمائىي كېسەللىكلەر ئىچىدە ئىجتىمائىي كىرىمنىڭ تەڭپۇڭسىزلىشىشى، نەپسانىيەتچىلىك، باي - كەمبەغەللىك پەرقىنىڭ كۈچىيىشى كەلگۈسى جەمئىيەتنى ئېغىر ئاپەتكە ئىتتىرىدۇ. تۆۋەندە بىز ئۈزۈكسىز باھاسى ئېشىۋاتقان بىنا ئۆي دولقۇنى، جىددىي ئۆرلەۋاتقان ئۆي - مۈلۈك باھاسىنى چىقىش قىلىپ، ھازىرقى زامانىۋى شەھەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئېكولوگىيەسى ھەققىدە مۇھاكىمە قىلىپ باقايلى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئىقتىسادنىڭ تەدرىجىي ئېشىشىغا ئەگىشىپ شەھەرلەردە تۇرالغۇ ئۆيلەر شەخسىي مۈلۈكچىلىككە

قاراپ يۈزلەندى. چەت ئەل مەبلىغىنىڭ كىرىشى ۋە شەھەرلەشتۈ-
رۈش قاتارلىق ئامىللارنىڭ تەسىرىدە جۇڭگو ئۆي - مۈلۈك قۇرۇ-
لۇشى قىزىق نۇقتىغا ئايلىنىپ قالدى. ھازىر بېيجىڭ، شاڭخەي
قاتارلىق چوڭ شەھەرلەردىلا ئەمەس، ئۈرۈمچىدەك ئۆلكە مەركىزى
ۋە ئوتتۇرا شەھەرلەردىمۇ ئاسمان - پەلەك بىنالار بىر - بىرى بى-
لەن بەسلەشكەندەك تۇردى. ئەمما بۇ ھال يېقىن ئەتراپتىكى ئاھالى-
لەرنىڭ كۈن نۇرى كۆرەلمەسلىكىگە سەۋەبچى بولۇپ قالغان. شە-
ھەر ئاھالىسىگە نىسبەتەن كۈن نۇرى، ساپ ۋە سالقىن ھاۋاسىز
ھايات ئۇلارنىڭ جىسمانىي ھەم روھىيىتىگە مۆلچەرلىگۈسىز مەن-
پىي تەسىر ئېلىپ كېلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا بىنا رايونىدىكى ئاھا-
لىلەرنىڭ تۇرمۇشىغىمۇ نۇرغۇن نورمالسىزلىقلارنى كەلتۈرىدۇ.
بالىلارنىڭ توپلىشىپ ئازادە ۋە بىخەتەر ئوينىشى، ئائىلە باشلىق-
لىرىنىڭ بازارلاردىن نەرسە - كېرەك سېتىۋېلىشى، قېرى - چۆ-
رىلەرنىڭ نورمال تۇرمۇشى (بىنالاردىن بىمالال چىقىپ - چۈشۈ-
شى) قىيىنلىشىدۇ. ئومۇمەن، نۆۋەتتىكى نوپۇس بىلەن زېمىن باي-
لىقى ئوتتۇرىسىدىكى تەتۈر تاناسىپلىق مۇناسىۋەتنى ھەل قىلىش
ئېھتىياجىدىن كېلىپ چىققان ئىمارەتلەرنىڭ يۇقىرى قەۋەتلىشىشى
ئادەم بىلەن ئادەم، ئادەم بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت-
نى يىراقلاشتۇرىدۇ. بۇ، تەبىئەت قانۇنىيىتىگە، ئادەمگەرچىلىككە
خىلاپ قىلىش بولۇپ، ئۇ، ئىنسانلار مەنىۋىيىتىنى بەلگىلىك دە-
رىجىدە چۈشەپلا قالماستىن، بەلكى بەختسىزلىككە ئىتتىرىدۇ.

ھازىرقى شەھەرلەرنىڭ فۇنكسىيەسى ئۆزگىرىپ، يۇقىرى
ئىستېمال ۋە پۇلپەزلىكتە ئەۋجىگە يەتتى. ھازىرقى چوڭ شەھەر-
لەر مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا يول تېپىپ زەپەر قۇچقۇچىلارنىڭ
جەننىتى، مەغلۇپ بولغۇچىلارنىڭ دوزىخىغا ئايلىنىپ قالدى. ئىق-
تىساد ئۇقۇمىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى بايلارنىڭ تېخىمۇ كۆپ پۇلغا

ئېرىشىشى، تېخىمۇ باي بولۇشىدىن دېرەك بېرىدۇ. «ھەقىقىي شەھەر جەننەت بىلەن دوزاخنىڭ بىرىكىشىدۇر. ئۇ زەيەر قوچۇپ نام قازانغۇچىلارنىڭ پائالىيەت سەھنىسى، شۇنداقلا يەنە چىرىكلىشىپ نامى بۇلغانغانلارنىڭ قەبرىستانلىقى»[1]غا ئايلىنىشى مۇمكىن. شەھەرلەر شۇنداق جايكى، ئۇ يەردە پۇل ۋە نوپۇز بار بولسىلا ھەرقانچە ئاچ كۆز ئادەم بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئارزۇ - ھەۋىسى قاندۇرۇشقا ئېرىشەلەيدۇ. ئادەملەر ئۆزىنىڭ بۇ خىل ھايۋايى - ھەۋەس، ئىستىكىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن بەزىدە ۋاڭ - چۇڭ ۋە جېدەل - ماجىرا تېرىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئاتموسفېرانى بۇلغاش، دەريا - ئېقىنلارنى بۇلغاش، مەنپەئەتپەرەسلىك ۋە ھايانكەشلىككە بېرىلىش، چىرىكلىشىش، ساختىلىق، قويمىچىلىق قاتارلىق ئىللەتلەرگە پېتىپ قالىدۇ. بىز دائىم ئاغزىمىزدىن چۈشۈرمەيدىغان ئىقتىسادىي ئۈنۈم ۋە نوقۇل بازار ئۇقۇمىدىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ ئىستېمال نىقابىدىكى ماددىي تەرەققىيات پەلسەپىسى يوللۇقتەك قىلسىمۇ، لېكىن بۇخىل مۇرەككەپ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت، جەمئىيەتنىڭ ئۇنىۋېرسال تەرەققىياتى ۋە ساغلام راۋاجلىنىشىنى چىقىش قىلغاندا ئۇ كىرىزىسنىڭ مەنبەسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

زامانىۋى شەھەرلەر تەرەققىيات ۋە ئۆزگىرىش ھالىتىدە تۇرغاچقا، بۇ يەردە ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت سۇسلىشىش بىلەن بىللە، كىشىلەرنىڭ ئىلگىرىكى مەرد، باتۇر خاراكتېرى سۇسلىشىپ بارىدۇ. رىقابەتلىك تۇرمۇش رىتىمىنىڭ تېز بولۇشى سەۋەبلىك كىشىلەردىكى تۇغقانچىلىق مېھرى ۋە ئۆزئارا ھېسداشلىق ئاجىزلىشىدۇ. ئائىلە ئىقتىسادىي يۈكى، يۇقىرى ماددىي ئىستېمال ۋە مودا قوغلىشىش قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، كىشىلەر ئارىسىدىكى

---

① شاڭخەي فۇكا ئىقتىساد تەتقىقات ئورنى «ئىقتىسادىي ئالدىنقى شەرتنى تۈگىتىش»، شۆلىن نەشرىياتى 2005 - يىلى خەنزۇچە نەشرى 176 - بەت.

ئۆزئارا يېقىنچىلىق ۋە دوستانىلىك تۇيغۇسى ئاجىزلىشىپ بارىدۇ. چۈنكى چوڭ شەھەرلەر يۇقىرى ئۈنۈمنى ئەڭ چوڭ كۆرسەتكۈچ، رىقابەتنى ئاساسىي ۋاستە قىلىپ كۆپىنچە ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈنلا ئىزدىنىشنى مەقسەت قىلغان بولغاچقا، بۇ خىل مۇھىتتا ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە بارغانسېرى قولايلاشسىمۇ، لېكىن قەلبلەرنىڭ ئۆزئارا تۇتىشىشى ۋە مۇھەببەت تۇيغۇسى جىددىي رىتىم ئىچىدە بارغانسېرى سۇسلىشىدۇ. كىشىلەر ئارىسىدىكى بېرىش - كېلىش بارغانسېرى كېڭەيسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ھەقىقىي دوستلۇق ۋە مېھىر - مۇھەببەت بارغانسېرى سۇسلىشىدۇ.

نوقۇل ماددىي پاراۋانلىق مەنىۋى بايلىقنىڭ ئورنىنى باسالىشى ناتايىن. شەھەر تۇرمۇشى يۇقىرى كىرىم، يۇقىرى ئىستېمال، يۇقىرى ئورۇن، يۇقىرى تېخنىكا، يۇقىرى ئۈنۈم، يۇقىرى زىچلىق قاتارلىق بىرقانچە خىل يۇقىرى ھالەت ئارقىلىق ئادەملەرنىڭ ئارزۇ - ئىستىكىنى غىدىقلايدۇ، ئادەمنىڭ ئىقتىدارىنى سوراق قىلىدۇ. شۇنداقلا ئادەمنىڭ ئۆز - ئۆزىگە بولغان مەنىۋى ئىشەنچىسىگە تەھدىت سالىدۇ. غايە بىلەن رېئاللىق، ئىستەك - خاھىش بىلەن قابىلىيەتنىڭ پەرقى ئىچىدە ئادەم ئۆزىنى سەزمىگەن ھالدا كەينىگە چېكىنىدۇ. بارغانسېرى ئۆزىنى تۆۋەن كۆرۈش تۇيغۇسى شەخسنىڭ قايتا قەددىنى رۇسلىشىغا ئىمكان بەرمەيدۇ. رىقابەت ئېڭىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ ئادەملەردىكى نوقۇل ئىقتىسادىي پايدا - زىيان، ھېسابات ئېڭى بارغانسېرى ئېشىپ بارغانلىقتىن، ئۇلار ئۈچۈن زۆرۈر بولغان مۇھەببەت، دوستلۇق خاھىشى ۋە باشقىلارنى سۆيۈش ئىقتىدارى نىسپىي ئاجىزلىشىدۇ. شەھەرلەردە ئادەملەرنىڭ كۆپىنچىسى باشقىلار تەرىپىدىن سۆيۈلۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ، ئەمما ئۇلاردا ئىقتىسادىي رىقابەت ۋە بېسىم سەۋەبلىك ھەقىقىي سۆيۈش ئىقتىدارى كەمچىل بولغاچقا، سۆيۈش - سۆ-

يۇلۇش بەزىدە ھەقىقىي ئەمەلگە ئاشمايدۇ. شەھەر تۇرمۇشىدا كۆپ خىل كۆڭۈل ئېچىش، ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش تېخنىكا مۇلازىمىتى ئارقىلىق قولايلاشقان بولسىمۇ، لېكىن ئىنسانلار زىيادە زىچ توپلاشقانلىقتىن، ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى سەمىمىيلىك، دوستانە ئالاقە بەزىدە ئۆز زۆرۈرىيىتىنى يوقىتىپ قويىدۇ. رىقابەتنىڭ كۈنسېرى كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مەنپەئەت توقۇنۇشىمۇ كۈنسېرى ئۆتكۈرلىشىپ، كىشىلەر ئارىسىدىكى ئۆزئارا غەمخورلۇق، ھېسداشلىق ھەمدە شەخسىيەتسىز ھەمكارلىق، ئۆزئارا ھەمدەملىك ۋە دىلكەشلىك مۇناسىۋەتتى بارغانسېرى ساغلام گۈللىنىشكە ئامالسىز قالىدۇ.

مەنىۋىيەت — ھاياتلىقنىڭ جان تومۇرى. ئاق كۆڭۈل، مەردانە ۋە سەمىمىي پىسخىكىلىق ئېھتىياج بولسا كىشىلەر ئارىسىدىكى دىلخەستەلىك ۋە ئاداۋەت تۇگۈنلىرىنى يېشىدۇ. چىنلىق، گۈزەللىك ۋە ياخشىلىققا ئىنتىلىش ئىنساننىڭ ماھىيىتى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئۆز ـ ئۆزىگە قايتىشى بولۇپلا قالماستىن، يەنە ئاشۇ شەخسنىڭ ئۆز ـ ئۆزىگە يېقىنلاشقانلىقى، شۇنداقلا ئۇنىڭ مۇستەھكەم بىخەتەرلىك تۇيغۇسى ۋە مېھرىبانلىققا قايتىش تۇيغۇسىنىڭ ئىپادىسىدۇر. لېكىن، جەمئىيەتتىكى تۈرلۈك دەرىجە تۈزۈملىرى، توختام ماددىلىرىنىڭ چەكلىمىسى ئاستىدا نام ـ ئابرۇي، مەنپەئەت، ھوقۇق ـ ئىمتىيازلارنىڭ ئېزىقتۇرۇشى، شۇنداقلا زىيادە زېرەكلىك، قاقباشلىق، پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىش كەيپىياتىنىڭ قىستىشى ئاستىدا كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئاڭلىق ياكى ئىستىخىيەلىك ھالدا ئۆزلىرىگە بىر يۈرۈش ياكى كۆپ خىل كىشىلىك قەدىر ـ قىممەت نىقابلىرىنى تارتىۋېلىشىدۇ.

شەھەرلەردە ئادەملەردىكى ئۆزلۈك ئېڭى ۋە ھەممىدە ئۆزىنى مەركەز قىلىش خاھىشىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ ئۇلاردىكى

ئەسلىدە خىرە مەۋجۇت بولغان ھەۋەس ۋە تەشنالىق ئۇرغۇپ تاشىدۇ. كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى سەل قارىلىش، نوقۇل ئىمتىيازنىڭ بېسىمىغا ئۇچراش ياكى كەمسىتىلىش ھالەتلىرى، ئادەملەر ئارىسىدىكى ئىشەنچ، ئەقىدە كىرىزىسى، بازار ئىگىلىكى جەريانىدا ھەر ۋاقىت ئۇچراپ تۇرىدىغان تۈرلۈك قاپقان - تۇزاقلار ئۇلاردا بىر تەرەپتىن مۇشۇ خىل جىددىيلىك ئىچىدە باشقىلارنى سىقىپ چىقىرىش، يەنە بىر تەرەپتىن يەككە - تەنھا ۋە جىمجىتلىق ئىچىدە ياشاشقا ئىنتىلىدىغان خاراكتېرنى يېتىلدۈرۈشى مۇمكىن. شەھەر تۇرمۇشىدا كىشىلەردىكى ماددىي تۇرمۇش ھەلەكچىلىكى ئىچىدە بېسىلىپ قالغان پىسخىكىلىق ئېھتىياج كۆپىنچە تۇرمۇشنىڭ جىددىيلىكى سەۋەبلىك رېئاللىقتىن مەنىۋى تايانچ تاپالمايدۇ، نەتىجىدە، كىشىلەر تور دۇنياسىغا يۈزلىنىپ ۋاقىتنى ئۆتكۈزىدۇ. بۇ ھال ياش - ئۆسمۈرلەردە تېخىمۇ گەۋدىلىك بولماقتا. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار تېخىمۇ بىچارە ياشاپ، نۇرغۇن تەبىئىي نەرسىلەردىن مەھرۇم قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئادەملەرنىڭ ئىستەك - خاھىشىمۇ تەبىئىي بوشلۇق ۋە كەڭ ماكاندىن ئايرىلىپ قورۇق نەرسىلەر ياكى رەڭگارەڭ مودا قوغلىشىدىغان ماددىي ئىستېمال، ئىستەك - ھەۋەس بويىچە ياشايدىغان ساختا بوشلۇققا تايىنىدۇ. ئۇلار ئاخىر مۇشۇ قورۇق نەرسىلەرگە باغلىنىپ ئىز - نىشانسىز قالىدۇ. نېمە ئۈچۈن چوڭ شەھەرلەردە ياش - ئۆسمۈرلەر ئارىسىدا چۈشكۈنلىشىپ ئۆمىدسىزلىنىدىغان، ئۆز - ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالىدىغانلار كۆپ بولىدۇ؟ چۈنكى ئۇلاردىكى ساغلام ھايات ئېڭى ۋە توغرا قىممەت قارىشى ماددىي پاراۋانلىقنىڭ چەكلىمىسى بىلەن نورمال يېتىلمىگەن. مانا بۇلار زامانىۋى شەھەر تۇرمۇشىدىكى كىشىلەرنىڭ قولاي تۇرمۇش شارائىتى ئىچىدىكى قىياپىتى، مۇرەككەپ قىسمىتى ۋە ھەسرىتىدۇر.

يازغۇچى مۇھەممەت باغراش «يۇرەكتاغ»، «ئاپپاق ئېچىلغان سۆگەنگۈلى» قاتارلىق پوۋېست ـ ھېكايىلىرىدە، مەمتىمىن ھوشۇر «ئالتۇن چىشلىق ئىت»، «قىرلىق ئىستاكان»، «چوشقىلارغا بايرام» قاتارلىق بىر يۈرۈش ھېكايىلىرىدە، خالىدە ئىسرائىل «ئورىىتا» ناملىق پوۋېستىدا شەھەر تۇرمۇشى، ئەنئەنە ۋە ئېكولوگىيەلىك كىرىزىسنى فوكۇس نۇقتىسى قىلغان ھالدا زامانىۋى شەھەر تۇرمۇشىنىڭ بىمەنىلىكى ۋە ئۇنىڭ مەنىۋى ئىللەتلىرىنى قامچىلىغان. مەنىۋىيەت ئىنسان تۇرمۇشىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى، شۇنداقلا تۈپ قىممەت نىشانىدۇر. ئاڭلىق ئىرادە، ئېتىقاد، ئىشەنچ، سۆيگۈ ۋە سەمىمىي ساداقەتنىڭ پاناھلىقىدىن ئايرىلغان تۇرمۇش نورمال تۇرمۇش ھېسابلىنىشى ناتايىن، ئىنسان مەنىۋى پاناھلىقتىن ئايرىلغاندا ئۆزىنىڭ بېسىم، زېرىكىشلىك ۋە قۇرۇق، مەنىسىز ھالىتىنى ئاشكارىلايدۇ. ئىتالىيەلىك رەسسام ئامبېرتو بوسئونى «شەھەرلەر يۈكسىلىۋاتىدۇ» ناملىق ئەسىرىدە ئىنسانلارنىڭ ئەقىل كۈچى ۋە تىنىمسىز يۇقىرى سەۋىيە قوغلىشىشىنى تەنقىدلەپ مۇنداق دېگەن: «شەھەرلەر يۈكسەلمەكتە. ئىنسانلارنىڭ ماددىي نەرسىلەرنى ياساش ماھارىتىمۇ ئاشماقتا، مۇشۇ يوسۇندا ئاشقانسېرى يەنىمۇ ئېشىپ بارىدۇ. ئىشلىتىلگەن پولات چىۋىق، تاش ـ سېمونت، ئەينەك قاتارلىق ماتېرىياللارغا لىق تولۇپ كەتكەن سۈنئىي شەھەر ۋە سۈنئىي ماكانلار ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ تەبىئىيلىكتىن يىراقلىشىۋاتقان قۇرۇق سۆلەتۋازلىقى، ھاكاۋۇرلۇقىنىڭ بەلگىسى بولۇپ، ئۇلار ئۆرلەۋېرىپ ئاخىر تەڭرى دەرگاھىغا يەتمەكچى.»

گېرمانىيەلىك جېئورگ سىمىل (1858 ~ 1918) «چوڭ شەھەر ۋە مەنىۋى تۇرمۇش» ناملىق ماقالىسىدە مۇنداق دېگەن: «چوڭ شەھەرلەردىكى مەنىۋى تۇرمۇش كىچىك شەھەرلەردىكى بىلەن

ئوخشاشمايدۇ. كىچىك شەھەرلەردىكى مەنىۋى تۇرمۇش ھېسسىي ۋە سەزگۈ مۇناسىۋەتتى ئۈستىگە قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇ شەخس ياكى كوللېكتىپنىڭ ئىستىخىيەلىك ئاڭسىز تۇپرىقىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتقان. ئەمما چوڭ شەھەرلەردىكى مەنىۋى تۇرمۇش بولسا ئەقلىيلىك مۇناسىۋەتتى ئۈستىگە قۇرۇلغان. بۇ چوڭ مېڭە پوستلىقىدا كېيىنرەك پەيدا بولغان ئىقتىدار بولۇپ، ئۇ چوڭ مېڭىنىڭ ئەڭ ماسلىشىشچان ئىقتىدار قاتلىمىغا ئىگە. بۇ قاتلامنىڭ پائالىيىتى ئىنساننىڭ بازار ئىگىلىكىگە ماسلاشقان تۇرمۇشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك، شۇنداقلا يەنە چوڭ شەھەردىكى تۇرمۇش بىلەن باغلىنىشلىق.»[1] شەھەر تۇرمۇشى ۋە ئۇنىڭ زىيادە ئىستېمالغا بېرىلىش كېسىلى كىشىلەرنىڭ ئىستەك ـ خاھىشىنى ئۆستۈرۈپ، ئۇلارنىڭ بەخت تۇيغۇسىنى ئاددىيلاشتۇرىدۇ ياكى ئۇنى قايمۇقتۇرىدۇ، ھەتتا ئىنسان مەۋجۇتلۇقىنىڭ ھەقىقىي مەنىۋى قىممىتىنى سۇسلاشتۇرىدۇ.

ئادەتتە، «شەھەر» دېگەن بۇ سۆز تىلغا ئېلىنسا كۆز ئالدىمىزدا ئاۋات، باي، قولايلىق، مودا، مەدەنىي، كوچىلىرىدا تەكشى ۋە رەتلىك ئۆسكەن دەرەخلەر، ھەيۋەتلىك بىنالار قەد كۆتۈرگەن، رەڭگارەڭ چاقناپ تۇرغان چىراغلار، مودېللار كۆزنى چاقناتقان مەنزىرە نامايان بولىدۇ. شەھەرلەردە شۇنچىۋالا كۆپ ئېسىل نەرسىلەر بار. شەھەرلىكلەر مۇشۇ ئېسىل نەرسە ۋە ئېسىل مۇھىتقا ئېرىشىش ئۈچۈن ناھايىتى كۆپ ئەندىشە ھەم ھېساباتنى بەدەل قىلىشىمۇ، لېكىن بۇ يەردە كىشىلەر بۇنداق ئېسىل نەرسىلەردىن ئانچە كۆپ بەخت تۇيغۇسى ھېس قىلىشماسلىقى مۇمكىن، شۇنداقلا ئۇلار باشقا نۇرغۇن نەرسىلەر، تىنچ ـ خاتىرجەملىك، شاد ـ خۇراملىق، سەممىيلىك، پاكلىق قاتارلىقلاردىن ئايرىلىپ قالىدۇ. ئەكسىچە ئۇلارنىڭ ئېرىشىدىغىنى پەقەتلا جىددىيلىك، غەم ـ تەشۋىش ۋە چارچىغان روھىي ھالەتلەردىن ئىبارەت.

ساناﺋەت ئىنقىلابىنىڭ قەدىمىگە ئەگىشىپ تاۋار ئىشلەپچىقىرىشى ۋە سودا ئالماشتۇرۇش تېز سۈرئەتتە راۋاجلاندى. زامانىۋى شەھەرلەرمۇ مۇشۇ ئاساستا گۈللىنىشكە ئېرىشتى. بۈگۈنكى شەھەرلەر تارىختىكى تەبىئىي شەكىللىنىپ گۈللەنگەن شەھەرلەرگە ئوخشىمايدۇ. ئۇلار پۈتۈنلەي سودا ۋە پايدىنىڭ يېتەكلىشى ئاستىدا بولۇپ، پەن ۋە تېخنىكىدىن پايدىلىنىش ئاساسىدىكى سودا پىرىنسىپى شەھەرلەرنىڭ ھەربىر بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغىچە سىڭگەن. شەھەرلەردە كىشىلەرنىڭ ھاياتلىق شارائىتى شەخسلەرنىڭ ئىستەك - ھەۋىسىنى زور دەرىجىدە قاندۇرۇشنى ئاساسىي نىشان قىلىدۇ. ئىنسانلار ئىشلەپچىقارغان تېلېفون، تېلېۋىزور، كومپيۇتېر، ماشىنا، ئىستېرېئولۇق كۆۋرۈك، يەر ئاستى تۆمۈريولى، تاللا بازارلار، بەزمىخانا قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى بۇنىڭ ۋاسىتىسىدۇر. شەھەرلەردە كىشىلەر ھەر خىل ئۇچۇرلارنى تېز قوبۇل قىلىپ تارقىتىپ تۇرىدۇ. خەلق تۇرمۇشىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ھۆكۈمەت دوكلاتى، ئەمەلدارلارنىڭ ۋەزىپىگە تەيىنلىنىشى، چولپانلار ھەققىدىكى خەۋەرلەر، يىراق - يېقىندىكى يېڭىلىقلار ۋە تۈرلۈك ئاپەتلەردىن خەۋەردار بولۇپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆز - كۆز قىلىدىغىنى پۇل، ئۇلارغا يېقىملىق ۋە گۈزەل بىلىنىدىغىنى چىرايلىق، نەپىس ۋە قىممەت باھالىق نەرسىلەر، ئۇلارنى ئەڭ كۆپ مەپتۇن قىلىدىغىنى ھوقۇق - مەرتىۋە، ئۇلارغا ئەڭ ھۇزۇرلۇق بىلىنىدىغىنى راھەت - پاراغەت. شەھەرلەردە كىشىلەر رەڭگارەڭ نەرسىلەرنىڭ ئېزىقتۇرۇشى تۈپەيلى ئۆزلىرىنىڭ ئىستەك - ھەۋەسلىرىنى بىر - بىرلەپ قاندۇرۇشقا تىرىشىپ، بىر تەرەپلىمە ھالدا ئۆزلىرىنىڭ ماددىي ئىستېمال ھەۋىسىنىڭ پەلەمپىيىگە يامىشىشقا مەجبۇر بولىدۇ.

ئېكولوگىيە ئىلمىغا ئاساسلانغاندا، ئادەم تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھاياتلىق ئايلانما سىستېمىسىنىڭ بىر ھالقىسى، ئىنساننىڭ

جىسمى ۋە روھىدىمۇ خۇددى تەبىئەتتىكى تۈرلۈك شەيئىلەرگە ئوخشاش ئېكولوگىيەلىك تەڭپۇڭلۇقنى تەڭشەش ئامىلى مەۋجۇت. بۇ خىل تەبىئەت، جەمئىيەت ۋە روھتىن قۇرۇلغان يەر شارى ئېكولوگىيە سىستېمىسىدا ھەرقانداق بىر ھالقىدا يۈز بەرگەن زىيادە ئېشىش، كۆپتۈرۈشلەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇ سىستېمىنىڭ مۇقىم ۋە ساغلام ئايلىنىشىغا چەكسىز ئاپەت ئېلىپ كېلىدۇ. بۇ يەردە ئەڭ قورقۇنچلۇق بولغىنى ھازىر بىز ئىنسانلارنىڭ كۆز ئالدىمىزدا ئۈچ قاتلاملىق ئېشىش ئاللىقاچان نامايان بولدى. بۇلار تەبىئەتتە ئىسانلاردا نوپۇسنىڭ كۆپىيىشى، جەمئىيەتتە شەھەر - بازارلارنىڭ كۆپىيىشى، روھىيەتتە ئەنئەنىۋى ئەقىدە سۇسلىشىپ، ئارزۇ - ھەۋەس ۋە نەپسىنىڭ ئېشىشى. مانا بۇ خىل توختاۋسىز ئېشىش - كۆپىيىش ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ نۆۋەتتىكى قىيىنچىلىق ۋە كىرىزىسىنى شەكىللەندۈرگەن ئاساسىي ئامىلدۇر. بۇنىڭ ئىچىدە شەخسىي ئارزۇ - ھەۋەسنىڭ ئېشىشى ئەڭ ئېغىر مەسىلە بولۇپ قالدى. ئىتالىيەلىك يازغۇچى كالۋېنو «كۆرۈنمەس شەھەر» ناملىق كىتابىدا «شەھەر ئارزۇ - ھەۋەس ھەم ۋەھىمە ئىچىدە غالجىرلارچە ئۆرلىگەن خىيالدۇر»① دەپ كۆرسەتكەن. ئىنسانلار يىراق قەدىمكى دەۋرلەردە ئىپتىدائىي ئورمانلىق ۋە غار - ئۆڭكۈرلەردە ياشىغان مەزگىللەردىن تارتىپلا ئارزۇ - ھەۋەسنىڭ دەرۋازىسىنى قاققان. بۇ ھال ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋائانىنىڭ ئۆز قىلمىشى سەۋەبلىك جەننەتتىن قوغلىنىش قىسسىسىدە ناھايىتى جانلىق ئىپادىلىنىدۇ. شۇنداقلا يەنە دەل رېئال دۇنياغا بولغان مۇشۇ خىل ئارزۇ - ھەۋەس ئىنسانلارنىڭ ئىپتىدائىي تۇرمۇش مۇھىتىدىن ئايرىلىشىغا تۈرت-

---

① ليۇ شۇيۈەن: «ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكىنىڭ دائىرىسى»، شەرقىي جۇڭگو پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2006 - يىلى خەنزۇچە نەشرى 132 - بەت.

كه بولغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تەدرىجىي ھالدا تەبىئەتتىن ئايرى-
لىپ، تەبىئەتنىڭ تۈرلۈك تەھدىتلىرىدىن ئۆزلىرىنى قوغداشقا
يۈزلەندۈرۈپ، ئۇلارنى دۇنيادىكى ھازىرقىدەك بىردىنبىر ئالىي
مەخلۇقلۇق سالاھىيىتىگە ئېرىشتۈرگەن. ئىنساندىكى مۇشۇ خىل
بىردىنبىر تەڭداشسىز ئۇلۇغلۇقنىڭ تەدرىجىي كۈچىيىشىگە ئە-
گىشىپ، ئۇلار ھازىرقى زامان مەدەنىيلىكىگە كىرگەن. ئۇلارنىڭ
ھاياتلىق مۇھىتىمۇ ئىلگىرىكى ئاددىي كەپە - ساتمىلاردىن ھازىر-
قى زامانىۋى ئۆيلەر ۋە تاغدەك بىنالارغا تەرەققىي قىلغان. ماددىي
مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ زامانىۋى شەھەرلەردىكى ھا-
ياتلىق مۇھىتىنىڭ مۇستەھكەملىكى ھەرقانداق تاشقى بېسىمغا
بەرداشلىق بېرەلىگۈدەك دەرىجىدە پۇختا بولغان. ئەمما بۇ خىل
تاشقى پۇختىلىق ئىچكى ئاجىزلىقنى يوشۇرۇپ قالالمايدۇ، بەلكى
ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ ئىچكى مەنىۋى ئاجىزلىقى سەۋەبلىكلا مۇ-
شۇنداق مۇستەھكەم بىنالارنى سېلىشقا موھتاج بولغان بولۇشى
مۇمكىن. چوڭ شەھەردىكى كىشىلەر توپىنىڭ ئۈزۈكسىز كۆپىيى-
شى ۋە كېڭىيىشى كىشىلەردە باشقىلاردىن خەۋپسىرەش تۇيغۇسىنى
شەكىللەندۈرىدۇ. مۇشۇ خىل يېڭى ۋەھىمە ۋە ئەنسىزچىلىكتىن
ئۆزىنى قاچۇرۇش ئۈچۈن ئىنساندا يەنە يېڭىچە ئارزۇ - ئېھتىياج
تۇغۇلىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئىنسانلار ئۈزۈلمەستىن ئۆز - ئۆزىنى
دالدىغا ئېلىش ۋە ئۈزۈكسىز يېڭىدىن بارلىققا كەلگەن ۋەھىمە ھەم
ئېھتىياجنىڭ ھەلەكچىلىكىدە توختاۋسىز ھەرىكەت قىلىدۇ. ئەن-
ئەنىۋى تۇرمۇشىمىزدىكى قولۇم - قوشنىلار ئارىسىدىكى ئادەم-
گەرچىلىك، ئۆزئارا ئىشەنچ بىلەن بۈگۈنكى ئامېرىكا ۋە غەرب ئەل-
لىرىدىكى شەخسلەرنىڭ قورال ئېلىپ يۈرۈشى، ھەتتا بىرەرسى
ئۇقۇشماي قورۇسىغا كىرىپ قالسا، ئۇلارنى قورال كۆتۈرۈپ چە-
قىپ ئاگاھلاندۇرۇپ قورقۇتۇش ھادىسىلىرىنى ئۆزئارا سېلىشتۇ-

رىدىغان بولساق، ماھىيەتلىك پەرقنى تاپالايمىز. شەھەرلەرنى قاپ-لىغان توختاۋسىز زامانىۋىلاشتۇرۇش، مودا قوغلىشىشتەك بۇ يامان چۇش ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ يېقىنلىقى ۋە مۇناسىۋىتىگە توسقۇن-لۇق قىلىدۇ. شۇڭا ھاياتلىقتا ئىنسانلارنىڭ ئۆز جىسمىنى مۇھا-پىزەت قىلىش ۋە ئۆز - ئۆزىنى قايتا قۇرۇش جەريانىدا قىممەت قارىشىدىكى بىنورماللىق سەۋەبلىك ئۆز مەنىۋى ماكانىدا يوقاتقان-لىرى ناھايىتى كۆپ بولدى.

ھازىرقى زامانىۋى شەھەرلەردە سودا، تاۋار، ماركا، ئىستېمال ھېرىسمەنلىكى، پايدا - مەنپەئەت، سالاھىيەت قارىشى قاتارلىقلار-نىڭ تەسىرىدە كىشىلەرنىڭ ئارزۇ - ھەۋەس ۋە ماددىي ئېھتىياجى بارغانسېرى كۈچىيىۋاتىدۇ. ئەمما بۇ خىل ئارزۇ - ھەۋەس، مەنپە-ئەتپەرەسلىك كۈچەيگەنسېرى مەۋجۇتلۇقنىڭ مەنىۋى قىممىتى ۋە ئەھمىيىتى بارغانسېرى ئاجىزلاشماقتا. بۇ نۇقتا يازغۇچى مەمتى-مىن ھوشۇرنىڭ «ئالتۇن چىشلىق ئىت»، «چار خوراز» قاتارلىق بىر يۈرۈش ھېكايىلىرى، توختى ئايۇپنىڭ «بۆرە ئانا» رومانى قا-تارلىق ئەسەرلەردە جانلىق، ھەتتا تىراگېدىيەلىك تۈستە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. رىقابەتكە تولغان شەھەر تۇرمۇشىدا كىشىلەر جان - جەھلى بىلەن پۇل تېپىشقا، ئۇنۋان ياكى ھوقۇق قاتارلىق باشقا گۈزەل نەرسىلەرگە، ياكى راھەتكە ئېرىشىشكە تىرىشىدۇ. كىشىلەر مۇشۇنداق تىرىشىپ تېخىمۇ كۆپ نەرسىلەرگە ئېرىشىش ئارقىلىق ئۆز - ئۆزىنى كۆز - كۆز قىلىشىدۇ. كىشىلەر مەلۇم بىر ئادەمنىڭ قىممىتىنى ئۆلچىگەن ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئىگىلىگەن نەرسىسىگە ئەھمىيەت بېرىدۇ. شەھەرلەردە بىر ئادەمنىڭ قىممىتى كۆپىنچە شۇ كىشى ئىگىلىگەن ماددىي نەرسىنىڭ قىممىتىنىڭ قانچىلىك-لىكى ئارقىلىق بېكىتىلىدۇ. شۇڭا ئىستېمالچىلىق كۆزقارىشى بويىچە ئېيتقاندا، ھازىرقى زاماننىڭ ئىستېمالىنى مەلۇم بىر ئا-

دەمنىڭ ئۆزى شەخسىي ئىگىلىگەن ۋە ئىستېمال قىلغان نەرسە-لىرى شۇ كىشىنىڭ مەۋجۇتلۇقىدۇر، دېگەن فورمۇلا ئارقىلىق ئىپادىلەشكە بولىدۇ.

ئوبيېكتىپ دۇنيادىكى ھەرقانداق بىر ھەقىقىي مەۋجۇتلۇق فىزىكىلىق ئېھتىياجدىن سىرت يەنە بىخەتەرلىك ئېھتىياجى، تە-ۋەلىك ئېھتىياجى، ھەرىكەتلىنىش ئېھتىياجى، قەدىرلىنىش -سۆيۈلۈش ئېھتىياجى، ئۆز - ئۆزىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئېھتىياجى قاتارلىقلارغا ئىگە. لېكىن نوقۇل ئىستەك - ھەۋەس ۋە ماددىي ئىستېمالچىلىق ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان تۇرمۇش مۇھىتىدا بىز ھەسرەت ئىچىدە شۇنى بايقايمىزكى، «ۋەھىمە ۋە تىنچسىزلىق تۇي-غۇسى بىزنىڭ سۆيگۇ ئىقتىدارىمىزنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ ياكى خو-رىتىدۇ. مەسىلەن، كىچىك بالا دەسلەپتە ئاتا - ئانىلارغا ھېچقانداق بېسىم ياكى ۋەھىمە كەلتۈرمىگەنلىكى ئۈچۈنلا ئۇ بىزگە شۇنچە سەبىي ۋە ئوماق بىلىنىدۇ. ئەگەر بالىمىز چوڭ بولغانسېرى ئۇنىڭ بىزگە ئېلىپ كېلىۋاتقان روھىي بېسىمىدىن ئەنسىرىسەك ۋە غەم قىلساق، ئۇ ھالدا ئۇ بالا بىزگە بۇرۇنقىدەك سەبىي، ئوماق كۆرۈن-مەس بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. ئۇنىڭغا پەقەت ئاتا - ئانىلىق مەج-بۇرىيىتىمىزنى ئادا قىلىش ئۈچۈنلا كۆيۈنۈشىمىز مۇمكىن.»[1] ئىجتىمائىي ھاياتتا تەبىئىيلىكتىن چەتنىگەن بىر تەرەپلىمە تە-رەققىياتمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش.

زامانىۋىلىق ۋە يۇقىرى پەن - تېخنىكا ئىنسانلارنىڭ ئىشلەپ-چىقىرىش، تۇرمۇشىغا نۇرغۇن قولايلىقلارنى ئېلىپ كېلىش بىلەن بىللە، يەنە زىيادە مەنپەئەتپەرەسلىك، راھەتپەرەسلىك، ئەنئەنىلەر-

---

[1] ليۇ شۈيۈەن: «ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكىنىڭ دائىرىسى»، شەرقىي جۇڭگو پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2006 - يىلى خەنزۇچە نەشرى 135 - بەتلەر.

دىن ۋاز كېچىپ ئۆز ـ ئۆزىنى مەركەز قىلىپ باشقا تۈرلەر ۋە ئۆزگىلەرنى چەتكە قېقىش خاھىشىنىمۇ شەكىللەندۈردى. يەنە بىر تەرەپتىن، پەن ـ تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى تەكشى ۋە تۈز سىزىقلىق يۆنىلىشتە بولسىمۇ، لېكىن جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى ۋە مەدەنىيەتنىڭ ئىلگىرىلىشى ئۇنچىۋالا ئاددىي بولمايدۇ. بەلگىلىك زاماندا جەمئىيەت مەلۇم جەھەتتىن ئالغا ئىلگىرىلىسە، باشقا جەھەتتە، بولۇپمۇ مەنىۋىلىكتە ئالغا ئىلگىرىلىمەسلىكى، ھەتتا يېڭى زىددىيەت ـ مەسىلىلەردىن خالىي بولالماسلىقى مۇمكىن. ئىنسانلار جەمئىيىتى تەرەققىياتى ھامان تۈرلۈك زىددىيەت ۋە كىرىزىسلاردىن مۇستەسنا ئەمەس.

شەھەر ـ بازارلاشتۇرۇش نۆۋەتتىكى زامانىۋىلىشىش ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ مۇقەررەر چىقىش يولى ھەمدە ئومۇمىي يۈزلىنىشى بولۇپ قالدى، شۇڭا ئۇنى چەكلەش ۋە توسۇۋېلىش مۇمكىن ئەمەس. ئەمما بۇ يەردىكى مۇھىم نۇقتا شەھەرلىشىشنى قايسى خىل ئەندىزە ۋە قانداق سۈپەتتە ئېلىپ بېرىش، راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئۆز ئۈستىگە ئالغان تارىخىي ۋەزىپىسى مۈشكۈل، مەنزىلى ئۇزۇن. شەھەرلىشىشنىڭ توغرا بولغان چىقىش يولى پەقەت ساغلام ئەخلاق ۋە قىممەت قارىشىغا ئىگە بولغان مەدەنىيلىكنى بەرپا قىلىشتا. بۇنىڭ ئالتۇن ئاچقۇچى يەنىلا بىز ئىنسانلارنىڭ قولىدا. ئىنسانلاردا قانداق سۈپەتتىكى ئىچكى ئېكولوگىيە (روھىيەت) بار بولغان بولسا، شۇنىڭغا ماس بولغان تاشقى ئېكولوگىيە (مۇھىت، ماكان) بار بولغان بولىدۇ. يەنى ئىنساننىڭ روھىي دۇنياسى پاك، بىغۇبار بولسا، ئۇنىڭ مۇھىت ماكانىمۇ ساغلام بولىدۇ. مۇھىتنىڭ ساغلام ۋە گۈزەل بولۇش ـ بولماسلىقى ئىنسانلارنىڭ روھىيىتى، نىيىتى ۋە ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىدە. مەھمۇد كاشغەرىي مۇنداق دېگەن: «سارت

(سودىگەر)نىڭ ئوزۇقى ھالال بولسا يولدىمۇ يېپىلەيدۇ.» بۇ يەردىكى ھالقىلىق مەسىلە ئىنسانلارنىڭ نىيەت ـ مەقسىتىنىڭ خالىس بولغان ـ بولمىغانلىقىدا، روھىيەتنىڭ تەبىئىيلىكى ھەم ساغلاملىقىدا. خۇددى ئۇيغۇر پەيلاسوپى فارابى ئۆزىنىڭ «پەزىلەتلىك شەھەر ئەھلى» ناملىق ئەسىرىدە كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك، پەقەت مەدەنىي، ساغلام ۋە ئىناق شەھەر بەرپا قىلىپ، ئاڭلىق شەھەر ئاھالىسى بولغاندىلا ئاندىن شەھەرلەر ھەقىقىي زامانىۋى شەھەرگە، شۇنداقلا شەھەر ئاھالىسىمۇ مەنىۋىيىتى ساغلام، ھەقىقىي ئەخلاق ـ پەزىلەتلىك بولۇپ چىقالايدۇ. مەملىكىتىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى سىجىل تەرەققىياتلىق سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت قۇرۇش تەشەببۇسىمۇ مانا مۇشۇ مەقسەتنى چىقىش قىلغان.

## ئۇچىنچى بۆلۈم

# ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكى ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى

## 1. ئەدەبىياتنىڭ مۇھىت ئېڭى ۋە ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكىنىڭ ئەھمىيىتى

ئىنسانلار جەمئىيىتى ماددىي تەرەققىياتىنىڭ تېز سۈرئەتتە يۈكسىلىشىگە ئەگىشىپ، تەبىئەت دۇنياسىدا يۈز بېرىۋاتقان مۇھىت ۋە ئېنېرگىيە كرىزىسى كىشىلەرنىڭ ئورتاق ئەندىشىسىنى قوزغايدىغان مۇھىم بىر تېما بولۇپ قالدى. نۆۋەتتىكى دۇنياۋىلىشىش دەۋرى مەدەنىيەت مۇھىتىدىكى داۋالغۇش، بازار ئىگىلىكى جەمئىيىتىنىڭ ماددىي ئىستېمالغا زىيادە بېرىلىپ، مەنىۋىيەتكە سەل قاراشتەك بىمەنە خاھىشلارنىڭ تەسىرىدە كېلىپ چىققان روھىيەت كرىزىسى ۋە ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنىڭ تېز سۈرئەتتە بۇزۇلۇشى ئەدەبىيات - سەنئەت كەسپىدىكىلەرگە ئىنسانلارنىڭ مەۋجۇتلۇق شەكلى ھەم تەرەققىيات مۇھىتى ھەققىدە قايتا ئويلىنىش ئېلىپ بېرىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدۇرماقتا. 20 - ئەسىرنىڭ 70 ~ 80 - يىللىرىدىن باشلاپ ئىنسانلارنىڭ مۇھىت رېئاللىقى ۋە ھاياتلىقىنىڭ مۇۋازىنىتىنى چىقىش قىلغان ھالدا ئېكولوگىيە ئەدەبىيات - سەنئىتىدىن ئىبارەت يېڭىچە ئەدەبىيات ھادىسىسى بارلىققا كەلدى. بۇ خىل ئەدەبىيات ئىنسانلارنىڭ گۇمانىستىك روھىنى قايتا ئويغىتىپ، ئىنساننىڭ تەبىئەت دۇنياسىدىكى ئورنى، ئىجتىمائىي بۇرچى ۋە ئۇلارنىڭ تەبىئەتكە تۇتقان پوزىتسىيەسىنى ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ، كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئېكولوگىيەسىنى تەكشۈرۈش بىلەن ئۇلارنىڭ مۇھىت ئېڭىنى ئۆستۈرۈشتە ئۆزىنىڭ ئەمەلىي رولىنى جارى قىلدۇردى.

ئەدەبىيات — ئىنسانلارنىڭ رېئال دۇنياغا قارىتا گۈزەللەشتۈرۈش ئېلىپ بېرىشىنىڭ ئىنكاسى. شۇڭا ئۇزاق تارىختىن بۇيان

ھەرقايسى مىللەت ئەدەبىياتىدىكى تۈرلۈك ئەسەرلەردە ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ باغلىنىشچان ئىپادىلىنىشى نورمال ھادىسە بولۇپ، كۆپىنچە ئەھۋالدا بۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بىر خىل ماس، ئىناقلىق ھالىتىدە ئىپادىلىنىپ، ھاياتلىقنىڭ ماددىي ئاساسى بولغان تەبىئەت تارىختىن بۇيان ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ مۇھىم ئىپادىلەش ئوبيېكتى بولۇپ كەلگەن. ئەدەبىيات بىلەن تەبىئىي مۇھىتنىڭ، ماددىي دۇنيا بىلەن روھىيەتنىڭ ماھىيەتلىك باغلىنىشى نۇۋەتتىكى جۇڭگو ۋە چەت ئەل ئەدەبىياتىدىكى مۇنەۋۋەر ئەسەرلەردە بەلگىلىك دەرىجىدە ئىپادىلىنىپ كېلىۋاتىدۇ. ئەگەر بىز يىراق قەدىمكى دەۋر ئەپسانە ـ رىۋايەتلىرى، قەدىمكى دەۋر قوشاقلىرى، بولۇپمۇ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»دىكى قوشاقلار، فارابى، يۈسۈف خاس ھاجىپ، نەۋايى، خەرابانى، نەۋبەتىي، نىزارىي قاتارلىق كىلاسسىكلىرىمىزنىڭ ئەسەرلىرىگە نەزەر سالىدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىدە دېگۈدەك ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ ئۆزئارا بىر گەۋدىلىك باغلىنىش روھى ۋە يۈكسەك گۈمانىستىك ئىدىيەنىڭ ئىپادىلىنىپ كەلگەنلىكىنى كۆرەلەيمىز.

ئىنسان تەبىئەت دۇنياسىنىڭ بىر قىسمى، شۇنداق ئىكەن، ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇق ۋە تىرىكچىلىكى مۇقەررەر ھالدا تەبىئەتكە تايىنىدۇ. ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان ئىنسانلار ھامان ئۆز تىرىكچىلىكىنى تېخىمۇ مول بولغان ماددىي كاپالەتكە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن تەبىئەتنى ئۆزگەرتىپ ياكى ئەلالاشتۇرۇپ، ئۇنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇپ كەلدى. ئۇلار بۇ خىل سۇبيېكتىپ خاھىشنىڭ تۈرتكىسىدە تەبىئىي مۇھىتقا قارىتا ھەددىدىن زىيادە «ئېلىش» تەلىپىنى قويدى. ئىنسانلارنىڭ بۇ خىل بىر تەرەپلىمە ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشمىغان ۋاقىتتا ئۇلار ھامان ئاڭسىز ھالدا تەبىئىي مۇھىتنى قۇربان قىلدى. ئىنسانلارنىڭ

ئىجتىمائىي تەرەققىياتى جەريانىدىكى بۇ خىل نوقۇل ئىنسانىنىڭ ئۆزىنىڭ كۆز ئالدىدىكى ۋاقىتلىق مەنپەئەتىنىلا چىقىش قىلغان ئارزۇسىنى مەلۇم جەھەتتىن چۈشىنىشكە بولسىمۇ، لېكىن ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ خىل تەبىئىي خاھىش نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ قەلبىدە تەدرىجىي ھالدا ھەممە ئىشتا ئىنسان مەركەزچىلىك تەپەككۇر ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈردى. نەتىجىدە، خېلى كۆپلىگەن كىشىلەردە تەبىئەتنى پەقەتلا «ئىنسانلارنىڭ بېقىندىسى» دەپ قاراش خاھىشى شەكىللەندى. كېيىنچە نوپۇسنىڭ كۆپىيىشى، پەن ـ تېخنىكا ۋە سانائەتنىڭ تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشى نەتىجىسىدە ئەجدادلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئالىي ـ چۈشەنچىلىرى ۋە تەبىئەتكە بولغان پوزىتسىيەسى ئۆزگىرىپ، ئاتالمىش «تەبىئەتنى ئۆزگەرتىش، بويسۇندۇرۇش»تەك بىمەنە ئالىي ۋە تەپەككۇر ئەندىزىسىگە ئېغىپ كەتتى. ئىنسانلارنىڭ بۇ خىل «دۇنيانى بويسۇندۇرۇپ، ھەممە نەرسىگە ئېرىشىش»تەك ماددىي ئېھتىياجى ۋە توختاۋسىز ئارزۇ ـ ئىستىكى قاندۇرۇلمىغان ئەھۋال ئاستىدا ئۇلار بەزىدە ئۆزئارا سىياسىي كۈرەش ياكى ئۇرۇش قىلىپ باشقىلارنى بويسۇندۇرۇش ئارقىلىق زور مەنپەئەتكە ئېرىشىش مەقسىتىگە يەتمەكچى بولۇشتى. ئىنسان تەبىئەت دۇنياسىنى ماكان قىلىش ئارقىلىقلا تىرىكچىلىك قىلغۇچى ئالاھىدە ئىجتىمائىي مەخلۇق، ئۇ ئەگەر ئۆز ھاياتلىق تەرەققىياتى جەريانىدا ئۆزى بىلەن تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئۆزئارا ماسلىق ۋە تايىنىشچانلىق مۇناسىۋىتىنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەت خاھىشى ۋە سۇبيېكتىپ ئارزۇسى بويىچە ھەممىنى بويسۇندۇرىمەن دەيدىكەن، ئۇ ھالدا بۇ خىل چەكتىن ئاشقان زوراۋانلىق تەبىئەتنىڭ پاسسىپ ئىنكاسىنى قوزغاپ، ئۇلارغا سەلبىي شەكىلدە جاۋاب قايتۇرىدۇ.

پەن ـ تېخنىكا، مەدەنىيەت تەرەققىي قىلغان بۈگۈنكى كۈندە

ئىنسانلار ماددىي مەدەنىيەتتە يۈكسەك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن مەدەنىيەتتە نوقۇل ئىنساننى مەركەز قىلىپ، تەبىئەتنىڭ قىممىتىگە سەل قاراشتەك بىر تەرەپلىمە خاھىشنىڭ ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇشى سەۋەبلىك جەمئىيەت ماھىيەتلىك زىددىيەت ـ كرىزىسقا تولدى. مۇشۇ خىل جىددىي ۋەزىيەت ئىچىدە ياشاۋاتقان ئەدىبلەر ئىنسانلار دۇچ كەلگەن كرىزىسنى بايقاپ، غايىۋى خاھىشقا ئىگە ئېسىل ئەسەرلەرنى يېزىپ ئىنسان روھىيىتىدىكى بىمەنىلىك ۋە نۆۋەتتىكى مۇھىت كرىزىسىنى تۈگەتمەكچى بولىدىكەن، ئۇ ھالدا مەۋجۇتلۇقنىڭ كەلگۈسىگە نەزەر سېلىپ، رېئال مەسىلىلەرگە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. شۇڭا ئېكولوگىيە ئەدەبىياتى ۋە ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكى ئىزچىل ھالدا مەدەنىيەتتە ئىنسان مەركەزچىلىك ئاڭ ـ خاھىشى ھەم نوقۇل ماددىي ئىستېمال قوغلىشىشقا خاتىمە بېرىشنى تەكىتلەپ كەلدى. ئىجتىمائىي ئاڭ ۋە مەدەنىيەتتىكى بۇ خىل بىنورماللىق نۆۋەتتىكى ئېكولوگىيە كرىزىسىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئەمما ئۆز مەۋجۇتلۇق مۇھىتىغا كۆڭۈل بۆلۈش ۋە ئۇنى ئاڭلىق ئاسراش مەجبۇرىيىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان ئېكولوگىيە ئەدىبلىرى ھەم ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئىجادىيەت فوكۇسى ھەم تەتقىقات نەزىرىنى ئەنئەنىۋى ئەدەبىيات ۋە ئەدەبىي تەنقىدچىلىكتىكى ئىنسانلارنىڭ تەبىئىي مۇھىت ھەم ئېكولوگىيەلىك تەڭپۇڭلۇققا تۈرتكە بولغۇچى ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكىگە سەل قارىغان تەرەپلىرىنى تولۇقلاپ تۈزىتىشكە قارىتىپ، ئەدەبىياتنى تەبىئەتتىن ئىبارەت غايەت زور بىرلەمچى دۇنيا ياكى مۇقەددەس ئورتاق گەۋدە ئىچىگە قويۇپ، ئۇنىڭ رولى ۋە ئېستېتىك قىممىتىدىن پايدىلىنىپ ئىنسانلارنىڭ ئېكولوگىيە ئېڭىنى ئويغىتىش ۋە قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە تىرىشىدۇ.

تەبىئەت ئىنسانلارنىڭ بىردىنبىر هاياتلىق ماكانى ۋە تىرىك-چىلىك ئوبيېكتى. پەن ـ تېخنىكا ۋە سانائەتنىڭ تېز تەرەققىياتى-غا ئەگىشىپ ئىنسانلار ئۇزاقتىن بۇيان ئۆز دۆلەتلىرىنى زامانى-ۋىلاشتۇرۇش جەريانىدا نوقۇل ماددىي مەنپەئەت ئاساس قىلىنغان بىمەنە خاهىش تۈپەيلىدىن ئۆز ماكانى هەم پۈتۈن يەر شارى ئېكو-لوگىيە مۇهىتىنى بەدەل قىلدى. ئاڭلىق ۋە ئاڭسىز هالدا تەبىئىي مۇهىتقا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان خاتالىقلارنى سادىر قىلىپ، ئۆز قىلمىشىنىڭ تەمىنىمۇ تېتىدى. ئىنسانلارنىڭ نۆۋەتتىكى زامانى-ۋىلىق ۋە تەرەققىيات ئۇقۇمىدىكى تۈرلۈك تەرەققىيات تەدبىرلىرى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى، ماددىي مەدەنىيەتنى زور تەرەققىياتقا ئىگە قىلسىمۇ، ئەمما بۇ خىل تەرەققىيات ئوخشاشلا ئىنسانلارنىڭ ماددىي مەنپەئەت قوغلىشىپ، ئاتالمىش «تەبىئەتنى بويسۇندۇ-رۇش»، «تەبىئەت ئۈستىدىن غالىب كېلىش»تەك نادانلىق ۋە ياۋۇز-لۇق خاهىشىنىمۇ زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈردى. بۇ هال ئىن-سانلارنىڭ نادانلىقى ۋە ئۆز ـ ئۆزىنى مەركەز قىلىشتەك شەخسى-يەتچىلىك، زوراۋانلىق پىسخىكىسىنىڭ تەدرىجىي شەكىللىنىشى هەم ئۇنىڭ مەدەنىيەت، تۇرمۇش ئىستېمالى، ئاڭ ـ ئەخلاق ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەردە ئىپادىلىنىشىگە سەۋەبچى بولدى. تە-بىئەت راستتىنلا ئىنسانلارنىڭ ئۆزى خالىغانچە بويسۇندۇرۇش ئوبيېكتىمۇ؟ ئادەم بىلەن تەبىئەت، ئادەم بىلەن ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇق مۇهىتى ۋە ئۇنىڭ قوينىدىكى تۈرلۈك ـ تۈمەن مەۋجۇداتلارنىڭ مۇناسىۋىتى ئاددىي هالدىكى بويسۇندۇرۇش ـ كونترول قىلىش مۇناسىۋىتىگە ئىگىمۇ؟ بۇ مەسىلىلەرنىڭ ئېنىق جاۋابى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئارقا ـ ئارقىدىن يۈز بەرگەن تەبىئىي ئاپەتلەر، كىلىمات ئۆزگىرىشى ۋە تۈرلۈك كېسەللىكلەرنىڭ هەممىسى تەبى-ئەت دۇنياسىنىڭ تەبىئىي مۇۋازىنىتى هەم ئەسلىي مېخانىزمىنىڭ

زورلۇق ۋە زومىگەرلىك تۈپەيلى بۇزۇلۇشى سەۋەبلىك، ئۇنىڭ ئىنسانلارغا قايتۇرغان جاۋابى بولۇپ، بۇ ھادىسىلەر بىزگە ئىنسانلارنىڭ ھەر ۋاقىت ئۆزلىرىنى تەبىئەت دۇنياسىنىڭ غوجايىنى دەپ قارىماستىن، بەلكى ئانا تەبىئەتنىڭ بىر قىسمى دەپ قاراش، تەبىئەتكە ئىناق ۋە دوستانە مۇئامىلە قىلىش، ھەتتا ئۆزلىرىنىڭ تەبىئەت ئالدىدىكى پەرزەنتلىك بۇرچىنى تونۇپ يېتىشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى؛ ئەگەر ئۇنداق قىلمايدىكەن، ئۇلارنىڭ نادانلىقى ۋە ياۋۇزلۇقى تۈپەيلىدىن ئۇنىڭ ئىنسانلارغا كەلتۈرىدىغان بالايىئاپەتلىرىنىڭ چەكسىز بولىدىغانلىقىنى ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرىدۇ.

نۆۋەتتىكى ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ماھىيەتتە مەدەنىيەت تەنقىدچىلىكىنى ئۆزىنىڭ مۇھىم ئوبيېكتى قىلىدۇ. ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكى بىر خىل يېڭىچە مەدەنىيەت تەنقىدچىلىك كۆزقارىشى ياكى ئەدەبىيات تەتقىقات ئۇسۇلى، شۇنداقلا بىر خىل مۇرەككەپ، جانلىق ۋە ئوچۇق ھالدىكى تەنقىد سىستېمىسى بولغاچقا، ئۇ ئەدەبىي تەنقىد ۋە مەدەنىيەت تەنقىدىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى قوش قاتلام بويىچە ئۆزىگە تەتبىقلىغان. ئۇ ئېكولوگىيە پەلسەپىسىنىڭ بىر پۈتۈنلۈك نۇقتىئىنەزىرى، ھاياتلىق تۈرلىرىنىڭ ئۆزئارا باغلىنىشچانلىق نۇقتىنەزىرىنى مەدەنىيەت بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، يەر شارىدىكى ئېكولوگىيە كىرىزىسىنىڭ ماھىيەتتە ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيەت، ئاڭ ۋە ئەخلاق كىرىزىسى، ئىنسان تەبىئىتىدىكى چېكىنىش كىرىزىسى ئىكەنلىكىنى قايىل قىلارلىق دەرىجىدە ئېچىپ بېرىدۇ. «...شۇڭا ئېكولوگىيە كىرىزىسىنى تۈپ يىلتىزىدىن ھەل قىلىشتا يالغۇز تەبىئىي پەنگە تايىنىشلا كۇپايە قىلمايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن جەزمەن ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكتىپ ئىشتىراك قىلىشى، ئىدىيە جەھەتتىن يېتەكلىشى، جەزمەن ئىنسان مەركەزچىلىك ئىدىيەسىنىڭ چەكلىمىلىكلىرىنى بۆ-

سۈپ ئۆتۈشى، مېتافىزىكىلىق، دۇئالىزملىق ئەنئەنىۋى ئىلىملەر-
نىڭ چېگراسىنى بۇزۇپ تاشلاپ، پەن ئاتلىغان، مەدەنىيەت ھەتتا
مەدەنىيلىك ھالقىغان تەپەككۇر دائىرىسى ئاساسىدا ئېكولوگىيە
كىرىزىسىنى تۈپ يىلتىزىدىن ھەل قىلىش چارىسىنى ئىزدەيدۇ.»[①]

ئېكولوگىيە ئەدەبىياتى خەلقئارادا 20 - ئەسىرنىڭ 70 - يىل-
لىرىدىكى باشلىنىش، 80 - يىللاردىكى ئومۇملىششتەك تەرەققى-
ياتىنىڭ تۇرتكىسىدە بارلىققا كەلگەن. ئېكولوگىيە تەنقىدچىلى-
كىمۇ ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىدىن باشلاپ گۈللىنىشكە
يۈزلەندى. ئامېرىكىلىق ئايال يازغۇچى كەرسېنىنىڭ «تىمتاس با-
ھار»، «دېڭىز شامىلى ئاستىدا»، م.ئوستېنىنىڭ «قاغجىرىغان زې-
مىن»، كانادالىق يازغۇچى ئاتۋودنىڭ «كۆپۈك» ۋە چىڭغىز ئايتما-
توف قاتارلىق بىر قىسىم يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ تەسىرىدە
بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر پىروزىچىلىقىدىمۇ «ئاقساق بۇغا»، «چۆل
ئوغلى»، «بۆرە جىلغىسى»، «بۆرە ئانا» قاتارلىق مۇنەۋەر ئەسەرلەر
مەيدانغا چىقتى. يەر شارىلىشىش دەۋرىدىكى ئىنسانلارنىڭ مەدە-
نىيلىك چۈشەنچىسىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە ئەدەبىياتقا قويغان تەلى-
پىنىڭ ئۆسۈشى نەتىجىسىدە ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكى نۆۋەتتە
مەدەنىيەت قىممىتى ۋە رېئال ئەھمىيىتى يۇقىرى مۇكەممەل نەزە-
رىيەۋى سىستېمىغا ئىگە بولغان ئارىلىق پەنگە ئايلاندى. «بۇ جە-
ھەتتە بىر قەدەر ۋەكىللىك ئەسەرلەردىن كىلوبالنىڭ «ئېكولوگىيە
تەنقىدچىلىكى: رومانتىك تەسەۋۋۇر ۋە ئېكولوگىيە ئېڭى»، بۇيىل-
نىڭ «مۇھىت تەسەۋۋۇرى: ھېنرى تەبىئەت ئەدەبىياتى ۋە ئامېرىكا
مەدەنىيىتىنىڭ قۇرۇلمىسى»، گىلودفېردنىڭ «ئېكولوگىيە تەن-
قىدچىلىكى ئوقۇشلۇقى»، دەننا فىلىپنىڭ «ئېكولوگىيە تەنقىد-

① «ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكى ۋە پەن ئاتلىغان تەتقىقات»، «سىچۈەن پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 2005 - يىللىق 3 - سان.

چىلىكى، ئەدەبىيات نەزەرىيەسى ۋە ئېكولوگىيەنىڭ چىن مەنى-
سى»، بوتىنىڭ «ئەدەبىيات ۋە مۇھىت»، «زېمىن ناخشىسى»، مېزىل
باش تۈزگۈچىلىكىدىكى «ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكى ئېراسى» قا-
تارلىق ئەسەرلەر ئالاھىدە تەسىرگە ئىگە. نۆۋەتتە مەيلى جۇڭگو يا-
كى خەلقئارادا بولسۇن ئېكولوگىيە ئەدەبىيات - سەنئەتشۇناسلى-
قىنىڭ مەنە دائىرىسى كەڭ ۋە يېڭى بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە
ئىگە بولۇپ، ئۇ ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكى، ئېكولوگىيە ئەدەبىيا-
تى تارىخى، ئېكولوگىيە ئەدەبىياتى نەزەرىيەسى قاتارلىق ئۆزئارا تا-
يىنىشچانلىققا ئىگە بولغان ئۈچ تەرەپنىڭ بىرلىكىنى ئۆز ئىچىگە
ئالىدۇ. ئامېرىكا ئالىمى ك.فورست تەشەببۇس قىلغان «زېمىن
ئەخلاقى» تەلىماتىدا مۇنداق دېيىلگەن: «بىز تەكىتلەپ كېلىۋاتقان
زېمىن دىداكتىسى بولسا ئادەم بىلەن تەبىئەت قوينىدىكى بارلىق
تۈرلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئېكولوگىيەلىك ئورتاق گەۋدىنىڭ ھېس-
سىياتى بولۇپ، ئۇ ئۆز ئالاھىدىلىكى بىلەن ئىنسانلارنىڭ ئىلگى-
رىكى پەقەتلا ئىقتىسادىي مەنپەئەت بويىچىلا زېمىنغا مۇئامىلە قى-
لىدىغان بۇرۇقتۇرما پوزىتسىيەنىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى.»①

زامانىۋى مەدەنىيەتنىڭ نوقۇل ئىقتىسادىي ئېشىشنى قوغلى-
شىشىدىن كېلىپ چىققان تۈرلۈك مەنىۋى بۇلغىمىلار ۋە ئۇنىڭ
زېمىننى ئىنسانلارغا جانلىق ھېس قىلدۇرۇش ھەم تەنقىدلەپ يې-
ڭىچە مەدەنىيلىك ئېڭىنى نامايان قىلغۇچى ئېكولوگىيە ئەدەبىياتى
ۋە ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكى ئۆزىگە خاس بەدىئىي ئىزدىنىش
روھىغا، روشەن ھېسسىي كۆرسەتمىلىك ۋە دىداكتىكىچانلىققا ئى-
گە بولغان بىر خىل مەدەنىيەت تەنقىدىي تەپەككۇر ئۇسۇلى بولۇپ،
ئۇ ھەرقانداق شەكىلدىكى ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئىزدىنىشى بى-

---

① كانىنا فورست: «تەبىئەتنىڭ ئىقتىسادىي سىستېمىسى»، بېيجىڭ شاڭۋۇ باسمىچىلىقى 1999 - يىلى خەنزۇچە نەشرى 338 - بەت.

لەن ماھىيەتلىك ئورتاقلىقىقا ئىگە. ئۇ ئىنسانلارنى ساغلام خاراك-
تېر، پەزىلەت ۋە ئىلمىي تەرەققىياتقا يېتەكلەيدۇ، ئادەملىكى تەد-
رىجىي سۇسلىشىۋاتقان ھېسسىيلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە تى-
رىشىدۇ. ئىنسانشۇناس كەيسىر ئېيتقاندەك «ئادەملىك ئىبارەت
بەلگە خاراكتېرگە ئىگە مەۋجۇتلۇق ئىچىدە ھەتتا ھېسسىي ياكى
ھېس ـ كەيپىيات تۇسىنى ئالمىغان بىرەر جۈملىنى ئۇچرىتىشمۇ
قىيىن.»①

ئادەمنىڭ مەۋجۇتلۇقى تەبىئىي ھەم ئىجتىمائىيلىقىنىڭ بىر-
لىكى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ئېستېتىك تەسىراتى-
مۇ ئەمەلىيەتتە ئادەم بىلەن تەبىئىي مۇھىتنىڭ ماس، ئىناقلىقىنى
مەنبە قىلىدۇ. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» ئە-
سىرىدىكى «قىش بىلەن يازنىڭ مۇنازىرىسى» قاتارلىق نادىر قو-
شاقلار، «ئەسما پەرى ئەپسانىسى»، «بۆكۈخان رىۋايىتى» قاتارلىق
ئەپسانە ـ رىۋايەتلەردىكى تەبىئەت تەسۋىرى، قەدىمكى چۆچەكلەر-
دىكى ھايۋانات ئوبرازى، خەلق ئېپوس ـ داستانلىرىدىكى ئىنسان
بىلەن تەبىئەت ئوبيېكتلىرىنىڭ ماس، ئىناق مۇناسىۋىتى قاتار-
لىقلار بۇ نۇقتىنى روشەن ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ. ئەمما ھاياتلىق
ھالىتى جىددىي سىلكىنىش ـ ئۆزگىرىش ئىچىدە تۇرۇۋاتقان نۆ-
ۋەتتىكى دۇنياۋىلىشىش دەۋرىدە بۇ خىل ئېستېتىك مۇناسىۋەت-
لەردىكى گۈزەللىك تەسىراتلىرىنىڭ مەنىۋى چېكىنىش، ھەسرەت
تۇيغۇلىرىدىن خالىي بولۇشى قىيىن. ئېكولوگىيە تەنقىدچىسى
كىرىستوف مېناس «تەبىئەت ۋە سۈكۈنات» ناملىق ئەسىرىدە چوڭ-
قۇر ئېچىنىش ئىچىدە: «ئىنسانلارنىڭ زورلۇق ۋە ئۆكتەملىك قى-
لىشى ئاستىدا تەبىئەت (ھەممە شەيئىدە روھ بار دەپ قارايدىغان)

① كەيسىر: «ئىنسان ھەققىدە»، شاڭخەي تەرجىمە نەشرىياتى 1985 ـ
يىلى خەنزۇچە نەشرى 37 ـ بەت.

ئانىمىزملىق مەيداندىن پەقەت سىمۋول خاراكتېرلىك بەلگە مەيدانىغا ئايلىنىپ قالدى. ئادەمدىن ئىبارەت سۆزلىيەلەيدىغان سۇبيېكت ئەمدى سۆكۆنات ئىچىدىكى ئوبيېكتقا ئايلىنىپ قالدى» دېگەن. ئىنسانلارنىڭ دۇنيا ۋە تەبىئەتكە بولغان پوزىتسىيەسى ئۆزگەرگەن ئەھۋالدا ئېكولوگىيە ئەدەبىياتى ۋە ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكىنىڭ مۇھىم مەجبۇرىيىتى ئىنسانلارنىڭ ئۆز ئەتراپىدىكى ئېغىر دەرىجىدە غەلىتىلەشكەن «سۆكۈتتىكى ئوبيېكت» ھالىتىگە چۈشۈپ قالغان دەۋردە دۇنياغا قارىتا سەزگۈرلۈكىنى ئاشۇرۇپ، ماددىي ئىستېمال دولقۇنىدىكى ئىنساننىڭ پاسسىپ سالاھىيىتىنى ئەسلىدىكى گۇمانىستىك روھ ۋە ئىجادىي ئىقتىدارغا ئىگە ھالەتكە قايتۇرۇش ياكى ئىنساننىڭ تاۋار، ئىستېمال، ماددىي مەنپەئەت دولقۇنى ئىچىدە ئۆزگەرگەن، ياتلاشقان خاراكتېر - پەزىلىتىنى تەھقىقلەش ئارقىلىق ئىنساننىڭ ئەسلىي ماھىيىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت جاپالىق قۇرۇلۇشنى تاماملاشنى كۆرسىتىدۇ.

«ئېكولوگىيە ئەدەبىياتى بولسا مۇكەممەل ۋە سىستېمىلىق دۇنيا قاراش ۋە مۇھىت ئېڭىغا ئىگە يېڭىچە ئەدەبىيات بولۇپ، ئۇنىڭ ئىجادچىلىرى ھاياتلىقنىڭ ئېكولوگىيەلىك بىر پۈتۈنلۈك قارىشىنى چىقىش قىلىپ كۈچلۈك ئېكولوگىيەلىك مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسىغا چۆمگەن ھالدا ھاياتلىق دۇنياسىنىڭ ئېكولوگىيە ئورتاق گەۋدىسى ئۈچۈن ھەققانىي سۆزلەپ، تەبىئەت بىلەن ئىنساننىڭ مۇناسىۋىتىنى ئەتراپلىق ۋە چوڭقۇر مۇھاكىمە قىلىپ، ئۇنى جانلىق شەكىلدە ئىپادىلەپ بېرىدۇ.»①

ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكى ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكىنىڭ قائىدە - قانۇنىيەتلىرىنى ئەدەبىيات ھادىسىلىرىگە تەتبىقلاپ، ئۇلارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئۇقۇم ۋە پىرىنسىپلىرىنى تەبىئەت، ئىنسان ۋە مەدەنىيەتلەر بىلەن بىرلەشتۈرۈپ يەن ئاتلىغان

---

① ۋاڭ نو: «ئېكولوگىيە كىرىزىسى ۋە جۇڭگو ئەدەبىياتى»، «جۇڭگو ئەدەبىيات - سەنئەت گېزىتى»، 2005 - يىلى 4 - ئاينىڭ 15 - كۈنى.

هالدا تەتقىقات ئېلىپ بارىدۇ. ئۇنىڭ تۈپكى مەقسىتى ئېكولوگىيە
ئەدەبىياتى سىستېمىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، ئېكولوگىيە مەدە-
نىيلىكى نۇقتىئىنەزىرى ۋە تەپەككۇر ئەندىزىسىنى تەكىتلەپ، بۇ
خىل ئەنئەنىۋى ھەم يېڭى تەپەككۇرنى ئىنسانلارنىڭ پەن - تېخنى-
كا ساھەلىرىگىچە سىڭدۈرۈپ، ئۇلارنى ئىنسان مەركەزچىلىك چەم-
بىرىكىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئېكولوگىيەلىك تەپەككۇرنى ئىنسانلار-
نىڭ ئەخلاق، ئاڭ ۋە قىممەت قارىشى قاتارلىق ساھەلىرىگىچە كې-
ڭەيتىپ، ئۇنى ئېكولوگىيەلىك مۇھىت مەركەز قىلىنغان ھالدا
ئىنسانلارنىڭ ئۆز - ئۆزىنى ھەمدە دۇنيانى ئۆزگەرتىپ ياخشىلاش،
شۇنداقلا بۇ ئارقىلىق «ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ بىرلىكىدىن ئىبارەت
غايىۋى پىلاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ».①

ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكىنىڭ ئاخىرقى نىشانىنى تۆۋەندىكى
ئۈچ جەھەتتىن شەرھلەشكە بولىدۇ: (1) ئەدەبىي ئەسەر تېكىستى-
دىكى ئېكولوگىيە پەلسەپە ئىدىيەلىرىنى كۆزىتىش ۋە تەتقىق قى-
لىش ئارقىلىق تەبىئەتنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلەردە قانداق ئىپادىلەن-
گەنلىكىنى قايتا يېشىپ چىقىپ، ئەسەر تېكىستىدىكى ئاتالمىش
ئىنسان مەركەزچىلىك خاھىشىغا قارىتا تەنقىد ۋە تەتقىقات ئېلىپ
بارىدۇ. (2) ئۇ ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىدىكى ئىنسان مەركەزچى-
لىك خاھىشىنى ئىنكار قىلىدۇ. بۇ خىل تەنقىدچىلىكنىڭ ئاخىر-
قى نىشانى ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ باراۋەر، ئىناق بىللە تۇرغان
ئېكولوگىيەلىك ماسلىق ھالىتىنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت.
(3) بۇ خىل تەنقىدچىلىك ئىنسانلار ئارىسىدىكى ئىجتىمائىي ئې-
كولوگىيە ۋە ئىنسانلارنىڭ قەلب دۇنياسىدىكى روھىيەت ئېكولو-
گىيەسىگىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. چۈنكى ئىنسانلار جان-

① خۇ جىنخۇڭ: «ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكى ۋە پەن ئاتلىغان تەتقىقات»، «سى-
چۇەن پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 2005 - يىللىق 3 - سان.

لىقلار چەمبىرىكىدىكى مۇستەقىل بىر ھالقا بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىمۇ مەنىۋى ئېكولوگىيەلىك تەڭپۇڭلۇق مەسىلىسى مەۋجۇت. ئۇ مۇنداق ئىككى تەرەپنى — ئىجتىمائىي ئېكولوگىيە ۋە روھىيەت ئېكولوگىيەسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى نورمال ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنىڭ ھاياتلىق رىقابىتى جەريانىدا يىمىرىلىشى ئۇلارنىڭ روھىي جەھەتتىكى غەيرىيلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. مانا بۇ ئىجتىمائىي ئېكولوگىيەنىڭ تەڭپۇڭسىزلىشىشىدۇر. تەبىئىي مۇھىت ۋە ئىجتىمائىي ئېكولوگىيەنىڭ تەڭپۇڭسىزلىقى ئىنسانلارنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنىڭ غەيرىيلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

ئەدەبىيات بولسا ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئاڭلىق ئىنكاسى. شۇنداق ئىكەن ئېكولوگىيە ئەدەبىياتى ۋە ئېكولوگىيەلىك تەنقىدچىلىك نۆۋەتتىكى دۇنياۋىلىشىش مۇھىتىدا شەكىللەنگەن ئىجتىمائىي ئەخلاق كىرىزىسى ۋە مۇھىت رېئاللىقىنىڭ ئاڭلىق بەدىئىي ئىنكاسى بولۇشى كېرەك. شائىر گىميوتى: «سەنئەتكار تەبىئەت دۇنياسى بىلەن قوش قاتلاملىق مۇناسىۋەتكە ئىگە. ئۇ تەبىئەتنىڭ غوجايىنى، شۇنداقلا يەنە تەبىئەتنىڭ قۇلىدۇر» دېگەنىدى. دېمەك، ھاياتلىقنىڭ ماددىي ئاساسى ۋە مەنىۋىلىكىنىڭ ئانىسى بولغان تەبىئەتنىڭ قىممىتىنى بىلىش، ئۇنىڭدىن ئىلھام ۋە ئۈلگە ئېلىش تارىختىن بۇيانقى ئەدىبلەرنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى. ئىنسان تەبىئىيلىككە ئىگە ئالاھىدە ئىجتىمائىي مەخلۇق بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆز ماھىيىتىنى تونۇپ، ئۆزىنىڭ تەبىئەت دۇنياسىدىكى ئورنى ۋە ئۆز مەۋجۇتلۇقى بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا چۈشەنگەن ھەم مەۋجۇتلۇق زىددىيىتىنى ئاڭلىق ھەل قىلغاندىلا ئاندىن ئۆز ھاياتىنىڭ نورمال داۋاملىشىشىغا كاپالەتلىك قىلالايدۇ. شۇنداق ئىكەن ئېكولوگىيەلىك تەپەككۇر ۋە قىممەت قارىشى ئا-

ساسىدىكى گۇمانىستىك روھ نۆۋەتتىكى ئەدەبىي تەنقىدچىلىكنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولۇشى كېرەك.

ئەدەبىيات ئۆزىدىكى خاس ئېستېتىك تەسىر ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ روھىي دۇنياسىنى پەرۋىش قىلىدۇ. رېئال دۇنيا ئۆزگىرىۋاتقانىكەن، ئۇ ھالدا ئىنسانلارنىڭ ئېھتىياجى، ئاڭ ۋە قىممەت قارىشىمۇ مۇقەررەر يېڭىلىنىپ بارىدۇ. ئەگەر بىزنىڭ نۆۋەتتىكى ئەدەبىي ئىجادىيەت ۋە ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىز يەنىلا ئەنئەنىۋى مەنىدىكى ئادەمنى مەركەز قىلىش ياكى ئاپتورنى مەركەز قىلىپ دۇنيانى كۆزىتىش ۋە ئەكس ئەتتۈرۈشنى باش پىرىنسىپ قىلىپ، يەر شارىدىكى باشقا تەبىئىي مەۋجۇتلۇق ياكى ھاياتلىق تۈرلىرىنى پەقەت بىر خىل قورال، ۋاسىتە، بەلگە ياكى تەبىئىي بولۇشقا تېگىشلىك يانداش شەيئى سۈپىتىدە ئىپادىلەش، ياكى ئۇلارنى كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىر ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىكىدەك كىشىلەرنىڭ ئىچكى دۇنياسى ۋە خاراكتېرىنى ئىپادىلەش، ئۇنىڭغا تەمسىل، سىمۋول قىلىش بىلەنلا چەكلىنىپ، ئۇنى ئەدەبىياتتىكى تەبىئەتنىڭ ئاددىي ھالدىكى ئادەملەشتۈرۈلۈشى ياكى ئىپادىلىنىشى دەپلا چۈشىنىدىغان بولساق، ئۇ ھالدا ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى ۋە گۇمانىستىك روھتىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. مەلۇم بىر خىل تەپەككۇرنىڭ زامانىۋىلىق قىممىتىنى بېكىتىش ۋە بىرەر پەننىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئالدىن كۆرۈشنىڭ ئۆلچىمى كۆپ خىل بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىكى ئەڭ ئەھمىيەتكە ئىگە بولغىنى ئاشۇ خىل تەپەككۇر ۋە پەننىڭ ئۆز دائىرىسىدە مەلۇم رېئال مەسىلىلەرنى ھەل قىلىنغان ـ قىلىنمىغان ھەمدە ئۇنىڭ كەلگۈسى ئۇچۇن يول ئېچىش قىممىتىنىڭ بار ـ يوقلۇقىدا. ئېكولوگىيەلىك تەنقىدچىلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتتە ئادەم بىلەن تەبىئەت، ئىچكى دۇنيا بىلەن تاشقى مۇھىت، ھازىرقى بىلەن كەلگۈسى ئوتتۇرىسىدىكى رېئال مەسىلە-

لەر ۋە زىددىيەتلىك ھادىسىلەرگە جىددىي كۆڭۈل بۆلۈپ، بۇلارنىڭ دائىمىيلىق ھەتتا مەڭگۈلۈك ماس، ئىناقلىقى ۋە نورمال تەرەققى- ياتىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئارقىلىق نۆۋەتتىكى ماس قەدەملىك سى- جىل تەرەققىياتنى قولغا كەلتۈرۈش ئارقىلىق ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشنى ئۆزىنىڭ تۈپكى نىشانى قىلىدۇ.

## 2. ئېكولوگىيە ئەدەبىياتى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى

ئېكولوگىيە ئەدەبىياتى ئىنسانلارنىڭ ئۆزلىرى ياشاپ تۇرغان تەبىئەت دۇنياسى ھاياتلىق تۈرلىرىنىڭ تەبىئىي مۇۋازىنىتى ۋە ئۇ- نىڭ ھاياتلىقتىكى رېئال قىممىتى ھەققىدىكى ئىزدىنىشلىرى ئوبرازلىق ئىپادىلەنگەن، ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت قوينىدىكى ھايات- لىق تۈرلىرىنىڭ ئېكولوگىيەلىك قىممىتى ھەققىدىكى گۇمانىس- تىك ئاڭ - تۇيغۇلىرى، ئەخلاق چۈشەنچىلىرى ۋە ئىدىيەۋى قاراشلىرى نۇقتىلىق ئىپادىلىنىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ تەبىئەتكە بولغان ھۆرمەت ۋە مىننەتدارلىق ھېس - تۇيغۇلىرىنى ئويغىتىش- نى مەقسەت قىلغان ئۆزگىچە مەدەنىيەت قىممىتىگە ئىگە ئەدەبىيات ھادىسىسىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ئەدەبىيات - سەنئەت شەكلى ئارقى- لىق ئادەم بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى نازۇك ۋە مۇرەككەپ مۇ- ناسىۋەتكە قارىتا ئېكولوگىيەلىك ئەخلاق ۋە قىممەت قارىشى بويى- چە كۆزىتىش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق تەبىئەت دۇنياسىنى ئىنسان- نىڭ كونتروللۇقىدىن خالىي مۇستەقىل ھالدا تەسۋىرلەپ، ئىن- سانلارنىڭ ئانا تەبىئەتكە بولغان مىننەتدارلىق ۋە سۆيۈنۈش ھېس - تۇيغۇلىرىنى، ئىنسان بىلەن تەبىئەتنىڭ ئەسلىي مەنبەلىك ماس، ئىناق مۇناسىۋىتىنى چىن ئىپادىلەپ، ئىنسانلارنىڭ نۆۋەتتىكى مەۋجۇتلۇق ھالىتى ۋە ھاياتلىق كىرىزىسى، ئېكولوگىيەلىك ئەن-

دىشلىرى ۋە ئۇنى ئازايتىش ھەققىدىكى ئىزدىنىشلىرىنى جانلىق ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

يېڭىچە مەدەنىيلىك تۇسى ۋە كۈچلۈك گۇمانىستىك روھقا ئىگە بولغان ئېكولوگىيە ئەدەبىياتىنىڭ ئەنئەنىۋى مەنىدىكى ئادەم مەركەز قىلىنغان ئەدەبىياتتىن پەرقلىنىدىغان ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇ، ئوبيېكتنى ئىپادىلەش ۋە بەدىئىي ئەكس ئەتتۈرۈش ئۇسۇلى جەھەتتە ئىلگىرىكى ئەنئەنىۋى چۈشەنچىدىكى «ئەدەبىيات ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇشىنى ئىپادىلەيدۇ، ئۇ نوقۇل ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ» دېگەن تار دائىرە ۋە چەكلىمىلىكتىن ھالقىپ، ئۆزىنىڭ ئىپادىلەش دائىرىسىنى تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھەربىر يەككە مەۋجۇتلۇقنىڭ مۇستەقىل قىممىتىگىچە كېڭەيتىپ، ئىنسانلار ئارىسىدىكى تەبىئەت ۋە تەبىئىيلىككە سەل قاراپ زىيادە ئىستەك قوغلىشىش، مەنپەئەتپەرەسلىككە بېرىلىش، ئەخلاق ۋە قىممەت قارىشى جەھەتتىكى يىمىرىلىش سەۋەبلىك شەكىللەنگەن بىنورمال ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنى تەنقىدلەپ، ئۇنىڭ بىمەنە تەرەپلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقىدا. ئۇ ئىجتىمائىي ھاياتنى ئەدەبىيات ۋە ئېكولوگىيەدىن ئىبارەت قوش يۆنىلىشلىك كۆزنەك بويىچە كۆزىتىدۇ ھەم ئىپادىلەيدۇ. «ئېكولوگىيە ئەدەبىياتى تەبىئەت دۇنياسىدىكى جانلىقلارنىڭ تۇرمۇش قىممەتلىرىنى ئەدەبىي شەكىلدە جانلىق، ئوبرازلىق ۋە ئىنچىكە تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئىنسان قەلبىنى تەبىئەت دۇنياسىدىكى جانلىقلار تۈرى بىلەن باراۋەر ئورۇندا مۇئامىلە قىلىشقا يېتەكلەپ، ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتنى تونۇش، تەبىئىي مۇھىتنى ئاسراش، تەبىئەت بىلەن ماس، ئىناق ئۆتۈش غايىسىنى ئىپادىلەيدىغان ئەدەبىياتتۇر.»[1]

ئېكولوگىيە ئەدەبىياتى ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇرەككەپ ۋە نازۇك مۇناسىۋەتلىرى، شۇنداقلا تەبىئەتنىڭ قىممىتى، ئىنسان تە-

بىئىتىنىڭ ئاجىزلىقلىرى قاتارلىقلارنى چۆرىدىگەن ھالدا ھاياتلىق دۇنياسىنى مۇستەقىل گۇمانىستىك ئاڭ - تۇيغۇنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئەكس ئەتتۈرۈپ، سانائەت دەۋرىدىكى نوقۇل ماددىي ئىستېمالچىلىقنىڭ تەسىرىدە ئىنسان تەبىئىتىدە شەكىللىنىۋاتقان ئەنئەنىدىن ياتلىشىش، شەخسىيەتچىلىك، بولۇپمۇ تەبىئەتنى ئۆز ئېھتىياجىنى قاندۇرىدىغان ۋاستە دەپ قاراشتەك بىر تەرەپلىمە مەنپەئەتپەرەسلىك خاھىشى، شۇنداقلا نوقۇل ماددىي تاۋارغا بولغان ھېرىسمەنلىك، مەنىۋى يىمىرىلىش، ئەقىدىسىزلىك قاتارلىق روھىيەت كىرىزىسى سەۋەبلىك كېلىپ چىققان تەبىئىي مۇھىتنىڭ ناچارلىشىشى ۋە ۋەيران بولۇشى، ئانا تەبىئەت دۇچ كەلگەن ئازاب، كىرىزىس ۋە ئاپەتلەرنى جانلىق ئىپادىلەش ئارقىلىق ئىجتىمائىي ھاياتتىكى مەنىۋى يىمىرىلىش ۋە چېكىنىشكە يۈزلىنىۋاتقان ئىنسان روھىنى ھەم غەيرىيلەشكەن تۇرمۇش شەكلىنى تەكشۈرۈپ سوراق قىلىدۇ ياكى ئۇنى ئەيىبلەيدۇ.ئىنسانلاردا ئەسلىدىن بار بولۇشقا تېگىشلىك تەبىئىي گۈزەل ئەخلاق - پەزىلەت ۋە گۇمانىستار روھنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ.

ئېكولوگىيە ئەدەبىياتى ئادەتتىكى تەبىئىي مەنزىرە ئاساس قىلىنغان باغباراڭ ئەدەبىياتى ياكى تەبىئەتنى ئاددىي تەسۋىرلەيدىغان مۇھىت - مەنزىرە ئەدەبىياتى ئەمەس، بەلكى ئۇ مۇئەييەن پەلسەپىۋى ئاساسقا ئىگە بولغان، رېئال ئىجتىمائىي قىممەت ۋە ئېستېتىك ئۈنۈمنى چىقىش قىلغان يېڭىچە ئەدەبىيات فورمىسىدۇر. ئۇنىڭ ئاساسلىق ئىپادىلەپ ۋە ئىنسانلارغا كۆرسىتىپ بېرىدىغىنى تەبىئەت بىلەن ئادەمنىڭ نازۇك مۇناسىۋىتى بولۇپ، ئۇ ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت دۇنياسىدىكى پائالىيەتچان ئورنى، تەبىئىي مۇھىت ۋە

① غالىپ خوجابدۇللا: «ئېكولوگىيە ئەدەبىياتىنىڭ رولى»، «شىنجاڭ گېزىتى» 2011 - يىلى 8 - ئاينىڭ 20 - كۈندىكى «گۈلشەن» بېتىدىن.

ئۇنىڭ قوينىدىكى باشقا ھاياتلىق تۈرلىرى بىلەن مۇناسىۋىتى، ئىنساننىڭ تەبىئەتكە قارىتا بۇزغۇنچىلىقى ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋىتى، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئىجتىمائىي سەۋەبى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ئېكولوگىيە ئەدەبىياتى كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى ئىپادىلەش بىلەن بىللە يەنە ماددىۋىزملىق خاھىشنىڭ تەسىرىدە شەكىللەنگەن ئىنسان تەبىئىتىدىكى ياتلىشىش، ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ ئۆزئارا يىراقلىشىپ كېتىشى، ھەتتا قارشىلىشىشتەك جىددىي مۇناسىۋىتىنىڭ ئىدىيەۋى ۋە مەدەنىيەت مەنبەسىنى قېزىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، ئىنسان بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ۋە توقۇنۇشلۇق مۇناسىۋەتلەرنىڭ تۈپ يىلتىزىنى ئىزدەپ تېپىشقا، ئىنسانلارنىڭ مەنىۋىيىتىدىكى چېكىنىش سەۋەبلىك شەكىللەنگەن تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش ۋە تەبىئەتنى تالان ـ تاراج قىلىش كىرىزىسىنىڭ ئىدىيەۋى مەدەنىيەت مەنبەسى، سىياسىي ئىقتىسادىي ئاساسى، تۇرمۇش شەكلى، ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئەندىزىسى قاتارلىق ئامىللارنى كۆرسىتىش ۋە ئۇنى تەنقىدلەپ تۈزىتىشكە تىرىشىدۇ. كىشىلەرنى بارغانسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان شەخسىي ئىستەك ـ خاھىشنى چەكلەپ، ئۆز ۋۇجۇدىنى پاكلاپ تەبىئەت ئانىنى سۆيۈشكە، ئىنسانلارنىڭ تەڭداشسىز بايلىقى بولغان تەبىئىي مۇھىتنى قوغداشقا چاقىرىدۇ.

ئومۇمەن، ئېكولوگىيە ئەدەبىياتى ئىدىيەۋى مەزمۇن ۋە بەدىئىي شەكىل جەھەتتىن پۈتۈنلەي يېڭىچە بولغان ئەدەبىيات ـ سەنئەت فورمىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ «ئىنسانلارنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ۋە قىممەت قارىشىدىكى ھەممە ئىشتا ئادەمنى مەركەز قىلىپ، تەبىئەتنى ۋاسىتە سۈپىتىدە تونۇش خاھىشىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، تەبىئەتنىڭ قىممىتىنى قايتا تونۇش بىلەن بىللە ئىنسان بىلەن تەبىئەتنىڭ ماس، ئىناقلىقى ۋە ئۆزئارا بىر گەۋدىچانلىقى

ئىدىيەۋى خاھىشىنى تەكىتلەپ يېڭىچە ئېكولوگىيەلىك مەدەنىيلىك ئېڭى ۋە مۇھىت ئەخلاقى بەرپا قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان ئەدەبىياتتىن ئىبارەتتۇر.»[1]

نۆۋەتتە پۈتكۈل دۇنيا مىقياسىدىكى پەن - تېخنىكا ۋە جەمئىيەتنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشى ۋە نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، تەبىئىي ئېكولوگىيەلىك مۇھىت مەسىلىسى دۇنياۋى خاراكتېرلىك مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرىگە ئايلىنىپ قالدى. ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتپەرەسلىك ۋە ئىستېمال ھېرىسمەنلىكى خاھىشىنىڭ بارغانسېرى كۈچىيىپ بېرىشى، ئەنئەنىۋى گۇمانىتار روھ ۋە مەنىۋى ئەقىدىلەرنىڭ بارغانسېرى ئاجىزلىشىشى سەۋەبلىك ئۇلارنىڭ تەبىئەتكە بولغان كېڭەيمىچىلىكى ۋە كونتروللۇقىنىڭ يىلسېرى كېڭىيىشى، ئۇنىڭ مەنىۋى كىرىزىسى، ئىچكى زىددىيەتلىرىنىڭ كۈچىيىپ بېرىشى نەتىجىسىدە دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەل يازغۇچىلىرى تەبىئىي مۇھىت ۋە ھاياتلىق مۇۋازىنىتىنىڭ بۇلغىنىشى، ۋەيران قىلىنىشىغا نىسبەتەن جىددىي پوزىتسىيە تۇتۇشقا باشلىدى. ئۇلار تەبىئەت ئېكولوگىيەسىنىڭ تەقدىرىنىڭ نۆۋەتتىكى ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇش شەكلى، ئىستېمال قارىشى، مەنىۋى چېكىنىشى قاتارلىقلار بىلەن زىچ باغلانغانلىقىنى، تەبىئەت ئانىنىڭ نالە - پەريادلىرىنىڭ ماھىيەتتە ئىنسانلارنىڭ تولدۇرغۇسىز كىرىزىس ۋە تىراگېدىيەسى ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ھەقىقەتنى تونۇپ يەتتى. بۇنىڭ بىلەن غەرب ئەللىرىدە 18 ~ 19 - ئەسىردىكى رومانتىزملىق ئەدەبىياتنىڭ تەسىرى ۋە ئىلھامى ئاستىدا بارلىققا كەلگەن تەبىئىي مۇھىت بىلەن ئىنسانلارنىڭ ئۆز ئارا ھەمنەپەسلى-

① ئابلاجان مۇھەممەت ئۇمىديار: «ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكى ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىياتىمىزدىكى ئىپادىسى»، «شىنجاڭ گېزىتى» 2008 - يىلى 29 - مارتتىكى «گۈلشەن» بېتى.

كى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئېكولوگىيە ئەدەبىياتى دۇنيا ئەدەبىياتى
مىقياسىدا تەدرىجىي شەكىللىنىپ، ئۆزىنىڭ يېڭىلىقى ۋە ئاۋاز-
گارتلىقىنى نامايان قىلدى. مېلۋېلنىڭ «كىتلار» ناملىق ئەسىرى،
لىيوپولدنىڭ «قۇملۇق يۇرت يىلنامىلىرى»، ھېنرىنىڭ «ۋالتېن
كۆلى»، ھېمىڭۋاينىڭ «دېڭىز ۋە بوۋاي» ناملىق پوۋېستى، گارسى-
يە ماركوزنىڭ «يۈز يىل غېرىبلىق»، چىڭغىز ئايتماتوفنىڭ «ئە-
سىردىن ھالقىغان بىر كۈن» رومانى، چ.كەرسېننىڭ «تىمتاس با-
ھار» ناملىق ئەسىرى قاتارلىقلار مۇشۇ خىل ئەدەبىي ئېقىمنىڭ
20 ـ ئەسىردىكى نامايەندىلىرى سۈپىتىدە ئىنسانىيەت ئەدەبىياتى-
نىڭ ئىدىيەۋى مەزمۇنى، قىممەت قارىشى ۋە بەدىئىي شەكلىنى يې-
ڭى بىر يۈكسەكلىككە ئىگە قىلدى.

ئىنسانلار جەمئىيىتىدىكى ئەنئەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش شەكلى
ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنىڭ ئۆزگىرىشى دۇنيانىڭ ھاياتلىق رېتى-
مىنى زور دەرىجىدە داۋالغۇتتى. دۇنياۋى مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىياتنىڭ
يېڭىچە يۈزلىنىشى، بولۇپمۇ كېيىنكى مودېرنىزملىق ئەدەبىيات ـ
سەنئەت ئېقىمىنىڭ تەسىرىدە جۇڭگو ئەدەبىياتى، جۈملىدىن ئۇيغۇر
ئەدەبىياتىدىمۇ كۈچلۈك مۇھىت كىرىزىس ئېڭى ۋە ئىجتىمائىي
بۇرچ تۇيغۇسىغا ئىگە بىر قىسىم شائىر ـ يازغۇچىلار كىلاسسىك
ئەدەبىياتىمىزنىڭ گۇمانىتارلىق ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىش
ئارقىلىق، ئۆز ئەسەرلىرىدە ئىنساننىڭ ئۆز قەدىر ـ قىممىتىنى
ساقلاپ، ئۆزىنىڭ تەبىئەت دۇنياسىدىكى پائالىيەتچان ئورنى، رولى
ۋە ئىجتىمائىي مەجبۇرىيىتىنى ئاڭلىق تونۇش بىلەن بىللە ئۇلارنىڭ
نۆۋەتتىكى ھاياتلىق رېئاللىقى ۋە كەلگۈسى تەقدىرى بىلەن چەم-
بەرچاس باغلانغان بۇ نازۇك تېمىنى تۈرلۈك بەدىئىي شەكىللەر ئار-
قىلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېكولوگىيە ئېڭى ۋە ئې-
كولوگىيە مەدەنىيلىكى قارىشىنىڭ ئۆسۈشىگە تۈرتكە بولدى.

ئېكولوگىيە ئەدەبىياتى ئىنسانلارنىڭ روھىيەت ئېكولوگىيە-سى بىلەن ئۇلارنىڭ تەبىئىي مۇھىتقا باغلانغان تەبىئىي ئېكولو-گىيەسىنى قوش يۆنىلىشتە ئەكس ئەتتۈرىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇ ئىلگە-رىكى ئەنئەنىۋى ئەدەبىياتتىن روشەن پەرقلىنىدۇ. نوقۇل تەبىئەت-نى تەسۋىرلەيدىغان ئەدەبىيات كۆپىنچە ئادەمنىڭ سىرتىدىكى ياكى ئادەمدىن ئايرىلغان ھالەتتىكى تەبىئەت ۋە تەبىئىي شەيئىلەرنى تەسۋىرلىسە، ئېكولوگىيە ئەدەبىياتى تەبىئەت بىلەن ئادەمنىڭ ئۆزئارا ماس، ئىناق ۋە بىر گەۋدىلىك باغلىنىشىنى ئىپادىلەيدۇ. ئەنئەنىۋى مەنىدىكى نوقۇل ئادەمنى ئاساس قىلغان ئەدەبىيات تە-بىئەتنى ياكى تەبىئىي شەيئىلەرنى پەقەت قورال، ۋاسىتە، بەلگە، ئۇيغۇن شەيئى سۈپىتىدە ئىپادىلىسە، ئېكولوگىيە ئەدەبىياتى ئۇ-نىڭ ئەكسىچە بۇلارنى ئىنسان بىلەن باباراۋەر ئورۇندىكى تەبىئىي مەۋجۇتلۇق، شۇنداقلا تەبىئەت گۈزەللىكىنىڭ كەم بولسا بولمايدى-غان مۇھىم ئوبيېكتلىرى سۈپىتىدە تەسۋىرلەيدۇ، ئۇلارنىڭ مەۋ-جۇتلۇق قىممىتىنى ئىنسان قىممىتى بىلەن باراۋەر ئورۇنغا قو-يىدۇ. ئېكولوگىيە ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكلىرىنى مۇنداق بىرقانچە جەھەتكە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

1. ئېكولوگىيە ئەدەبىياتى ئىنسان بىلەن ئۇنىڭ ھاياتلىق ما-كانى بولغان تەبىئەت ۋە تەبىئىي مۇھىتنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئاچقۇچلۇق كۆزىتىدىغان ھەم ئۇنى جانلىق ۋە يارقىن ئىپادىلەيدىغان ئەدەبىيات بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ نۆۋەتتىكى مۇھىت رېئاللىقى ۋە كەلگۈسى تەقدىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان ئېكولوگىيەلىك ئاڭ — تۇيغۇ، ئېكولوگىيەلىك مەسئۇلىيەتنى ئىپادىلەش ئۇنىڭ ئەڭ گەۋ-دىلىك ئالاھىدىلىكىدۇر. ماددىي مەدەنىيەت بىلەن مەنىۋى مەدەنى-يەت ئىجتىمائىي ھاياتلىق تارازىسىنىڭ ئېككى بېشىغا ئوخشايدۇ. «ئىنسانلار ئەگەر ئۆزلىرىنىڭ مەنىۋىيىتىنى قۇربان قىلىش بەدى-

لىگە ماددىي بايلىققا ئىنتىلىدىكەن، ئۇ ھالدا ئۇلارنىڭ قەلبى مۇقەررەر چۆللىشىشكە يۈزلىنىدۇ. بۇ، سانائەت مەدەنىيلىكى دەۋرىدىكى ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇشى بایاشات، ھەممە نەرسىدىن بەھرىمەن بولۇپ تۇرۇقلۇق يەنە ئۆزلىرىنى مەنىۋى جەھەتتىن بىچارە ھېس قىلىشىنىڭ تۈپ سەۋەبى. ئىنسانلارنىڭ ھاياتلىقتا ماددىي تۇرمۇش ۋاستىلىرىنىڭ يېتەرسىز بولغىنىغا قارىغاندا مەنىۋى قاقاسلىققا بەرداشلىق بېرىشى تېخىمۇ قىيىن.»[①]

ئېكولوگىيە ئەدەبىياتىنىڭ ئىنسان بىلەن تەبىئەتنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىنى كۆزىتىش، ئىپادىلىشى تەبىئەتنىڭ ئىنسانلارغا ئاتا قىلغان بايلىق ۋە نېمەتلىرى، ئۇنىڭ ئىنسانلارغا بەرگەن تەسىرى، ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت دۇنياسىدىكى ئورنى، تەبىئەتتىكى ھاياتلىق گەۋدىسىنىڭ بىر پۈتۈنلۈكى، ئىنسانلارنىڭ باشقا جانلىقلار بىلەن بولغان ھەمنەپەسلىك ۋە تايىنىشلىق مۇناسىۋىتى، ئىنسانلارنىڭ ئاتالمىش تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش، ئۆزگەرتىش ۋە تالان ـ تاراج قىلىشىنىڭ ئىدىيەۋى ۋە پسىخىكىلىق مەنبەسى، ئۇنىڭ ئاقىۋىتى ياكى ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتنىڭ مۆجىزە ـ خىسلەتلىرىدىن پەخىرلىنىش، ئاڭلىق ھالدا تەبىئەتنى سۆيۈش، ئېكولوگىيەلىك تەڭپۇڭلۇقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، مۇھىتنى قايتا قۇرۇشقا ئىرىشىش قاتارلىق تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ ئىنسان بىلەن تەبىئەتنىڭ بىر گەۋدىلىك مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلىگەندە ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت ۋە تەبىئىي مۇھىتقا بولغان ئەخلاقىي پوزىتسىيەسى ھەم ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتچانلىقىنى ئالاھىدە يۇقىرى ئورۇنغا قو-

---

① ۋاڭ لى، جۇ لى قاتارلىلار: «ئېكولوگىيە ئېستېتىكىسى نەزىرىدىكى جۇڭگو ـ چەت ئەل ئەدەبىي ئەسەرلىرى»، خەلق نەشرىياتى 2007 ـ يىلى 9 ـ ئاي خەنزۇچە نەشرى 229 ـ بەت.

يۇپلا قالماستىن بەلكى ئۇنى ئىنسانىي قەدىر ـ قىممەتنىڭ مەركىزىگە قويۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

2. ئېكولوگىيە ئەدەبىياتى ئىنسانلار دۇنياسىدىكى تەبىئىي ئېكولوگىيە كىرىزىسىنىڭ ئىجتىمائىي مەنبەسىنى قىدىرىپ چىقىرىدىغان ئەدەبىياتتىن ئىبارەت. ئۇ ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ ماددىي تەرەققىياتى ۋە ئۇنىڭدىكى مەنىۋى چېكىنىشنى يەر شارى ئېكولوگىيە كىرىزىسىنىڭ مۇھىم بىر سەۋەبى دەپ قارايدۇ، تەبىئىي مۇھىت كىرىزىسىنىڭ مەنبەسى ئىنسانلارنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى يىمىرىلىش، نەپسانىيەتچىلىك، ئاچ كۆزلۈك ۋە چەكتىن ئاشقان ماددىي ئىستېمالچىلىقنىڭ تەسىرىدە ئەنئەنىدىن ياتلىشىش، تەبىئىيلىكتىن يىراقلىشىشتەك يامان سۈپەتلىك ئۆسۈش ھەمدە نوقۇل ماددىي تەرەققىياتلىق جەمئىيەتتىن كەلگەن دەپ قارايدۇ. شۇنداقلا مۇشۇ خىل بىر تەرەپلىمە تەرەققىياتلىق جەمئىيەت ۋە ئۇنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى، قىممەت قارىشى قاتارلىقلارنى تەنقىدلەش، يېڭىچە قىممەت قارىشىنى تۇرغۇزۇشنى ئۆزىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئېكولوگىيە ئەدەبىياتىغا ئالاقىدار مەدەنىيەت تەتقىقاتى ۋە ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى تەنقىدى بۇ خىل ئەسەرلەرنىڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

3. ئېكولوگىيە ئەدەبىياتى تەبىئىيلىك ۋە تەبىئەتنىڭ بىرلەمچى قىممىتىنى ئاساس قىلغان ئېكولوگىيەلىك ئاڭ، تەپەككۇر ۋە ئېكولوگىيەلىك تەپەككۇر كۆزنىكىگە ئىگە بولغان يېڭىچە ئەدەبىياتتۇر.

ئىجتىمائىي ھاياتلىقنى قوش لىنىيەدە ئىپادىلەيدىغان، يەر شارى ئېكولوگىيە سىستېمىسىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتى، شۇنداقلا ئۇنىڭدىكى بارلىق جانلىقلارنىڭ ئورتاق مەنپەئەتىنى ئۆزىنىڭ ئەڭ ئالىي قىممەت نۇقتىسى قىلغان بۇ ئەدەبىيات مەدەنى-

يەت ۋە قىممەت قارىشى جەھەتتىن تەبىئەت دۇنياسىدىكى يەككە تۇرنىڭ ئۆزىدىن باشقىلارنى نابۇت قىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئىنسان مەركەزچىلىك قارىشىنى چىقىش قىلماستىن، بەلكى پۈتكۈل يەر شارىنىڭ نورمال مېخانىزمى ۋە ئۇنىڭدىكى بارلىق جانلىقلارنىڭ ھوقۇقى ھەم مەنپەئەتىنى ئىجتىمائىي، ئېستېتىك قىممەتكە ئىگە قىلىشنىڭ ئۆلچىمى قىلىدۇ. ئۇ ئېكولوگىيە ئورتاق گەۋدىسى ياكى ئېكولوگىيەلىك بىر پۈتۈنلۈك كۆزقارىشىنى ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتى ۋە ئىنسان قىممىتىنى كۆزدىتىشكە يېتەكچىلىك قىلدۇرىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئىنسانلاردىكى ئانا تەبىئەتكە بولغان ھېس - تۇيغۇنى ئۆستۈرۈش بىلەن بىللە يەنە ئۇلارنىڭ تەبىئىي ئېكولوگىيە چەمبىرىكى ئورنى ۋە ئېكولوگىيەلىك مۇھىت ئالدىدىكى  ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيىتىنى ئاڭلىق تونۇشقا چاقىرىدىغان ئەدەبىياتتۇر. بۇ جەھەتتىن ئەدەبىياتىمىزدىكى مۇھەممەت باغراشنىڭ «ئاقساق بۇغا» پوۋېستى، توختى ئايۇپنىڭ «بۆرە ئانا» رومانى، نۇرمۇھەممەت توختىنىڭ «چۆل ئوغلى» پوۋېستى، ئابدۇكېرىم قادىرنىڭ «تۆتىنچى ئېراغا سەپەر» رومانى، ئەخمەت ئىمىننىڭ نەسرلىرى ئالاھىدە ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە.

ئېكولوگىيە ئەدەبىياتى ئىنسانلارنىڭ بۇرنىنىڭ ئۇچىنىلا كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ ۋاقىتلىق مەنپەئەتىنى قىممەتكە ئىگە قىلىشنى ھەل قىلغۇچ ئۆلچەم قىلماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ تەبىئەتكە قارىتا پوزىتسىيەسى ۋە ھەرىكىتىنى ئۆزىنىڭ قىممەت ئۆلچىمى قىلىدۇ. ئېكولوگىيە ئەدەبىياتى ئىجتىمائىي قىممەت ۋە ئېكولوگىيەلىك ئېستېتىك قىممەتكە ئىگە بولغان قوش قاتلاملىق خاراكتېرگە ئىگە بەدىئىي ئوبرازلارنى يارىتىش ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت دۇنياسىنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلۇق ۋە

ھاياتلىق تەرەققىياتىنىڭ باشقا ھاياتلىق تۈرلىرىدىن مەڭگۈ ئاي-
رىلالمايدىغانلىقى، شۇڭا ئۇلارنىڭ تەبىئەت بىلەن ماس، ئىناق مۇ-
ناسىۋەتكە كاپالەتلىك قىلغاندىلا ئاندىن ئۆزلىرىنىڭ بىخەتەر ۋە
ساغلام بولغان مەۋجۇتلۇقىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدىغانلى-
قىنى ھېس قىلدۇرۇپ، ئوقۇرمەنلەردە كۈچلۈك گۇمانىستىك
روھنى يېتىلدۈرىدۇ.

4. ئېكولوگىيە ئەدەبىياتىنى ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتتىكى باشقا
ھاياتلىق تۈرلىرى بىلەن بىر گەۋدىلەشكەن ھالدا ماس، ئىناق ئۆ-
تۈش غايىسى، ھاياتلىق دۇنياسىنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتىنى ئال-
دىن مۆلچەرلەش ئىدىيەسى ئىپادىلەنگەن ئالاھىدە مەدەنىيەت قىم-
مىتىگە ئىگە ئەدەبىيات دەپ قاراشقا بولىدۇ. مەسىلەن، نۇرمۇھەم-
مەت توختىنىڭ «چۆل ئوغلى» پوۋېستىدا باش قەھرىمان سالامنىڭ
چۆل - جەزىرىدە ياشاپ، تەبىئەت قوينىدىكى ھەر خىل قۇشلار ۋە
جاندارلار بىلەن دوستانە ئۆتكەنلىكى ھەمدە باللارچە ساددا تۇيغۇ-
نىڭ تۈرتكىسىدە بىر چىشى كېيىكنى ئەمگەن، ئۇنى ئانا سۈپىتىدە
تونۇغانلىقى، ئەمما ئۇنىڭ تەبىئەتكە بولغان سۆيگۈ - ئارزۇسىنىڭ
تۇرمۇشتا چىرىكلەشكەن ئەمەلدارلارنىڭ رەھىمسىزلىكى، شەخسى-
يەتچىلىكى تۈپەيلى بەربات بولغانلىقىدەك تىراگېدىيەلىك ۋەقەلەر
بايان قىلىنىدۇ. «كۆپ ساندىكى ئېكولوگىيە ئەدەبىي ئەسەرلىرى-
نىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك يازغۇچىنىڭ ئىنسان بىلەن تەبىئەتنىڭ
ماس، ئىناق ئۆتۈش غايىسى ئىپادىلەنگەن. خېلى كۆپلىگەن يازغۇ-
چىلارنىڭ ئەسەرلىرىدە ئەپسانە دەۋرىدىكى ئەجدادلارنىڭ ئىپتىدا-
ئىي ھاياتلىق ھالىتىگە بولغان تەلپۈنۈشى ياكى كەڭ تەبىئەت قوي-
نىغا قايتىپ تۈرلۈك بۇلغىنىشلار بىلەن تولغان زامانىۋى مەدەنى-
يەتتىن خالىي ياشاش غايىسى ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. ئومۇمەن، تەبى-
ئەتنى سۆيۈش، مېھىرلىك تەبىئەت ئانىنىڭ قوينىغا قايتىش غا-

يىسى ئېكولوگىيە ئەدەبىياتىنىڭ مەڭگۈلۈك باش تېمىسى.»[1]

جەمئىيەتنىڭ نوقۇل ماددىي تەرەققىياتلىق ئېشىش ئەندىزىسى ۋە نوپۇسنىڭ تېز سۈرئەتتە كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىت مەسىلىسى يەر شارى خاراكتېرلىك مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرىگە ئايلاندى. ئىنسان ھاياتىنىڭ تەبىئەتكە بولغان بېسىمىنىڭ يىلسېرى كېڭىيىپ بېرىشى ۋە ئۇنىڭ ئىچكى زىددىيەتلىرىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەل يازغۇچىلىرى تەبىئەتنىڭ نابۇت قىلىنىشى ۋە ھاياتلىق دۇنياسى ئېكولوگىيەلىك سىستېمىسىنىڭ بۇزۇلۇشىغا نىسبەتەن جىددىي پوزىتسىيە تۇتۇشقا باشلىدى. ئۇلار تەبىئەت تەقدىرىنىڭ ئىنسان تەقدىرى بىلەن زىچ باغلانغانلىقىنى، تەبىئەت ئانىنىڭ نالە - پەريادىنىڭ ماھىيەتتە ئىنسانىيەتنىڭ تولدۇرغۇسىز تىراگېدىيەسى ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ھەقىقەتنى چۈشىنىپ يەتتى. دۇنياۋى مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىياتنىڭ يېڭىچە يۈزلىنىشى، بولۇپمۇ كېيىنكى مودرنىزملىق ئەدەبىيات - سەنئەت ئېقىمىنىڭ تەسىرىدە جۇڭگو ئەدەبىياتى، جۈملىدىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىمۇ كۈچلۈك كىرىزىس ئېڭىغا ئىگە بىر قىسىم شائىر - يازغۇچىلار مەيدانغا چىقىپ، ئەدەبىياتىمىز تارىخىدىكى فارابى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، لۇتفىي، نەۋايى، زەلىلىي، نەۋبەتىي قاتارلىق كىلاسسىكلارنىڭ ئىجادىيەت ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىش ئارقىلىق ئۆز ئەسەرلىرىدە ئىنساننىڭ تەبىئەت دۇنياسىدىكى ئورنىنى تونۇتۇش بىلەن بىللە ئىنسانىيەتنىڭ تەقدىرى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان بۇ نازۇك تېمىنى تۈرلۈك ئۇسۇللار ئارقىلىق ئىپادىلەپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېكولو-

---

① ۋاڭ نو: «ياۋروپا - ئامېرىكا ئېكولوگىيە ئەدەبىياتى» بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2003 - يىلى خەنزۇچە تۇنجى نەشرى 10 - بەت.

گىيە ئېڭى ۋە ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قارىشىنىڭ ئۆسۈشىگە
تۈرتكە بولدى. يېقىنقى يىللاردا ئۇيغۇر يازغۇچىلىرى دۇنيا ئەدەبى-
ياتىنىڭ تەسىرىنىمۇ قوبۇل قىلىپ، ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇ-
ناسىۋىتى باش تېما قىلىنغان، تەبىئەت ۋە تەبىئىي مۇھىتنىڭ
قىممىتى ئاڭلىق نامايان قىلىنغان زور بىر تۈركۈم ئەسەرلەرنى
بارلىققا كەلتۈردى. شائىر قۇربان باراتنىڭ «ئۇۋ مىلتىقى كۆتۈر-
گەن بالا»، «كېسىلگەن توغراق» ۋە باشقا شېئىرلىرى، ئادىل تۇنى-
ياز، پەرھات ئىلياس، زامانىدىن پاكىزات قاتارلىق ياش ۋە ئوتتۇرا
ياش شائىرلارنىڭ بىر قىسىم شېئىرلىرىدىمۇ ئىنسان بىلەن تەبى-
ئەتنىڭ ئەبەدىيلىك ماس، ئىناقلىق، بىر گەۋدىلىك مۇناسىۋىتى
ئاساس قىلىنغان ھاياتلىق گارمونىيەسى جانلىق ئىپادىلەنگەن
بولسا، يازغۇچى ۋە ئەدەبىي تەرجىمان ئەخمەت ئىمىنىنىڭ «قەلب
سادالىرى»، «باھار تىنىقى»، «جۇلدۇر كېپەن خوتۇنىنىڭ ساداسى»
قاتارلىق نەسىر توپلاملىرىمۇ بۇ جەھەتتە ئوقۇرمەنلىرىمىز ئارى-
سىدا زور تەسىرگە ئىگە. بۇنىڭدىكى مۇھىم سەۋەب ئۇنىڭ نەسىر-
لىرىنىڭ كۆپىنچىسىدە ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ ماس، ئىناقلىق
دىيالوگى ئاساس قىلىنغان، ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتنى سۆيۈنۈش،
ئۇنىڭدىن پەخىرلىنىش ۋە ئۇنى ئاكتىپ قوغداش، پەرۋىش قىلىش-
تەك ئېكولوگىيەلىك مەسئۇلىيەتچانلىق، پەرزەنتلىك بۇرچىنىڭ
بارلىقىنى ھەقىقىي تونۇتقانلىقىدا. ئەخمەت ئىمىن نەسرلىرىنىڭ
ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىكى شۇكى، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىدە تەبىئەت
دۇنياسىنى ئىنچىكە كۆزىتىپ ئۇنىڭ بارلىق ئەۋزەللىكلىرىنى
بىلدۈرۈش، تەبىئەتنى سۆيۈنۈش، ئۇنىڭ بارلىق گۈزەل خىسلەت-
لىرى ۋە ئىنسانلارغا ئاتا قىلغان ياخشىلىقلىرىنى كۈيلەش، ئۇ-
نىڭغا تەشەككۈر بىلدۈرۈش، تەبىئەتنىڭ گۈزەل مۆجىزە - خىس-
لەتلىرىدىن ئىلھام ئېلىش ھەمدە مۇشۇ خىل ئىلھامنىڭ تۈرتكى-

سىدە ھاياتلىق دۇنياسىنى تېخىمۇ گۈزەل قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئارزۇ - غايىسى ئىپادىلەنگەن.

ئۇيغۇر پىروزىچىلىقى ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىدىن ھازىرغىچە بولغان ئارىلىقتا دۇنيا ئەدەبىياتىدىكى يېڭى ئېقىملار ۋە مەملىكىتىمىزدىكى خەنزۇ ۋە باشقا قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرىدە ئېكولوگىيەلىك مۇھىت تېمىسىدىكى بىر قىسىم ئەسەرلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. مەسىلەن، مۇھەممەت باغراشىنىڭ «ئاقساق بۇغا»، «ئاھ، يەر»، «جەزىرە» پوۋېستى، ئەختەم ئۆمەرنىڭ «زېمىن، قارا ئادەملىرىڭگە»، «قۇرتلاپ كەتكەن كۆل» ناملىق پوۋېستلىرى، توختى ئايۇپنىڭ «بۆرە ئانا» رومانى، «قۇم باسقان دېڭىز»، «ئوۋچى ئەسلىمىلىرى»، «مۇڭگۈز» قاتارلىق پوۋېست - ھېكايىلىرى، نۇرمۇھەممەت توختىنىڭ «چۆل ئوغلى»، ياسىنجان سادىقنىڭ «قۇرۇپ كەتكەن دەريا» ناملىق پوۋېستلىرى، ئابباس مۇنىيازنىڭ «ئاخىرقى ئوۋ» پوۋېستى، تۇرسۇنجان مۇھەممەتنىڭ «بۆرە جىلغىسى»، رىزۋانگۈل يۇسۇپنىڭ «بۆرە قىسمىتى» قاتارلىق ھېكايىلىرى ھەمدە ئەركىن روزىنىڭ «بۇ يەردە كېيىنكىلەرنىڭمۇ ھەققى بار»، خالىدە ئىسرائىلنىڭ «ئانا دەريانى ئىزدەپ» قاتارلىق ئەدەبىي ئاخبارات ئەسەرلىرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى زېمىنىدا بارلىققا كەلگەن ئېكولوگىيەلىك مۇھىت تېمىسىدىكى نادىر ئەسەرلەر بولۇپ، بۇ ئەسەرلەرنىڭ بەزىلىرى تەبىئەت دۇنياسىنىڭ خىسلەتلىرى ۋە گۈزەل مۆجىزىلىرىنى زوق - شوق بىلەن كۈيلىسە، يەنە بەزىلىرى دىيارىمىزنىڭ ئېكولوگىيەلىك رېئاللىقى ۋە خەلقىمىزنىڭ تەبىئىي مۇھىت ئېڭىنى ئوبرازلىق، جانلىق ۋە تەسىرلىك كۆرۈنۈشلەر ئارقىلىق ئىپادىلەپ بەردى. يەنە بىر تەرەپتىن، نۆۋەتتىكى ئىقتىسادىي تەرەققىيات قىزغىنلىقى ۋە يەر شارىدىكى قىزىش مۇھىتىدا شەكىللىنىۋاتقان ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتتىن چەت-

نەش، مەنىۋى چېكىنىش كىرىزىسى، تەبىئىي بايلىق ۋە ئېنېرگى-يەنىڭ خورىشى، ئېچىش ۋە قۇرۇلۇش خاراكتېرلىك بۇزغۇنچىلىق قاتارلىقلارنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان ئېكولوگىيەلىك مۇھىت رېئاللىقىمىزنى جانلىق ۋە ئوبرازلىق ئىپادىلەپ، ئوقۇرمەنلەرنى ئۆزلىرى ياشاپ تۇرغان تەبىئەت دۇنياسى ۋە ئۇنىڭ قوينىدىكى ھاياتلىقنىڭ كەلگۈسى تەقدىرى ھەققىدە ئويلاندۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئۇلارنىڭ نۆۋەتتىكى مۇھىت چۈشەنچىسىنى ئۆستۈرۇش-تە ئالاھىدە يۇقىرى قىممەتكە ئىگە ئەسەرلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئومۇمەن، ئەنئەنىۋى گۇمانىستىك روھ ئاساس قىلىنغان ئادەم بىلەن تەبىئىي ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنىڭ ئۆزئارا بىر گەۋدىلىك، تەقدىرداشلىقى، ھەمنەپەسلىك مۇناسىۋىتى باش تېما قىلىنغان ئېكولوگىيە ئەدەبىياتى ئۆز تېمىسىنىڭ يېڭى ۋە ئاكتۇئاللىقى، لىرىك تۇيغۇسىنىڭ كۈچلۈكلۈكى، كەڭ ئوقۇرمەنلەرگە تەبىئەت دۇنياسى ۋە تەبىئىي مۇھىتنىڭ مۇستەقىل قىممىتىنى تونۇتۇش-تىكى ئۆزگىچە رولى ھەم ئېستېتىك قىممىتى ئارقىلىق ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ نۆۋەتتىكى ئىجادىيەت ھەمدە ئىلمىي تەنقىد دائى-رىسىنى كېڭەيتىش بىلەن بىللە مىللىي ئەدەبىياتىمىزدىكى ئىل-غار ئەدەبىي ئېقىملارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. شۇڭا ئېكولوگىيە ئەدەبىياتىدىن ئىبارەت بۇ خىل يېڭىچە ئەدەبىيات ھادىسىسىنىڭ ئىلغار ئىدىيەۋى خاھىشى، ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكلىرى، ئۇنىڭ مەدەنىيەت قىممىتى، ئېستېتىك ئالاھىدىلىكلىرى ھەققىدە ئەستا-يىدىل مۇھاكىمە ۋە تەنقىد ئېلىپ بېرىشنى نۆۋەتتىكى ئۇيغۇر ئە-دەبىي ئىجادىيىتى، ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ئىلمىنىڭ رېئال ئەھمى-يەتكە، يۇكسەك مەدەنىيەت قىممىتىگە ئىگە ئەمەلىي تېمىلىرىنىڭ بىرى سۈپىتىدە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

# 3. ئۇيغۇر بۈگۈنكى دەۋر ئېكولوگىيە پىروزىچىلىقى ھەققىدە

ئېكولوگىيە ئەدەبىياتى ئىنسانلارنىڭ ئۆزلىرى ياشاپ تۇرغان تەبىئەت دۇنياسى ۋە ئۇنىڭ ھاياتلىقتىكى رېئال قىممىتى ھەققىدىكى ئىزدىنىشلىرىنى ئوبرازلىق ئىپادىلەش، ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت قوينىدىكى ھاياتلىق تۈرلىرىنىڭ ئېكولوگىيەلىك قىممىتى ھەققىدىكى گۇمانىستىك ئاڭ - تۇيغۇلىرى، ئەخلاق چۈشەنچىلىرى ۋە ئىدىيەۋى قاراشلىرىنى نۇقتىلىق بايان قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ تەبىئەتكە بولغان مىننەتدارلىقى ۋە مۇھەببىتىنى ئىزھارلاشنى مەقسەت قىلغان ئۆزگىچە مەدەنىيەت قىممىتىگە ئىگە ئەدەبىيات ھادىسىسىنى كۆرسىتىدۇ.

ئىنسانلارنىڭ يېقىنقى بىرقانچە ئەسىرلىك مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ۋە سانائىتىنىڭ تېز سۈرئەتلىك ئومۇملىشىشى ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش شەكلى، ئىستېمال قارىشىنى، جۈملىدىن دۇنيانىڭ قىياپىتىنى زور دەرىجىدە ئۆزگەرتتى. بۈگۈنكى كۈندە ئىنسانلارنىڭ ماددىي مەدەنىيىتى غايەت زور تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ھاياتلىق ماكانى، ماددىي بايلىق ۋە ئېنېرگىيە مەنبەسى بولغان تەبىئەت دۇچ كەلگەن ئېكولوگىيەلىك مۇھىت مەسىلىسى دۇنياۋى خاراكتېرلىك كرىزىس ۋە جىددىي مەسىلىگە ئايلاندى. دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەل يازغۇچىلىرى ئىنسان تەبىئىتىدىكى سەلبىي ئۆزگىرىشلەرگە ماسلىشىپ كېلىپ چىققان ھاياتلىق دۇنياسى ئېكولوگىيەلىك سىستېمىسىنىڭ بۇزۇلۇشىغا نىسبەتەن جىددىي پوزىتسىيە تۇتۇپ، بۇ خىل يامان سۈپەتلىك

ئۆزگىرىشنى ئەدەبىياتتا ئەكس ئەتتۈرۈشكە باشلىدى.

خەلقئارادا 20 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى چارىكىدىن باشلانغان ئېكولوگىيە مەدەنىيىتى ھەرىكىتىنىڭ تۈرتكىسىدە بىر قىسىم يازغۇچىلار مەخسۇس ئىنسان بىلەن تەبىئەت ۋە تەبىئىي مۇھىتنىڭ نازۇك مۇناسىۋەتلىرى، تەبىئەتنىڭ قىممىتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قىممىتىگە ئىگە ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلدى. ئۇلار ئۆز ئەسەرلىرىدە تەبىئەت تەقدىرىنى ئىنسانلارنىڭ مەۋجۇتلۇق تەقدىرى بىلەن زىچ باغلاپ، تەبىئەت ئانىنىڭ نالە ـ پەريادلىرىنىڭ ماھىيەتتە ئىنسانىيەتنىڭ تولدۇرغۇسىز تىراگېدىيەسى ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ھەقىقەتنى جانلىق ئىپادىلىدى. دېمەك، تەبىئىي ئېكولوگىيە سىستېمىسىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە كىشىلەرنىڭ ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى ئېڭىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ ئېكولوگىيە ئەدەبىياتىدىن ئىبارەت بۇ يېڭىچە ئەدەبىيات ھادىسىسى بارلىققا كېلىپ، ئىنسانلار ئەدەبىيات ـ سەنئىتى تارىخىدا ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان ئەدەبىي ئېقىمنى شەكىللەندۈردى.

ئېكولوگىيە ئەدەبىياتىنىڭ ئەنئەنىۋى ئەدەبىياتتىن پەرقلىنىدىغان ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇ ئەدەبىياتنى ئىلگىرىكى چۈشەنچە بويىچە «ئەدەبىيات ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنى ئىپادىلەيدۇ» دېگەن قاراشنىڭ تەسىرىدە شەكىللەنگەن ئەدەبىيات ـ سەنئەتتە نوقۇل ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرىنى مەركەز قىلىش ۋە ئىنساننىڭ كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتىنى ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇپ، تەبىئەتنىڭ قىممىتىگە سەل قاراشتەك ئىنسان مەركەزچىلىك ياكى شوۋىنىزملىق ئىدىيەلەرنىڭ چەكلىمىسىدىن ھالقىپ، ئۆزىنىڭ ئەكس ئەتتۈرۈش دائىرىسىنى كەڭ دائىرىلىك تونۇپ، تەبىئەت دۇنياسىنى ئەدەبىيات زېمىنىغا

مۇستەقىل مەۋجۇتلۇق سۈپىتىدە ئېلىپ كىرگەنلىكىدە. بۇ خىل ئەدەبىياتنىڭ خاسلىقى نۆۋەتتە ئىنسانلار ئارىسىدىكى تەبىئىي تۇرمۇش شەكلى ۋە ئىستېمال مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشى سەۋەب-لىك كېلىپ چىققان، مەدەنىيەت ئۆزگىرىشى، ئەخلاقىي يىمىرى-لىش، مەنىۋى تەڭپۇڭلۇقنىڭ بۇزۇلۇشىنىڭ ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنۈشى، شۇنداقلا ئادەم بىلەن تەبىئىي مۇھىتنىڭ نازۇك مۇنا-سىۋىتىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇنى نۇقتىلىق ئەكس ئەت-تۇرگەنلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ.

ئېكولوگىيە ئەدەبىياتى ئىجتىمائىي ھاياتنى قوش يۆنىلىش بويىچە ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئۇ ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇرەككەپ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ۋە توقۇنۇشلارنى ئىپادىلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ ئۆزئارا نازۇك جىددىي مۇنا-سىۋىتىنى قوش لىنىيەدە ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئىنسانلارنىڭ ماددىي مەنپەئەتپەرەسلىكى، چېكىدىن ئاشقان ئاچ كۆزلۈكى ۋە مەدەنىيەت-تە ئادەمنى مەركەز قىلىشتىن كېلىپ چىققان شەخسىيەتچىلىك، راھەتپەرەسلىك ۋە ياۋۇزلۇقى سەۋەبلىك تەبىئەتنىڭ ۋەيران قىلى-نىشى، شۇنداقلا ئىنسانلارنىڭ بېسىمى تۈپەيلىدىن ئانا تەبىئەت دۇچ كەلگەن ئازاب، كىرىزىس ۋە ئاپەتلەرنى ئىپادىلەپ، مەنىۋى جەھەتتىن چېكىنىشكە يۈز تۇتۇۋاتقان ئىنسان روھىنى سوراق قى-لىپ، ئۇنىڭ يېتەرسىزلىكلىرىنى كۆرسىتىپ، كىشىلەرنى تەبى-ئىي ئېكولوگىيەلىك ئاپەتتىن ئاگاھلاندۇرىدۇ.

ئامېرىكىلىق داڭلىق يازغۇچىلاردىن «دېڭىز ۋە بوۋاي» قاتار-لىق ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورى ئېرنىست ھېمىڭۋاي، جېك لوندون «ئېيىق» قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورى ۋىلليام فولكنېر، كو-لومبىيە يازغۇچىسى، «يۈز يىل غېرىبلىق»نىڭ ئاپتورى گارسىيە ماركوز، فىرانسىيە يازغۇچىسى، 2008 - يىللىق نوبېل ئەدەبىيات

مۇكاپاتىنىڭ ساھىبى، «ئورۇش»، «گىگانت ئادەم»، «چۆل» قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورى ل. كىلېزيئو، «قىيامەت»، «ئەسىردىن ھالقىغان بىر كۈن»، «ئاق پاراخوت» قاتارلىق ئەسەرلىرى بىلەن خەلقىمىزگە تونۇلغان قىرغىز يازغۇچىسى چىڭغىز ئايتماتوفلار مۇشۇ خىل ئەدەبىي ئېقىمنىڭ چەت ئەل ئەدەبىياتىدىكى نامايەندىلىرى بولۇپ، بۇ يازغۇچىلارنىڭ نۇرغۇن ئەسەرلىرى تەرجىمە قىلىنىپ ئېلىمىز ئەدەبىياتىغا تەسىر كۆرسەتتى. 20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرى ۋە 90 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا جۇڭگو ئەدەبىياتىدا جىي فۇ، فەن ۋېنشى، جاڭ رۇڭ، لى چىڭسۇڭ قاتارلىق ئېكولوگىيە ئەدەبىياتى يازغۇچىلىرى مەيدانغا كېلىپ ئەدەبىي ئاخبارات، پىروزا ۋاستىسى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى ۋە ئېكولوگىيەلىك مەسئۇلىيەت ـ بۇرچ ئېڭىنى نامايان قىلدى. دۇنيا ئەدەبىياتى ۋە مەملىكىتىمىز ئەدەبىياتىدىكى بۇ خىل يېڭى يۈزلىنىش ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىغىمۇ بەلگىلىك ئىجابىي تەسىر كۆرسەتتى.

ئېكولوگىيە ئەدەبىياتى كېيىنكى مودېرنىزملىق ئەدەبىيات ـ سەنئەت مۇھىتىدا بارلىققا كەلگەن يېڭى بىر خىل ئەدەبىي ئېقىم بولۇپ، «ئۇ ھەرگىزمۇ ئاددىي مەنىدىكى باغبارلىق ئەدەبىياتى ياكى نوقۇل تەبىئەتنى تەسۋىرلەيدىغان مۇھىت ـ مەنزىرە ئەدەبىياتى ئەمەس، بەلكى مۇئەييەن پەلسەپىۋى ئاساسقا ئىگە. رېئال ئىجتىمائىي قىممەت ۋە ئېستېتىك ئۇنۇمنى چىقىش قىلغان يېڭىچە ئەدەبىيات فورمىسىدۇر.»[①] ئۇنىڭ ئاساسلىق ئىپادىلەپ ۋە ئىنسانلارغا كۆرسىتىپ بېرىدىغىنى ئىنساننىڭ روھىي دۇنياسى، خاراكتېر ـ پەزىلىتى بىلەن تەبىئەتنىڭ نازۇك مۇناسىۋىتى بولۇپ، ئۇ ئىنـ

① ۋاڭ نو: «ياۋروپا ـ ئامېرىكا ئېكولوگىيە ئەدەبىياتى»، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2003 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى 10 ـ بەت.

سانلارنىڭ تەبىئەت دۇنياسىدىكى پائالىيەتچان ئورنى، تەبىئىي مۇھىت ۋە ئۇنىڭ قوينىدىكى باشقا ھاياتلىق تۈرلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، ئىنساننىڭ تەبىئەتكە قارىتا ئاڭسىز ۋە ئىستىخىيەلىك بۇزغۇنچىلىقى ھەم ئۇنىڭ ئاقىۋىتى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ئېكولوگىيە ئەدەبىياتى كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى ئىپادىلەش بىلەن بىللە يەنە ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ جىددىي مۇناسىۋىتىنى قېزىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، ئوبيېكتىپ دۇنيا بىلەن سۇبيېكت ئوتتۇرىسىدىكى ئوقۇشماسلىق ۋە توقۇنۇشلارنىڭ تۈپ يىلتىزىنى ئىزدەپ تېپىشقا؛ ئىنسانلارنىڭ ئاتالمىش «تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش» ۋە تەبىئەتنى تالان - تاراج قىلىشى سەۋەبلىك كېلىپ چىققان مۇھىت كىرىزىسىنىڭ ئىدىيەۋى مەدەنىيەت مەنبەسى، سىياسىي ئىقتىسادىي ئاساسى، تۇرمۇش شەكلى، ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئەندىزىسى قاتارلىق ئامىللارنى كۆرسىتىشكە تىرىشىدۇ. كىشىلەرنى ئانا تەبىئەتنىڭ قىممىتىنى قايتىدىن تونۇش ۋە تەبىئەت ئانىنى سۆيۈشكە، ئىنسانلارنىڭ تەڭداشسىز بايلىقى بولغان تەبىئىي مۇھىتنى قوغداشقا چاقىرىدۇ.

ئومۇمەن، ئېكولوگىيە ئەدەبىياتى ئىدىيەۋى مەزمۇن ۋە بەدىئىي شەكىل جەھەتلەردىن پۈتۈنلەي يېڭىچە بولغان ئەدەبىيات - سەنئەت فورمىسىدۇر. ئۇ «ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت قارىشىدىكى ئادەمنى مەركەز قىلىش خاھىشىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئىنسان بىلەن تەبىئەتنىڭ ماس، ئىناقلىقىنى تەكىتلەپ، يېڭىچە مۇھىت قارىشى ۋە مۇھىت ئەخلاقى بەرپا قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان ئەدەبىياتتىن ئىبارەت.»[①] ئېكولوگىيە ئەدەبىياتى ئۆز مەزمۇنىنىڭ يې-

① ئابلاجان مۇھەممەت ئومىديار: «ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكى ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىياتىمىزدىكى ئىپادىسى»، «شىنجاڭ گېزىتى» 2008 - يىلى 29 - مارتتىكى «گۈلشەن» بېتى.

ڭىلىقى ۋە بەدىئىي شەكلىنىڭ رەڭگارەڭ بولۇشىدەك ئالاھىدىلىكى
بىلەن جۇڭگو ئەدەبىياتى، جۈملىدىن ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدە-
بىياتىدا بەلگىلىك كۆلەمنى شەكىللەندۈردى. ئۇيغۇر پىروزىچىلى-
قىدا 20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ~ 90 ـ يىللىرىدىن باشلاپ كۈچلۈك
كىرىزىس ئېڭىغا ئىگە بىر قىسىم يازغۇچىلار بىر تەرەپتىن مىل-
لىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ۋە كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئۇل
تاشلىرى بولغان يۈسۈپ خاس ھاجىپ، لۇتفىي، نەۋائىي، زەلىلى،
نۆبىتى قاتارلىقلارنىڭ تەبىئەت سۆيەرلىك روھى ۋە گۇمانىستارلىق
ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىش ئارقىلىق ئۆز ئەسەرلىرىدە ئىنساد-
نىڭ تەبىئەت دۇنياسىدىكى ئورنىنى تونۇتۇش بىلەن بىللە ئىنسا-
نىيەتنىڭ تەقدىرى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان ئادەم بىلەن تەبى-
ئەت قوينىدىكى جانلىقلار ئورتاق باغلىنىشى ۋە ئىناق بىر گەۋدى-
لىك غايىسى ئىپادىلەنگەن بۇ نازۇك تېمىنى تۇرلۇك ئۇسۇللار ئار-
قىلىق جانلىق ئىپادىلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن دۇنيا ئەدەبىياتىدىكى
يېڭى ئېقىملار ۋە مەملىكىتىمىزدىكى خەنزۇ ھەم باشقا قېرىنداش
مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرىدە ئېكولوگىيەلىك مۇھىت تېمى-
سىدىكى بىر قىسىم ئەسەرلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. ئوقۇرمەنلەر-
نىڭ ئېكولوگىيە ئېڭى ۋە ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قارىشىنىڭ
ئۆسۈشىگە تۈرتكە بولدى. بۇ جەھەتتە مۇھەممەت باغراش ئاۋانگارت-
لىق رولىنى جارى قىلدۇردى. ئۇنىڭ «ئاقساق بۆغا» ناملىق پوۋېس-
تىدا مەلۇم قىسىمدىكى يېڭى ئەسكەر ئىشقىيارنىڭ دالادا ۋەزىپە
ئورۇنلاش جەريانىدا ئادەملەر تەرىپىدىن يارىلاندۇرۇلغان ئاقساق بۆ-
غىنى ئۇچرىتىپ، ئۇنى ئۆز قىسمىغا ئېلىپ كېلىپ ياتىقىدا پەر-
ۋىش قىلغانلىقى، ئەمما بۇ ئەزگۈ ئىشنىڭ ئۇزاققا بارماي باشقىلار-
نىڭ مەسخىرىسى ۋە قارشىلىقىغا ئۇچرىشى، ئۇنىڭ روھىدىكى ئەن-
ئەنىۋى گۇمانىستىك روھ ۋە تەبىئەتپەرۋەرلىك قارىشى بىلەن زاما-

نىۋىلىق ئېچىدىكى ئىنسانلارنىڭ شەخسىيەتچىلىكى، ئاچ كۆزلۈك
ۋە رەھىمسىزلىكى ئوتتۇرىسىدىكى ئۆتكۈر زىددىيەتلەر گىرەلەش-
تۈرۈلۈپ تەسۋىرلىنىش ئارقىلىق ئاپتورنىڭ تەبىئەت دۇنياسى ۋە
ئۇنىڭدىكى ھاياتلىق تۈرلىرىگە بولغان ھېسداشلىقىنى ئىپادىلەش
بىلەن بىللە يەنە تەبىئەتنىڭ ئىنسان روھىي دۇنياسىدىن يىراقلاپ
كېتىشىنىڭ تەسۋىرلىگۈسىز ئاقىۋىتى كۆرسىتىپ بېرىلىدۇ.

نۇرمۇھەممەت توختىنىڭ «چۆل ئوغلى» ناملىق پوۋېستىدا مە-
لۇم بىر چۆللۈكتىكى سۇ ئامبىرى خىزمەتچىسىنىڭ ئوغلى سالام-
نىڭ كىچىك ۋاقتىدا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئاجرىشىپ كېتىشى سە-
ۋەبلىك دادىسى بىلەن چۆللۈكتىكى ئامباردا بىللە تۇرۇش جەريا-
نىدا دالادىكى كېيىك، ئاق قۇ قاتارلىقلار بىلەن دوستانە ياشىغانلى-
قى ھەتتا ئۇنىڭ گۆدەكلىكتە بىر چىشى كېيىكنى ئەمگەنلىكى،
ئۇنى ئانام دەپ تونۇشى، ئاتا ـ بالا ئىككىسىنىڭ كەڭ تەبىئەتكە
قىلغان غەمخورلۇقى، ئەمما ئۇنىڭ بۇ خىل تىنچ تۇرمۇشىنىڭ نا-
ھىيەدىن ئوۋ ئوۋلاشقا كەلگەن ئەمەلدارلارنىڭ بىشەملىكى، ئۇنىڭ
ئوۋغا قارشى تۇرۇش جەريانىدىكى پىداكارلىقى ۋە ئاخىرىدا ئۆز
دادىسىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى بىلەن يېتىم بولۇپ قېلىشىدەك تىرا-
گېدىيەلىك ۋەقەلەر تەسۋىرلىنىش ئارقىلىق ئىنسان بىلەن تەبى-
ئەتنىڭ ماس، ئىناق بىللە تۇرۇش غايىسى ئىپادىلەنسە، يەنە بىر
تەرەپتىن ئىنساننىڭ گۈزەل ئارزۇ ـ غايىلىرىنىڭ جەمئىيەتتىكى
بىر قىسىم شەخسىيەتچى، ھوقۇقىغا تايىنىپ زومىگەرلىك قىلى-
دىغان كىشىلەر تەرىپىدىن بەربات قىلىنغانلىقىدەك تىراگېدىيە-
لىك مەنزىرە ئىپادىلىنىدۇ.

توختى ئايۇپنىڭ «بۆرە ئانا» رومانىدا مەلۇم تاغلىق رايوننىڭ
ئورمان مۇھاپىزەت پونكىتىنىڭ خىزمەتچىسى مەرد، پىداكار يى-
گىت قەيسەر بىلەن يەرلىك دېھقاننىڭ ساددا ۋە ئاق كۆڭۈل قىز

يۇلتۇزنىڭ تىراگېدىيەلىك مۇھەببەت سەرگۈزەشتىسى ھەمدە چىد-شى بۆرە كالتە قۇيرۇقنىڭ پاجىئەلىك سەرگۈزەشتىسى، شەخسىد-يەتچى، چىرىك ئەمەلدار سۇلتان ئەلى ۋە باشقا كىشىلەرنىڭ ئۆز ھوقۇقىنىڭ كۈچىگە تايىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ شەخسىي مەنپەئەتىنى كۆزلەپ تەبىئەتكە قارىتا ئېلىپ بارغان قىرغىنچىلىقى، ئۇلارنىڭ بۆرە ئوۋلاشتىن تارتىپ تاكى بۇزۇقچىلىققا بېرىلىشى، ئۆزلىرد-نىڭ ھايۋانىي قىلمىشىنىڭ ئاشكارىلىنىشىدىن قورقۇپ، ئۆز يۈشتىدىن بولغان بىگۇناھ قىز چولپاننى ئېتىپ تاشلىشى، تەبىد-ئەتنىڭ ئىنسانلارغا سەلبىي ئىنكاس قايتۇرۇشى بىلەن يايلاقتا يۈز بەرگەن چېكەتكە ئاپىتى، يايلاقلارنىڭ قۇرۇپ كېتىپ چارۋا ماللار-نىڭ قىرىلىپ تۈگىشى، ئادەملەرنىڭ بۇ ئاپەتنى ئۆزلىرىنىڭ قىلد-مىشىدىن كۆرمەستىن، بەلكى گۇناھسىز بۆرە ۋە قەيسەردىن كۆ-رۈشىدەك بىمەنىلىكى، يايلاقتىكى ئورمانغا شىددەتلىك ئوت كېتىپ پۈتۈن يايلاق كۆيۈپ كۈل بولغانلىقىدەك تىراگېدىيەلىك ۋەقە-سۇژېتلارنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق سانائەت دەۋرىدىكى ئىنسانلارنىڭ خاراكتېر - پەزىلىتىدىكى ياتلىشىش ۋە چىرىكلىكتىن كېلىپ چىققان مەنىۋى چېكىنىش، ئېكولوگىيە كىرىزىسى قوش لىنىيەدە ئىپادىلەنگەن.

ئۇيغۇر يېڭى دەۋر پىروزىچىلىقىدا يەنە ئەختەم ئۆمەرنىڭ «قۇرتلاپ كەتكەن كۆل» پوۋېستى، تاشمەھەممەت ئابابەكرىنىڭ «يالغۇز تۇرنا» ھېكايىسى، توختى ئايۇپنىڭ «ئوۋچى ئەسلىمىلە-رى»، «مۇڭگۈز»، «قۇم باسقان دېڭىز» قاتارلىق ھېكايە - پوۋېست-لىرى، مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ «ئالتۇن چىشلىق ئىت»، ياسىنجان سادىقنىڭ «قۇرۇپ كەتكەن دەريا» ھېكايىسى، ئابدۇقادىر سادىرنىڭ «خەير - خوش، كېيىك بالىسى» ھېكايىسى، خالىدە ئىسرائىلنىڭ «قۇملۇقنىڭ چۈشى»، ئابباس مۇنىيازنىڭ «ئاخىرقى ئوۋ» پوۋېست-

لىرى، تۇرسۇنجان مۇھەممەتنىڭ «بۆرە جىلغىسى»، رىزىۋانگۇل يۇسۇپنىڭ «بۆرە قىسمىتى»، مامۇت داۋۇتنىڭ «تەنھا بۆرە» قاتارلىق پوۋېست ـ ھېكايىلەر، توختى ئايۇپنىڭ «بۆرە ئانا»، پەرھات ئىلـ ـ ياسىنىڭ «كىر ورانلىق باللار»، ئابدۇكېرىم قادىرنىڭ «تۆتىنچى ئېراغا سەپەر» رومانلىرىدىمۇ ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ ئەسلىدە بار بولۇشقا تېگىشلىك ماس، ئىناقلىق باغلىنىشى ئاساسىدىكى ئېكو ـ لوگىيەلىك ئېستېتىك ئاڭ، تەبىئەت روھى ۋە گۇمانىستىك تۇسكە ئىگە زېمىن ئەخلاقىي قاراشلىرى ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۇرۇلگەن. خالىدە ئىسرائىلنىڭ «ئانا دەريانى ئىزدەپ»، ئەركىن روزىنىڭ «بۇ يەردە كېيىنكىلەرنىڭمۇ ھەققى بار» قاتارلىق ئەدەبىي ئاخبارات ئەسەرلىرىمۇ ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىدا بارلىققا كەلگەن ئېكولوگىيەلىك مۇھىت تېمىسىدىكى نادىر ئەسەرلەردۇر.

ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان پىروزىچىلىقىدىكى ئادەم بىلەن تەبىـ ـ ئەتنىڭ مۇناسىۋىتى باش تېما قىلىنىپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىت ئېڭى ئىپادىلەنگەن بۇ خىل يېڭى ئىدىيەۋى خاھىشتىكى ئەسەرلەر ـ نىڭ بەزىلىرى تەبىئەت دۇنياسىنىڭ خىسلەتلىرى ۋە گۈزەل مۆ ـ جىزىلىرىنى زوق ـ شوق بىلەن كۈيلىسە، بەزىلىرى دىيارىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى ئېكولوگىيەلىك رېئاللىقى، ئىنسانلارنىڭ زامانىۋى تۇر ـ مۇش مۇھىتىدا داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان مەنىۋى پەزىلەتلەر ياكى يوقاتقانلىرىنى ئوبرازلىق، جانلىق ۋە تەسىرلىك كۆرۈنۈشلەر ئار ـ قىلىق ئىپادىلەپ بەردى. يەنە بىر تەرەپتىن، نۆۋەتتىكى ئىقتىسا ـ دىي تەرەققىيات قىزغىنلىقى ۋە سىياسىي ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت بىر گەۋدىلەشكەن دۇنياۋىلىشىش مۇھىتىنىڭ دولقۇنىدا شەكىل ـ لىنىۋاتقان كىشىلەردىكى تەبىئەتتىن يىراقلىشىش، تەبىئىي تۇر ـ مۇش ۋە ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتتىن چەتنەش، مەنپەئەتپەرەسلىك، شەخسىيەتچىلىك، يۇقىرى ماددىي ئىستېمال قىزغىنلىقى كەلتۈ ـ

روپ چىقارغان تەبىئىي بايلىق ۋە ئېنېرگىيەنىڭ خورىشى، ئېچىش ۋە قۇرۇلۇش خاراكتېرلىك بۇزغۇنچىلىق قاتارلىقلارنى ئارقا كۆرۈ-نۈش قىلغان ئېكولوگىيەلىك مۇھىت رېئاللىقىمىزنى جانلىق ۋە ئوبرازلىق ئىپادىلەپ، ئوقۇرمەنلەرنى ئۆزلىرى ياشاپ تۇرغان تەبى-ئەت دۇنياسى ۋە ئۇنىڭ قوينىدىكى ھاياتلىقنىڭ ئېكولوگىيە سىستېمىسىنىڭ كەلگۈسى تەقدىرى ھەققىدە ئويلاندۇرۇش بىلەن بىللە يەنە ئۇلارنىڭ نۆۋەتتىكى مۇھىت چۈشەنچىسىنى ئۆستۈرۈش-تە بەلگىلىك يېتەكلەش رولىنى ئوينىدى.

پىروزىچىلىقىمىزدا ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدىن باشلاپ مەمتىمىن ھوشۇر، مۇھەممەت باغراش، ئەختەم ئۆمەر، يا-سىنجان سادىق قاتارلىق يازغۇچىلار باشلاپ بەرگەن تەبىئىي، ئىج-تىمائىي ئېكولوگىيەلىك مۇھىت رېئاللىقىنى ئەستايىدىل كۆزد-تىش ئارقىلىق تەبىئىي ئېكولوگىيە ۋە مەنىۋى ئېكولوگىيە كې-رىزىسىنىڭ مەدەنىيەت مەنبەسى ھەم ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنۈ-شىنى ئوبرازلىق ئىپادىلەش ئارقىلىق خەلق ئاممىسىنىڭ ئېكو-لوگىيە سەزگۈرلۈكىنى ئويغىتىشتەك بۇ تېما ئۆزىنىڭ روشەن خاسلىقىنى نامايان قىلغان بولسا، 90 - يىللارنىڭ ئاخىرى ۋە مۇشۇ ئەسىرنىڭ كىرىشى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى بۇ خىل ئىجادىيەت ھادىسىسى توختى ئايۇپ، خالىدە ئىسرائىل، ياسىنجان سادىق، تۇرسۇنجان مۇھەممەت، رىزۋانگۈل يۇسۇپ، ئابباس مۇنىياز قاتارلىق ئوتتۇرا ياش ۋە ياش يازغۇچىلىرىمىزنىڭ ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇشى بىلەن تېخىمۇ يېڭىچە مەزمۇن ۋە بەدىئىي شەكىل-دە ئەكس ئەتتۈرۈلۈشكە نائىل بولدى. يۇقىرىقى يازغۇچىلىرىمىز ئۆز مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋى ئېكولوگىيە ئېڭى، ئېكولوگىيە ئەخلا-قى، گۇمانىستىك روھى ۋە ئۇنىڭ زامانىۋىلىق، ئاممىۋى مەدەنىيەت ئىستېمال مۇھىتىدىكى ئۆزگىرىشى، بازار ئىگىلىكى دەۋرىنىڭ

قىممەت قارىشى جەھەتتىكى داۋالغۇش، شۇنداقلا مەنىۋىيەتتىكى چېكىنىش سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان تەبىئىي ئېكولوگىيە ۋە ئىجتىمائىي، مەنىۋى ئېكولوگىيەدىكى بۇزۇلۇش، چېكىنىشكە قا-رىتا ئۆزلىرىنىڭ چوڭقۇر ئۆكۈنۈش، تېڭىرقاش، تەنقىدلەش، چى-قىش يولى ئىزدەشتەك ئىدىيەۋى خاھىشلىرىنى ئىپادىلەپ ئاز بولمىغان نادىر ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىشتى. بۇ خىل ئەسەرلەرنى ئۇلارنىڭ تېما ۋە ئىدىيەۋى مەزمۇن جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن 1) ئادەم بىلەن تەبىئىي مۇھىت (سۇ، تۇپراق)نىڭ ئۆزئارا تايىنىشچانلىق مۇناسىۋىتى ئەكس ئەتتۇرۇلگەن ئەسەرلەر؛ 2) ئادەم بىلەن ھايۋانات ۋە ئۇچار قاناتلارنىڭ زىچ مۇناسىۋىتى تېمىسىدىكى ئەسەرلەر؛ 3) نۆۋەتتىكى تەبىئىي مۇھىت بۇزۇلۇش ۋە مەنىۋى ئې-كولوگىيە رېئاللىقىغا بولغان ئۆكۈنۈش، ئەپسۇسلىنىش خاھىشى ئىپادىلەنگەن ئەسەرلەر دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈپ مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىشقا بولىدۇ.

ئادەم بىلەن تەبىئىي مۇھىت تېمىسىدىكى ئەسەرلەر: ئاپتونوم رايونىمىز ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تېپىك قۇرغاق بەلبېغىغا جايلاشقان بولۇپ، بۇ جاينىڭ ھۆل - يېغىن مىقدارى ئاز، بوستانلىقلارنىڭ كۆلىمى كىچىك، تېرىلغۇ زېمىنى ئاز، نوپۇس تارقاق ئورۇنلى-شىشتەك تەبىئىي جۇغراپىيەلىك شارائىتى ھەمدە نىسبەتەن يامان بولغان قۇم ۋە قۇم - بورانلىق ئېكولوگىيەلىك مۇھىتى ئادەم بى-لەن تەبىئىي مۇھىت ئوتتۇرىسىدا ئىنتايىن زىچ بولغان ئالاھىدە مۇناسىۋەتنى شەكىللەندۇرگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەلمىساقتىن بۇيان-قى تەبىئەت بىلەن بولغان مۇشۇ خىل ئۆزئارا ماسلىشىشچان مۇنا-سىۋەت ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن ئېكولوگىيەلىك مۇھىت ئېڭى ئۇلارنىڭ تارىختىن بۇيانقى ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشىنىڭ مۇ-ھىم ئۆلچىمىگە ئايلانغان. بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا كىشىلەرنىڭ

قىممەت قارىشىنىڭ ئىقتىسادنىڭ تەسىرىدە داۋالغۇشى كەلتۈرۈپ چىقارغان، بىر تەرەپلىمە ئىقتىسادىي ئۆنۈم قوغلىشىپ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتقا سەل قاراش سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان كىرىزىس ۋە ئاپەتلەرنى يازغۇچىلىرىمىز ماھىيەتلىك بايقاپ، ئۇنى ئۆز ئىجادىيىتىدە سۇ ۋە تۇپراقنى قەدىرلەش، ئاسراش چاقىرىقى ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈردى. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىنىڭ كېيىنكى يېرىمى ۋە 90 ـ يىللاردىن باشلاپ بىر قىسىم يازغۇچىلىرىمىز رايونىمىز شىنجاڭنىڭ سۇ قىسلىقى، تۇپراق ناچارلىشىش قاتارلىقلارغا قارىتا دىققەت نەزىرىنى ئاغدۇردى. ئەختەم ئۆمەرنىڭ «قۇرتلاپ كەتكەن كۆل» پوۋېستى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن ئەنۋەر مۇھەممەتنىڭ «لاي سۇ ئىچكەن جانلار»پوۋېستى، تۇرسۇنجان مۇھەممەتنىڭ «سۇ» قاتارلىق ھېكايىلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن ئېلان قىلىنىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ قۇرغاق، سۇسىز، يېرى چۆللۈك كىلىماتىغا بىرلەشتۈرۈلگەن ئېكولوگىيەلىك مۇھىت ئېڭى ۋە سۇ، تۇپراق، تەبىئىي بايلىق كىرىزىسىنى جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ تەبىئىي ئېكولوگىيەلىك مۇھىت ھەققىدە ئويلىنىشىغا تۈرتكە بولدى.

ئېكولوگىيە پىروزىچىلىقىمىزدا يەنە بىر قىسىم يازغۇچىلىرىمىز ئۆز ئەسەرلىرىدە ھەر خىل تەبىئەت ئوبيېكتلىرىنى بىر خىل ۋاسىتە سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى مۇستەقىل مەۋجۇتلۇق سۈپىتىدە ئىپادىلەپ، چوڭقۇر تەبىئەت روھى، تەبىئەتكە بولغان كۈچلۈك مېھىر ـ مۇھەببەت، ئىنساننىڭ ئانا تەبىئەت ۋە تەبىئىي جانلىقلار بىلەن مەڭگۈ ھەمنەپەس، تەقدىرداشلىقى ۋە بىر گەۋدىلىشىش ئېڭىنى جانلىق ئەكس ئەتتۈردى. بۇ جەھەتتە مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ «قۇم باسقان شەھەر» رومانى، خالىدە ئىسرائىلنىڭ «ھاڭگىرت كۆلى»، پەرھات ئىلياسنىڭ «قومۇشلۇقتىن باشلانغان

يوللار» پوۋېستلىرى، پەخىردىن مۇسانىڭ «بوۋاي ۋە توغراق»، ئابدۇقادىر سادىرنىڭ «خەير ـ خوش، كېپىنەك بالىسى»، تۇرسۇنجان مۇھەممەتىنىڭ «بۆرە جىلغىسى»، ئابباس مۇنىيازنىڭ «سازلىقتىكى ھەمراھ»، رىزۋانگۇل يۇسۇپنىڭ «بۆرە قىسمىتى»، «جىگدە چېچەكى»، «قامغاقنىڭ چۈشى» قاتارلىق ھېكايىلىرى ئالاھىدە ئېستېتىك ئەھمىيىتىنى جارى قىلدۇردى.

ئادەم بىلەن ھايۋانات ۋە ئۇچار قاناتلارنىڭ مۇناسىۋىتى تېمىسى: ھايۋانات ۋە ئۇچار قاناتلار تەبىئەتنىڭ زىننىتى، ھاياتلىق دۇنياسىدىكى ئىنسانلاردىن بۇرۇن پەيدا بولغان ئەڭ سەزگۈر ۋە پايدىلىنىشچانلىقى ئىگە ھاياتلىق تۈردۇر. شۇڭا ئەجدادلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىي تەرەققىيات مۇساپىسى جەريانىدا ئىپتىدائىي ئوۋچىلىق، كۆچمەن چارۋىچىلىق ۋە دېھقانچىلىق مەدەنىيىتى باسقۇچلىرىدا ئۇلاردىن ئاكتىپ پايدىلانغان. ئۇلار بىلەن سادىق ھەمراھلىق مۇناسىۋىتى ئورناتقان. خەلقىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشىمۇ تۈرلۈك ھايۋانلار بىلەن ئىنچىكە قويۇق مۇناسىۋەت ھاسىل قىلغان. ئەمما ئىنسانلار زامانىۋى جەمئىيەتكە قەدەم قويغاندىن كېيىن زىيادە مەنپەئەتپەرەسلىكنىڭ تەسىرى، ئەنئەنىدىن يىراقلىشىش ۋە قىممەت قارىشىدىكى ياتلىشىش سەۋەبىدىن ئۇلارنىڭ ئېڭىدا ھايۋانلارنىڭ ئىگىرىكى يۈكسەك ئورنى ۋە ئۇنىڭغا بولغان تونۇشى ئۆزگەردى. بۇنىڭ بىلەن كىشىلەردە ھايۋانلار. بولۇپمۇ ياۋايى ھايۋانلارنىڭ قىممىتىگە سەل قاراش، ئۇنى نوقۇل ئاددىي ۋاستە دەپ قاراش خاھىشى ئەۋج ئالدى. بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ھاياتلىق دۇنياسىغا تۇتقان پوزىتسىيەسىدىكى بۇ خىل بىنورماللىق يازغۇچىلىرىمىزنىڭ ئەسەرلىرىدە تۈرلۈك تېما ۋە ھەر خىل بەدىئىي شەكىل ئارقىلىق ئىپادىلەندى. مەسىلەن، مۇھەممەت باغراشىنىڭ «ئاقساق بۇغا» پو-

ۋېستى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن توختى ئايۇپنىڭ «مۇڭگۇز»، ياسىنجان سادىقنىڭ «كالا»، جالالىدىن بەھرامنىڭ «دانۇر تاغا»، تالى ئەكبەرنىڭ «ياۋا غاز»، تاشمۇھەممەت ئابابەكرىنىڭ «يالغۇز تۇرنا»، ئالىم مەتنۇرىنىڭ «ئۇۋچى»، جاسارەت جاپپارنىڭ «مۇشۇك ھەققىدە ھېكايە» قاتارلىق ھېكايىلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن ئېلان قىلىندى. بۇ ئەسەرلەردە ئىنسانلارنىڭ تەبىئىي ھاياتلىق ئېكولوگىيە زەنجىرىنىڭ مۇھىم بىر ھالقىسى بولغان ھەر خىل ھايۋان (ياۋايى ھايۋان ۋە ئۆي ھايۋانلىرى) ۋە تۈرلۈك قۇشلار بىلەن مەڭگۇ ئايرىلماس مۇناسىۋىتى ھايۋانلارغا بولغان كۆيۈنۈش، ئاسراش روھى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. «مۇڭگۇز» ھېكايىسىدە ئوتتۇنچى دېھقاننىڭ تىرىكچىلىك غېمىدە كالا ھارۋىسى بىلەن جاڭگالغا ئوتۇن تەرگىلى بېرىپ، ئۇ يەردە تارتقان جاپا ـ مۇشەققەتلىرى، يول توسقۇچىلارنىڭ يولسىزلىقى سەۋەبىدىن چەككەن جەبىر ـ زۇلۇم ۋە خورلۇقلىرى بايان قىلىنىدۇ. دېھقاننىڭ سادىق ھەمراھى ۋە ئىتائەتمەن ياردەمچىسى بولغان كالىغا بولغان كۆيۈنۈش، ئۇنىڭغا ھېسداشلىق روھى ئىپادىلىنىش بىلەن بىللە يەنە رېئال تۇرمۇشتىكى روھىي دۇنياسى خۇنۇك، رەھىمسىز ئادەملەر (يول توسقۇچىلار)نىڭ رەزىللىكى سەۋەبلىك ئۆلتۈرۈپ يېيىلگەن ئىتائەتچان، ياۋاش ھايۋاننىڭ خىسلىتى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇلغان.

ئېكولوگىيە پىروزىچىلىقىدا يەنە بىر قىسىم يازغۇچىلىرىمىزنىڭ ئەسەرلىرىدە ئادەم بىلەن ھايۋانلار ئوتتۇرىسىدىكى يېقىن مۇناسىۋەتنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە ئەنئەنىلەردىن ياتلىشىپ ئايىنىپ كېتىشتەك مەنىۋى كىرىزىسلەر ئىپادىلىنىدۇ. كىشىلەردىكى بازار ئېڭىنىڭ تېز سۈرئەتلىك تەرەققىياتى، ھەممىدە نوقۇل ماددىي مەنپەئەتكە قاراش خاھىشىنىڭ باش كۆتۈرۈشى بىلەن بىر قىسىم كىشىلەردە ھايۋانلارنى مۇستەقىل ھاياتلىق تۈرى سۈپىتىدە ئە-

مەس، بەلكى شەخسىي قورال ھەتتا ۋاستىتە دەپ قاراشتەك بىمەنە قاراش شەكىللەندى. بۇ ھال تەبىئىي يوسۇندا بىر قىسىم كىشىلەردە ھايۋانلارنى خورلاش، ئۇلارنى ئۆز تاپاۋىتىنىڭ ۋاستىسى قىلىپ قىيناشتەك ناچار ئىللەتلەرنى شەكىللەندۈردى. ئېكولوگىيە يازغۇچىلىرىمىز زامانىۋى تۇرمۇش ئىچىدە شەكىللەنگەن بۇ خىل ناچار ئىللەتلەرنى ئۆز ئىجادىيىتىدە بايقاپ، ئۇنى جانلىق ئىپادىلەپ كەسكىن تەنقىدلىدى. بۇ جەھەتتە مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ «ئالتۇن چىشلىق ئىت»، «چار خوراز»، «تايغان ئوۋلاش»، مەمتىمىن باقىنىڭ «بىلان بېغىلىقى» قاتارلىق ھېكايىلىرىدە بۇ خىل ناچار ئىللەت ۋە بىنورمال مۇناسىۋەتلەر تەنقىد قىلىنغان.

ئۇيغۇر ئېكولوگىيە پىروزىچىلىقىدىكى يەنە بىر قىسىم ئەسەرلەردە زامانىۋى تۇرمۇش مۇھىتىدا ياشاۋاتقان كىشىلەردىكى ئەنئەنىدىن ياتلىشىش ئەخلاق ۋە قىممەت قارىشىدىكى يىمىرىلىش سەۋەبلىك كېلىپ چىققان ھايۋانات بىلەن دۈشمەنلىشىش، بۇنىڭ ئاقىۋىتى سەۋەبلىك كىشىلەرنىڭ تۆلەۋاتقان زور بەدەللىرى، شۇنداقلا بۇ خىل بىمەنە ھادىسىلەرگە بولغان چوڭقۇر ئېچىنىش ۋە تەنقىد روھى تىراگېدىيەلىك يۈكسەكلىك ئىچىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. مەسىلەن، توختى ئايۇپنىڭ «بۆرە ئانا» رومانى، «ئوۋچى ئەسلىمىلىرى» ھېكايىسى، نۇرمەھەممەت توختىنىڭ «چۆل ئوغلى» پوۋېستى، ھۆسەيىن تاشنىڭ «ئالۋاستى كىرگەن كەنت» ھېكايىسى قاتارلىقلار مۇشۇ خىل تىپتىكى ئەسەرلەردۇر. «ئالۋاستى كىرگەن كەنت»تە ياتلىشىش سەۋەبىدىن كەڭ يېزىلارنى قاپلىغان ئەنئەنىلەر ۋە تەبىئىي تۇرمۇشتىن ۋاز كېچىپ، ھەممىدە ئاسانلىق ۋە سۈنئىي تەرەققىيات قوغلىشىش دولقۇنىدا ئىت - مۈشۈكلەرنىڭ ئۆلۈپ تۈگىشى سەۋەبلىك كەنتنى قاپلىغان تەبىئىي ئاپەت ۋە بەختسىزلىكلەر بايان قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە تۇرسۇنجان مۇھەم-

مەتنىڭ «ھالاكەت» ناملىق ئەسىرىدە ئىنسانلارنىڭ ياۋۇزلۇقى سەۋەبىدىن قۇشلارنى ئۆلتۈرۈپ ۋەيران قىلىشى نەتىجىسىدە زېمىندا تەدرىجىي ھالدا شىددەت بىلەن كۆپىيىپ كەتكەن ھاشارات ئاپىتى ۋە ئۇنىڭ تولدۇرغۇسىز زىيىنى ئىپادىلىنىش ئارقىلىق، كىشىلەرنىڭ ئانا تەبىئەتكە تۇتقان نادان ۋە ياۋۇزلارچە پوزىتسىيەسىگە بولغان ئۆكۈنۈش تۇيغۇسى جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

ئۇيغۇر ئېكولوگىيە پىروزىچىلىقىدىكى يەنە بىر قىسىم ئەسەرلەردە نۆۋەتتىكى سانائەت تەرەققىياتى، شەھەرلىشىش، ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئىنسانلار تۇرمۇشىغا بىر قىسىم قولايلىقلارنى ئېلىپ كېلىشتىن سىرت، يەنە ئېكولوگىيەلىك تەڭپۇڭلۇقنىڭ بۇزۇلۇشى، تەبىئىي مۇھىت كىرىزىسى ۋە ئىجتىمائىي مەنىۋىيەت كىرىزىسىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقى، بۇ خىل كىرىزىس ۋە پاجىئەلىك رېئاللىق ئىچىدىكى كىشىلەرنىڭ ئۆكۈنۈش، قايغۇرۇش، تېگىرقاش، تەنقىد كەيپىياتلىرى ئىپادىلەنگەن. مەسىلەن، ياسىنجان سادىقنىڭ «قۇرۇپ كەتكەن دەريا»، «ھالاك قىلىنغان تۇپراق» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە زور مىقداردا ئىشلىتىلگەن خىمىيەلىك ئوغۇت ۋە دېھقانچىلىق دورىلىرىنىڭ ئىنسانلار ھاياتلىقىنىڭ بىردىنبىر ئاساسى ۋە تىرىكچىلىكىنىڭ مەنبەسى بولغان ئانا زېمىنغا، تەبىئىي مۇھىتقا، شۇنداقلا ئىنسانلارغا كەلتۈرگەن تولدۇرغۇسىز زىيانلىق ئاقىۋەتلىرى ئېچىپ كۆرسىتىلگەن.

ئۇيغۇر يېڭى دەۋر ئېكولوگىيە پىروزىچىلىقىنىڭ چارەك ئەسىرلىك تەرەققىيات مۇساپىسىگە نەزەر سالغاندا بۇ خىل ئىجادىيەت ھادىسىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدە سىناق تەرىقىسىدە ھېكايە، پوۋېست شەكلىدە باشلىنىپ، كېيىنچە بارغانسېرى زورىيىپ رومانچىلىقتا يۈزلەنگەنلىكى، تېما دائىرىسىنىڭ بارغانسېرى كېڭىيىپ بارغانلىقى، چوڭلارنىڭ تۇرمۇشىنى تەسۋىرلەشتىن ھالقىپ بالىلار

تۇرمۇشى بىلەن باغلىنىپ، بالىلار ئەدەبىياتى (يازغۇچى ئەخمەتجان قۇربان، پەرھات ئىلياسلارنىڭ بالىلار رومانلىرىغا ئوخشاش)، شۇنداقلا يەنە بەزىلىرى ئاياللار تۇرمۇشى بىلەن زىچ يۇغۇرۇلۇپ، فېمىنىزم (ئاياللىق ئەدەبىيات) ۋە ئېكولوگىيە فېمىنىزملىق ئە-دەبىياتى («قومۇشلۇقتىن باشلانغان يوللار»، «ھاڭگىرت كۆلى»گە ئوخشاش) قاتارلىقلار بىلەن زىچ گىرەلىشىپ، ھەر خىل تېما، مول ۋە رەڭگارەڭ شەكىلدە جانلىق ئىپادىلىنىش ئارقىلىق خەلقىمىز-نىڭ ئېكولوگىيە ئەخلاقى ۋە ئېكولوگىيە ئېڭىنى ئۆستۈرۈشتە ئۆزىنىڭ غايەت زور ئېستېتىك قىممىتىنى جارى قىلدۇرۇپ، مە-دەنىيەت ۋاسىتىسى بولۇش رولىنى ئويناپ كېلىۋاتقانلىقىنى باي-قىساق؛ يەنە بىر تەرەپتىن ئۇيغۇر ئېكولوگىيە پىروزىچىلىقىمىز-نىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بارغانسېرى كېڭىيىپ، ھەجىم ۋە سىغىمچانلىق جەھەتتىن ئۆسۈپ ھېكايە، پوۋېست قاتارلىق تۈر-لەردىن ھالقىپ پىروزىچىلىقنىڭ يىرىك تۈرى بولغان رومان ئىجا-دىيىتىگە قاراپ تەرەققىي قىلىۋاتقانلىقى، «قۇم باسقان شەھەر»، «بۆرە ئانا»، «تۆتىنچى ئېراغا سەپەر» قاتارلىق يىرىك ئەسەرلەرنىڭ ئارقا - ئارقىدىن مەيدانغا كېلىپ، ئېستېتىك قىممەت ۋە بەدىئىي ئۇنۇمچانلىقىنىڭ ئۆسۈۋاتقانلىقىنى بىلەلەيمىز.

ئومۇمەن، 20 ~ 30 يىللىق تارىخىي تەرەققىيات مۇساپىسىگە ئىگە بولغان ئۇيغۇر ئېكولوگىيە پىروزىچىلىقى يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى خەلقئارا ۋە مەملىكىتىمىز ئىچىدىكى ئىلغار مەدەنىيەت ئېقىمى ھەم مۇھىتپەرۋەرلىك ئىدىيەسىنىڭ تەسىرىنى ئاكتىپ قوبۇل قىلىپ، يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ، كىچىكلىكتىن تەدرى-جىي زورىيىپ ۋە مۇكەممەللىشىپ بىر پۈتۈن ئۇيغۇر پىروزىچىلى-قى ساھەسىدىكى ئۆزگىچە ئاڭ - تەپەككۇر ۋە مەدەنىيەت قىممە-تىگە، شۇنداقلا روشەن بەدىئىي خاسلىق ھەم ئېستېتىك ئۇنۇمدار-

لىققا ئىگە ئەدەبىي ئىجادىيەت ھادىسىسىنى شەكىللەندۈردى

دېمەك، تەبىئەت ھاياتلىقنىڭ ماددىي ئاساسى، ئىنساننىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتى تەبىئىي مۇھىتنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. ئۇيغۇر يېڭى دەۋر پىروزىچىلىقىدىكى ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ، تەبىئەتتىكى ھەر خىل ھاياتلىق تۈرلىرىنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇۋازىنىتى، شەخس بىلەن ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ ئۆزئارا بىر گەۋدىچانلىقى، تەبىئىي ئېكولوگىيەلىك مۇھىت بىلەن ئىنسانلارنىڭ تەقدىرداشلىق ۋە ھەمنەپەسلىكى، مەنىۋىيەت بىلەن ماددىۋىزملىقنىڭ قارىمۇقارشى مۇناسىۋىتى قاتارلىقلار باش تېما قىلىنغان، نوقۇل ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە ماددىي ئىستېمال قىزغىنلىقى كەلتۈرۈپ چىقارغان تەبىئىي مۇھىت، ئىجتىمائىي ئەخلاق ۋە گۇمانىستىك ئاڭ كىرىزىسى قوش يۆنىلىشتە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئېكولوگىيە ئەدەبىياتىنىڭ نۆۋەتتىكى تەرەققىيات يۈزلىنىشى كىشىنى خۇشال قىلىدۇ.

ئۇيغۇر يېڭى دەۋر ئېكولوگىيە پىروزا ئەسەرلىرى ئىدىيەۋىلىك ۋە بەدىئىي ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتىن تۆۋەندىكىدەك ئۆزگىچە خاس ئالاھىدىلىكلەرنى شەكىللەندۈرگەن:

1) ئىنسان بىلەن تەبىئەت، شەخس بىلەن جەمئىيەت ئوتتۇرىسىدىكى قوش قاتلاملىق مۇناسىۋەت ۋە زىددىيەتلەر ئاساسىغا قۇرۇلغان قوش يۆنىلىشلىك ھېكايە سۇژىتى شەكىللەندۈرۈش، ئىنسانلار جەمئىيىتىدىكى رېئال ۋەقەلەر بىلەن تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھايۋانلار، ئۇچار قانات ياكى باشقا جانلىقلارغا ئالاقىدار ۋەقە - ھادىسىلەرنى زىچ گىرەلەشتۈرۈپ تەسۋىرلەش ئارقىلىق قوش قاتلاملىق، ئىستېرېئولۇق ئېستېتىك كۆچكە ئىگە بەدىئىي ئوبرازلارنى يارىتىش ئارقىلىق تەبىئەتنىڭ تۈرلۈك مۆجىزە - خىسلەتلىرى، ئۇنىڭ مۇقەددەسلىكىنى بىلدۈرۈش بىلەن بىللە ئىنسانلارنىڭ رو-

ھېيىتىدىكى يېتەرسىزلىكلەرنى قوش لىنىيەدە ئىپادىلەيدۇ ھەمدە ئۇنى تەنقىد قىلىدۇ.

2) ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئېكولوگىيە پىروزا ئەسەرلىرىدە تەبىئەت ئېكولوگىيەسىنىڭ مۇھىم ئەزالىرى بولغان غەيرىي ئىنسان توپى(ھايۋانلار، ئۇچار قانات، تاغ - دەريا، دەل - دەرەخ ۋە باشقىلار) ئىلگىرىكىدەك سىمۋوللۇق مەنىدە ياكى قوشۇمچە ئورۇندا ئىپادىلەنمەستىن، بەلكى ئۇلار ئەدەبىيات زېمىنىدا مۇستەقىل مەنىدە بايان قىلىنىش ھوقۇقىغا ئىگە قىلىنغان ھەمدە تولۇق تەبىئەت ئوبيېكتلىرى ئەدەبىي باش پېرسوناژ قىلىنغان. ئۇلار خۇددى ئىنسانغا ئوخشاش مۇستەقىل تىل - تۇيغۇ، ئوي - خىيال، تەپەككۇرگە ئىگە ئوبيېكت سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىدۇ. بۇ خىل غەيرىي ئىنسان توپى ئىلگىرىكى پىروزا ئەسەرلىرىدىكىدەك ئىنسان پائالىيىتىگە ياندىشقان قوشۇمچە ئورۇنغا قويۇلماستىن، بەلكى بارغانسېرى ئادەملەر بىلەن باراۋەر ئورۇنغا قويۇلۇپ مۇستەقىل بايان قىلىنىش ۋە تەسۋىرلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشىشتەك بۇرۇلۇشقا يۈزلەندى.

3) ئۇيغۇر يېڭى دەۋر ئېكولوگىيە پىروزا ئەسەرلىرىدە يۈكسەك ئېكولوگىيەلىك ئېستېتىك ئاڭ ۋە كۈچلۈك تىراگېدىيەلىك يۈكسەكلىك ئىپادىلىنىدۇ. ئىستېمالچىلىق دەۋرىدىكى ئىنسانلارنىڭ زىيادە شەخسىيەتچىلىك، ھەۋەس - ئىستەكلىرى بىلەن تەبىئەتنىڭ كۆز يېشى تەتۈر تاناسىپلىق نىسبەتتە ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، «چۆل ئوغلى»دىكى سالامنىڭ ئانا مېھرىگە ئىنتىلىشى، بۇ يولدىكى تىرىشچانلىقى، ئۇنىڭ ئاخىرقى پاجىئەلىك سەرگۈزەشتىلىرى بىلەن تەبىئەتنىڭ تىراگېدىيەسى، «بۆرە ئانا» رومانىدىكى ئىنسان تەبىئىتىدىكى ئايىنىش ۋە ياتلىشىشتىن كېلىپ چىققان ئاپەتلەر تەسۋىرلىنىپ، قەيسەر، يۇلتۇزلارنىڭ تىراگېدىيەسى بىلەن بۆرىلەر-

نىڭ نەسلى قۇرۇش قىسمىتى، تەبىئەتتە كۆيگەن زور يانغىن، يايلاقتىكىلەرنىڭ جان ھەلەكچىلىكىدە ئىڭراش - چىرقىراشلىرى بۇ ئەسەرنى كۈچلۈك تىراگېدىيەلىك تۈسكە ئىگە قىلغان. بۇ خىل ئەسەرلەردە ئاساسىي قەھرىمانلارنىڭ ئېكولوگىيە ئەخلاق ئېڭى ھاياتلىق دۇنياسىنىڭ بىر پۈتۈنلۈكى، ئۆزئارا ماس، ئىناقلىقى ۋە ئۇلارنىڭ ھەمنەپەسلىك يولىدىكى غايە - ئىزدىنىشلىرى بىلەن جەمئىيەتتىكى بىر قىسىم كىشىلەردىكى مەنپەئەتپەرەسلىك، شەخسىيەتچىلىك، مەنىۋى پۇچەكلىك سەۋەبلىك كېلىپ چىققان ئىجتىمائىي كىرىزىس، پاجىئەلەر يۈكسەك تىراگېدىيەلىك شەكىلدە ئىپادىلىنىدۇ. ئانا زېمىن دۇچ كەلگەن پاجىئەلەر بىلەن ئىنسان تىراگېدىيەسى قوش لىنىيەدە ئىپادىلىنىدۇ.

4) بايان مۇھىتىنىڭ لىرىك ھېسسىياتقا باي بولۇشى، يەنى تەبىئەت مەركەز قىلىنغان، تەبىئىي جانلىقلارغا دائىر لىرىك تەسۋىرلەرنىڭ قويۇق بولۇشى ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئېكولوگىيە پىروزا ئەسەرلىرىنىڭ يەنە بىر مۇھىم بەدىئىي خاسلىقىدۇر. مەسىلەن، «چۆل ئوغلى» پوۋېستىدا چۆل - جەزىرىدە ياشىغۇچى ھەر خىل ھاياتلىق تۈرلىرىنىڭ گۈزەللىكى ۋە خىسلەتلىرى ھەققىدىكى قويۇق تەسۋىرلەر بىلەن سالامىنىڭ دادىسى چالغان مۇڭلۇق گارمون كۈيى ماھىيەتتە تەبىئەت قوينىدىكى ئىنسان بىلەن ھايۋانات، قۇشلار بىلەن باشقا جانلىقلارنىڭ ئېكولوگىيەلىك بىرلىكىدىن شەكىللەنگەن ئىناقلىق مېلودىيەسى بولسا؛ «بۆرە جىلغىسى»دىكى بىپايان چۆللۈك ۋە ئۇنىڭ قوينىدىكى ياۋايى ھايۋانلارنىڭ ھاياتلىق مۇھىتى، ئۇلارنىڭ مۆجىزە - كارامەتلىرى چوڭقۇر مۇھەببەت ئىچىدە كۆركەم ۋە جانلىق تەسۋىرلىنىدۇ. ئاخىرىدا توغراق سۈيى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن چۆلگە كىرىپ ئېزىپ قالغان ھەتتا ھاياتتىن ئۈمىد ئۈزگەن ياقۇپ كۆكچىنىڭ مۇشۇ چۆللۈكنىڭ ئەركىسى

بولغان بۆرىنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ ئاخىر سۇ ۋە ھاياتلىق بار بولغان جىلغىغا كېلىپ ئامان قالغانلىقى، ئەمما ئالدىدا قارىسا ئاشۇ بۆرىدىنىڭ ئۆز جىلغىسىغا چىقىپ ئۆلۈپ قالغانلىقىدەك تەسىرلىك ۋەقە ــ تەپسىلاتلار ئىپادىلىنىدۇ.

5) بۇ خىل ئەسەرلەردە تەبىئىي مۇھىت ۋە روھىيەت كىرىزىسى ئىچىدىكى ئىنساننىڭ سەرگۈزەشتىلىرى بىلەن تەبىئەتنىڭ ھېكايىسى قوش لىنىيەدە ئىپادىلىنىدۇ. ئىجتىمائىي ھاياتتىكى رېئال تۇرمۇش ۋەقەلىرى بىلەن تەبىئەت قوينىدىكى غەيرىي ئىنسان توپىغا ئالاقىدار ئەپسانىۋى ۋەقە ــ ھادىسىلەر زىچ گىرەلەشتۈرۈلۈپ بايان قىلىنىدۇ. مەسىلەن، «ئاقساق بۇغا»، «بۆرە جىلغىسى»، «بۆرە ئانا»، «ئاخىرقى ئوۋ» قاتارلىق ئەسەرلەردە ئىپادىلەنگەن تەبىئەت، ئىنسان ۋە جەمئىيەت بىر گەۋدە قىلىنغان تىراگېدىيەلىك ۋەقەلەر بۇنىڭ تىپىك مىسالىدۇر.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئېكولوگىيە پىروزا ئەسەرلىرىنىڭ بۇ خىل يېڭىچە قىممەت قارىشى، ئۆزگىچە تەشەببۇسى ۋە بەدىئىي ئىپادىلەش جەھەتتىكى ئىزدىنىش روھى ئەدەبىياتىمىزنى يېڭىچە مەدەنىيلىك ۋە تەپەككۇر تۇسىگە ئىگە قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنى يېڭىچە بەدىئىي ئېستېتىك قىممەتكە ئىگە قىلدى. ئۇيغۇر يېڭى دەۋر پىروزىچىلىقى ئۆزىنىڭ تەبىئەتنى ئاكتىپ تەسۋىرلەش ۋە تەبىئەت دۇنياسىنىڭ قىممىتىنى ئاڭلىق تونۇپ، تەبىئەت دۇنياسى ھەم تەبىئىي مۇھىتنىڭ مۇستەقىل قىممىتىنى زامانىۋى تۇرمۇش مۇھىتىدىكى ئوقۇرمەنلەرگە بىلدۈرۈشتىكى ئۆزگىچە رولى ۋە ئېستېتىك قىممىتى ئارقىلىق ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ نۆۋەتتىكى ئىجادىيەت ۋە ئىلمىي تەنقىد دائىرىسىنى كېڭەيتىش رولىنى ئويناپ، مىللىي ئەدەبىياتىمىزدىكى ئىلغار ئەدەبىي ئېقىملارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. 19 ــ ئەسىر-

دىكى ئامېرىكا شائىرى ۋېتمان ئۆزىنىڭ «گۈل ـ گىياھلار» توپ-
لىمىدا: «تەبىئەتنىڭ بىز ئىنسانلارغا بېرىدىغىنى ماددىي مەئىشەت-
لەر جەۋھىرى. ئەمما تەبىئەتنىڭ ئاخىرىدا ئۇلارنىڭ بەدىلىگە ئىن-
سانلاردىن ئېرىشىدىغىنى ئاشۇ نېمەتلەرنىڭ ئەخلەتلىرىدۇر»①
دېگەن. ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە نوقۇل ئىقتىسادنى ئاساس قىلى-
دىغان ئىستېمالچىلىق، ماددىيۋىزم، راھەتپەرەسلىك بارغانسېرى
ئومۇملىشىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە زامانىۋى تۇرمۇش ئىچىدىكى
ماددىي ئىستېمالدىن چىقىرىلغان تۈرلۈك ئەخلەتلەرنى قانداق بىر
تەرەپ قىلىش، ئىنسانلارنىڭ روھىيىتىدىكى ياتلىشىش، خاراك-
تېرىدىكى ئاينىش سەۋەبلىك كېلىپ چىققان تەبىئەتنى يىراقلى-
شىش، تەبىئەت بىلەن تىركىشىشتىن شەكىللەنگەن ئېكولوگىيە
ۋە مەنىۋىيەت كىرىزىسىنى ھەل قىلىش، ئۇنىڭ يامان ئاقىۋىتىنى
ئازايتىش ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ ماس، ئىناق مۇناسىۋىتىنى بەرپا
قىلىپ، سىجىل تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇش نۆۋەتتىكى ئىجتى-
مائىي مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم كۈنتەرتىپى، شۇنداقلا
ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيىتى بولۇپ
قالدى. بۇ مەنىدىن ئالغاندا، ئۇيغۇر يېڭى دەۋر ئېكولوگىيە پىرو-
زىچىلىقى ئەدەبىياتىمىزنىڭ باشقا دائىرىلىرىگە قارىغاندا ئۆزىنىڭ
ئاۋانگارتلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن
دۇنيا ئەدەبىياتىنىڭ نۆۋەتتىكى تەرەققىيات سەۋىيەسى بىلەن سې-
لىشتۇرغاندا يەنىلا خېلى كۆپ ئارقىدا.

دىيارىمىز شىنجاڭ جۇغراپىيەۋى ئورۇن جەھەتتە تىپىك ئىچ-
كى قۇرۇقلۇق رايونىغا تەۋە. ئۇزاق تارىختىن بۇيان قۇرغاق ۋە يې-

---

① ۋېتمان: «گۈل ـ گىياھلار» توپلىمى، بېيجىڭ يەنشەن نەشرىياتى
2008 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

رىم قۇرغاق تەبىئىي مۇھىتتا ياشاپ ئۆزىگە خاس بوستانلىق مەدەنىيىتىنى ياراتقان ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، مۇھىت ئېكى ئۇلارنىڭ گۇمانىستىك روھىنىڭ مۇھىم بىر قىسمى سۈپىتىدە داۋاملىشىپ كەلگەن. لېكىن يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى نوقۇل ئىقتىسادىي تەرەققىيات قوغلىشىپ، ئىنسانلار نوقۇل ئىقتىسادىي ئۈنۈم ۋە پايدا ـ مەنپەئەتكە بېرىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى قىممەت قارىشى، ئادىمىيەتچىل خاراكتېرى ۋە زېمىن ئەخلاق ئېڭىنى ئۇنتۇغانلىق سەۋەبلىك دۇنياۋى خاراكتېرلىك مۇھىت كىرىزىسىگە دۇچ كېلىۋاتقان شارائىت ئاستىدا تەبىئەتنىڭ قىممىتىنى تونۇش، تەبىئىي مۇھىتنى سۆيۈشنىڭ ئەمەلىي رولى ۋە قىممىتى بارغانسېرى تەكىتلەنمەكتە. ئۇيغۇر پىروزىچىلىقىدا بارلىققا كەلگەن ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى ۋە مۇھىت ئەخلاقى تەربىيەسى ئەنئەنىسىنى ئاساس قىلىپ ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكىگە ئاكتىپ ياندىشقان بۇ خىل يېڭىچە ئەدەبىيات ھادىسىسىنىڭ نۆۋەتتىكى نەتىجە ـ ئۇتۇقلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئىلغار ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكلىرى، دۇنيا ئەدەبىياتى، جۈملىدىن دۇنياۋى يېڭىچە مەدەنىيەت خاھىشى ۋە ئېكولوگىيەلىك تەپەككۇر ئېڭى بىلەن بولغان تەسىر مۇناسىۋىتىنى ئىلمىي تەتقىق قىلىش، بۇ خىل يېڭى ئەدەبىيات ھادىسىسىنىڭ پۈتۈن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئورنى، مەدەنىيەت قىممىتى، ئېستېتىك ئالاھىدىلىكلىرى ھەققىدە ئەستايىدىل مۇھاكىمە ۋە تەنقىد ئېلىپ بېرىش نۆۋەتتىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ئىلمىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ۋە رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە زور تەتقىقات تېمىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## 4. ئېكو ـ فېمىنىزملىق تەنقىدچىلىكى ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىياتشۇناسلىقىمىزدىكى ئەھمىيىتى

20 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن باشلانغان دۇنياۋى خاراكتېرلىك مۇھىت ئۆزگىرىشى ۋە يېڭىچە ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئېقىمىنىڭ تەسىرىدە بارلىققا كەلگەن ئېكولوگىيە ئەدەبىياتى، فېمىنىزم (ئاياللىق روھ) ئەدەبىياتى، شۇنداقلا ئېكو ـ فېمىنىزملىق ھادىسىلەر ۋە ئۇلارنىڭ مەخسۇس ئەدەبىي تەنقىدچىلىك پىرىنسىپلىرى ئىنسانلارنىڭ ئىلگىرىكى ئەدەبىيات چۈشەنچىسى ۋە ئەدەبىي تەنقىدچىلىك قاراشلىرىنى زور دەرىجىدە ئۆزگەرتىپ، يېڭىلاپ ئۆزىنىڭ روشەن زامانىۋىلىق ۋە دېموكراتىك تۈسىنى نامايان قىلىش بىلەن بىللە يەنە مەدەنىيەتتە ئۆزئارا گىرەلىشىش، پەن ئاتلاشتەك خاسلىقىنى نامايان قىلدى. ئېكو ـ فېمىنىزملىق ئەدەبىيات ۋە ئېكو ـ فېمىنىزم تەنقىدچىلىكى بۇنىڭ بىر ئۈلگىسىدۇر.

### 1. ئېكو ـ فېمىنىزمى ۋە ئۇنىڭ بارلىققا كېلىشى

ئېكو ـ فېمىنىزمى بولسا ھازىرقى زامان غەرب دۇنياسىدىكى مۇھىت ھەرىكىتى ۋە ئاياللار ھوقۇقى ھەرىكىتىنىڭ بىرلىشىشى نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن يېڭىچە ئەدەبىيات ھادىسىسى ۋە مەدەنىيەت ئېقىمى بولۇپ، ئۇ ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت، مەدەنىيەت، سىياسىي، ئېتىقاد قاتارلىقلارغا قارىتا ئېلىپ بارغان يېڭىچە ئىسلاھاتى ۋە ئۆزگىچە تەپەككۇر شەكلىدۇر. ئىنسانلار تارىخىدا ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان ئاياللار ۋە تەبىئەتتىن ئىبارەت بۇ ئوبيېكتلار ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىدىكى ئەنئەنىۋىلىككە ۋە ئىزچىللىققا ئىگە بولغان، شۇنداقلا ئىنسانلارنىڭ گۇمانىستىك روھىنى ئىپادىلىگۇ ـ

چى مۇھىم ۋە سەزگۈر تېما بولۇپ كەلگەن. دۇنيادىكى ھەرقايسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مىراسلىرى ۋە كىلاسسىك داستانلىرىدىكى ۋەقە ـ سۇژىتلاردىن بۇ نۇقتىنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ. ھاياتلىق تۈرلىرىنىڭ ئاپىرىدىگاھى ۋە مەۋجۇتلۇق ـ تىرىكچىلىكنىڭ مەنبەسى بولغان ئانا تەبىئەت بىلەن ئىنسانىيەتنىڭ ئانىسى بولغان قىز ـ ئاياللارنىڭ ھاياتلىقتىكى رولى، قىممىتى ۋە خاراكتېر ـ پەزىلىتىنى تونۇش، ئۇلارنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى قوغداش، رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش نۆۋەتتىكى ئىنسانلار ئىجتىمائىي مەدەنىيەتىنىڭ بىر تۈرى بولغان ئەدەبىيات ۋە ئەدەبىياتشۇناسلىقنىڭ مۇھىم بىر فۇنكسىيەسى ھەم ئۆلچىمى بولۇپ قالدى.

ئېكو ـ فېمىنىزملىق ئەدەبىيات نۆۋەتتىكى دۇنيا خاراكتېرلىك ئىقتىسادىي رىقابەتنىڭ كۈچىيىشى، شەھەرلىشىش ۋە نوقۇل پەن ـ تېخنىكىنىڭ بازار تېپىشى، ئەخلاق ۋە مەنىۋى ئېتىقادقا سەل قاراش، دۇنيا مۇھىتىنىڭ يىلسېرى يامانلىشىشىغا ئەگىشىپ بارلىققا كەلگەن ھەمدە ئىنسانلاردىكى نەپسانىيەتچىلىكنىڭ كۈچەيىشى، ئەنئەنىلەردىن ياتلىشىش، مەنىۋى چېكىنىشنىڭ كۈچىيەشىگە ئەگىشىپ ئاياللار ئاشۇ خىل بىنورمال مۇھىتنىڭ زىيىنى ۋە نوقۇل ماددىي ئىستېمالچىلىق دەۋرىدىكى ئەرلەر ھوقۇقى ئىدىيەسىنىڭ بېسىمىغا ئەڭ كۆپ ئۇچرىغۇچىلاردۇر دەپ قاراپ، تەبىئىي مۇھىت بىلەن ئاياللارغا قارىتا چۈشىنىش، غەمخورلۇق، سەممىيەت قاتارلىقلارنى ئۆز ئىجادىيىتىنىڭ يادروسى قىلغان يېڭىچە مەدەنىيەت ئېڭى ۋە ئەدەبىيات ھادىسىسىدۇر. ئۇ «ئاياللار» ۋە «ئېكولوگىيە» دېگەن قوش ئۇقۇمنى ئەدەبىي ئەسەرنىڭ قىممەتىنى ئۆلچەشنىڭ باش پرىنسىپى قىلىش بىلەن بىللە يەنە تەبىئەت ئورتاق گەۋدىسى ۋە ئۇنىڭدىكى ئۆزئارا باغلىنىشچانلىققا ئىگە ھەر خىل ھاياتلىق تۈرلىرىنىڭ ئۆزئارا باراۋەرلىكى ئۈچۈن ئىزدى-

نىپ، ئۇلارنىڭ ئۆزئارا ماس، ئىناقلىقى ۋە مېھىر ـ مۇھەببەتنى ئالاھىدە تەشەببۇس قىلىدۇ. بۇ ئارقىلىق نۆۋەتتىكي سانائەت جەمئىيىتىدە شەكىللىنىپ بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقان بىر تەرەپلىمە ئىقتىسادىي رىقابەت ۋە نوقۇل ماددىي مەنپەئەت قوغلىشىش خاھىشىنىڭ تەسىرىدە ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ۋە قىممەت قارىشىنىڭ يىمىرىلىشىدىن كېلىپ چىققان مەنپەئەتپەرەسلىك، ئەرلەرنىڭ مۇتلەق ھۆكۈمرانلىقى، ھەممىنى شەرتسىز بويسۇندۇرۇش ۋە كۈچلۈك تۈرلەرنىڭ مەنپەئەتدارلىق خاھىشى قاتارلىقلارنى تەنقىد قىلىشنى ئۆز نىشانى قىلىدۇ. ئېكو ـ فېمىنىزم تەنقىدچىلىرى ئەدەبىيات تەتقىقاتى جەريانىدا يۇقىرىقىدەك ئۆزگىچە قىممەت خاھىشى ۋە دېموكراتىك قاراشلارنى مەركەز قىلغان ھالدا ئۆزىگە خاس بىر يۈرۈش تەنقىدچىلىك پىرىنسىپلىرىنى بېكىتىپ، ئۇنى ئەدەبىي ئىجادىيەتنى باھالاشنىڭ ئۆلچىمى قىلغان.

ئەلمىساقتىن ھازىرغىچە ئىنسان بىلەن تەبىئەتنىڭ، ئەدەبىيات بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتى ئىنتايىن قويۇق بولۇپ كەلدى. تەبىئەت ۋە ئائىلىق روھ تارىختىن بۇيان ئىنسانلارنىڭ گۇمانىستىك روھىنى نامايان قىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئىنسانلارنىڭ يېڭىچە مەدەنىيلىكىنى ئىپادىلىگۈچى ئېكولوگىيە ئەدەبىياتى ۋە ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكى رەسمىي مۇستەقىل، قاراتمىلىققا ئىگە ئەدەبىي ئېقىم سۈپىتىدە پەقەت 20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدا ۋۇجۇدقا كەلدى. كېيىنچە فېمىنىزم بىلەن بىرلىشىپ تېخىمۇ كەڭ نەزەرىيەۋى ئاساسقا ئىگە بولدى.

## 2. ئېكو ـ فېمىنىزملىق ئەدەبىياتنىڭ ئالاھىدىلىكى

تەبىئەت ۋە ئاياللارنىڭ قىممىتىنى قوش قاتلاملىق ئىپادىلەش ۋە بۇ ھەقتە تەنقىد يۈرگۈزۈشنى ئۆزىنىڭ ئاساسىي نىشانى قىلغان ئېكو ـ فېمىنىزملىق ئەدەبىيات ۋە ئۇنىڭ نەزەرىيەسى بولغان ئې-

كو ـ فېمىنىزملىق تەنقىدچىلىك ئۆزىگە يارىشا مەزمۇن ئالاھىدىلىكى ۋە تەپەككۇر خاسلىقىغا ئىگە. بۇ ھەقتە كانادالىق ئەدىب نامىي گوتمان مۇنداق دېگەن: «بۇ خىل تەنقىدچىلىك بىرىنچىدىن، تەبىئەت يېزىقچىلىقىدىكى ئەدەبىي ئەسەرلەردىن ئېكو ـ فېمىنىزملىق ئىدىيەۋى كۆزقاراشنى بايقايدۇ. ئىككىنچىدىن، ئېكو ـ فېمىنىزملىق نۇقتىسىنەزەر بويىچە ئەسەر تېكىستىنى شەرھلەيدۇ، بولۇپمۇ ئايال يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىگە ئالاھىدە نەزەر ئاغدۇرىدۇ. ئۈچىنچىدىن، زامانىۋىلىقنىڭ تەسىرىدە ئىنسانلارنىڭ ئەسلىي ھالىتى ۋە ئەنئەنىسىدىن چەتلەشتۈرۈلگەن تەبىئەت ۋە ئاياللىق روھقا ئىگە تەبىئەت يېزىقچىلىقى ئەندىزىسىگە نەزەر سالىدۇ. تۆتىنچىدىن، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئەسلىدىكى غەيرىي سىياسىيلىققا ئىگە روھىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئېكو ـ فېمىنىزملىق روھىنى قايتا نامايان قىلىدۇ.»[①] تۈپ ماھىيەتتە بۇ ئېكو ـ فېمىنىزملىق روھقا ئىگە ئەدىبلەرنىڭ ئەدەبىي ئەسەر ياكى نەزەرىيە جەھەتتە ئىپادىلىگەن تەبىئەت قارىشى، مەدەنىيەت ئېڭى، ئەدەبىي تەنقىد قاراشلىرىغا ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇلارنى ئىلمىي شەرھلەش ۋە ئومۇملاشتۇرۇشتىن ئىبارەت.

دۇنيا بىر پۈتۈن ئورتاق گەۋدە، ئاسمان بىلەن زېمىن، ئەر بىلەن ئايال يىلتىزداش، ئەمما زېمىندىكى ھاياتلىق تۈرلىرى تېخىمۇ مۇرەككەپ، كونكرېت مەنە ۋە رېئال قىممەتكە ئىگە. ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ۋە مەدەنىيەت تارىخىدا ئاياللار بىلەن تەبىئەتنىڭ باشتىن كەچۈرگەنلىرى ھەم ھاياتلىقتىكى رولى ئوخشاش بولۇپ، بۇلار دۇنيادىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىياتىدا

① ۋۇلىن: «ئامېرىكا ئېكولوگىيە، فېمىنىزم تەنقىدچىلىك نەزەرىيەسى ۋە ئەمەلىيىتى تەتقىقاتى»، خەلق نەشرىياتى 2011 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى 13 ـ بەت.

يېتەرلىك ئىپادىلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكەن. مەسىلەن، گى-
رېك ئەپسانىلىرىدىكى ئايال ئىلاھلار، ئۇيغۇر خەلق ئەپسانە - رىۋا-
يەتلىرىدىكى ئۇماي، قۇرىغار ئانا، ئەسما پەرى قاتارلىق ئايال
ئىلاھلار ۋە ھۆر - پەرىلەر ئوبرازىدىن تاكى «ئوغۇزنامە» ئېپوسى-
دىكى گۈزەل قىز - ئاياللار تەسۋىرى، ئوغۇز خاقاننىڭ ئوغۇللىرى
بولغان كۈن، ئاي، يۇلتۇز، كۆك ئاسمان، تاغ، دېڭىزلار ئوبرازى بۇ
نۇقتىنى يېتەرلىك ئىسپاتلايدۇ. ئەمما كېيىنكى دەۋرلەردە ئىن-
سانلارنىڭ تۇرمۇش شەكلى، مەدەنىيىتى ۋە قىممەت قارىشىنىڭ
ئۆزگىرىشى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتىدىكى ئۆزگى-
رىشلەر سەۋەبلىك كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا ئۇماي، ئەسما پەرى
قاتارلىق ھۆر - پەرىلەرنى مۇقەددەس بىلىشتىن ئالەمنى بويسۇن-
دۇرغان ئەر قەھرىمانلارنى ئۇلۇغلاشتەك ماھىيەتلىك ئۆزگىرىش
تۇپەيلىدىن ئاياللار ۋە تەبىئەتنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئىلگىرىكى
ھۆرمەت - ئۇلۇغلىنىشتىن بىر چەتتە قېلىش جەريانىنىمۇ باش-
تىن كەچۈردى. تەبىئەت قانچىلىك نازۇك ۋە ھېس - تۇيغۇغا باي
بولسا، ئاياللارمۇ شۇنچىلىك نازۇك ۋە مېھرىبانلىق تۇيغۇسىغا باي
بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئەمما سانائەت مەدەنىيىتى دەۋرىدە
نوقۇل ئىستېمالچىلىق، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ماددىي مەنپە-
ئەتكە يۈزلىنىشى سەۋەبلىك مەنىۋىيەتكە سەل قاراشتەك بىمەنىلىك
ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇش شەكلى ۋە قىممەت قارىشىغا تەسىر كۆر-
سەتتى. يېقىنقى زامان ئىنسانلار مەدەنىيلىكى تارىخىدا پەن -
تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى ۋە سانائەتنىڭ ئومۇملىشىشى ئىنسانلار-
نىڭ تەبىئەتنى ئۇلۇغلاشتىن پەن - تېخنىكىنى ئۇلۇغلاش ۋە ماد-
دىي مەنپەئەتنى ھەممىدىن ئەلا بىلىشتەك بىر تەرەپلىمە بۇرۇلۇشى
بىلەن تېخىمۇ كۈچەيدى. نوقۇل ماددىي مەنپەئەت قىزغىنلىقى ئە-
چىدە تەبىئەت بىلەن ئاياللارنىڭ ھەر ئىككىلىسىنى شەخسىي مەن-

چەئەت ئۆچۈن بويسۇندۇرۇش، مۇستەملىكىچىلىك ئورۇشىنىڭ ۋەيرانچىلىقى، تۈرلۈك بۆلگىنىش، بالايىئاپەتلەرنىڭ زىيىنىمۇ باشتىن كەچۈردى. ھاياتلىقنىڭ مۇھىم ئاپىرىدىگاھى بولغان تەبى-ئەت ۋە ئىنسانىيەتنىڭ بىر قىسمى بولغان ئاياللارنىڭ ماھىيەتلىك رولى، تارىخىي قىسمىتى ۋە ئەدەبىياتتىكى ئورنى ئوخشىمىغان كې-تىدۇ. شۇڭا ئىنسانلار تارىخىدا نۇرغۇن سەنئەتكارلارنىڭ ھەممىسى ئاياللارنىڭ تەڭداشسىز گۈزەللىكىنى مەدھىيىلىگەن، تەبىئەتتىن پەخىرلەنگەن ۋە ئۇنىڭدىن زوق، ئىلھام ئالغان. لېكىن كېيىنچە پەن ئىدراكىيلىقى ۋە نوقۇل مەنپەئەتدارلىق خاھىشىنىڭ بارغاز-سىرى كۈچىيىشى، ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتنى نوقۇل ئۆز ئارزۇ-ئىستىكىنى قاندۇرىدىغان بىر خىل قورال، ۋاستە دەپ قاراپ تە-بىئەتتىن يىراقلىشىشى سەۋەبلىك ئۇلار تۈرلۈك مەنىۋى چېكى-نىشتىن خالىي بولالمىدى.

كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىردىن باشلاپ ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ مۇھىم تېمىلىرىنىڭ بىرى گۇمانىزمدىن ئىبارەت بولدى، لېكىن مەدەنىيەتنىڭ تەبىئەتتىن يىراقلىشىشى ۋە گۇمانىستىك روھتىن چەتلىشىشنىڭ تەسىرىدە شەكىللەنگەن بۇ خىل گۇمانىزمنىڭ ياد-روسى يەنىلا ئادەم بولدى، شۇنداقلا ئۇ ئەرلەرنى ئاساس قىلىپ كەلدى. شۇڭا ئىنسانلار بالىلىق دەۋرىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، سىنىد-پىي جەمئىيەت، بولۇپمۇ يۇقىرى ئىستېماللىق جەمئىيەتكە قەدەم قويغاندىن باشلاپ، ماددىي مەنپەئەتكە ئىنتىلىشكە يۈزلىنىش بىلەن ئەرلەر ھامان دۇنيانى باشقۇرغۇچى ۋە ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى ئى-گىلەپ كەلگەن. قەدىمكى يۇنان مىفلىرى ۋە «ئىلىيادا»، «ئودىس-سا»، «رامايانا»، «ئوغۇزنامە» قاتارلىق دۇنياۋى كىلاسسىك ئەسەر-لەرنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك تەبىئەت ۋە ئاياللار بەلگىلىك ئورۇندا تەسۋىرلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن ئىن-سانلار ئاتىلىق ھوقۇقچىلىق ئېڭى كۈچەيگەن دەۋرلەرگە قەدەم

قويغان، بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئەسىرلىك تەرەققىيات باسقۇچىغا كىرد-
شى بىلەن بۇ خىل خاھىش روشەن سۇسلاشتى. كوللېكتىپ جاما-
ئەتچىلىكتىن شەخسىي قەھرىمانلىقنى ئۇلۇغلاشقا يۈزلىنىش، تە-
بىئەت ۋە ئىلاھلارغا چوقۇنۇشتىن قەھرىمانلىققا چوقۇنۇش، ئاي-
رىم شەخسلەرنىڭ نام - مەنپەئەتىنى گەۋدىلەندۈرۈش بۇنىڭ روشەن
بىر ئالامىتى بولدى. ئۇيغۇر فولكلورىدا كېيىنكى دەۋرلەردە يارد-
ىلغان خەلق قوشاقلىرى ۋە ئېپوس - داستانلىرىدىن «گور ئوغ-
لى»، «چىن تۆمۈر باتۇر» لاردىن تاكى مەڭگۈتاش ئابىدىلىرى قاتار-
لىق ئىنسانلارنىڭ باتۇرلۇق - قەھرىمانلىق تۆھپىلىرى تېما قى-
لىنغان داڭلىق ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك تەبىئەت ۋە
ئىلاھەلەر تەسۋىرى تەدرىجىي سۇسلىشىپ، رېئال قەھرىمانلار ئا-
ساسلىق رول ئالغان، ئەرلەر پۈتكۈل ئەدەبىياتنىڭ مەركىزىدە،
ئەمما ئاياللار قوشۇمچە ئورۇندا قويۇلغان. دېمەك، ئىنسانلارنىڭ
كېيىنكى مەزگىللىك قەھرىمانلىق دەۋرى ئۇلارنىڭ ئۆز - ئۆزد-
نى، بولۇپمۇ ئەرلەرنى مەركەز قىلىپ، ئەرلەرنىڭ شەخسىي قەھ-
رىمانلىقىنى كۆچەپ تەكىتلەپ تەبىئەت ۋە ئۇنىڭ قوينىدىكى باشقا
تۇرلەر، جۈملىدىن ئاياللارغا سەل قاراشتىن خالىي بولالمىدى.

تەبىئەت ئىنسانلارنىڭ ئەبەدىيلىك ئاپىرىدىگاھى، مەڭگۈلۈك
ماكانى ۋە تىرىكچىلىك سەھنىسى، شۇڭا ئۇ تارىختىن بۇيانقى
قەھرىمانلارنىڭ ئۆز جاسارىتىنى نامايان قىلىدىغان مەيدانى بولۇپ
كەلگەن. لېكىن ئىنسانلارنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتى جەريانىدا ئا-
لەمنىڭ غايىۋى، مەنىۋى ھۆكۈمرانى بولغان ئىلاھلار ۋە ئىلاھىي
قەھرىمانلارنى مەركەز قىلىشتىن تەدرىجىي تەبىئەت ۋە ماددىي
دۇنيانى بويسۇندۇرغۇچى قەھرىمانلارنى مەركەز قىلىش، ھۆ-
كۈمرانلارنى مەدھىيەلەش، ماددىي تەرەققىيات دولقۇنىدىكى مەنىۋى
چېكىنىش، ئاڭ - مەدەنىيلىكتىكى بىر تەرەپلىمىلىك، مەدەنىيەت-

تە ئاتالمىش غالىب تۆرىلەرنىڭ مەنپەئەتىنى ئىپادىلەش، ئۇلارنىڭ
ئۆز - ئۆزىنىلا مەركەز قىلىشتەك بىمەنىلىكىنىڭ تەسىرىدە شە-
كىللەنگەن ئاغمىچىلىق ۋە ياتلىشىش تۈپەيلىدىن بۇ سېخىي ۋە
مېھىر - مۇھەببەتلىك تەبىئەت تەدرىجىي ھالدا ئايرىم كۈچلەرنىڭ
نوقۇل ئۆزىنى نامايان قىلىش مەيدانىغا ئايلىنىپ، ئۇنىڭدىكى باش-
قا تۆرىلەر بۇلاڭ - تالاڭ ۋە دەپسەندە قىلىنىشقا ئۇچراپلا قالماي،
بەلكى ئاياللارمۇ ئاشۇ خىل بويسۇندۇرۇشنىڭ تەسىرى، زورلۇق ۋە
خورلۇققا دۇچ كەلدى، ئىنسان روھى ۋە غۇرۇرىنىڭ جاھاننەماسى
بولغان باراۋەرلىك ۋە دېموكراتىك ئەنئەنىمۇ يىمىرىلىشكە باشلى-
دى. «چىن تۆمۈر باتۇر» داستانىدىكى مەختۇمسۇلا تىراگېدىيەسى-
دىن تارتىپ رابىيە، نۇزۇگۇملارنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىگە ئوخشاش
سۆزىتقا ئىگە كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر داستانلىرىدىكى قىز -
ئاياللارنىڭ ئېچىنىشلىق تەقدىر - قىسمەتلىرى بۇنىڭ شاھىتى.

### 3. ئېكو - فېمىنىزملىق روھنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئى-پادىسى

دۇنيا بىر پۈتۈن ئورتاق گەۋدە. تەبىئەت بىلەن ئىنسان روھى-
نى بىرلەشتۈرۈش، تەبىئەت قوينىدىكى ھاياتلىق تۈرلىرىنىڭ
ماس، ئىناقلىق ئاساسىدىكى بىر پۈتۈن گەۋدىچانلىقى ۋە ئۇنىڭ
قىممىتىنى تونۇشتەك ئېستېتىك تۇيغۇ شەكلى ۋە گۇمانىستىك
ئىدىيە كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا بۇددىزم ۋەسىقىلىرى، فارابى،
يۈسۈپ خاس ھاجىپ، لۇتفىي، نەۋايى، زەلىلىي، نەۋبەتىي، نىزا-
رىيلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن تاكى كېيىنكى دەۋردىكى سىمۋولىستىك
ئەسەرلەرگىچە بەزىدە بىر خىل ماس، ئىناقلىق ۋە ئادالەتپەرۋەرلىك
ئۇتوپىيەسى ئىچىدە تەسۋىرلەنسە، بەزىدە جىددىي تىراگېدىيەلىك
يۈكسەكلىكتە ئىپادىلەنگەن. مەسىلەن، نەۋايىنىڭ «سەببەئى سەي-

يارە» داستانىدىكى سەبىي قىز دىلئارامنىڭ زالىم شاھ بەھرامنىڭ يولسىزلىقى، شۆھرەتپەرەسلىكى سەۋەبلىك تارتقان كۈلپەت ـ خورلۇقلىرى، ئاخىرىدا زالىم شاھ بەھرامنىڭ ھالاكىتى؛ يەنە باشقا داستانلاردىكى ئايال پېرسوناژلار ـــ شېرىن، زۆھرە، لەيلىلەر دۇچ كەلگەن پاجىئەلىك قىسمەتلەردىن تاكى كېيىنكى دەۋرلەردە يارىتىلغان «گۈل ۋە بۇلبۇل» داستانىدىكى ھاياتلىق تۇرلىرى، بۇلبۇل ۋە قىزىلگۈلنىڭ پاجىئەلىك كۈلپەتلىرى؛ فېئوداللىق زوراۋانلىق ۋە بويسۇندۇرۇشنىڭ قۇربانى بولغان رابىيە، نوزۇگۇملار، قانچىلىغان غۇنچەم، گۈلەمخانلارنىڭ قىسمەتلىرى بىزگە ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۆزلىرى ياراتقان ئەدەبىي مىراسلاردىكى يۈكسەك گۇمانىستىك روھ ۋە دېموكراتىك خىسلەتلەرنى نامايان قىلىپلا قالماي بەلكى يەنە فېمىنىزملىق يۈكسەكلىك ۋە دېموكراتىك روھنى نامايان قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىنسانلارنىڭ بىر پۈتۈن ھاياتى، ئۇلارنىڭ گۇمانىتارلىق روھى ۋە قىممەت خاھىشىنى ئىپادىلەيدۇ، ئۇنىڭ ئەكس ئەتتۇرۇش دائىرىسى كەڭ ۋە ئوچۇق ھالەتتە بولىدۇ. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا گەرچە تەبىئەت ۋە ئاياللار تېما قىلىنغان ئەسەرلەر (ئېكو ـ فېمىنىزم ئەدەبىياتى) ئىلگىرىكى دەۋرلەردە ئايرىم بىر ئېقىم شەكىللەندۈرمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۇزاق تارىخىي مەنبە ۋە ئەنئەنىگە ئىگە. «قۇرىغار ئانا ئەپسانىسى»، «ئەسما پەرى ئەپسانىسى»، «تۇمارىس رىۋايىتى»، «نېلى قوشىقى» قاتارلىقلاردىن تاكى نەۋايىنىڭ «فەرھاد ۋە شېرىن»، «لەيلى ۋە مەجنۇن»، «سەبئەئى سەييارە»، نىزارىينىڭ «رابىيە ۋە سەئىدىن» داستانلىرى ۋە زۇنۇن قادىرىنىڭ «غۇنچەم» دىرامىسى، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «ئۇلۇغ ئانا ھەققىدە چۆچەك»، بوغدا ئابدۇللانىڭ «ئانا» شېئىرلىرىدىن تارتىپ تاكى ئادىل تۇنىيازنىڭ «ئاياللار دۆلىتى»، ئابدۇلباسىت

ئابدۇراخمانىنىڭ «ئانا» داستانى قاتارلىق ئەسەرلەر، ئۇيغۇر پىروزىچىلىقىدا ئەختەم ئۆمەرنىڭ «قۇرتلاپ كەتكەن كول»، نۇرمۇھەممەت توختى، ياسىنجان سادىق، خالىدە ئىسرائىللارنىڭ بىر قىسىم ھېكايە - پوۋېستلىرى، توختى ئايۇپنىڭ «بورە ئانا» رومانى قاتارلىقلارغىچە بولغان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بىر پۈتۈن تەرەققىيات مۇساپىسى تەبىئەت بىلەن ئاياللارنىڭ تۇرمۇش، تەقدىرى ياكى ئاياللار ۋە تەبىئەتنىڭ روھى، خاراكتېرىدىكى ئورتاقلىقلارنى ئىپادىلەشتىن مۇستەسنا بولمىغان.

ئېكو - فېمىنىزملىق ئەدەبىيات ۋە ئەدەبىي تەنقىدچىلىك نۆۋەتتىكى دۇنياۋى ئەدەبىيات ساھەسىدە يېڭىدىن شەكىللىنىۋاتقان فېمىنىزملىق ۋە ئېكولوگىيەلىك روھقا ئىگە ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ماھىيەتلىك قېزىپ چىقىپ، ئىنسان روھى ۋە مەدەنىيەتتىكى گۇمانىستىك روھ، دېموكراتىك ئىدىيەلەرنى نامايان قىلىش، تەبىئەتنىڭ بىرلەمچى قىممىتىنى تونۇتۇش بىلەن ئاياللارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزگىچە دۇنياسى، تەبىئىي تالانتىنى نامايان قىلدۇرۇش مەدەنىيەتنىڭ دېموكراتىك ۋە كۆپ مەنبەلىك بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا غايەت زور قىممەتكە ئىگە. ئۇنىڭ تەبىئەت ۋە ئاياللارنى گەۋدىلەندۈرۈش، ئۇلارنىڭ قىممىتى ۋە رولىغا ئەھمىيەت بېرىش خاھىشى ماھىيەتتە ئىنسانلارنىڭ ئۆز - ئۆزىنىڭ ئوبيېكتىپ دۇنيادىكى ئورنىنى تونۇش، ئۆز - ئۆزىنى يېڭىلىشى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئۆزىنىڭ گۇمانىستىك روھىنى جارى قىلدۇرۇش، تارىخىي بۇرچىنى قايتا تونۇش ۋە ئۆز - ئۆزىنى ئازاد قىلىش مۇساپىسىنى نامايان قىلىشتىن ئىبارەت.

ئىنسانلار تارىخىدىكى مەرىپەتچىلىك ھەرىكىتى گەرچە ئىجتىمائىي تەرەققىيات ۋە زامانىۋىلىقنىڭ يولىنى ئېچىپ، ئۇلارغا

نۇرغۇن قولايلىقلارنى ئېلىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئىنساننىڭ ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىش بىلەن بىللە تەبىئەتنىمۇ ھېسابسىز ئېچىش، ئىستېمال ۋە سودىنى كېڭەيتىش، ئىستېمالچىلىقتىكى ئارزۇ - ئىستەك، راھەتپەرەسلىك، مونوپوللىيە، ماددىپەرەسلىك ۋە ئاياللارنىڭ قۇل قىلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. «ئەقىل - ئىدىراكىنىڭ قورال ۋە ماھارەتكە ئايلانغان ۋاستە سۈپىتىدە تونۇلۇشىغا ئەگىشىپ بۇ خىل نوقۇل ئەقىلنى ئاساس قىلىغان مەرىپەتچىلىك ئىنسانلار جەمئىيىتى ۋە ئۇنىڭ قىممەت قارىشىنى غەيرىيلەشتۈرۈش، ھەتتا قايمۇقتۇرۇش رولىنى ئوينىدى. قورال ۋە ۋاستىگە ئايلانغان ئەقلىيلىكنىڭ يۇكسەك ئورۇنغا قويۇلۇشى بىلەن ئىنساندىكى قىممەت تونۇشى تېز سۈرئەتتە چېكىندى.»[①] نوقۇل ئىقتىسادىي رىقابەت ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇلغان زامانىۋىلىق مۇھىتىدىكى ماددىۋىلىقنىڭ تەسىرىدە ئائىلە ۋە مەدەنىيەتنىڭ غەيىرىيلىشىشى، روھىيەتتىكى ياتلىشىش ۋە چېكىنىش سەۋەبلىك تەبىئەت ۋە ئۇنىڭ قوينىدىكى ئايرىم تۈرلەر ئىنسانلار تەرىپىدىن كونترول قىلىنىشقا ئۇچرىسا، ئۇ ھالدا ئاجىز تۈر بولغان قىز - ئاياللارمۇ ئاشۇ خىل ئىدىيەۋى بىنورماللىق ۋە مەنىۋى چېكىنىشنىڭ تەسىرىدىن خالىي بولالمايدۇ.

20 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمى ۋە 21 - ئەسىردىكى سانائەت ھەم ئىستېمالچىلىق جەمئىيىتىنىڭ ئائىلە مەدەنىيلىكىدە يەنىلا مەرىپەتچىلىك، ئىدراكىيلىقنىڭ كۈچى ئۈستۈن ئورۇندا تۇرماقتا. ئىستېمالغا زىيادە بېرىلىش، راھەتپەرەسلىك، ماددىۋىزمنىڭ قايمۇقتۇرۇشى جەمئىيەتتىكى بىنورمال ھادىسە بولۇپ، بۇ خىل

---

① ۋاڭ نو: «كەرسىنىنىڭ ئېكولوگىيە ئەدەبىياتى ئۇتۇقلىرى ۋە ئېكولوگىيە پەلسەپە ئىدىيەسى»، «چەت ئەل ئەدەبىياتى»، 2002 - يىللىق 2 - سان 94 - بەت.

خاھىش ھازىرقى زامان تۇرمۇشىمىزغا «ئادەم پەقەت ئۆزىنىلا
ئويلاش»، ئاخىرىدا ئومۇمىيلىق ياكى باشقا تۈرلەردىن مەنىۋى جە-
ھەتتىن يىراقلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئېكو - فېمىنىزم-
لىق ئەدەبىياتىنىڭ تەشەببۇسى شۇكى، ھاياتلىق دۇنياسىنىڭ تەبى-
ئىيلىكى ۋە تۈرلەرنىڭ كۆپ خىللىقىنى ھۆرمەتلەش، ئىنسانىي
خاراكتېرنى تەبىئەتكە ۋە تەبىئىيلىككە يېقىنلاشتۇرۇپ، نۆۋەتتى-
كى شەخسنىڭ نوقۇل ئۆز - ئۆزىنى مەركەز قىلغان تۇرمۇش شەك-
لى ۋە ئىستېمالدىكى چەكتىن ئاشقان ماددىۋىلىق كەلتۈرۈپ چى-
قارغان ئىنسان خاراكتېرىنىڭ ياتلىشىش، كۈچلۈك تۈرلەرنىڭ
تەسىرى ئاستىدىكى خورلانغان باشقا تۈر - جىنسلار، جۈملىدىن
ئاياللارنىڭ پاجىئەلىك سەرگۈزەشت - قىسمەتلىرىنى ئىپادىلەپ،
تەبىئەت ۋە جەمئىيەتنىڭ ئۆزئارا ماس، ئىناقلىقى، تۈرلەرنىڭ
ئورتاق گەۋدىلىك مۇناسىۋىتى ۋە ئۇنىڭ مۇقىملىقىنى تەكىتلەش
ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ ئۆز - ئۆزىنى مەركەز قىلىش، شەخسى-
يەتچىلىك ۋە ياۋۇزلۇقى تۈپەيلىدىن تەبىئەتنىڭ قىممىتىگە سەل
قاراش، ئاياللارغا بولغان جىسمانىي، جىنسىي ئېكسپلاتاتسىيە،
كەمسىتىشنى چەكلەشتىن ئىبارەت.

ئىنساننىڭ نوقۇل شەخسىي ئىستېمال خاھىشى ۋە ئۆز - ئۆ-
زىنى مەركەز قىلىشى بىلەن ھاياتلىق دۇنياسىدىكى باشقا تۈرلەر-
گە، جۈملىدىن ئاياللارغا بولغان بىر تەرەپلىمە قاراشنىڭ كۈچى-
يىشى تەدرىجىي ھالدا ئۇلارنىڭ تەبىئەتكە ۋە ئۇنىڭ قويىنىدىكى
باشقىلارغا قارىتا كونتروللۇقىنى كۈچەيتىدۇ. تەبىئەت دۇنياسىدا
ئاسمان بىلەن زېمىن، ئوت بىلەن سۇ، ھاۋا بىلەن تۇپراق بىرلى-
شىپ بىر پۈتۈن دۇنيانى ھاسىل قىلغاندەك، جەمئىيەتتىمۇ ئەر -
ئايال ياكى ئەركەك - چىشى تەڭ يارىتىلغان ۋە ئۇلار بىر پۈتۈن
ھاياتلىقتا باراۋەر رول - ئىقتىدارغا ئىگە. لېكىن، نوقۇل ئەقلىيى-

لىك ۋە مەنپەئەتپەرەسلىكنىڭ تەسىرىدە ئەنئەنىدىن، ھېسسىيلىقتىن يىراقلاشقان ئىنسانلاردىكى شەخسىيەتچىلىك خاھىشى ۋە ئۇزاق مۇددەتلىك فېئوداللىق ئىدىيەنىڭ تەسىرى، نۆۋەتتىكى سانائەت مەدەنىيلىكى، شەھەرلىشىش دەۋرىدىكى نوقۇل ئىقتىسادىي ئۈنۈم، ماددىي مەنپەئەت ۋە مودا قوغلىشىش قىزغىنلىقى بىر قىسىم كىشىلەردە تەبىئەت ۋە ئاياللارنى بىر خىل ۋاستە ياكى قورال سۈپىتىدە تونۇيدىغان ھالەتنى شەكىللەندۈرگەن بولۇپ، بۇ ئىنسان مەنىۋىيىدە بەلگىلىك سەلبىي تەسىرگە ئىگە. شۇڭا ئېكو - فېمىنىزم تەنقىدچىلىرى تەبىئەت بىلەن ئاياللارغا تۇتقان پوزىتسىيەنى ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ سۈپىتىنى ئۆلچەشتىكى مۇھىم پىرىنسىپ قىلىشقان.

نۆۋەتتە دۇنيا ئەدەبىياتشۇناسلىق تەتقىقاتىدا ئېكو - فېمىنىزملىق روھ ئالاھىدە تەكىتلىنىۋاتقان يارقىن تېمىلارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. جۈملىدىن غەرب ئېكو - فېمىنىزم تەنقىدچىلىرى ئەر - ئايال يازغۇچىلارنىڭ تەبىئەت ۋە تەبىئەت قوينىدىكى باشقا تۈرلەرگە بولغان پەرقلىق پوزىتسىيەسىنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىشماقتا. مەسىلەن، 19 - ئەسىردىكى ئېكولوگىيە ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىسى ئامېرىكىلىق يازغۇچى ھېنرى بىلەن 20 - ئەسىردىكى ئېكولوگىيە ئەدەبىياتىنىڭ داڭلىق ۋەكىلى كەرسېن خانىمنى، ئامېرىكا ئېكولوگىيە ئەدەبىياتىنىڭ 18 - ئەسىردىكى يەنە بىر ۋەكىلى ۋوردسۋورس بىلەن ئۇنىڭ سىڭلىسى دوروسىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى سېلىشتۇرۇپ، ئەر ۋە ئايال يازغۇچىلارنىڭ تەبىئەتكە تۇتقان پوزىتسىيەلىرىدىكى ئىنچىكە پەرقلەرنى ئېنىقلاشقا تىرىشقان. بۇنداق ئىككى جىنستىكى يازغۇچى ئوخشاشلا ئۆز ئەسىرىدە تەبىئىي شەيئى، تەبىئەت مەنزىرىسى ۋە بېلىقچىلارنى تەسۋىرلىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئەر يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىدە خۇددى كۆپ

سانلىق ئەنئەنىۋى مەنزىرە شېئىرلىرىغا ئوخشاش مەركىزىي نۇقتىنى ئادەم ئۇستىگە قويغان، تەبىئىي موھىت ئەمەلىيەتتە پەقەتلا قەلب ھالىتىنى ئىپادىلەيدىغان ۋاستە سۈپىتىگە ئىگە قىلىنىپ، روھنىڭ سىمۋوللۇقىغا ماسلاشتۇرۇلغان. بۇ خىل ئەسەرلەرنىڭ ئىدىيەۋى ئاساسى بولسا غەيرىي ئېكولوگىيەلىك مەنىگە ئىگە. ئەمما ئېكولوگىيە يازغۇچىسى كەرسېن ئۆز ئەسەرلىرىدە دېگىنىدىكى «بىلىق ۋە باشقا جانلىقلارنى مۇستەقىل ھاياتلىق تۇرى سۈپىتىدە كۆزىتىپ، ئۇلارنى مەركىزىي شەخس قىلىش پىرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ئاشۇ جانلىقلار دۇنياسىنى خۇددى ئادەملەرگە ئوخشاش جانلىق ئەكس ئەتتۇرگەن.»①

ئومۇمەن، تەبىئەت بىلەن جەمئىيەت مۇئەييەن ئورتاق قانۇنىيەتكە ئىگە. تەبىئەت قوينىدىكى ھاياتلىقنىڭ خىلمۇخىللىقى، تۈرلەرنىڭ باراۋەرلىكى، ئۆزئارا تايىنىشچانلىقى ۋە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مېھىر - مۇھەببەت ئەدەبىياتنىڭ مۇھىم بىر ئىپادىلەش ئوبيېكتى، ئېستېتىك تەسىراتنىڭ مەركىزىي نۇقتىسى ھېسابلىنىدۇ. لېكىن، دەۋرنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە كىشىلەرنىڭ ئىدىيەۋى تونۇشىدىكى پەرقلەر سەۋەبلىك ئۇنىڭ ئىپادىلىنىش دەرىجىسى ھەم ئۇسۇلىدا ئەر ۋە ئايال يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىدە مۇئەييەن پەرقلەر شەكىللەنگەن. ئېكو - فېمىنىزم تەتقىقاتچىلىرىنىڭ قارىشىچە، ئەر يازغۇچىلارنىڭ ئىجادىيىتىدە تەبىئەت تەسۋىرى كۆپىنچە ماكرولۇق نەزەرنى ئاساس قىلىپ تەبىئىي مەنزىرىدىن پايدىلىنىپ ھېس - تۇيغۇ ۋە ئىدراكنى ئىپادىلەش، ئىنساندىكى ھېسسىيات بىلەن ئىرادىنى ئەسەرنىڭ مەركىزى قىلىش، ئەكسىچە تەبىئەتنىڭ

① ۋاڭ نو: «ياۋروپا - ئامېرىكا ئېكولوگىيە ئەدەبىياتى»، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2003 - يىلى خەنزۇچە نەشرى 15 - بەت.

ئۆزىنى مەركەزنىڭ سىرتىدا قويۇپ ئىپادىلەش ھادىسىسى كۆرۈلگەن. ئەمما خېلى كۆپ ئايال يازغۇچىلار ئۆز ئىجادىيىتىدە تەبىئىي جانلىقلارنى تەپەككۇرنىڭ مەركىزىگە قويۇپ، تەبىئىي مەنزىرىلەرنى «تەبىئەتنىڭ ئۆز - ئۆزىنى مۇستەقىل ئىپادىلىشى» شەكلىدە ئەكس ئەتتۇرگەن.

### 4. ئېكو - فېمىنىزملىق تەنقىدچىلىكنىڭ تەپەككۇر ئالاھىدىلىكى ۋە زۆرۈرلۈكى

ھاياتلىق دۇنياسى بىر پۈتۈن ئورتاق گەۋدە. ئۇنىڭ قوينىدىكى ھەرقايسى تۈرلەر ئۆزىگە خاس قىممەت ۋە رولغا ئىگە. ئەگەر مەلۇم بىر تۈرنىڭ ئورنى ۋە مەنپەئەتىگىلا ئەھمىيەت بېرىپ، يەنە بىر تۈرگە سەل قارالسا، ئۇ ھالدا مۇقەررەر يوسۇندا تەبىئەت ۋە ئىجتىمائىيەتتىكى ھاياتلىق مېخانىزمىدا بىنورماللىق ھەم تەڭپۇڭسىزلىق كېلىپ چىقىدۇ. ئەجدادلىرىمىز ياراتقان كىلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ كۆپ قىسمىدا ئىنسانلارنىڭ ماددىي مەنپەئەتتىن خالىي ساپ ۋە ساددا - سەممىمىي ھېسسىياتى ئىپادىلەنگەچكە، ئۇلار ئادەمنى شۇنچە مەھلىيا قىلىپ كەلگەن. بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتىمىزدىمۇ كىلاسسىكلىرىمىزنىڭ مۇشۇ خىل ئېسىل ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ھەقىقىي گۇمانىستىك ئاڭ - خاھىشلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئەسەرلەر خېلى كۆپلەپ بارلىققا كېلىۋاتىدۇ. ئەمما ئاشۇ خىل ئەسەرلەردە تەبىئەت ۋە ئاياللارنىڭ ئىپادىلىنىش دەرىجىسى يەنىلا مۇئەييەن پەرقلەرگە ئىگە. بۇنى بىز ئېكو - فېمىنىزملىق روھنىڭ چوڭقۇرلۇق دەرىجىسىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن مۇنداق بىرقانچە جەھەتتىن چۈشىنەلەيمىز: تەبىئەت ۋە ئاياللارنىڭ ئەسەردىكى ۋەقەلىككە قاتناشقۇچى ياكى چەتتىن كۆزەتكۈچى سالاھىيىتىدە نامايان قىلىنىشى. تەبىئەت ئوبيېكتلىرى

ۋە ئاياللارنىڭ تەبىئەت ۋە جەمئىيەت بىلەن ئۆزئارا باغلىنىشلىق ئىپادىلىنىشى ياكى ئايرىلىپ تۇرۇش ھالىتى. تەبىئەت ۋە ئاياللار-نىڭ ئۆز - ئۆزىنى مۇستەقىل ئىپادىلىشى ياكى ئۇلارنى تەسەۋۋۇر قىلىشى. تەبىئەت بىلەن ئاياللارنىڭ ئۆز - ئۆزى ئۈچۈن مەۋجۇت بولۇشى ياكى ئۇلارنىڭ ئىنسانلار جەمئىيىتىدىكى باشقا تۈرلەرنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن مەۋجۇت بولۇش ھالىتى.

نۆۋەتتە خەلقئارادا بارغانسېرى ئومۇملىشىۋاتقان ئېكو - فېمىنىزملىق تەنقىدچىلىك ئەدەبىياتشۇناسلىقتىكى ئەنئەنىۋى تەنقىدچىلىكنىڭ جەۋھىرىنى قوبۇل قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا يە-نە ئۆزىگە خاس تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولغان:

1) كۆپ قاتلاملىق كۆزىتىش نۇقتىسىغا ئىگە بولۇش

ئېكو - فېمىنىزملىق تەنقىدچىلىكنىڭ تەپەككۇر نۇقتىسى كۆپ مەنبەلىككە ئىگە بولۇپ، ئۇ ئاساسەن تەبىئەت دۇنياسىدىكى زۇلۇمغا ئۇچرىغان ھەمدە ئىنسان تەرىپىدىن باشقۇرۇلغان بارلىق جانلىقلار توپىغا نەزەر دائىرىسىنى ئاغدۇرسىمۇ، لېكىن باشتىن - ئاخىر تەبىئەت ۋە ئاياللاردىن ئىبارەت ئىككى مۇھىم نۇقتىغا ئالا-ھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئۇ بىر تەرەپتىن فېمىنىزم تەنقىدچىلى-كىگە ئوخشاش ئەدەبىياتتىكى ئاياللار مەسىلىسىنى شەرھلىسە، يە-نە بىر تەرەپتىن، ئۇنىڭدىن ھالقىپ ئەدەبىيات ئىچىدە تەبىئەتنىڭ قىممىتىنى تونۇش ۋە ئىزاھلاش ئارقىلىق ئۆز تەنقىدچىلىكىنىڭ ئاساسىنى شەكىللەندۈرگەن.

2) رەھىمدىللىك ئەخلاق تۇسى ۋە دېموكراتىك روھنىڭ قو-يۇق بولۇشى

ئېكو - فېمىنىزم ئۆز قىممەت قارىشى ۋە تەشەببۇسىنى تەبى-ئەتنى سۆيۈش، ئۇنى ئاسراش ئاساسىدا بەرپا قىلىپ ئادەملەرنىڭ شەخسىي سالاھىيىتى، ئائىلە ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتىنى بارا-

ۋەر ئورۇندا قويۇشنى تەكىتلەيدۇ، ئىنسان بىلەن تەبىئىي جاندىن قىلىلارنىڭ باراۋەر ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى تەشەببۇس قىلىدۇ. مەسىلەن، يازغۇچى پەرھات ئىلياسنىڭ «قومۇشلۇقتىن باشلانغان يوللار» پوۋېستىدا ئەسەر باش قەھرىمانى بولغان سەبىي، ساددا قىز ساجىدەنىڭ شەخسىي مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرى، سۆيگۈ ـ مۇھەببەتتىكى ئوڭۇشسىزلىقلىرى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ دانىيار ئىسىملىك ھىيلىگەر، كاززاپنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ كېتىپ قىزلىق ئىپپىتىدىن ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىنكى ئازاب ـ كۈلپەتلىرى، ئۆز نومۇسىنى ئۆلۈم ئارقىلىق يۇيۇشتەك قىز ـ ئاياللىق غۇرۇرى جانلىق ئىپادىلىنىش بىلەن بىللە يەنە ئۇنىڭ ئۆزى ياشاۋاتقان قومۇشلۇقتا، ئانا زېمىنغا، ھاياتقا بولغان چوڭقۇر سۆيگۈسى بىلەن ئىنسانلار ئارىسىدىكى ساختىلىق، شەخسىيەتچىلىككە بولغان نەپرەت تۇيغۇسى گىرەلەشكەن ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. شۇڭا بۇ ئوبراز ئوقۇرمەنلەرنىڭ خۇددى ئانا زېمىندەك پاك، نازۇك ۋە مېھىر مۇھەببەتلىك بولغان قىز ـ ئاياللارغا بولغان چوڭقۇر سۆيگۈ ۋە ھېسداشلىقىنى قوزغىتىدۇ.

ئېكو ـ فېمىنىزم تەنقىدچىلىكى ئەخلاقنىڭ دائىرىسىنى ئادەم بىلەن تەبىئەت ھەمدە پۈتكۈل ئېكولوگىيە سىستېمىسىنىڭ مۇناسىۋىتىگىچە كېڭەيتىدۇ. بىر تەرەپتىن، ئۇ غەيرىي ئىنسان توپى بولغان جانلىقلارنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ۋە ئۇنىڭ ئادەم بىلەن باراۋەر ئورنىنى ئېتىراپ قىلىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، ئادىللىق ئەخلاق چاقىرىقىنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئۇ تۈرلۈك ئىجتىمائىي ھۆكۈمرانلىق ۋە زوراۋانلىق شەكلىنى ئىنكار قىلىپ، ھامان چەتكە قېقىلغان، خورلانغان ھاياتلىق توپى تەرىپىدە تۇرۇپ پىكىر قىلىدۇ.

3) ھالقىشچانلىق خاراكتېرى ۋە دىيالوگ خاراكتېرىگە ئىگە

ئېكو ـ فېمىنىزم ئەدەبىياتىنىڭ مەزمۇنى ئەدەبىيات، ئەخلاق،

گۇمانىزم، ئاياللار مەسىلىسى، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى، ئىنسان-
شۇناسلىق قاتارلىق كۆپ خىل پەنلەر بىلەن چېتىلىدۇ. ئۇنىڭ
تەتقىقات ئوبيېكتلىرى ئوخشىمىغان پەن ساھەلىرىگە تۇتاشقاچقا،
بۇ خىل تەنقىدچىلىكمۇ پەن ھالقىش خاراكتېرىگە ئىگە بولغان. ئۇ-
نىڭ ھالقىشچانلىق خاراكتېرى پەن ھالقىشىدا ئىپادىلىنىش بىلەن
بىللە يەنە ئۇنىڭ دۆلەت ھالقىش، مەدەنىيەت ھالقىش خاراكتېرىدى-
مۇ ئىپادىلىنىدۇ. بۇ ماھىيەتتە ئېكو – فېمىنىزم تەنقىدچىلىكى
دۇنيادىكى بارلىق مىللەتلەرنىڭ ئېكولوگىيەلىك ئەقىل – پاراسى-
تىگە ئەھمىيەت بېرىدۇ ۋە ئۇلارنى قوبۇل قىلىدۇ دېگەنلىكتۇر.

ئېكو – فېمىنىزم ئەدەبىياتى ۋە ئەدەبىي تەنقىدچىلىكى نۆۋەت-
تە دۇنيادا شەكىللىنىۋاتقان تەتقىقات ئىستىقبالى زور بولغان ئە-
دەبىي ھادىسە ۋە تەنقىدچىلىك ئېقىمى، بىر خىل كەڭ سىغىمچان-
لىقتا ۋە سەزگۈرلۈككە ئىگە يېڭى ئىلىم. ئۇ ئەنئەنىۋى ئەدەبىي
تەنقىدچىلىكنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى ئىجادىي قوبۇل قىلىپ، ئاڭ-
لىق ھالدا ھەرقايسى تەركىبلەرنىڭ باراۋەر دىيالوگلۇق روھىنى
تەكىتلەپ، ھەرقايسى ئەللەر ئەدەبىي ئىجادىيىتىدىكى مەدەنىيلىك-
نىڭ ئىلغار تەركىبلىرىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ.

ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىغا نەزەر سالساق، پىروزىچە-
لىقىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى تەرەققىيات يۈزلىنىشى دۇنيا ئەدەبىياتى-
دىكى فېمىنىزم ۋە ئېكو – فېمىنىزىم ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرىنى
قوبۇل قىلغانلىقى، ئۇنىڭ ئۆزۈكسىز ھالدا ئۆز – ئۆزىنى يېڭىلاپ
ۋە تولۇقلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلىشكە بولىدۇ. يېقىنقى مەزگىل-
لەردە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى پىروزىچىلىق ساھەسىدە ئېكولوگىيە ۋە
ئېكو – فېمىنىزملىق ئەدەبىيات ئېقىمىغا تەۋە بىر بۆلۈك نادىر
ئەسەرلەر ۋۇجۇدقا كەلدى. مەسىلەن، توختى ئايۇپنىڭ «قۇم باسقان
دېڭىز» پوۋېستى، «بۆرە ئانا» رومانى، نۇرمۇھەممەت توختىنىڭ

«چۆل ئوغلى»، «شەھلا كۆز»، ئابدۇقادىر سادىرنىڭ «خەير ـ خوش، كېيىك بالىسى»، خالىدە ئىسرائىل قاتارلىق ئايال يازغۇچىلارنىڭ بىر قىسىم ھېكايە ـ پوۋېستلىرىدا ئېكولوگىيە ئېڭى ۋە ئېكو ـ فېمىنىزملىق روھ روشەن ئىپادىلەندى. ھەتتا بىر قىسىم يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىدە ئېكو ـ فېمىنىزملىق روھ روشەن ھالدا ئىپادىلىنىپ ئەدەبىياتىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى تەرەققىياتىنى خەلقئارا ئىدىيەۋى ئېقىملارغا ياندىشتۇرۇشتا ئۆزىنىڭ ئاۋانگارتلىق رولىنى جارى قىلدۇردى. مەسىلەن، نۇرمۇھەممەت توختى «چۆل ئوغلى» پوۋېستىدا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئاجرىشىپ كېتىشى سەۋەبلىك، كىچىكىدىن تارتىپ دادىسى بىلەن چەت سەھرادىكى بىر كۆل (سۇ ئامبىرى) دا تەنها ياشىغۇچى سالام ئىسىملىك ئۆسمۈرنىڭ ئانىلىق مېھرىگە قانمىغانلىق ھېس ـ تۇيغۇسى بىلەن ئۇنىڭ تەبىئەت قوينىدىكى ئۇچار ـ قاناتلار ۋە ياۋايى ھايۋانلارغا بولغان مېھرىبانلىقى ھەتتا كىچىكىدە بىر چىشى كېيىكنى ئەمگەنلىكى بىلەن ئۇنى «ئانا» دەپ تونۇشى؛ كېيىن شەھەردىن سۇ ئامبىرىغا سەيلە قىلغىلى چىققان ئەمەلدارلار چۆلدىكى سالام ئەقىدە باغلىغان ئاشۇ كېيىكنى ئۆز نەپسىنى دەپ ئوۋلاپ ئېتىۋەتكەندە ئۇنىڭ ئاشۇ كىشىلەردىن يىرگىنىپ، مىلتىقلارنى كۆلگە تاشلىۋېتىشى، ئاخىرىدا، ئەمەلدارلارنىڭ قىستىشى بىلەن ئاشۇ مىلتىقلارنى مۇز ئاستىدىن سۈزۈپ چىقىش جەريانىدا ئۇنىڭ دادىسىنىڭمۇ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىدەك تىراگېدىيەلىك ۋەقەلەر بايان قىلىنىدۇ. خالىدە ئىسرائىلنىڭ «ھاڭگىرت كۆلى» ھېكايىسىدە كول تەسۋىرى (تەبىئەتنىڭ قىممىتى) بىلەن ئەسەر قەھرىمانى زۆھرەنىڭ قەلب دۇنياسىنىڭ تەسۋىرى ئۇنىڭ ئېرىدىن تارتقان كۆلپەتلىرى، روھىي دۇنياسىدىكى داۋالغۇش ۋە مۇرەككەپ پسىخىكىلىق ھادىسىلەر بىلەن كۆل سۈيىنىڭ يامغۇردىن كېيىنكى چايقىلىشى زىچ گىرەلەشكەن ھالدا تەس-

ۋىرلىنىدۇ. رىزۋانگۈل يۈسۈپنىڭ «بۆرە قىسمىتى» ئېكولوگىيە تېمىسىدىكى ئەسەر بولسا، ئۇنىڭ «شەبنەم»، «قامغاقنىڭ چۈشى»، «ئۇپۇق جىلۋىسى» قاتارلىق ھېكايىلىرىدە تەبىئەت بىلەن ئاياللارنىڭ روھىي دۇنياسى زىچ گىرەلەشتۈرۈلۈپ تەسۋىرلەنگەن. ئەدەبىياتىمىزدىكى مۇشۇ خىل نادىر ئەسەرلەر ھەققىدە ئېكو - فېمىنىزملىق تەنقىدچىلىك تەھلىلى ۋە تەنقىدچىلىكى ئېلىپ بېرىش، بۇ خىل تەنقىدچىلىكنى ئەدەبىياتشۇناسلىقىمىز زېمىنىغا يىلتىز تارتقۇزۇشتا بەلگىلىك يېڭىلىق روھى ۋە رېئال قىممەتكە ئىگە.

ئومۇمەن، ئېكو - فېمىنىزملىق روھ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا مۇئەييەن ئەنئەنىگە ئىگە بولۇپ، ئىزچىل داۋاملىشىپلا قالماي، بەلكى ئۇ نۆۋەتتىكى پىروزىچىلىقىمىزدىكى ئۆزگىچە بىر خىل يېڭى ئەدەبىي ھادىسە سۈپىتىدە يارقىن ئىپادىلىنىپ، ئۆزىنىڭ روشەن خاسلىقىنى نامايان قىلدى. ئۇ ئىنساننىڭ تەبىئىي ھېسسىياتى ۋە گۇمانىستىك روھىنى ھەقىقىي جارى قىلدۇرۇپ، ئۇلارنى تەبىئەتكە، ئادىمىيەتچىل روھقا تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ مەنىۋىيىتى ۋە خاراكتېرىدىكى غەيرىيلىشىشنى ئىپادىلەش ۋە تەنقىدلەش، تەبىئەت، تەبىئىيلىك ھەم ئاياللىق قىممەتنى تونۇتۇشتا ئۆزىنىڭ ئاۋانگارتلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ كەلمەكتە. بۈگۈنكى كۈندە ئېكو - فېمىنىزم تەنقىدچىلىكى روشەن تەپەككۇر خاسلىقىغا ئىگە بىر خىل ئىدىيەۋى ۋاستە بولۇش سۈپىتى بىلەن نۆۋەتتىكى ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيلىك ئېڭى، گۇمانىستىك روھى ۋە تەبىئىي مۇھىت مەسىلىسىدە يېڭى سەھىپە ئېچىپ، ئىنسان روھىيىتىنى بىر تەرەپلىمىلىكلەردىن ئاگاھلاندۇرۇپ، ئۇلارنى دېموكراتىك روھ، يېڭىچە تەپەككۇر بوشلۇقى بىلەن تەمىنلەش بىلەن بىللە يەنە خەلقىمىزنىڭ ئېكولوگىيە مەدەنىيلىك ئېڭى ۋە دېموكراتىك روھىنى ئۆستۈرۈش، ئىجتىمائىي ئاڭ ۋە مەدەنىيلىك-

تىكى بىر تەرەپلىمە مەنپەئەت ھەم نوقۇل ماددىۋىزملىقتىن ساق-
لىنىش، تەبىئەتنىڭ قىممىتىنى تونۇش، ساغلام روھىيەت ئېكو-
لوگىيەسىنى ساقلاش، ئاياللارغا ئىلھام بېرىپ، ئۇلارنىڭ قىممى-
تىنى ۋە رولىنى تونۇپ، ئۇلارنىڭ ئېكولوگىيەلىك ئەقىل - پارا-
سىتىنى ئېچىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، ئۇنى نۆۋەتتىكى مەدە-
نىيلىك قۇرۇلۇشى ئەمەلىيىتىگە ئاكتىپ قاتناشتۇرۇش ھەتتا يې-
تەكچىلىك قىلدۇرۇشتا ئىنتايىن يۇقىرى ئىدىيەۋى قىممەتكە ئى-
گە. شۇنداق ئىكەن، بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتىمىزدىكى ئېكو - فې-
مىنىزملىق روھقا ئىگە مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنىڭ مەدەنىيەت قىممى-
تىنى تونۇش ۋە بۇلار ھەققىدە مۇھاكىمە، تەتقىقات ئېلىپ بېرىشنى
ئۇيغۇر ئەدەبىياتشۇناسلىق ئىلمىنىڭ نۆۋەتتىكى رېئال قىممەتكە
ئىگە مۇھىم تېمىلىرىنىڭ بىرى سۈپىتىدە تونۇشىمىز زۆرۈر.

## 5.«بۆرە ئانا» رومانىدىكى ئېكولوگىيە ئېڭى ۋە تىراگېدىيەلىك قىممەت

ئەدەبىيات - سەنئەت ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىنى
ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈش بىلەن بىللە ئۇلارنىڭ رېئاللىقتا دۇچ
كەلگەن تۈرلۈك ئىجتىمائىي زىددىيەتلەر ۋە بۇ ھەقتىكى يېڭىچە
ئىزدىنىشلىرىنى جانلىق ھەم ئوبرازلىق ئىپادىلەپ بېرىشتەك
ئالاھىدىلىكى بىلەن رېئال تۇرمۇش ئۈچۈن ئۆزگىچە مەنىۋى قىم-
مەت يارىتىدۇ. نۆۋەتتە غەرب ئەللىرى ئەدەبىياتىدا ئومۇملىشىۋات-
قان تەبىئىي مۇھىت ۋە مەنىۋى ئېكولوگىيەلىك مۇھىت مەسىلى-
سى گىرەلەشمە تېما قىلىنغان ئەدەبىيات ھادىسىسى يېڭى دەۋر
ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتتى. بۇ خىل ئەدەبىي
تەسىر نەتىجىسىدە ئېكولوگىيەلىك مۇھىت ئېڭى ۋە مەنىۋى كى-

رىزىس تۈيغۇسى نۇقتىلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئېكولوگىيە ئەدە-
بىياتى ئۈيغۇر ئەدەبىياتىدا، بولۇپمۇ پىروزىچىلىقىمىزدا مەلۇم دە-
رىجىدە ئىپادىلىنىپ، ئۆزىنىڭ غايەت زور ئىستېتىك قىممىتى ۋە
تونۇتۇش رولىنى جارى قىلدۇرۇپ كەلمەكتە. يازغۇچى توختى ئا-
يۇپنىڭ «بۆرە ئانا» رومانىنى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئەدە-
بىي تەسىرنىڭ نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن ئېسىل ئەسەرلىرى-
مىزنىڭ بىرى دېيىشكە بولىدۇ.

20 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن باشلانغان ئىنسانلارنىڭ زامانىۋى
مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ۋە سانائەتلىشىش قەدىمىنىڭ تېزلى-
شىشىگە ئەگىشىپ گەرچە ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى «ئې-
شىش» ۋە ماددىي تەرەققىيات مەقسىتى ئەمەلگە ئاشقان بولسىمۇ،
لېكىن نوقۇل ئىدراكىيلىق تەكىتلىنىپ، ھەممىدە ئىنسان مەر-
كەز قىلىنىپ، بىر تەرەپلىمە ئىقتىسادىي ئۈنۈمگىلا ئەھمىيەت
بېرىلىپ، تەبىئەتنىڭ مۇستەقىل قىممىتىگە، ئۇزاق مۇددەتلىك
مۇھىت ئاسراشقا سەل قارالغاچقا، ئىنسانلارنىڭ يەر شارى ئېكو-
لوگىيە سىستېمىسىدا يوقاتقانلىرىمۇ ئاز بولمىدى. يەن ـ تېخىمۇ-
كىغا تايىنىپ ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولغان ئىنساننىڭ ئۆزلۈك ئېڭى
ۋە بويسۇندۇرۇش خاھىشىنىڭ بارغانسېرى كۈچىيىشى نوپۇسنىڭ
تېز سۈرئەتتە كۆپىيىشى، بايلىق ۋە ئېنېرگىيە كىرىزىسى، سانا-
ئەت، بازار ۋە پايدىغا مەستانە بولۇپ تەبىئەتنى قالايمىقان ئېچىش
قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى زامانىۋى جەمئىيەتنىڭ يېڭى كىرىزىس
ۋە زىددىيەتلىرىنى تېخىمۇ ئۆتكۈرلەشتۈردى. ئاتالمىش ئىنسان
مەركەزچىلىك خاھىشى، ئەنئەنىلەردىن ياتلىشىش، ھەممىنى ئۇن-
تۇپ بىر تەرەپلىمە ماددىي ئىستېمالنى ئاساس قىلغان نوقۇل ماد-
دىي تەرەققىيات ۋە تۈرلۈك بۇلغىمىلارنىڭ تەسىرىدە كېلىپ چىق-
قان بۇلغانغان ھاۋا، بۇزۇلغان دەريا ـ ئېقىنلار، ئاتموسفېرا ۋە

توپراق، ۋەيران قىلىنغان ئورمان، يايلاق ۋە يېپىنچا ئۆسۈملۈك
قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى شۇ رايوننىڭ تەبىئىي ئېكولوگىيەلىك
تەڭپۇڭلۇقىنىڭ بۇزۇلۇشى، تېمپېراتورىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشى
كىلىمات ئۆزگىرىشى قاتارلىق ئاپەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ،
ئىنسانلارنىڭ جىسمانىي ساغلاملىقى، ھايات بىخەتەرلىكىگە زىيان
سالسا، يەنە بىر تەرەپتىن، بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئاتالمىش تە-
بىئەتنى كونترول قىلىپ، قالايمىقان ئېچىپ تېخىمۇ كۆپ پايدىغا
ئېرىشىشتەك شەخسىيەتچىلىك ۋە ياۋۇز نەپسىنىڭ تۈرتكىسىدە
تۈرلۈك ياۋايى ھايۋان ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ۋەيران قىلىنىشى ۋە
مۇھىت بۇلغىنىشتىن كېلىپ چىققان كىسلاتالىق يامغۇر، كىسلا-
تالىق تۇمان ۋە ئېلىنىنو ھادىسىلىرىنىڭ يۈز بېرىشى قۇرغاقچى-
لىق، قۇم - بوران، توپراقنىڭ قۇملىشىپ، ھاۋا كىلىماتىنىڭ
يىلدىن - يىلغا ئىسسىپ كېتىشى قاتارلىق مۇھىت چېكىنىشتىن
كەلگەن پاجىئەلەر كۆپەيمەكتە. نۆۋەتتىكى دۇنياۋىلىشىش قەدىمى-
نىڭ بارغانسېرى كۈچىيىشى، زىيادە ئىستېمالچىلىق، كىشىلەر
ئارىسىدىكى ئىقتىسادىي رىقابەتنىڭ كۈنسېرى ئېشىپ بېرىشى،
شۇنداقلا ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتتىن زىيادە ئېلىش ئارزۇ - ئىستى-
كىنىڭ بارغانسېرى كۈچىيىپ بېرىشى بىلەن جەمئىيەتتە ئەۋج
ئېلىۋاتقان ھەممىدە ماددىي مەنپەئەت ۋە يۇقىرى ئىستېمالغا بېرى-
لىپ مەنىۋى مەدەنىيلىككە، تۈرلەرنىڭ خاسلىقىغا سەل قاراشتەك
سەلبىي ھادىسىلەرمۇ ئىپادىلەندى. زامانىۋىلىق مۇھىتى ئىچىدىكى
يۈكسەك ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت ئېڭىغا ئىگە بىر قىسىم يازغۇ-
چىلىرىمىز رېئاللىقتىكى بۇ خىل مەسىلىلەرنى يۇقىرى سەزگۈر-
لۈك ۋە تەخىرسىزلىك ئىچىدە بايقاپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنىڭ
نۆۋەتتىكى ئەھۋالى ۋە ئۇنىڭ ئىنسانلارغا ئېلىپ كېلىۋاتقان يامان
ئاقىۋىتىنى تونۇپ، ئۇنى جانلىق شەكىل ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈ-

رۇش، كىشىلەرنى تەبىئەتنىڭ قىممىتىنى تونۇش ۋە تەبىئىي مۇ-ھىتقا كۆڭۈل بۆلۈش، ئاخىرىدا ھاياتلىقنى ساغلام رەۋىشتە داۋاملاشتۇرۇشقا يېتەكلەپ، ئىنسانلارنىڭ مەنىۋى ئېكولوگىيە ۋە تەبىئىي مۇھىت ئېڭىنى ئۆستۈرۈپ، ئۇلارنى مۇھىت مەسىلىسىگە قارىتا ئەمەلىي تەدبىر قوللىنىشقا چاقىرىدىغان ئېسىل ئەسەرلەر-نى ۋۇجۇدقا چىقاردى.

«بۆرە ئانا» رومانى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى يېڭى ئەسىرگە ئاتلاش ھارپىسىدا بارلىققا كەلگەن ئېكولوگىيەلىك مۇھىت تېما قىلىنغان نادىر ئەسەر، شۇنداقلا ئۇيغۇر پىروزىچىلىقىدا بارلىققا كەلگەن ئې-كولوگىيەلىك مۇھىت ئېڭى ۋە ئىجتىمائىي ئەخلاق كىرىزىسى قوش لىنىيەدە يورۇتۇلغان چوڭ ھەجىملىك روماندۇر.

ئەسەر سۇژىتى ئۈچ چوڭ لىنىيە بويىچە قانات يايدۇرۇلىدۇ. روماندا ئاۋۋال كۆزىمىزگە چېلىقىدىغىنى ئاق تېكە دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى يايلاقتا تىرىكچىلىك قىلىۋاتقان چىشى بۆرە كالتە قۇيرۇقنىڭ سەرگۈزەشتىسى، ئۇنىڭ بېشىدىن كەچۈرگەن پاجىئە-لىرى ئەسلەنگەن ۋەقەلىكتۇر. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئانا بۆرە كالتە قۇيرۇق بىلەن ئەركەك بۆرە كۆك يال ئۆز بالىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ئوۋغا چىقىدۇ. ئەمما ئاشۇ قېتىمقى ئوۋدا ئۇلار بىر توپ ئاتلىق ئادەملەر تەرىپىدىن تالاپەتكە ئۇچراپ، بۆرە بالىلىرى[1] ئوۋچىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدۇ. كۆك يال بالىلىرىنىڭ قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن ئاتلىنىدۇ، لېكىن كۈتۈلمىگەندە قاپقانغا چۈشۈپ قالىدۇ. شۇنداق ھالەتتە ئۇ يۈتىنى سۆرەپ ئوۋچىلار ئاتامانىغا ئېتىلىپ، رەھىمسىز ئوۋچى بىلەن ئېلىشىشتا ئوق تېگىپ ئۆلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تارىختا يايلاق ئەركىسى دەپ نام ئالغان بۆرىلەر توپىنىڭ ئا-خىرقى ئەزاسى بولغان بۇ ئانا بۆرە يايلاقتا يالغۇز قالىدۇ. چىشى بۆرىنىڭ سەرسانلىق تۇرمۇشى ئەسەردىكى رېئال پېرسوناژلارنىڭ

پائالىيىتىگە باغلانغان ھالدا بايان قىلىنىدۇ.

ئەسەردىكى ئىككىنچى مۇھىم ۋەقەلىك لىنىيەسى زامانىۋىلىق
ئىچىدىكى ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇشى يايلاق تۇرمۇشى ۋە شەھەر ھاياتى
يىپ ئۇچى قىلىنغان ھالدا راۋاجلىنىدۇ: تەڭرىتاغ چارۋىچىلىق
فېرمىسى شەھەردىن 150 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى گۈزەل مەن-
زىرىگاھ بولۇپ، ئۇنىڭ تاغۇدەريا، ئورمانلىرى، ئۇچار قانات ۋە
ياۋايى ھايۋانلىرى ئادەمنىڭ مەستلىكىنى كەلتۈرەتتى. ئالىي مەك-
تەپنىڭ ئورمانچىلىق كەسپىنى پۈتكۈزگەن قەيسەر مۇشۇ يايلاقتى-
كى ئورمان پونكىتىغا خىزمەتكە تەقسىم قىلىنىپ پېشقەدەم گا-
ھىز پالۋاننىڭ ئورنىغا بۇ يايلاق ۋە ئورماننى قوغداش ـ كۆكەرتىش
ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان تېخنىك بولۇپ ئىشلەيدۇ. شۇنىڭدىن
باشلاپ قەيسەر مۇشۇ يايلاققا ئۆزىنى بېغىشلايدۇ. كېيىنچە خىزمەت
جەريانىدا ئۇ مۇشۇ يەرلىك چارۋىچى ساتتار ھامۇتنىڭ قىزى يۇل-
تۇزنى ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ. بۇ قىزنىڭ ئانىسى زەينەپمۇ ئەسلىدە
يېتىم قىز بولۇپ، ئۇ كىچىكىدە ناھىيە ھاكىمى سۇلتان ئەلىنىڭ
ئۆيىدە خىزمەتچى بولغانىدى. سۇلتان ئەلى ئاچ كۆز، شەھۋەتپەرەس
ئادەم بولغاچقا، ئۇ يىگىرمە نەچچە يىل ئىلگىرى ئۆز ئۆيىدە خىز-
مەت قىلىشقا ئېلىپ كېلىنگەن نارەسىدە قىز زەينەپنىڭ نومۇسىغا
تېگىدۇ. كېيىن ئۇنى مۇشۇ فېرمىدىكى ئۆزىنىڭ شىرەم تۇغقىنى
بولغان ساتتار ھامۇتقا نىكاھلاپ بېرىدۇ. توي كېچىسى ئۇ زەينەپ-
نىڭ ئىپپەت ـ نومۇسىدىن گۇمانلىنىپ، ئۇنى قاتتىق ئۇرىدۇ ھەم
ئۇنى خورلايدۇ. ئەمما زەينەپنىڭ تىلى تۇتۇق بولغاچقا بۇلارغا
چىدايدۇ. ھوقۇق ۋە شەخسىي پايدا ـ نەپ دائىرىسىنى شەھەردىن

---

① بۇ يەردىكى بۆرە باللىرى دېگەن ئۇقۇمنى ئوفۇرمەنلەرنىڭ ئېكولو-
گىيە مەدەنىيلىكى قارىشى بويىچە چۈشىنىشنى ئۇمىد قىلىمەن.

هالقىپ چەت يايلاققىچە كېڭەيتكەن هاكىم سۇلتان ئەلى بىر كۈنى بۇ فېرمىغا كېلىپ يەنە شۇ شىرەم تۇغقىنى ساتتارنىڭ ئۆيىگە چۈشىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن گىلەم يايلىقىدا شېرىكلىشىپ سەيلە ـ ساياھەت رايونى قۇرۇشنى مەسلىھەتلىشىدۇ. ئۇ ئۆز ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ بۇ مەنزىرىلىك جاينى ساتتارنىڭ نامىدا 10 يىللىق ھۆددىگە ئېلىۋالغاندىن كېيىن بۇ تىنچ ۋە خىلۋەت رايوننىڭ ئەسلىدىكى ھالىتى پۇل ۋە ماددىي مەنپەئەتنىڭ تەسىرىدە شاۋقۇن ـ سۈرەنلەر بىلەن تىترەشكە باشلايدۇ. ئەسلىدىكى خىلۋەت كۆل بويىدىكى مەنزىرە رايونىغا بېلەت سېتىلىپ تىجارەت باشلىنىشى بىلەن تەڭلا يايلاقتا هاراق، تاماكا، پىۋا ۋە ئىس ـ تۈتەكنىڭ سېسىق پۇرىقى كۆتۈرۈلىدۇ. بۇ خىلۋەت، تىنچ جايدا ئادەملەر كۆپىيىپ ماشىنىلار توختاۋسىز كېلىپ ـ كېتىپ يۈرىدۇ. بۇ جايدىكى چارۋىچىلار يايلاقنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراۋاتقانلىقىغا نارازى بولۇشىدۇ. ئارىدىن بىرقانچە ئاي ئۆتمەيلا يايلاقتا غايەت زور ئۆزگىرىش يۈز بېرىدۇ. باشقا جايلاردىن كەلگەن كان قازغۇچىلار ۋە دورا ئۆسۈملۈكلىرىنى كولىغۇچىلار ھەمدە ئورمان كەسكۈچىلەر كۆپىيىدۇ. ئۆز ياشلىقىنى زېمىننى كۆكەرتىشكە بېغىشلىغان ياش يىگىت قەيسەر قانۇنسىز ئورمان كەسكۈچىلەر بىلەن ئېلىشىدۇ. يايلاقتىكى ھەممە ئادەم ئۆز تاپاۋىتى ۋە ئۆز نەپسى كويىدا قاترايدۇ. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەيلا يەر ـ زېمىن قاقاسلىشىپ چاشقان ئاپىتى، چېكەتكە ئاپىتى يۈز بېرىدۇ. يايلاقلار قۇرۇپ چارۋا ماللار ئوت ـ چۆپسىز قالىدۇ.

ھوقۇق، ئىمتىيازنى ھەممىدىن چوڭ بىلىدىغان نەپسانىيەتچى ئەمەلدار سۇلتان ئەلى بىلەن ئۇنىڭ شېرىكى ساتتار ئۆز تاپاۋىتىدىن قانائەت قىلمايدۇ، يايلاقتىكى ياۋايى ھايۋانلارغىمۇ چاڭ سالىدۇ. بىر كۈنى ئۇلار يايلاقتا ئوۋغا چىقىپ بىر قىسىم ئەتىۋارلىق

ھايۋانلارنى ئوۋلايدۇ. ئەسەرنىڭ بېشىدا تەسۋىرلەنگەن ئانا بۆرە كالتە قۇيرۇق دەسلەپ ئۆزىنىڭ جۈپتى كۆك يالدىن، كېيىن بەش بالىسىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. ئاچ كۆز ياۋايى ئوۋچىلارنىڭ زىيادىكەشلىكى سەۋەبلىك ئۆز بالىلىرىدىن جۇدا بولغان چىشى بۆرە سەرسانلىق تۇرمۇشىغا قەدەم قويىدۇ. ئۇنىڭ چەكسىز ئازاب، دەرد ـ ھەسرەت ۋە نادامەتلىرىنى ماھىيەتتە مۇشۇ يايلاقتىكى نەپسى تويماس ئادەملەرنىڭ ياۋۇزلۇقى كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ھاكىم سۇلتان ئەلى يايلاقتىكى ئويۇن ـ تاماشىسىنى تۈگىتىپ قايتىش ئالدىدا ساتتارنىڭ ئۆگەي قىزى (ئەمەلىيەتتە سۇلتان ئەلىنىڭ ئۆز پۇشتىدىن، ئىلگىرىكى ئۆي خىزمەتچىسى زەينەپتىن نىكاھسىز تۇغۇلغان) يۇلتۇزغا كۆزى چۈشۈپ، ئۆزىنىڭ ھوقۇقىنىڭ سايىسىدە ساتتارغا قىلغان ئاتىدارچىلىقىنى پەش قىلىپ، نارەسىدە قىزنى قولغا چۈشۈرۈشنىڭ كويىدا ئۇنى شەھەردە خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇشنى باھانە قىلىپ ئۆز ئۆيىگە ئېلىپ كېتىدۇ. مۇشۇ مەزگىلدە فېرما باشلىقى يايلاق مۇھىتىنىڭ بارغانسېرى يامانلىشىپ كېتىۋاتقان، چارۋىچىلارنىڭ قىيىن ئەھۋالدا قالغانلىقىنى بىلىپ ئۇنى ۋە باشقىلارنىڭ يايلاقتا كان ئېچىشىنى توسۇماقچى بولىدۇ. لېكىن سۇلتان ئەلى ئۆز مەنپەئەتىنى مۇھىم بىلىپ ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ فېرما باشلىقىنى يۆتكەپ كېتىش ئارقىلىق ئۇنى كۆزدىن يوقىتىدۇ. ناھەقچىلىكلەرگە چىداپ تۇرالمىغان قەيسەر سوتقا ئەرز سۇنىدۇ. لېكىن يايلاقتىكى مەنزىرە رايوننى ئېچىش ھەققىدە توختام تۈزۈلۈپ بولغاچقا، ئۇلار ئامالسىز قالىدۇ. ھاكىم سۇلتان ئەلى ئۆز مەنپەئەتىگە توسقۇن بولغان فېرما باشلىقىنى شەھەرگە يۆتكەپ كۆزدىن يوقىتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا باشقىسىنى قويىدۇ. ئانا تەبىئەتكە ئۆزىنى بېغىشلىغان ۋىجدانلىق يىگىت قەيسەرمۇ قانۇنسىز

دەرەخ كەسكۈچىلەر بىلەن ئېلىشىش جەريانىدا ئۇلار تەرىپىدىن قاتتىق زەخىملىنىدۇ. بۇ چاغدا يايلاقتىكى ئاشۇ بىر قېتىملىق ئوۋدا ئۆز جۈپتى ۋە بالىلىرىدىن ئايرىلىپ قالغان كالتە قۇيرۇق قەيسەرگە ئىلگىرىكى ياخشىلىقنى قايتۇرۇپ ئۇنى قۇتقۇزۇۋالىدۇ.

خىلۋەت يايلاقتىن خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇش باھانىسىدە شەھەرگە ئالداپ ئېلىپ كېتىلگەن سەبىي قىز ساتتار ھامۇتنىڭ قىزى يۇلتۇز ھاكىم سۇلتان ئەلىنىڭ ئاغرىقچان ئايالىغا قارايدۇ ۋە ئۆي خىزمىتى قىلىدۇ. ھاكىم خوتۇنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېلىنگەندىمۇ ئۆزىنىڭ ئەيش - ئىشرەت ۋە شۇملۇقلىرىدىن قول ئۈزمەيدۇ، كېسەلچان ئايالى بىلەنمۇ كارى بولمايدۇ. ئۇنىڭ بالىلىرى پۇل يىغىش قىلىپ ئانىسىنى داۋالاتقان بولسىمۇ، لېكىن داۋالاش ۋاقتى كېچىككەچكە، بىئەجەل ئۆلۈپ كېتىدۇ. ھەتتا سۇلتان ئەلى ئۆيىدە خىزمىتىگە سالغان يۇلتۇزنى كېچىسى ئالداپ ئۇنىڭ نومۇسىغا تېگىدۇ. يۇلتۇز دەرد - ئەلەم ئىچىدە كېچىچە پىيادە يول يۈرۈپ يايلاققا قېچىپ كېلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن يۇلتۇز ۋىجدان ئازابى ئىچىدە قەيسەردىن يىراقلىشىپ ئۇنىڭ نىكاھ تەلىپىنى رەت قىلىدۇ. قارا نىيەت سۇلتان ئەلى ھوقۇقىغا تايىنىپ قەيسەرگە قارا چاپلاپ، ئۆزىنىڭ بۇ يامان ئىشىنى قەيسەرگە دۆڭگەپ شېرىكى ساتتارنى ئىشەندۇرىدۇ ھەمدە ئۇنى قەيسەر ئۈستىدىن ئەرز قىلىشقا كۈشكۈرتىدۇ. بىر كۈنى يۇلتۇزنىڭ ئانىسى زەينەپ ئۆيدە دەرد - ئازاب ئىچىدە تۇرغان پەيتتە سۇلتان ئەلى ئۇنىڭ ئۆيىگە راھەتلەنگىلى كېلىدۇ. ئانا - بالا ئوخشاشلا بىر كىشى تەرىپىدىن زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلىقىنى بىلگەن زەينەپ قاتتىق نەپرەت ۋە ئۆچمەنلىك ئىچىدە ئۇنىڭغا ئورغاق كۆتۈرۈپ ئېتىلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ شەرمەندىچىلىكلىرىنى ئېچىپ تاشلايدۇ. ئىشىك تۈۋىدە تۇرۇپ خوتۇنىنىڭ شىكايىتىنى ئاڭلاپ قالغان ساتتارمۇ بۇ ئىشنىڭ تېگىگە

يېتىمدۇ، سۇلتان ئەلنىڭ ئەپت ـ بەشىرىسىنى تونۇيدۇ.

ئەسەر سۇژىتىنىڭ ئۈچىنچى لىنىيەسى رومانىنىڭ ئاخىرقى قىسمىدىكى ئانا بۆرە كالتە قۇيرۇق، قەيسەر، بىلىگيار ۋە نۇر ئاتنىڭ ئالاھىدە تۇرمۇشى بولۇپ، ئەسەرنىڭ باشقا قىسىملىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭدىكى زىددىيەتلەر يايلاقتىكى تۈرلۈك خاراكتېردىكى ئادەملەر ۋە چىشى بۆرىنى مەركەز قىلىپ قوش لىنىيەلىك رەۋىشتە داۋاملىق راۋاجلىنىپ بارىدۇ. بىپايان يايلاقتا بۆرە ۋە باشقا جانلىقلار جان ساقلاشنىڭ كويىدا يۈرسە، ئۇ يەردىكى ئادەملەر بايلىق قېزىش، ياۋايى جانلىقلارنى ئوۋلاپ قىرغىن قىلىش، يول تېپىش كويىدا قاتراپ يايلاقلارنى نابۇت قىلىدۇ. «بۆرە ئانا» رومانىنىڭ ئاخىرقى قىسمىدا پۈتكۈل ئەسەردىكى تىراگېدىيەلىك تۈس تېخىمۇ ئۆتكۈر باسقۇچقا كۆتۈرۈلىدۇ. ھېيلىگەر سۇلتان ئەلنىڭ زىيانكەشلىكى بىلەن قورسىقى يوغىنىغاپ قالغان قىز (ئەمەلىيەتتە ئۆز پۇشتىدىن نىكاھسىز تۇغۇلغان) يۇلتۇز بىر كۈنى يايلاقتا مال باققىلى چىقىپ دالادا قاتتىق تولغاق يەپ ئىلاھىي خىسلەتكە ئىگە نۇر ئاتنىڭ ياردىمى بىلەن بوشىنىدۇ. بۇنى كۆرۈپ ئۆزى يالغۇزسىرىغان چىشى بۆرە كالتە قۇيرۇق بۇ بالىنى ئېلىپ قاچىدۇ. يۇلتۇز ئۇنىڭ كەينىدىن قوغلىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭغا يېتىشەلمەيدۇ. ئوۋغا چىققان يېرىدە بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ تۇرغان سۇلتان ئەلى ئۆز قىلمىشىدىن قورقۇپ يۇلتۇزنى ئوۋ مىلتىقى بىلەن ئېتىۋېتىدۇ ھەم بۇنىمۇ قەيسەرگە ئارتىدۇ. قەيسەر تۈرمىگە سولىنىدۇ. كېيىن ئۇ خاڭدا ئىشلەۋېتىپ ھادىسىگە ئۇچرايدۇ. شۇ چاغدا چىشى بۆرە كالتە قۇيرۇق ئۇنى توپا ئاستىدىن قۇتقۇزۇۋالىدۇ. شۇ يىلى ئەتىيازدىن باشلاپ قاتتىق قۇرغاقچىلىق ۋە تەبىئىي ئاپەت يۈز بېرىپ نۇرغۇن چارۋا ماللار ئاچارچىلىق ۋە كېسەللىكتىن قىرىلىپ كېتىپ چارۋىچىلار ئىنتايىن ئېغىر كۈن ـ

دە قالىدۇ. ساتتار ھامۇت تاغ باغرىدا كالتە قۇيرۇقنىڭ بىر ئوغۇل
بوۋاق (بۇ بالا ساتتارنىڭ نەۋرىسى — يۇلتۇزنىڭ نۇر ئاتىدىن تۆ-
رەلگەن ئوغلى بىلىگيار ئىدى) نى ئېمىتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ
ھەيرەتتە قالىدۇ. قىيامەتتە قالغان ئادەملەرنىڭ تويماس رەھىمسىز
نەپسى يايلاقتىكى تۈرلۈك جانلىقلارنى ئوۋلاش، ساياھەت قىلىپ
بۇلغاش، قانۇنسىز ئورمان كېسىش، كان ئېچىش بەدىلىگە زېمىننى
ئاياغ ئاستى قىلىش، ئاجىزلارنى دەپسەندە قىلىش بىلەنلا چەكلەن-
مەستىن، بەلكى يەنە مەنپەئەتپەرەسلىك، ھاۋايى - ھەۋەس كويىدا
ئۆزلىرىنىڭ نورمال ئەخلاق - پەزىلىتىنى يوقىتىپ ئۆزئارا بىر -
بىرىگە خىيانەت قىلىش ھەتتا ئۆز پۇشتىدىن بولغان قىزىغا چې-
قىلىش، ئاخىر جىنايىتىدىن قورقۇپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېلىشقىچە
داۋاملىشىدۇ.

ئەسىردىكى ئادەملەر تەرىپىدىن بىر تەرەپلىمە ھالدا «يىرتقۇچ
ھايۋان» دەپ قارالغان، ئوۋچىلار تەرىپىدىن دۈشمەن دەپ قارىلىپ،
نەسلى قۇرۇتۇلغان ئانا بۆرە ئىنسان(قەيسەر)نىڭ ياخشىلىقىغا
ياخشىلىق قايتۇرىدۇ. نۇر ئاتا، يۇلتۇزلاردىن تۆرىلىپ، تۆت - بەش
ياشلارغا كىرگەن، ئانا بۆرە ئېلىپ قېچىپ باققان بىلىگيار بىر
كۈنى ئانا بۆرىنىڭ مۇڭلۇق ھالىنى كۆرۈپ ئۇنىڭدىن ھال سوراي-
دۇ. چىشى بۆرە ئۆز كۈچۈكلىرىنىڭ ئادەملەر تەرىپىدىن تۇتۇۋېلى-
نىپ ئېلىپ كېتىلگەنلىكى، ھازىر ئۇلارنىڭ ھايۋانات باغچىسىدا
كۆرگەزمە بۇيۇمى سۈپىتىدە قاماقلىق ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. بىلى-
گيار: «ئۇلارنى قۇتقۇزۇپ چىقايلى» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار
باغچىدىكى كىشەنلەرنى چېقىپ ئۇ يەردىكى بۆرە ۋە باشقا ھايۋانلار-
نىڭ قېشىغا كەلگەندە، ئۇ بۆرىلەرنىڭ ئاللىقاچان ئەسلىنى ئۇنتۇ-
غان، ئايىنىپ ماڭقۇرتلاشقان بۆرىلەر ئىكەنلىكىنى، ئۆزلىرىنىڭ
بىكار ئاۋارە بولغانلىقىنى بىلىدۇ. بۇ چاغدا ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت-

نى ئاچ كۆزلەرچە تالان - تاراج قىلىشى سەۋەبلىك زېمىندا ھاياتلىق ئاينىغان، تەبىئەتنىڭ ئەسلىدىكى تەبىئىي ھالىتى يوقالغاندى. ئىلگىرى جەننەتتەك گۈزەل يارىتىلغان بۇ جەننەت كەبى ماكان گىلەم يايلىقىدا ئۆشتۈمتۈت ئوت ئاپىتى يۈز بېرىدۇ. ئاپەت ئىچىدە قالغان كىشىلەر تەرەپ - تەرەپتىن توپلىنىدۇ. قەيسەر، چىشى بۆرە كالتە قۇيرۇق ۋە بىلىگيارلار ئوتنى ئۆچۈرۈشكە ئاتلىنىدۇ. ئەمما توپلانغان نادان ئادەملەر بۆرە ۋە قەيسەرلەرنى كۆرۈپ ئۇلارنى دۈشمەن دەپ قاراپ يوقاتماقچى بولۇپ، تەلۋىلەرچە قوغلايدۇ. ئۇلار نۇر كۆرۈنگەن بىر دۆڭلۈككە يامىشىدۇ. بۇ تاغدەك دۆڭلۈك نۇر ئاتا تۇرۇۋاتقان جاي بولۇپ، ئۇ يەر رەزىللىك ۋە بالايىئاپەتتىن خالىي ئىدى. زور ئاپەت ئىچىدە نىجاتلىق ئىزدەپ كېتىشىۋاتقان كىشىلەر ئاشۇ تاغ ئۈستىدە قەيسەر، ئانا بۆرە ۋە بىلىگيارنى كۆرۈپ ئۇلارنى يايلاققا ئوت قويغان گۇناھكارلار دەپ ئۆلتۈرمەكچى بولۇشىدۇ. ئادەملەر تەرەپ - تەرەپتىن ئۇلارنى قورشىۋالىدۇ، ئەمما ئانا بۆرە قەيسەر بىلەن بىلىگيارنى ئېلىپ نۇر ئاتا چوققىسىغا چىقىپ غايىب بولىدۇ. يايلاق ۋە ئورمانلار كۆيۈپ ئوت - چۆپلەر چەيلەنگەن، ئادەملەر ھالسىرىغان ھالدا گەۋدىلىرىنى تۇپراققا تاشلىشىدۇ. مانا بۇ ئۆز ئەنئەنىسىنى يوقاتقان، ئىنسانىي پەزىلەتتىن مەھرۇم بولۇپ، شەخسىي مەنپەئەت ھەلەكچىلىكىدە ئەقىللىرىدىن ئازغان ئىنسانلارنىڭ ئاچ كۆز ۋە ياۋۇزلۇقى سەۋەبلىك ئۆز - ئۆزىگە كەلتۈرگەن تىراگېدىيەسى ئىدى. ئەسەر ئاخىرىدا يىراقتىكى نۇر ئاتا چوققىسىدىن ئانا بۆرە كالتە قۇيرۇقنىڭ مۇڭلۇق ھۇۋلىغان ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ. بۇ ئاۋازنى بۆرىنىڭ ھۇۋلىغان ئاۋازى دېگەندىن كۆرە ئۆز تەبىئىتىنى يوقاتقان، پۈتۈنلەي ئاينىغان ئادەملەر تەرىپىدىن تالان - تاراج قىلىنغان ۋە خارلانغان ئانا تەبىئەتنىڭ بىچارىلىك، خارۇ زارلىق ئىچىدىكى ھەسرەتلىك نالىسى دېيىش

تېخىمۇ ئەقىلگە مۇۋاپىق ئىدى.

«بۆرە ئانا» رومانىدا ئىنسان بىلەن تەبىئەت دۇنياسى ۋە ئۇنىڭ-
دىكى تۇرلۇك جانلىقلارنىڭ ئۆزئارا گىرەلەشمە مۇناسىۋىتى ھەم
زىددىيىتىدىن شەكىللەنگەن بىر قاتار مەسىلىلەر چىنلىق،
ياخشىلىق، گۈزەللىك نۇقتىئىنەزىرىنى چىقىش قىلغان ئاساستا
جانلىق ۋە ئىنچىكە ئەكس ئەتتۇرۇلگەن. ئەسەردىكى قەيسەر بىلەن
يۇلتۇزنىڭ گۈزەل ئارزۇ - غايىلىرى، ئۇلارنىڭ ئىراگېدىيەلىك
تەقدىرى ۋە يايلاقتىكى تۇرلۇك ئادەملەرنىڭ قىسمەت ۋە ھالاكىتى
تەسۋىرلىنىش ئارقىلىق ماددي مەنپەئەت، ھوقۇق ۋە بىنورمال
شەخسىي مۇناسىۋەت ھەممىدىن ئۇستۇن ئورۇنغا قويۇلغان غەيرىي-
لەشكەن جەمئىيەتتىكى ئىنسانلارنىڭ نادانلىق، ياۋۇزلۇق ۋە بىچا-
رىلىكى بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇڭ - زارى، تەبىئىي مۇھىت كىرىزى-
سى ۋە غەزەپلىك ئىنتىقامى قوش يۆنىلىشتە ئىپادىلەنگەن. ئەسەر-
دە سۇلتان ئەلگە ئوخشاش ئىنسانىي خاراكتېرىنى يوقاتقان كى-
شىلەرنىڭ مەنىۋى پاجىئەسى ئوبرازلىق ئىپادىلىنىش ئارقىلىق،
ئەلمىساقتىن تارتىپ ئۆزلىرىنى ھاياتلىق مۇھىتى بىلەن تەمىنلەپ
ئاتا - بوۋىلىرىدىن تارتىپ ئىرىكچىلىك قىلىپ گۈللىنىپ كې-
لىۋاتقان، ئىنسانلارنى بېقىپ كېلىۋاتقان گۈزەل زېمىنىنى بۇل-
غاۋاتقان، تارىختىن بۇيان مەردۇمەردانىلەرچە ياشاپ كېلىۋاتقان ئا-
دەملەر ئەۋلادلىرىنىڭ ئەمدىلىكتە ئۆزلىرىنى شەخسىي مەنپەئەت،
ئاچ كۆزلۈك، تۇرلۇك ھاۋايى ھەۋەسنىڭ پاتقىقىغا ئىتتىپ، نەپسا-
نىيەتچىلىكى ۋە ياۋۇزلۇقى تۇپەيلىدىن ئۆزلىرىنى نابۇت قىلىۋاتقان
ئادەم سىياقىدىكى بىر توپ مەخلۇقلارنىڭ يىرگىنچلىك ئوبرازى
ئۇتۇقلۇق يارىتىلغان.

ئانا تەبىئەتتىن ۋە تەبىئىيلىكتىن يىراقلىشىش، روھىيەتنى
دەپسەندە قىلىش ئىنسانلارنىڭ مەنىۋى يىمىرىلىشى ۋە ياۋۇزلۇقى-

ىنىڭ مۇقەددىمىسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى تەبىئەت دۇنياسى ۋە ئىجتىمائىي ئېكولوگىيەلىك مۇھىتىنىڭ خارابلىشىشىنىڭمۇ باشلىنىش نۇقتىسى. بۇ تەرەپ ئەسەرنىڭ پۈتكۈل سۇژىت لىنىيەسىدە ماددىي مەنپەئەتكىلا ئۆزىنى ئېتىپ، ئۆزىنىڭ ئادەمگە خاس ئەخلاق ـ پەزىلىتىدىن مەھرۇم بولۇپ، مەنىۋى يىمىرىلىش ئىچىدە ئۆز ـ ئۆزىنى يوقاتقان سۇلتان ئەلى ئوبرازىدا تولۇق نامايان قىلىنغان. رومانىدىكى باشقا پېرسوناژلار، يەنى قەيسەر، يۇلتۇز، زەينەپ قاتارلىقلار ئانا تەبىئەت قوينىدا ھالال مېھنىتى بىلەن ياشاپ كەلگەن، ئانا زېمىنغا چوڭقۇر ئەقىدە باغلىغان، جەمئىيەتتىكى ھوقۇق كۈچلىرىنىڭ بويسۇندۇرۇشى ۋە ئېزىشىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن رەزىللىك ۋە جاھالەت ئالدىدا ئۆزلىرىنىڭ ئىنسانىي قىممىتىنى يوقاتمىغان ۋىجدانلىق، ئالىيجاناب كىشىلەرنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە كۆز ئالدىمىزدا گەۋدىلىنىدۇ. ئەسەردىكى ۋەقە ـ تەپسىلاتلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىنسانلارنىڭ ماددىي بايلىق توپلاش ۋە غەيرىي ئىستېمال غالجىرلىقىدىن كېلىپ چىققان تەبىئىي مۇھىت ۋە ئەخلاق كىرىزىسى بۇ ھاياتلىق دۇنياسىدىكى بارلىق ئاپەت ھەم تىراگېدىيەلەرنىڭ تۈپ مەنبەسى ئىدى.

ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن چىشى بۆرە ئەلمىساقتىن تارتىپ ئەجدادلىرىمىز تەرىپىدىن ئانا تەبىئەت قوينىدىكى ھاياتلىق ئەركىسى، يايلاق ئىلاھى دەپ مۇقەددەسلەشتۈرۈلۈپ قارالغان توتېملىق ھايۋان بولسىمۇ، لېكىن زامانىۋى تۇرمۇش مۇھىتىدىكى نوقۇل شەخسىي پايدىسىنىلا ئويلايدىغان، ئۆز مەنپەئەتى كويىدىلا قاترايدىغان، ئۆز خاراكتېر ـ پەزىلىتىدىن مەھرۇم بولغان ئاچ كۆز، ياۋۇز ئىنسانلار تەرىپىدىن تالان ـ تاراج قىلىنغان تەبىئەتكە سىمۋول قىلىنغان بولسا، نۇر ئاتا ئەسەردىكى يەنە بىر سىمۋوللۇق غايىۋى بەدىئىي ئوبراز بولۇپ، ئۇ ئەمەلىيەتتە تەبىئەت روھى بىلەن

ئەجداد روھىنىڭ بىرىكىشىدىن تەركىب تاپقان غايىۋى روھىي
كۈچىنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە يارىتىلغان فانتازىيەلىك تۈسكە ئى-
گە ئوبراز. ئۇ ھەر ۋاقىت ئەسەر قەھرىمانى قەيسەر بىلەن غايىبانە
مۇڭدىشىدۇ، ئۇنىڭغا ئەقىل كۆرسىتىدۇ، ئىلھام ۋە مەدەت بېرىدۇ.
پۈتكۈل يايلاق ئاپەت ئىچىدە قالغان پەيتتە زېمىنىدىكى ھاياتلىققا
باشپاناھ بولىدۇ، قەيسەر ۋە بىلگىيار ۋە ئاينىغان ئىنسانلار تەرد-
پىدىن نەسلى قۇرۇتۇلغان بۆرىنى ئۆز پاناھىغا ئالىدۇ.
«بۆرە ئانا» رومانىدا بىر تەرەپتىن، پاك ئەقىدىلىك يىگىت
قەيسەر بىلەن پاك ۋە سەبىي قىز يۇلتۇزنىڭ تىراگېدىيەسى تەس-
ۋىرلەنسە، يەنە بىر تەرەپتىن، چىشى بۆرىنىڭ پاجىئەلىك قىسمەت-
لىرى ۋە ئۇنىڭ سۇلتان ئەلىدەك كىشىلەر تەرىپىدىن قىرغىن قى-
لىنىشى، ئەمما قەيسەردەك ھەقىقىي ئىنسانلار بىلەن ھەر ۋاقىت
ئۆزئارا ماس، ئىناق ئۆتكەنلىكىدەك كىشىلەرگە ئىلھام، ئۈمىد بې-
غىشلايدىغان غايىۋى فانتازىيەلىك سۈژېتلار تەسىرلىك بايان قى-
لىنىدۇ. يايلاقتىكى ئانا بۆرە كالتە قۇيرۇقنىڭ پاجىئەلىك قىس-
مەتلىرى ماھىيەتتە سۇلتان ئەلىدەك ئادىمىي ھايۋانلارنىڭ ئاچ
كۆزلۈكى، رەزىللىكى ۋە ياۋۇزلۇقى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان تە-
بىئەت ۋە ئۇنىڭ قوينىدىكى جانلىقلار تۈرىنىڭ پاجىئەسى بولۇپلا
قالماي، بەلكى ئاخىرقى ھېسابتا تەبىئەتنىڭ ۋەيران قىلىنىشى،
ئىنساننىڭ ئۆز - ئۆزىنى ھالاك قىلىشىدىن ئىبارەت تىراگېدىيە-
سىنىڭ مۇقەددىمىسى ئىدى. ئەسەردىكى قەيسەر تەبىئەت دۇنياسى-
نى سۆيگۈچى ھالال ئىنسان سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەن. ھەر ۋاقىت
ئۆزىنى تەبىئەت ۋە ئۇنىڭ قوينىدىكى باشقا جانلىقلار، جۈملىدىن
ئانا بۆرە بىلەن ئورتاق تەقدىر - قىسمەتكە ئىگە دەپ قارايدۇ. ئۇ
جاھاندىكى ناھەقچىلىك ۋە ئىنسانلار ئارىسىدىكى رەزىللىكلەرنى
كۆرۈپ مۇڭلانغان ۋە ياش تۆككەن پەيتتە ئانا بۆرە كالتە قۇيرۇقمۇ

مۆڭلۈق كۆزلىرى قان ـ ياشقا تولغان هالدا ئۇنىڭ يېنىدا پەيدا بولىدۇ، ئۇنىڭغا هېسداشلىق قىلىدۇ.

ئەسەردىكى قەيسەر ئىنسان قەدىر ـ قىممىتى، تەبىئەت ئېكو ـ لوگىيەسى، ئىنساني ئەخلاق، ئىجتىمائىي بۇرچ دېگەنلەرنىڭ چىن مەنىسىنى چۈشىنىدىغان، ئاڭلىق ۋە گۇمانىستىك خاراكتېرگە ئىگە ئىنساننىڭ ۋەكىلىدۇر. قەيسەر زېمىنغا ئۆزىنى بېغىشلىغان، ئۆزىنىڭ ئىنساني خىسلىتىنى يوقاتمىغان مەرد ئىنسان بولۇپ، ئۇ ئادەملەر ئارىسىدىكى رەزىللىك، ياۋۇزلۇق، بىمەنىلىك قاتارلىق ئىللەتلەردىن يىرگىنىدۇ، هەر ۋاقىت تەبىئەت ئانىنى سۆيىدۇ. تە ـ بىئەت قوينىدىكى باشقا تۇرلەرنى ئاسراشنى ئۆزىنىڭ ئىنساني بۇرچى دەپ قارايدۇ. مەسىلەن، قەيسەرنىڭ تىلى ئارقىلىق ئۇنىڭ روهىي دۇنياسىدىكى يارقىنلىق، گۈزەللىك مۇنداق ئىپادىلىنىدۇ: «... نېمە، بۆرە يىرتقۇچ، ياۋۇز تۇرسا دەمسىز؟ ئادەملەر يىرتقۇچ، ياۋۇز ئەمەسما؟ ئۇلار دۇنيادا يالماپ يۇتمىغان نېمە قالدى؟ ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ نەپسى ـ بالاسى ئۇچۇن ئۇچار قانات، قۇرت ـ قوڭ ـ غۇزدىن ئېشىپ مۇشۇ بىچارە يەر شارىنىمۇ يۇتۇۋەتمەكچى بولۇۋا ـ تىدۇ. مانا بۇ هەقىقىي ياۋۇزلۇق. يەر شارى يالغۇز ئادەملەر ئۇچۇنلا يارىتىلغان ئەمەس. ئۇنىڭدا هەممە مەۋجۇداتنىڭ هەتتا چىۋىن، پا ـ شىنىڭمۇ ياشاش هوقۇقى بار.»①

روماندا ئىنتايىن جانلىق ۋە ئوبرازلىق ئىپادىلەنگەن ۋەقە ـ سۇژىت ۋە تەبىئىي ئېكولوگىيەلىك ئاپەتلەر قارىماققا تەبىئىي ئې ـ كولوگىيەلىك تەڭپۇڭلۇقنىڭ بۇزۇلۇشى، تەبىئىي مۇھىتنىڭ نا ـ چارلىشىپ كېتىشىدىن كېلىپ چىققان جىددىي كىرىزىستەك كۆ ـ رۈنسىمۇ، ماهىيەتتە ئۇنى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتقان ئىچكى ئامىل

---

① توختى ئايۇپ: «بۆرە ئانا» رومانى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1999 ـ يىلى نەشرى 146 ~ 147 ـ بەتلەر.

يەنىلا ئىنسانلاردىكى مەنىۋى ئېتىقاد، ئەنئەنە ۋە ئەخلاق كىرىزىسى. بولۇپمۇ بىر قىسىم كىشىلەردىكى چەكتىن ئاشقان نەپسانىيەتچىلىك، ماددىي مەنپەئەت ۋە ھوقۇققا بۇزۇلغان ئەخلاقىي بۇلغىنىش ھەم ئىنسان روھىيىتىدىكى يىمىرىلىش بىلەن تولغان جەمئىيەتنىڭ ئوبرازلىق كارتىنىسى ئىدى.

يەر شارى ئىنسانلار ۋە باشقا بارلىق جانلىقلارنىڭ شادلىق باغچىسى، مۇشۇ ئوبيېكتىپ دۇنيادا ئىنسان بىلەن ئۆزئارا ھەمنەپەس ياشاپ كېلىۋاتقان باشقا تەبىئىي جانلىقلارنىڭمۇ مەڭگۈلۈك ھاياتلىق ماكانى. ئىنسان تەبىئەتنىڭ باشقۇرغۇچىسى بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭ بىر قىسمى. ئىنساننىڭ جىسمى ۋە روھىيىتى تەبىئەتكە تەۋە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىيات ۋە مەدەنىيەت يارىتالىشىمۇ تەبىئەتكە تايىنىش، ئۇنىڭدىن كەڭ پايدىلىنىش، تەبىئەتنى ئېچىش ـ خورىتىش بەدىلىگە كەلگەن. شۇنداق ئىكەن، بۈگۈنكى كۈندە ئىنسانلار پەن ـ تېخنىكا، ھوقۇق ـ ئىمتىياز قاتارلىقلارنى دەستەك قىلىپ تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش ۋە ئۇنىڭ قوينىدىكى باشقا ھاياتلىق تۈرلىرىگە تاجاۋۇز قىلىشتەك ئالاھىدە ھوقۇققا ئىگە ئەمەس. ئانا تەبىئەت بىلەن ئىنسان ۋە ھەر خىل ھاياتلىق تۈرلىرىنى بىر ئورگانىك گەۋدە دەپ قاراش ۋە ئۇلارنى ئاسرىغانلىق ماھىيەتتە ئىنسانلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ھاياتلىق مۇھىتىنى قەدىرلىگەنلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ نۇقتا روماندىكى چىشى بۆرە بىلەن قەيسەر ۋە بىلگىيارلار ئوتتۇرىسىدىكى دوستانە مۇناسىۋەتلەر ئىچىدە ئىنتايىن ئىنچىكە ۋە جانلىق گەۋدىلەنگەن. ئەگەر تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھاياتلىقنىڭ بىر تۈرى بولغان ئىنسان ئۆز ماھىيىتىنى يوقىتىپ چىرىكلىشىش ۋە ياۋۇزلۇق يولىغا ماڭىدىكەن، ئۇ ھالدا باشقىلارنى نابۇت قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئاخىرىدا ئۆز ـ ئۆزىنىمۇ ھالاك قىلىدۇ. ئەسەردىكى سۇلتان ئەلى

ۋە ساتتارنىڭ كۆلگە ئوينىغىلى چىقىپ كاتېر چۆكۈپ كېتىپ سۇدا ھالاك بولۇشى، سۇلتان ئەلى خاراكتېرىدىكى رەزىللىك ۋە قاباھەتنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى، شۇنداقلا يەنە ئەسەرنىڭ «ئىنسان ھاياتلىق ئېتىزىغا نېمە تېرىغان بولسا، كۈزدە شۇنىڭدىن ھوسۇل ئالىدۇ» دېگەن ھېكمەت خاراكتېرلىك مۇقەررەر يېشىمىدۇر. يۇلتۇز يايلىقىدىكى چەكسىز ئورمانلارنىڭ قالايمىقان كېسىلىشى، يايلاقنىڭ ساياھەتچىلەر تەرىپىدىن بۇلغىنىپ نابۇت قىلىنىشى، ئورمانلىقتا ئوت كېتىپ يايلاقنىڭ ئوت دېڭىزىغا ئايلىنىپ كىشىلەرنىڭ قىيامەت ئىچىدە قېلىشى قاتارلىق كىرىزىس ۋە ئاپەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئادەملەرنىڭ ئۆزى كەلتۈرۈپ چىقارغان. خۇددى مەھمۇد كاشغەرىي ئۆزىنىڭ شاھانە ئەسىرى «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە: «سارتنىڭ ئوزۇقى ھالال بولسا، يول ئۈستىدىمۇ يېيەلەيدۇ» دەپ كۆرسەتكىنىدەك، ئىنساننىڭ ئىچكى ئېكولوگىيەسى، يەنى نىيىتىنىڭ ياخشى ـ يامان بولۇشى ئۇلارنىڭ كەلگۈسى تۇرمۇشىنىڭ قانداق بولۇشىنى بەلگىلەيدۇ.

«بۆرە ئانا» رومانىدا ئەكس ئەتتۈرۈلگىنى يالغۇز رېئال ئىجتىمائىي ھاياتتا ياشىغۇچى قەيسەر، زەينەپ، يۇلتۇز قاتارلىقلارنى مەركەز قىلغان ئىنسانلارنىڭ پاجىئەسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە مەدەنىيەتلىك جەمئىيەتتىكى غەيرىيلەشكەن ئىنساننىڭ نەپسانىيەتچىلىكى، ئاچ كۆزلۈكى، ياۋۇزلۇقى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان مەنىۋى ئېكولوگىيە كىرىزىسىنىڭ تەسىرىدە يۈز بەرگەن ئاپەت ياكى ئانا تەبىئەتنىڭ تىراگېدىيەسىدۇر. يازغۇچى رومانىدا بىر تەرەپتىن، مۇھىت كىرىزىسىنىڭ سەۋەبىنى ئىنسان خاراكتېرىدىكى ياتلىشىش، ئەخلاقىي يىمىرىلىشىشقا باغلىسا، يەنە بىر تەرەپتىن، سۇلتان ئەلى، ساتتارلارنىڭ ئوبرازى ئارقىلىق ماددىي مەدەنىيەت كۈنسېرى تەرەققىي قىلىۋاتقان ئىقتىساد، ھوقۇق كۈچلىرىنىڭ

قولىغا مەركەزلەشكەن دەۋردىكى ئىنسانلارنىڭ روھىيەت ئېكولوگىيەسىدىكى چېكىنىش ۋە يىمىرىلىشتىن كېلىپ چىققان ئىجتىمائىي ئەخلاق ۋە تەبىئىي ئېكولوگىيەلىك مۇھىت كىرىزىسىدىن ئىبارەت قوش لىنىيەلىك ئاپەتتىن جىددىي ئاگاھلاندۇرغان. روماندىكى بەدىئىي ئوبرازلارنىڭ ئېستېتىك قاتلاملىرىدا ئىنساننىڭ ئەسلىي كېلىپ چىقىشى قانداق، ئۇنىڭ ئەسلىي ماھىيىتى نېمە، ئىنسان نېمە ئۈچۈن ئايىنىپ ئاخىر ھايۋانىيلىققا چېكىنىدۇ، ئۇنىڭ ئايىنىغان ماھىيىتى ۋە ئەخلاق ساپاسى يەر شارى مۇھىتىغا قانداق تەسىر كۆرسىتىدۇ، ئىنسان نوقۇل بۇرنىنىڭ ئۇچىنىلا كۆرۈپ، كۆز ئالدىدىكى پايدىنىلا كۆزلەپ ئۆزلىرىنىڭ ئەلمىساقتىن تارتىپ داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن ئېسىل ئەخلاقى ۋە ئەنئەنىلىرىدىن بىراقلا قول ئۈزۈشى كېرەكمۇ، نوقۇل ماددىي مەنپەئەتنىڭ قۇلى بولۇپ، تەبىئەت دۇنياسى بىلەن تىركىشىپ ياشىشى كېرەكمۇ ياكى ئۇنىڭ بىلەن مۇئەييەن ماسلىق ۋە ئىناقلىق ھاسىل قىلىپ ياشىشى كېرەكمۇ، ھەقىقىي بەخت دېگەن نېمە بىلەن ئۆلچىنىدۇ، دېگەندەك بىر قاتار جىددىي مەسىلە، يۈكسەك ئېكولوگىيەلىك سەزگۈرلۈك ۋە بەدىئىي ماھارەت ئىچىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

«بۆرە ئانا» رومانىنىڭ ئەڭ زور بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتى شۇكى، ئۇنىڭدا نۆۋەتتە ئىنسانىيەت دۇچ كەلگەن ئېكولوگىيەلىك مۇھىت كىرىزىسى بىلەن ئاشۇ خىل كىرىزىسنى كەلتۈرۈپ چىقارغۇچى ئىچكى ئامىل — ئەخلاق كىرىزىسى مەنبە قىلىنغان ئىجتىمائىي تىراگېدىيە ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈلۈش بىلەن بىللە يەنە غايىۋى بەدىئىي ئوبرازلارنى يارىتىش ئارقىلىق يۈكسەك ئېكولوگىيەلىك ئېستېتىك گۈزەللىك ۋە چەكسىز ئۈمىدۋارلىق روھى نامايان قىلىنغان. تەبىئەت قوينىدىكى ھاياتلىق تۈرلىرىنىڭ ھەممىسى يۈكسەك دەرىجىدىكى تەبىئىي ماس، ئىناقلىق ۋە كۆپ

تەرەپلىك مۇۋازىنەت ئىچىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ئۇلار ئۆزئارا بىر ـ بىرىگە تايىنىپ، شۇنداقلا بىر ـ بىرىنى چەكلىشىپ تۇرىدۇ. مۇشۇ خىل مۇرەككەپ مۇناسىۋەتتىن شەكىللەنگەن ئايلانما زەنجىردە ھەربىر كىچىك تۈر، ئىنسانلارنىڭ بىمەنىلىكى سەۋەبلىك سەل قارالغان ھەتتا دۈشمەن سانالغان تۈرلەرنىڭمۇ بەلگىلىك ئېكولوگىيەلىك قىممەت ۋە رولىنىڭ بولىدىغانلىقىنى بىلىش ياكى كىمنىڭ ھەقىقىي ئادەم، كىمنىڭ يىرتقۇچ ھايۋان ئىكەنلىكىنى ئايرىش ئۇنچىۋالا ئاسان ئەمەس. روماندا ئادەم سىياقىدىكى ئىجتىمائىي مەخلۇقلار تەبىئەت ۋە تەبىئىي مۇھىتنى نابۇت قىلسا، بىمەنىلەرچە يىرتقۇچ ھايۋان ھېسابلانغان بۆرە ئۇنىڭغا زىيان يەتكۈزمەستىن، ئەكسىچە يايلاق ئېكولوگىيەسىنى قوغدايدۇ. ئۇلار تەبىئەتتىكى جانلىقلار مۇناسىۋەت زەنجىرىدىكى ئاكتىپ تۈر سۈپىتىدە رول ئويناپ، ئەسەردىكى قەيسەر، بىلگىيارلار بىلەن ئاكتىپ ماسلىشىدۇ.

«بۆرە ئانا» رومانىنىڭ يەنە بىر گەۋدىلىك مۇۋەپپەقىيىتى شۇكى، ئەسەر ئوقۇرمەنلەرگە تەبىئەت قوينىدىكى ھاياتلىق تۈرلىرىنىڭ ھەممىسى باراۋەر ھوقۇققا ئىگە، لېكىن، ئىنسان كۆپىنچە ئۆزىنىڭ شەخسىي مەنپەئەتىنى ئۆلچەم قىلىپ، ئۆزىنىڭ تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش،ئۆز ئىستەك ـ ھەۋىسىنى چەكسىز قاندۇرۇشتەك ئەسەبىي ئىرادىسىنىڭ تۈرتكىسىدە تەبىئىي مۇھىتقا پايدىلىق بىر قىسىم جانلىقلارنى ئاچ كۆزلەرچە ئىستېمال قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلارنى ئۆزلىرىگە زىيانلىق يىرتقۇچ ھايۋان دەپ قىرغىن قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئانا زېمىندىكى دۈشمەن ياۋايى ھايۋان ياكى بۆرە ئەمەس، بەلكى ئادەمنىڭ ئۆزى، ئۇنىڭ مەڭگۈ قاندۇرغىلى بولمايدىغان نەپسىدۇر دېگەن بەدىئىي ھەقىقەت ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. خەلقىمىز ئارىسىدىكى «دۈشمەن دەرەخ بېشىدا ئەمەس، ئادەملەرنىڭ ئۆزىنىڭ قېشىدا» دېگەن ھېكمەت ئورۇنسىز

چىقمىغان. ئەسەردىكى زەينەپ، قەيسەر، چولپانلارنىڭ تىراگېدى-يەسىنى ئادەم كەلتۈرۈپ چىقارغان. تەبىئەتتىكى ئاسمان، پەلەك كۆتۈرۈلگەن ئوتنىمۇ ئادەم كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئىنسانىيەت يىراق قەدىمكى دەۋرلەردىن باشلاپلا تەبىئەتكە تايىنىپ تىرىكچىلىك قىلىپ تەدرىجىي گۈللىنىپ بۈگۈنكى باسقۇچقا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ تەبىئەت دۇنياسى ھەققىدە بىلىدىغانلىرى تولىمۇ ئاز، ماددىي ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش كويىدا تەبىئەتتىن شۇنچىلىك كۆپ ئېلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن تەبىئەتكە قارىتا مۇھەببىتى شۇنچە سۇسلىشىپ بېرىۋاتىدۇ. ئىنسانلار نوقۇل پەن - تېخنىكى-نى قورال قىلىپ ھەرقانچە تەرەققىي قىلغان مەدەنىيەت دەۋرىگە كىرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۆز ئەنئەنىلىرى ۋە ئەقىدىلىرىنى يو-قىتىپ، ئەخلاقىي جەھەتتىن چىرىكلىشىپ ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىي ماھىيىتىنى يوقىتىدىكەن، ئۇ ھالدا ئۆزلىرى كەلتۈرۈپ چىقارغان ھالاكەتلىك تەقدىردىن قۇتۇلالمايدۇ.

ئىنسان ئوبيېكتىپ دۇنيادىكى پائالىيەتچان مەخلۇق. ئۇ ھەم ئۆزىدىكى ئىجتىمائىي مەدەنىيلىك ئارقىلىق دۇنياۋى گۈزەللىكنى قۇرۇپ چىقالايدۇ، ھەم ئۆزىدىكى ياۋۇزلۇق، نادانلىق ۋە ئاچ كۆز-لۈك تۈپەيلىدىن ئاشۇ گۈزەللىكنى، شۇنداقلا يەنە ئۆز - ئۆزىنى ۋەيران قىلالايدۇ. «بۆرە ئانا» رومانىدىكى شەخسلەر تىراگېدىيەسى بىلەن يايلاقتا دەھشەتلىك كۆيۈۋاتقان ئوت ئوقۇرمەننى قاتتىق چۆچۈتىدۇ؛ ئىنسان بىلەن تەبىئەتنىڭ قوش يۆنىلىشلىك مۇرەككەپ مۇناسىۋىتى، ئادەملەرنىڭ تەبىئەتتىن يىراقلىشىپ، نوقۇل ئۆز - ئۆزىنى مەركەز قىلىشى ئۇنىڭ تەبىئىتىدىكى شەخسىيەتچىلىكتىن ئىكەنلىكى ھەمدە مۇشۇ خىل چىرىكلىك ۋە ئۇنىڭدىن كېلىپ چىققان تىراگېدىيەنىڭ سەۋەبى ھەققىدە ئويلاندۇرىدۇ؛ ئىنسان رو-ھىيىتىدىكى مەنۋى چېكىنىش مەنبە قىلىنغان ئەخلاقىي چىرىك-

لىك ۋە روھىي يىمىرىلىشىنىڭ ئاقىۋىتىنى ئوقۇرمەنلەرگە ئوبراز-
لىق ھالدا تونۇتىدۇ. جىبران خېلىل جىبران مۇنداق دېگەن: «زې-
مىن نەپەسلەنسە، بىزمۇ نەپەسلىنىمىز، ئەگەر زېمىن نەپەستىن
توختىسا، بىز ئىنسانلارمۇ نەپەستىن توختايمىز.»① دېمەك، ئىن-
سانلارنىڭ ئۆزى تەبىئەت دۇنياسىدا ياشىغۇچى پائالىيەتچان شەيئى
بولۇپ تۇرۇپ، ئۆزلىرى ئەلمىساقتىن بۇيان ياشاپ تىرىكچىلىك
قىلىپ كەلگەن ئانا زېمىننى نابۇت قىلىشى ئۇنىڭ ئۇچىغا چىققان
نادانلىقى، ھەتتا ياۋۇزلۇقىدۇر. ئىنساندىكى مۇشۇ خىل ياۋۇزلۇق
ۋە ماھىيەتلىك ئاجىزلىق ئۇنىڭ نۆۋەتتىكى ۋە كەلگۈسىدىكى ئو-
مۇمىي مەنپەئەتى ھەتتا تەقدىرىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئومۇمەن، يازغۇچى توختى ئايۇپنىڭ «بۆرە ئانا» رومانى ئۇيغۇر
پىروزىچىلىق مۇنبىرىدە بارلىققا كەلگەن تەبىئىي ئېكولوگىيەلىك
مۇھىت بىلەن ئىجتىمائىي ھاياتلىق، جۇملىدىن ئادەم بىلەن تەبى-
ئەتنىڭ زىچ مۇناسىۋىتى، تەبىئىي مۇھىت چېكىنىشى ۋە كىرىزىد-
سى بىلەن ئىنسانلارنىڭ مەنىۋى چىرىكلىكىنىڭ باغلىنىشى ترا-
گېدىيەلىك يۈكسەكلىكتە ئىپادىلەنگەن ئېسىل ئەسەر. شۇنداقلا
تەبىئىي مۇھىت ۋە ئىجتىمائىي ئەخلاق قوش يۆنىلىشتە ئىپادى-
لەنگەن، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ نورماللىسىزلىقى، ئىنسان
خاراكتېرىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئاينىپ، بارغانسېرى ئۆز ھالىتىدىن
ياتلىشىشى سەۋەبلىك كېلىپ چىقىدىغان پاجىئەلەرنى تەخىرسىز-
لىك ئىچىدە ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگۈچى نادىر ئەسەردۇر. ئۇ نۆۋەت-
تىكى بىر تەرەپلىمە ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە ئۇنىڭ تەسىرىدە
كېلىپ چىققان «مەنىۋى چېكىنىش ئىچىدە تۇرۇۋاتقان ئىنسانلار-
نىڭ ئېكولوگىيە ئېڭىدىكى بوشلۇق ـ كەمتۈكلۈكنى ۋە ئەخلاق

① جىبران خېلىل جىبران: «ئاسىي روھ»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
1993 ـ يىلى نەشرى.

كىرىزىسىنىڭ ئىجتىمائىي مەنبەسىنى يۈكسەك بەدىئىي چىنلىق تۈيغۇسى ۋە تىراگېدىيەلىك شەكىلدە ئىپادىلىگەن، ئۇيغۇر پىروزىچىلىقى تارىخىدا ئالاھىدە ئېستېتىك قىممەت ۋە بەدىئىي ئۈنۈمگە ئىگە ئەسەر ھېسابلىنىدۇ.»[1]

«بۆرە ئانا» رومانى ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئېكولوگىيە پىروزىچىلىقىدا نۆۋەتتىكى زامانىۋى جەمئىيەت جىددىي دۇچ كېلىۋاتقان قوش لىنىيەلىك ئېكولوگىيە كىرىزىسى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، بەدىئىي ئوبرازلار قاتلىمىدا كۈچلۈك ئېستېتىك قىممەت يارىتىلغان ئېسىل رومانلارنىڭ بىرى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئۇيغۇر ئېكولوگىيە ئەدەبىياتى تارىخىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىك يېزىلغان يىرىك ئەسەردۇر. نۆۋەتتىكى ئۇيغۇر پىروزىچىلىقى مۇشۇنداق يۈكسەك ئېستېتىك ئۈنۈمگە، يېڭىلىق روھى ۋە مەدەنىيەت قىممىتىگە ئىگە، كۈچلۈك تەنقىدىي روھ، بىلدۈرۈش قىممىتىگە ھەمدە ھاياتلىق دۇنياسى يۈكسەك ئېكولوگىيەلىك مەسئۇلىيەتچانلىق تۈيغۇسى ئىچىدە يېزىلغان ئەسەرلەردىن ئىپتىخارلىنىشقا ھەقلىقتۇر.

## 6. ئەخمەت ئىمىن نەسرلىرىدىكى ئېكولوگىيەلىك مۇھىت ئېڭى

تالانتلىق يازغۇچى ۋە ئەدەبىي تەرجىمان ئەخمەت ئىمىن ئۆزىنىڭ «قەلب سادالىرى»، «باھار تىنىقى»، «جۇلدۇر كېپەن خوتۇننىڭ ساداسى» قاتارلىق نەسر توپلاملىرى ئارقىلىق ئوقۇرمەنلىرد-

① ئابلاجان مۇھەممەد ئۆمىديار: ««بۆرە ئانا› رومانىدىكى تىراگېدىيەلىك ئالاھىدىلىك ۋە ئېكولوگىيە كىرىزىسى»، «شىنجاڭ گېزىتى» 2008 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنىدىكى «گۈلشەن» بېتى.

مىزگە تونۇلغان ۋە كۈچلۈك تەسىرگە ئىگە يازغۇچىلارنىڭ بىرى بولۇپلا قالماي، بەلكى يەنە ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىغا ئېكولوگىيەلىك ئاڭ، ئېكولوگىيە مەدەنىيەتلىك خاھىشىنى ئېلىپ كىرگۈچى ئەدىبلىرىمىزنىڭ بىرى. ئەخمەت ئىمىن نەسرلىرىنىڭ ئاساسىي تېمىسى تەبىئەت بىلەن ئىنسانىنىڭ چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىكىنى يىپ ئۈچى قىلغان نازۇك ۋە نەپىس مۇناسىۋەتلىرىنى جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈشكە بېغىشلانغان. ئەخمەت ئىمىن ئەسەرلىرىنىڭ خەلقىمىز ئارىسىدا مۇنداق يۇقىرى تەسىرگە ئىگە بولۇشىدىكى مۇھىم سەۋەب شۇكى، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ كۆپىنچىسىدە دېگۈدەك سېخىي تەبىئەتتىن سۆيۈنۈش، ئانا زېمىن ۋە ئۇنىڭ خىسلەتلىرىدىن زوقلىنىش، ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ ماس، ئىناقلىق ۋە ئۆزئارا تايىنىشچانلىق خاھىشى ئاساس قىلىنغان گۇمانىستىك روھى، ئىنسانىنىڭ تەبىئەتنى سۆيۈش، ئۆزلىرى ياشاپ تىرىكچىلىك قىلىپ كېلىۋاتقان ئانا تەبىئەتنىڭ مۆجىزە ـ كارامەتلىرى ۋە سېخىيلىقىدىن پەخىرلىنىش بىلەن بىللە ئۇنى ئاكتىپ ئاسراش ۋە پەرۋىش قىلىشتەك ئېكولوگىيەلىك مەسئۇلىيەت ۋە پەرزەنتلىك بۇرچىنىڭ بارلىقىنى ئاكتىپ تونۇغانلىقىدا.

تەبىئەت ھاياتلىقنىڭ تۈپ ئاساسى ۋە ماددىي كاپالىتى بولۇش بىلەن بىللە يەنە دۇنيادىكى بارلىق گۈزەللىك ۋە ئۇلۇغلۇقنىڭ مەنبەسى. تەبىئىي مۇھىتنىڭ نورماللىقى ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە سىجىل تەرەققىياتىنىڭ تۈپ ئاساسى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسانلارنىڭ گۇمانىستىك روھى ۋە تەبىئەت سۆيەرلىك ئىدىيەسى ئۇلارنىڭ يىراق قەدىمكى دەۋرلەردىن باشلانغان ئىجتىمائىي ئاڭ فورمىلىرىدىن تارتىپلا گەۋدىلىك ئىپادىلىنىپ، ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلگەن. ئەخمەت ئىمىن نەسرلىرىنىڭ كۆپىنچىسىدە تەبىئەت دۇنياسىنى ئىنچىكە كۆزىتىپ، ئۇنىڭ بارلىق ئەۋزەللىكلىرىنى كىشىلەرگە بىلدۈرۈش، ئۇنىڭ بارلىق گۈزەل

خىسلەتلىرى ۋە ئىنسانلارغا ئاتا قىلغان ياخشىلىقلىرىنى كۈيلەش، ئۇنىڭغا رەھمەت ـ تەشەككۇر بىلدۈرۈش، تەبىئەتنىڭ سېخىيلىـ-قى، ئۇلۇغلۇقى ۋە ئۇنىڭ مۆجىزە ـ كارامەتلىرىدىن ئىلھام ئېلىش ھەمدە مۇشۇ خىل ئىلھامنىڭ تۆرتكىسىدە ھاياتلىق دۇنياسى ۋە ئىنسانلار جەمئىيىتىنى تېخىمۇ گۈزەل قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئارزۇ ـ ئىستەكلىرى جانلىق ئىپادىلەنگەن. يازغۇچىنىڭ «قەلب سادالىرى» ناملىق توپلىمىدىكى «قەلب سادالىرى»ناملىق چاتما نەسرلىرىدىكى تۆۋەندىكى پارچىلاردا ئۇنىڭ نەزىرىدىكى ئانا تەبىئەت ۋە ئۇنىڭ قوينىدىكى ھەربىر شەيئىگە بولغان چوڭقۇر مېھىر ـ مۇھەببىتى، تەبىئەتنىڭ تەڭداشسىز گۈزەللىكى ۋە يۈكسەك خىسـ-لەتلىرىگە مەدھىيەسى ئەڭ يارقىن ۋە جانلىق ئىپادىلىنىدۇ:

«... يۇر ئامرىقىم، تەبىئەت بىزگە گۈل ـ گىياھلاردىن پاياندار سالدى. يېشىل مەخمەلگە ئۆزىمىزنى تاشلاپ بالا چاغلىرىمىزدىكىـ-دەك دومىلىنىپ ئوينايلى... تەبىئەت، مەن سېنى ياخشى كۆرىمەن. مەن سېنىڭ بورانلىق كۈنلىرىڭدە ئۆزۈمنى چەتكە ئالغان ئەمەس. قار ـ مۇزلىرىڭدىنمۇ شۈركۈنمىگەنىدىم. مانا ئەمدى يامغۇرلىرىڭـ-نىڭ ھەمراھلىقىدا ھۆسنۈڭنى تاماشا قىلىش ئۈچۈن كېتىۋاتىـ-مەن. يېغىڭلار يامغۇرلىرىم، يېغىڭلار! سىلەر ئىنسان روھىنىڭ لەززىتى...»

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇزاق تارىختىن بۇيانقى ئەنئەنىۋى تەبىئەتـ-پەرۋەرلىك ۋە گۇمانىستارلىق روھى، ئۆز زېمىن ـ تۇپرىقىدىن سۆـ-يۈنۈش، ئۇنى ھەر زامان ئاسراش ۋە گۈللەندۈرۈشنى ئۆزىنىڭ ئاـ-دىمىيلىك بۇرچى دەپ قاراشتەك گۈزەل ئەخلاقىي خىسلەتلىرىگە ۋارىسلىق قىلغان يازغۇچى ئەجدادلىرىمىزنىڭ قويۇق لىرىك تۇسـ-كە ئىگە «تۆلەس قوشىقى»، «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تىكى قەدىمكى قوشاقلار، فارابى، يۈسۈف خاس ھاجىپ، لۇتفىي، نەۋايى، نەۋبەتىي،

نىزارىيىلارنىڭ ئىجادىيەتلىرىدە ياڭرىغان تەبىئەت بىلەن ئىنساننىڭ قوش ئاۋازلىق سىمفونىيەسىگە تەڭكەش قىلىپ، ئۆز ئەسەرلىرىدە تەبىئەتنى سۆيۈش، تەبىئەتتىن پەخىرلىنىش ھېس - تۇيغۇلىرىنى جانلىق ئەكس ئەتتۈرگەن. تەبىئەت گۈزەللىكىنى ئىنسانىيەت ئىجتىمائىي گۈزەللىكىنىڭ نەمۇنە - ئەندازى سۈپىتىدە كۈيلىگەن. بۇ خىل ئالاھىدىلىك ئۇنىڭ «كەلكۈن»، «شەرەپ گۈلدەستىسىنى كۆكسۈمگە باسقىنىمدا» قاتارلىق دەسلەپكى مەزگىللىك ئەسەرلىرىدىن تارتىپلا تولۇق ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. مەسىلەن، «... كەلكۈن سۈيىنىڭ زەربىلىك دولقۇنلىرى ئالدىدا يىلتىزلىرى بىر - بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن قارىغايلار قاقاھلاپ كۈلدى. شاخلار شىلدىرلىدى، يوپۇرماقلار چاۋاكلىرىنى ئۇرۇشقىنىچە مازاققا چۈشتى...» دۇنيادىكى بارلىق مۆجىزە - خىسلەتلەر، گۈزەللىك ۋە مەنىۋى يۈكسەكلىكلەرنىڭ ھەممىسىنى تەبىئەت ئاتا قىلغان، ئىنسانلار ئۇنى ئۆرنەك قىلىشى كېرەك، دەپ تونۇغان يازغۇچى ئىنسان ۋۇجۇدىدىكى كۈچ - قۇۋۋەت ۋە بۈيۈكلۈكنىمۇ تەبىئەتنىڭ مۇقەددەس كۈچىگە ئوخشىتىپ ئىپادىلىگەن. مەسىلەن، «شەرەپ گۈلدەستىسىنى كۆكسۈمگە باسقىنىمدا» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازغان: «... زېمىنىنىڭ قۇچىقى مېنىڭ دەرسخانام، تەبىئەت مېنىڭ ئۇستازىم. مەن تىرىشچانلىقنى تەبىئەتنىڭ تىنىمسىز جەڭچىسى چۈمۈلىدىن ئۆگەنگەن، مەن ئىرادىنى زېمىنىنىڭ قەيسەر قاراۋۇلى — قارىغايدىن ئۆگەنگەن. مەن ئۇنىڭ تاشنىمۇ يېرىپ چىقالايدىغان، تومۇزدىمۇ، قىشتىمۇ، كەچتىمۇ، كۈندۈزدىمۇ ۋە جۇدۇدىمۇ ئانا تۇپراققا ھەمدەم بولالايدىغان روھىغا ئاپىرىن ئوقۇيمەن. ئۇ ماڭا چىدام - تاقەتنى، سولماس ساداقەتنى ئاتا قىلغان...»

ئەخمەت ئىمىن نەسرلىرىدە ئىپادىلەنگەن تەبىئەتنى ھاياتلىق دۇنياسى ۋە ئۇنىڭ قوينىدىكى بارلىق مۆجىزە - خىسلەتلەرنىڭ

مەنبەسى دەپ قاراپ، تەبىئەت ئاننىى سۆيۈش، تەبىئەتتىن پەخىر-لىنىش ئاساسىدىكى ئېكولوگىيە ئەخلاق ئېڭى ئۇنىڭ «باھار تىنىد-قى» ناملىق نەسرلەر توپلىمىدىكى «ئېھ، ئانا ماكان»، «توپىلىق يولدا» قاتارلىق نەسرلىرىدىمۇ گاھىدا باھار پەسلىدە جىرا - ئې-قىنلاردا شىرىلداپ ئېقىۋاتقان سۇزۇك بۇلاق سۈيىدەك تەكشى رې-تىمدا ئىپادىلەنسە، گاھىدا قىيان سۈيىنىڭ رىتىمىغا ئوخشاش تېز سۈرئەتلىك لىرىك تەسۋىرلەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىپ، ئانا زې-مىنىنىڭ تارىخىي كەچمىشى ۋە ئۇنىڭ قىسمەتلىرى ھەققىدە بىزنى چوڭقۇر ئويلاندۇرۇپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنىڭ قىممىتىنى تو-نۇتىدۇ. «...تارىم، بۇ ئانا دەريا بۇ ئويمانلىقنى، بۇ چۆللۈكنى ئۆز ئېقىنلىرى بىلەن سۇغارغان ۋە سۇغىرىپ كېلىۋاتىدۇ... يىلتىزى-دىن قومۇرۇلغان توغراقلار، كۆلگە ئايلاندۇرۇۋېتىلگەن گىياھلار، قۇرۇتۇۋېتىلگەن دەريا - ئېقىنلارنىڭ ئاھى بىر كۈنى تۇتماسمۇ؟ تەبىئىي مۇۋازىنەتنىڭ بۇزۇۋېتىلىشى تۈپەيلى تەبىئەت قىساسىنىڭ قوزغىلىپ كېتىشىدىن خۇدا ساقلىسۇن...»

ھاياتلىقنى ئاپىرىدە قىلغان زېمىن ئۇلۇغ ھەم مۇقەددەس. ئانا تۇپراق — ھاياتلىقنىڭ پاناھگاھى. ئانا تەبىئەت ئۇلۇغ مۆجىزى-لەرگە ئىگە بولغاچقىلا، ئىنسان ئاشۇ زېمىن قوينىدا ئەقىل تېپىپ بۈگۈنكى يۈكسەكلىككە ئېرىشەلىگەن. لېكىن ئىنسانلارنىڭ نادان-لىقى، شەخسىيەتچىلىكى، ئاچ كۆزلۈكى ۋە ياۋۇزلۇقى بۇ ئانا زې-مىنىنىڭ قۇرۇپ قاغجىراپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارماقتا. بو-لۇپمۇ سانائەت مەدەنىيلىكى دەۋرىدە «ئىنسانلارنىڭ ماددىي تۇرمۇ-شى ھەقىقەتەن غايەت زور ئەۋزەللىكلەرگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن تېخنىكا، ياۋۇزلۇق ۋە قارام كۈچنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاس-تىدا جەمئىيەتنىڭ مەنىۋى ھاياتى ۋە ھېسسىي تۇرمۇشى زور دەرد-جىدە ئاددىيلىشىپ، ماددىي تۇرمۇش بارغانسېرى موللاشقان ۋە بايا-

شاتلاشقان دەۋردە يەنە بىر خىل كونسېرى نامراتلاشقان دەۋر — مەنىۋى چېكىنىش باشلىنىدۇ.»[1] يازغۇچى ئەخمەت ئىمىن زامانىۋى سانائەت، ماددىي ئىستېمال دەۋرىدىكى ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتتىن يىراقلىشىپ، ئۆز ـ ئۆزىنى يەر شارىنىڭ مەركىزى دەپ قاراپ ھەددەپ ئۆز شەخسىي ھەلەكچىلىكىدە بولۇپ كېتىپ، ئەلمىساقتىن تارتىپ ھازىرغىچە ئىنسانلارنى ئۆزىنىڭ ئىللىق قوينىدا بېقىپ كەلگەن تەبىئەتنىڭ قىممىتىگە سەل قارىشى، ئۇنىڭ قوينىدىكى باشقا جانلىقلار توپىنى ئۆز نەپسىنىڭ قۇربانىغا ئايلاندۇرۇپ تالان ـ تاراج قىلىشى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىنى، زېمىنىنىڭ مۇھىت كىرىزىسىدىن كېلىپ چىققان ئېچىنىشلىق ھالىنى «توپىلىق يولدا» ناملىق ئەسىرىدە تېخىمۇ تەسىرلىك ھەم جانلىق ئىپادىلىگەن. «...دەريا موھتاجلار ئالدىدا خىجىل، ئۇ ئۆزىنىڭ نەچچە مىليون يىللار بورۇنقى كەڭ ۋە ئۇلۇغ ئېقىنىنى سېغىنىدۇ. لېكىن بۇ ئېقىن ھازىر چۆلگە ئايلانغان. دەريا ئۆزىمۇ موھتاجلىقنىڭ قولى، مۇزلۇق تاغ، مۇقەددەس قۇياشنىڭ شارايىتى بىلەن ئۇنىڭغا شەربەت ئاققۇزمىسا، ئۇمۇ چاڭقاپ ئۆلگەن ئاق قۇدەك سۇنايلىنىپ ياتىدۇ...»[2]

ئەخمەت ئىمىن نەسرلىرىدىكى تەبىئەت گۈزەللىكى، ئۇنىڭ قىممىتى ئاساس قىلىنغان ئېكولوگىيەلىك ئاڭ ۋە مۇھىت كىرىزىس تۇيغۇسى ئۇنىڭ «تۇپراق ساداسى» ناملىق ئەسىرىدە ئانا زېمىنىنىڭ تىلى ئارقىلىق بىۋاستە ۋە تېخىمۇ جانلىق ئىپادىلەنسە،

---

① ۋاڭ لى، شېڭ چۈەنخې: «ئېكولوگىيە ئېستېتىكىسى نەزىرىدىكى جۇڭگو ـ چەت ئەل ئەدەبىي ئەسەرلىرى»، خەلق نەشرىياتى 2007 ـ يىلى 9 ـ ئاي خەنزۇچە نەشرى 203 ـ بەت.

② ئەخمەت ئىمىن: «قەلب سادالىرى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993 ـ يىلى نەشرى.

هازىرقى زامان ئىنسانلىرىنىڭ تېز سۈرئەتتە شەھەرلىشىش، سانائەتلىشىش دولقۇنىنىڭ تەسىرىدە كېلىپ چىققان زېمىن قىسلىقى، سۇ كىرىزىسى ۋە ئىنساننىڭ تەبىئەتتىن يىراقلىشىش ۋە ئېسىل ئەنئەنىلەردىن چەتنەش، ئۆزلىرىنى ھەممىدىن غالىب ھېسابلاش خاھىشىنىڭ تەسىرىدە كېلىپ چىققان بىمەنىلىكى ۋە بىچارە قىياپىتى ئۇنىڭ «سادا» ناملىق ئەسىرىدە تېخىمۇ گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن.

ئومۇمەن، ئىنساننىڭ جىسمى ۋە روھىيىتى ئانا تەبىئەت قوينىدا تاۋلانغان، تەبىئەت ۋە تەبىئىي مۇھىت ئىنسانلارنىڭ ھاياتلىقى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ماددىي مەئىشەتلەرنى ئاتا قىلىش بىلەن بىللە يەنە بارلىق مەنىۋى خىسلەتلەر ۋە گۈزەللىكلەرنى بەخش ئېتىپ ئۇلارغا ياخشىلىق، چىنلىق، گۈزەللىكنىڭ نېمىلىكى ۋە ئۇنىڭ قىممىتىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇلارغا چىن ئەقىدە، مەردلىك، ۋاپادارلىق، خالىس تۆھپە قوشۇش قاتارلىق روھىي خىسلەتلەرنى ئۆگىتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇزاق تارىختىن بۇيان نۇرغۇن شائىر ۋە سەنئەتكارلارنىڭ ھەممىسى سېھىرلىك ئانا تەبىئەتتىن ئىلھاملىنىپ، ئىجتىمائىي گۈزەللىكنى ئىجاد قىلىش بىلەن بىللە يەنە تەبىئەتنىڭ گۈزەل پەزىلەت، خىسلەتلىرىنى ئۈلگە قىلىشقان، خەلققە تونۇتقان. ئەخمەت ئىمىن ئۆزىنىڭ يۈكسەك تەبىئەتپەرۋەرلىك روھى ۋە ئېكولوگىيەلىك مۇھىت ئېڭىغا ئىگە نەمۇنىلىك ئەسەرلىرى ئارقىلىق ئۇيغۇر نەسرچىلىكى ساھەسىدە ئېكولوگىيە ئاڭ مەدەنىيلىكى ۋە كۈچلۈك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى ئېلىپ كىرگەن مۇنەۋۋەر يازغۇچىلارنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئېكولوگىيە ئەدەبىياتىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بىر كىشىلىك تۆھپىسىنى قوشتى.

ئەخمەت ئىمىن نەسرلىرىدىكى ئېكولوگىيە ئېڭىنىڭ ئېستېتىك قىممىتى ۋە رېئال ئىجتىمائىي ئەھمىيىتىنى تۆۋەندىكى تەرەپلەرگە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

1. ئەخمەت ئىمىن ئۆز ئەسەرلىرىدىكى جانلىق مەنزىرە ـ كۆرۈنۈشلەر ۋە ئۇنىڭغا سىڭدۈرۈلگەن تەبىئىي تۇيغۇ ۋە لىرىك ھېسسىيات ئارقىلىق ئوقۇرمەنلەرگە تەبىئەت دۇنياسىنىڭ چەكسىز گۈزەللىكى ۋە ئۇنىڭ ھاياتلىق دۇنياسىدىكى مۇستەقىل ئىچكى قىممىتىنى ھېس قىلدۇرىدۇ، كىشىلەرگە تەبىئەت ئانا ئالدىدىكى پەرزەنتلىك بۇرچىنى تونۇتىدۇ.

2. ئەخمەت ئىمىن نەسرلىرى ئۆزىنىڭ قويۇق تەبىئەت تەسۋىرى ئارقىلىق ئىپادىلەپ چىققان ئېستېتىك گۈزەللىكنى كىشىلەرگە بىلدۈرۈش ئارقىلىق ئوقۇرمەنلەرنى تەبىئەتنى سۆيۈش، ئۇنىڭدىن ئىلھاملىنىشقا ئۈندەش بىلەن بىللە، ئۇلارنى ئانا تەبىئەتنى ئۈلگە ـ ئۆرنەك قىلىپ گۈزەل قەلب يارىتىشقا چاقىرىدۇ. «مېنىڭ بىر كۈنۈم» ناملىق نەسرلەر توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن «شەرەپ گۈلدەستىسىنى كۆكسۈمگە باسقاندا»، «توغراق» قاتارلىق ئەسەرلەر بۇنىڭ تىپىك ئۈلگىلىرىدۇر.

3. ئەخمەت ئىمىن ئۆزىنىڭ يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت ۋە يۈكسەك ئېستېتىك قىممەتكە ئىگە نەسرلىرى ئارقىلىق ئىنسان بىلەن تەبىئەتنىڭ ماس، ئىناقلىقى، ھەمنەپەس ۋە تەقدىرداشلىق ئىدىيەسىنى ئەكس ئەتتۈرۈش بىلەن تەبىئەتنى سۆيۈش ۋە ئۇنى ئاسراش ئىنسانىيەتتە ئىنساننىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى سۆيگەن ۋە ئاسرىغانلىقى ئىكەنلىكىنى ئوقۇرمەنلەرگە تونۇتقان.

4. ئەخمەت ئىمىن نەسرلىرى ئىجتىمائىي ئەخلاق ۋە ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى بىر گەۋدە قىلىنغان ئېكولوگىيەلىك مۇھىت تەربىيەسىنى بەدىئىي ئوبراز ئارقىلىق جانلىق ئىپادىلەشتە ئالا-

ھىدە ئۆلگە ياراتقان بولۇپ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ بەدىئىي ئوبراز قاتلىمىدىكى ئىستىخىيەلىك، ۋاپا، ساداقەت، ئادەمگەرچىلىك قاتارلىق ئامىللار مەنىۋى مەدەنىيلىك تەربىيەسى ۋە ئېكولوگىيەلىك مۇھىت تەربىيەسى ئېلىپ بېرىشتا بەلگىلىك رېئال قىممەتكە ئىگە.

دېمەك، ھاياتلىقنىڭ تەڭداشسىز ماددىي ئاساسى، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ مۇقەددەس بۆشۈكى بولغان تەبىئەتنى سۆيۈش، ئۇنىڭ قىممىتىنى تونۇش، تەبىئىي مۇھىتنى قوغداش، ئاسراشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى خەلققە بىلدۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە نۆۋەتتىكى سانائەت مەدەنىيلىكى دەۋرىنىڭ ھەممىدە ئىقتىسادىي مەنپەئەتنى ئۆلچەم قىلىش، نوقۇل ماددىي ئىستېمال ۋە مودا قوغلىشىش، ئادەمنى مەركەز قىلىشتىن قول ئۈزۈشكە چاقىرىش، تەبىئەتنىڭ پاك، مۇقەددەس خىسلەتلىرىدىن پەخىرلىنىش، ئۇنىڭدىن ئىلھاملىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، تەبىئەتنىڭ ئېكولوگىيەلىك قىممەت قارىشىنى ئاڭلىق تونۇش، مۇھىت ئەخلاقى تەربىيەسىنى كۈچەيتىدۇ. تەبىئەت بىلەن ئىنساننىڭ ئۆزئارا ماس، ئىناقلىق مۇناسىۋەتنى ئاساس قىلىنغان ئىلمىي تەرەققىيات قارىشى تەكىتلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، يازغۇچىنىڭ ئەسەرلىرى بىزگە ئىلھام ۋە تۈرتكە بولۇپ، سوتسىيالىستىك سىجىل تەرەققىيات، ئىناق جەمئىيەت قۇرۇش نىشانى ۋە غايىمىزنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىمىزدا بەلگىلىك مەنىۋى ئېنېرگىيە بىلەن تەمىن ئېتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە خەلقىمىزنىڭ ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى بەرپا قىلىشىغا يېتەكلەش رولىنى جارى قىلدۇرغۇسى.

图书在版编目（CIP）数据
生态文学与生态批评：维吾尔文/阿布拉江·买买提编．—乌鲁木齐：新疆教育出版社，2013.4
ISBN 978-7-5370-8518-2

Ⅰ．①生…  Ⅱ．①阿…  Ⅲ．①维吾尔族—少数民族文学评论—中国—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ．①Ⅰ207.915

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2013）第 087169 号

编辑：　　库尔班江·阿不力米提
责任编辑：帕尔哈提·伊力牙斯
责任校对：阿不都热依木·阿不力米提
封面设计：哈米旦

生态文学与生态批评
阿布拉江·买买提 著
（维吾尔文）
*
新疆教育出版社出版
http://www.xjjycbs.com
新疆新华书店发行
乌鲁木齐嘉年华印务有限公司印刷
*
880×1230 毫米　32 开本　10.5 印张
2013 年 5 月第 1 版　2013 年 5 月第 1 次印刷
印数：1——3000 册
ISBN978-7-5370-8518-2
定价：29.50 元
著作权所有·请勿擅自用本书制作各类出版物·违者必究
如发现有印、装质量问题，请与新疆教育出版社联系调换
地址：乌鲁木齐市胜利路 187 号　邮编：830049
电话：13579092782

سەنئەت ئىدىيەسىگە نەزەر»، «قىيا تاش رەسىملىرىدە ئىپادىلەنگەن ئېكولوگىيە ئېڭى»، «ئۇيغۇر خەلق ئېپوس - داستانلىرىدا ئىپادىلەنگەن ئېكولوگىيە ئېڭى»، «ئەدەبىياتنىڭ مۇھىت ئېڭى ۋە ئېكولوگىيەلىك تەنقىدچىلىكنىڭ ئەھمىيىتى»، «ئۇيغۇر بۈگۈنكى دەۋر ئېكولوگىيە پىروزىچىلىقىنىڭ يېڭى يۈزلىنىشى» قاتارلىق 40 نەچچە پارچە ئىلمىي ماقالىسى ئېلان قىلىنغان. قىرغىز ئەدەبىياتى تەتقىقاتى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ «‹ماناس› ۋە ‹ئىلىئادا›، ‹ئودىسسا›لار ئوتتۇرىسىدىكى ئورتاقلىق ۋە پەرقلەر»، «‹ئەرتۆشتۈك› ئېپوسىنىڭ بارلىققا كەلگەن دەۋرى ۋە ئۇنىڭ مەدەنىيەت قاتلىمى» قاتارلىق 10 پارچە ئىلمىي ماقالىسى ئېلان قىلىنغان. ئۇنىڭ «ئەدەبىيات ۋە يېڭى تەپەككۇر» (1997)، «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى خەزىنىسى» (2001)، «قىرغىز ئەدەبىياتىدىن ئىزدىنىش» (باشقىلار بىلەن بىرلىكتە) قاتارلىق مەخسۇس كىتابلىرى نەشر قىلىنغان. «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى» (شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 2002 - يىلى نەشرى)نى تۈزۈشكە قاتناشقان.

«ئېكولوگىيە تەنقىدچىلىكى ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» ئاپتورنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئەدەبىي تەنقىدچىلىككە دائىر يېڭى نەزەرىيەلەرنى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئەمەلىيىتى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ئەدەبىياتشۇناسلىق ساھەسىدە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى ئاساسىدا يېزىپ چىققان ئىلمىي ئەسىرىدۇر.

مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى : خەمدەۇسە ئالىم



ISBN 978-7-5370-8518-2

9 787537 085182 >

定价：29.50元